

ئارسلان

# سېھىرلىك ھەيكەل

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئارسلان

# ئېسىللىك ھەيكەل

(ھېكايە - پوۋېستلار)

مىللەتلەر نەشرىياتى



شائىر ۋە يازغۇچى ئارسلان

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر

دەرىمەن ھاراقكەش........................................( 1 )
"ئاق كۆكۈل" خۇشامەتچى........................................( 41 )
سىپايە ئايال........................................( 74 )
ھاياتتىن بىر كۆلكە........................................( 91 )
جۈرئەت ........................................(103)
سۆيۈملۈكنى سۆيمەسلىك گۇناھ........................................(120)
قىمىرلىغان لەۋلەر........................................(161)

## پوۋېستلار

سېھىرلىك ھەيكەل........................................(181)
كېسەك كاللا........................................(284)

# ھېكايىلەر

# دەردمەن هاراقكەش

توختى توڭۇپ ئويغىنىپ كەتتى، كىرپىكلىرىنى زورغا ئېچىۋىدى، چىراغ نۇرىدىن كۆزلىرى قاماشقاندەك بولدى، ئۆزىنىڭ قەيەردىلىكىنى دەماللىققا ئاڭقىرالمىدى. كۆزلىرىنى قايتا يۇمۇپ قىسمىر قىلماي يەنە بىر هازا ياتتى. كاللىسىدا گادىرماچ خىياللار پەيدا بولدى: بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيىمىدۇ؟ ئۆيىدىكى چىراغ بۇنچە ئېگىزگە ئورنۇ-تۇلغاندەك قىلمىۋىدى، ئۆيىنىڭ هاۋاسىمۇ مۇنچىلا سالقىن بولماسلىقى كېرەك ئىدى، قورۇدا قونۇپ قېلىۋىدىمىكى-يا؟ بۇ دېگەن ياز كېچىسى، سەهرادىكى ئۇيغۇرلار ئۆگزىدە ياكى باراڭلىقتا، باغلاردا قونۇشقا ئامراق. شەهەرلىكلەردىغۇ بۇنداق ئادەت يوق، توغرىسى شارائىت يوق. شۇنداقتىمۇ بەزىدە توختى ئۆزىنىڭ كىچىككىنە قورۇسىدا تۈنەپ قالاتتى. بىراق قورۇدىمۇ بۇنچىلا ئېگىز خادىغا بېكىتىلگەن چىراغ يوق ئىدى. يەرمۇ چويۇندەك قاتتىق ئەمەستى. ئەمىسە بۇ قەيەر؟ ئۇ قانداقىسىگە بۇ يەردە سوْنايلىنىپ ياتىدۇ؟ تۈرلۈك ئەهۋال-لارنى خىيالىدىن كەچۈرۈپ باقتى، يەنىلا هېچنەرسىنى ئەسلىيەلمىدى. قۇلىقىغا شالاپلىغان يېقىمسىز تاۋۇش ئاڭلاندى. بۇ تاۋۇش يېقىنلا جايدىن، يېنىدىنلا چىقىۋاتقاندەك ئىدى. كاللىسى سەگگەندەك، سەگەكلەشكەندەك بولدى بۇ قېتىم چىراغنىڭ سېمونت تۈۋرۈك ئۈستىدىكى ئۇزۇن ئەگمە تۆمۈرنىڭ ئۇچىغا بېكىتىلگەن كوچا چىرىغى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بۇ نېمە ئىش، ئۇ يەنە مەست بولۇپ

ھەۋەستىن قۇتۇلالمايتتى، قۇتۇلۇشنىمۇ خالىمايتتى. شۇنداق، بەزىلەر
بىرەر ئەرزىمەس كەسىپ، خوتۇن-قىز، ياكى قانداقتۇ بايلىقنىڭ لەز-
زىتىگە كۆيىدۇ، جان بېرىدىغۇ؟ توختى هاراقا كۆيسە، ئۇنىڭ لەز-
زىتى يولىدا جان بەرسە نېمە بوپتۇ؟ شۇڭا ئاق كۆڭۈل نەسھەتچىلەرنىڭ
بىكارغا ئېغىز ئۇپراتقىنى ئۇپراتقان ئىدى. پۇخادىن چىقىپ، مەست-
لىكتىن يېشىلگەندىن كېيىنكى چىدىغۇسىز تەن ئازابىنى تارتقۇچىپ
بەزىدە ئۆزىمۇ "ۋاي دات، مۇشۇ كۈندىنىمۇ، جاندىنىمۇ تويدۇم.
هاراق دېگەنگە ئىككىنچى يېقىن يولۇمايمەن، ئەزبىرايى" دەپ
قودۇگشۇيتتى، قەسەم ئىچەتتى. ھەتتا بىر نەچچە كۈنگىچە هاراقنى
تەرك قىلاتتى. بىراق ئۇزاققا بارمايلا خۇمارى قايتا تۇتاتتى، دەردى
قايتا قوزغىلاتتى، ئىچىشنى يەنە باشلايتتى-دە، ھەممە جەريان قايتا
تەكرارلىناتتى. ناھايەت، توختى ئارىلىشىپ قالايمىقانلىشۋاتقان
پىكىرلىرىنى ئۆزىدىن نېرى ھەيدەپ، خوشياقماسلىق بىلەن بېشىنى
كۆتۈردى. كۆرگەنلىرىگە ئىشەنمەي كۆزلىرىنى بىرنەچچە مەررە
جىددىي چىمچىقلاتتى. دەررۇ جەينىكىگە تايىنىپ گەۋدىسىنى يېرىم
كۆتۈردى. يېنىدىلا بىر كۆچۈك يەردىكى ئاللىقانداق بىر نەرسىنى
شالاپلىتىپ يالاۋاتاتتى. توختى زورۇقۇپ قىمىرلاپ سىڭايان ئول-
تۇردى. ئىت قاچتى، بىراق ئىككى-ئۈچ ماڭدام نېرىغا بېرىپ زوڭ-
زايدى. بىردىنلا توختىنىڭ مېڭىسى ئۆتكۈرلەشكەندەك بولدى، بەرى
ئايدىڭلاشتى: ئۇ كەچقۇرۇن هاراقنى جىق ئىچۋالغان، ئىچكەندىمۇ
بىرنەچچە ئادەمنىڭكىدە ئىچكەن. ئۇنىڭ بەزىدە مانا شۇنداق ئۆيمۇ-
ئۆي يۇرۇپ هاراق سۇمۇرىدىغان ئادىتى بار. خوددى ھېيتتىكە-
دەك، ياق، ئادەملەر كۈندە ھېيت قىلسا ياخشى ئەمەسمۇ! ھەي،
ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇڭمىغۇرلار ئۇنىڭ بەكرەك تەڭشىلىپ قالغىنىنى

كوچا-كويلاردا يىقىلىپ قالغان بولمىسۇن؟ ئۇنىڭغۇ پات-پات ئۆلۈكتەك مەست بولۇپ تالا-تۈزدە يېتىپ قالىدىغان ئۇياتلىق ئادىتى بار. كىملەردۇر ئۇنى بەزىدە ئاشپۇزۇل-كىنوخانىلار ئالدىدىن، بەزىدە ئەخلەتخانا، يۇندا ئۆرەكلىرى تۈۋىدىن ھېچنېمىنى تۇيماي لايدەك لاپچىيىپ ياتقان يېرىدىن كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئەپكىلىپ قوياتتى. ئۇيغۇر دېگەن شۇنداق يۇمشاق كۆڭۈل خەق، بىرەر ئادەمنىڭ يىقىلىپ قالغانلىقى ياكى تاياق يەۋاتقانلىقىنى كۆرسە نېمە كارىم دېمەيدۇ. چاتاق يېرى شۇكى، مەست بولغاننىڭ ئەتىسى پەيلىرى ئۆزۈلۈپ، ئۇستىخانلىرى ئاجراپ كەتكەندەك، جىمى ئەزايى-بەدىنى سىيقىراپ ئاغرىپ ئويغىناتتى. كىشىلەر ئۇنى ئىچكۈلۈككە بېرىلىپ ئۆزىگە نابۇت قىلىۋاتىسەن، دەپ ئەيىپلەيتتى. ئۆمەك باشلىقلىرى ھاراقكەشلىك قىلىپ يامان تەسىر بېرىۋاتىسەن، ئىقتىدارىڭنىمۇ، ئىستىقبالىڭنىمۇ كۆيدۈردۈڭ، دەپ تەنقىدلەيتتى. بۇ ناچار ئادەتنى تۈزىتىش ھەققىدە پەندى-نەسىھەت قىلاتتى. تۇغقانلىرى "قىرىلىقنى بىلمىگىنىڭ نېمىسى، ئەينەككە قاراپ باقساڭچۇ مۇناپىق، چىرايىڭ تۆگىنىڭ توققۇز تولۇقىدەك قاتلىشىپ كەتتى، بەدىنىڭ لىڭشىپ قالغان پور كۆتەكتەك ئاجىزلاشتى. ئەمدى ھاراق كۆتۈرەلمەيسەن، پىيەنچۈك بولۇپ ئۆلۈكىڭ كوچىلاردا قالمىسۇن" دەيتتى. توختى بولسا ھەممىسىگىلا "دەردمەن ئادەممەن، دەردىم بولغاچقا ئىچىمەن" دەيتتى. دەردىنى سورىسا ئېيتمايتتى. شۇڭا بەزىلەر ئاڭلىتىپ-ئاڭلاتماي ئۇنى پاسىق ئادەم دەپ تىللايتتى. دەرۋەقە، بۇ دەردمەن ھاراقكەشنىڭ دەردى چەكسىز ئىدى. چۈنكى ئۇ ھاراقنى چەكسىز ياخشى كۆرەتتى. ھاراققا چەكسىز خۇمارى بار ئىدى. مانا شۇ ھەۋەس، شۇ خۇمار ئۇنىڭ دەردى ئىدى. ئۇ بۇ

ئارىلاشمىلىرى ياتاتتى. بىردىنلا ئۇيغۇر باللارنىڭ هاراققەش توغرىسىدا توقۇغان بىر لەتىپىسى يادىغا چۈشتى. بۇ لەتىپىنى ئۇ 50-يىللارنىڭ ئاخىرىدىمۇ، ياكى 60-يىللارنىڭ باشلىرىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، شۇ ئەتراپتا تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان، هوزۇر قىلىپ كۈلگەن ئىدى. كېيىن تەكرار-تەكرار ئاڭلىسىمۇ زېرىكمىگەن. زوقلىنىشى سۇۋۇمىغان ئىدى. بۇ لەتىپە پۈتۈن مەزمۇنى بىلەن يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سىنئالغۇ سۈرەتلىرىدەك نامايان بولدى. لەتىپە مۇنداق ئىدى: بىر هاراققەش مەست بولۇپ يول بويىغا يىقىلىپ قاپتۇ. بىر چاغدا هوشىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا ئۈستىبېشى بۇلغانغان بىر ئىت يەردىكى تاماق قالدۇقلىرىنى يەۋاتقۇدەك. مەستنىڭ ئۇنى كۆرۈپ كۆزلىرى چەكچەيىپتۇ. هەيرانۇ-هەس بولۇپ ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلاپتۇدەك: "ماۋۇ لەگمەننىغۇ ئەمەتنىڭ ئۆيىدە يېگەن، ئاۋۇ پولونى ئايشەم هەدىنىڭكىدە قاسىغان. گۆشنى قاسىمنىڭكىدە چالا چايناپ يالمىغان. مۇنۇ ئۈستىبېشى تاماق بوتقىسىغا چىلاشقان كۈچۈكنى كىمنىڭكىدە پۈتۈن يۇتقان بولغىيدىم؟ ئۇنىڭ تاقاشماي پۈتۈن تىرىك كىرىپ-چىققىنىغا قارىغاندا، كانىيىممۇ، ئاشقازىنىممۇ يەتكۈدەك باركەن جۇمۇ..." توختى گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى. هازىرقى هالىتىنىڭ شۇ لەتىپىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ مېيىقىدا كۈلدى. ئاندىن هازىدار ئادەمدەك بېشىنى تۆۋەن سالدى.

توختى هاۋادىكى هاراق پۇرىقىنى قىزىل گۈل هىدىنى پۇراۋاتقاندەك قاتتىق بىر تىنىقتا شۇمۇردى. ئاندىن ئۆمىلەپ قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ تىرمىشىپ قوپتى-دە، ئىتنى قوغلىدى. ئۇنىڭ بېشى زىڭىلداپ ئۆزى دەلدەڭشىيتتى. ئىت قۇيرۇقىنى ئىچىگە قىسىپ يورغىلاپ، ئۇدۇل كەلگەن بىر تار كوچىغا ئۆزىنى ئالدى-دە، كۆزدىن

كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويايلى دېمىگىنىنى. بۇكەمدىكى ئادەملەردىغۇ ۋاپا قالمىدى، ئىنساپ قالمىدى. مېھرى-مۇھەببەت، ئەقىدە، دىيانەت دېگەنلەر كۆڭۈللىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نەزەرلىرىدە ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىم يوق. مانا مەسىلەن: ئۇلار توختىنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنمىسىمۇ، مىللەتنىڭ ئاتاقلىق ئىجاتكارى ئىكەن-لىكىنى ئويلاپ ئاسىرىشى كېرەكتىغۇ، ئۇلارنىڭ ئىجاتكار، سەنئەتكار، ئالىم دېگەنلەر بىلەن نېمە چاتىقى؟ ئىجاتكارغا كۆيۈنۈش خىيالى-غىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ئۇلار مىللەتنىمۇ ئويلۇشۇپ كەتمەيدۇ. بىر ئىجاتكارنى نابۇت قىلىشنىڭ مىللەتكە قان-چىلىك ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. چۈشەنسىمۇ ئىشەنمەيدۇ. توغرىراقى چۈشەنگۈچىلىكى يوق. توختىنىڭ "دەردىم بار" دېگەن سۆزىنىڭ بىر مەنىسى مەشەدە. ئۇ قارنىغا يىغلىمايدۇ، قەدىرىگە يىغلايدۇ... توختى ئاخىرقى قېتىم كىمنىڭكىدە ھاراق ئىچىۋىدىكىنە؟ ئەخمەت؟ باقىيوپ؟ يالقۇن؟ ھېلىموپىنىڭكىدىمۇ-يا؟ ياق، شۇ ئېسى قۇرۇپ كەتسۇن، كىم بىلەن ئىچىشكەنلىكىنى زادى ئېسىگە ئالالمىدى. كۆزى يەنە ھېلىقى كوچۇككە چۈشتى. كوچۇك كۆرۈمسىز، قوتۇر ئىدى. چىراغ يورۇقىدا كۆزىگە ئالىبۇلىماچتەك كۆرۈندى. كوچۇك ئۇنىڭغا مۆلىيىم، يالۋۇرغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. "ھە، ئۇمۇ ئولتۇرۇپتۇ، نېمىشقا مۇنداق قارايدىكىنە، دوست بولۇشنى خالاۋاتامدىغاندۇ؟ بەلكى مېنىمۇ ئۆزىدەك يالغۇز، مىسكىن، سەرگەردان ھېسابلىغاندۇ، — دەپ غودۇڭشىدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، — ياق، باياتىنقى جايىغا قايتىپ يەردىكىنى يالاشقا رۇخسەت سوراۋاتقاندۇ بەلكى."
توختى كۆز قىرىدا يەرگە قارىدى. يەردە ئۆزى قۇسقان تاماق

بىر شەھەرگە ــ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتكەن. كېيىنرەك سوتقا خەت يېزىپ مەجبۇرى ئاجراشقان. بۇنىڭغىمۇ يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق بولۇپ قالدى. توختى بۇ يىگىرمە يىل داۋامىدا يەنە ئۈچ قېتىم ئۆيلەندى. يەتتە يىلغا بىردىن خوتۇن...توختى ئاغزىدىن غەزەپلىك ھاقارەت سۆزلىرىنى چىقاردى. قەمەر تەرەپكە چامدىدى. توۋا، بۇ قەمەر نېمانچىلا ئۆزگىرىپ كەتكەن؟ ئۇ ئاجراشقان چاغ-دىكى چىرايلىرىغا، دەرد قورۇقلىرى تۇرتارتىشقا باشلىغان غەمكىن قەمەرگە ھېچ ئوخشىمايدۇ. يېڭى تونۇشۇپ موھەببەتلىشىشكە تۇتۇنغان چاغدىكى قەمەر قىزغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ. ئادەملەر ياشى-غانسېرى ئالدىغا مېڭىپ قېرىلىققا يېقىنلاشسا، ئۇ ياشىغانسېرى كەي-نىگە يېنىپ ياشلىققا قايتقانمۇ- قانداق؟ ھاراقكەشتىن قۇتۇلغاچقا ياشارغانمىدۇ- يا؟ شۇنداقتۇ، ئەتىمالىم. توختىنىڭ بەزى ئىشداش-لىرىمۇ "ھاراق ئادەمنى چاپسان قېرىتىدۇ" دەپ ۋايساپ يۈرۈشەتتى. مانا ئۇنىڭ ھاراققا چىلانغان يىللار قالدۇرغان قورۇقلىرى چىرايىنىڭ ھەربىر كەچمىش تارىخىنى ئايرىپ كۆرستىپ تۇرۇۋاتىدىغۇ. قېرىتىسىمۇ قېرىتقاندۇ. لېكىن يۈرەكنى ئۆيىنىتىدۇ-دە. شۇنداق، يۈرەكنى ئۆيىن-تىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمنى ئاسان قېرىتىدۇ. مانا توخ-تىنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىمۇ تۇگەل ئاقىرىپ بولاي دېدى. بويلىمۇ جان توشاتقىلى بولمايۋاتىدۇ. ئۆزىمىغو خەققە 45 كە كىردىم دەپ قويغىنى بىلەن 57 ياشنىڭ قارىسىنى ئالدى. يېرىم ئەسىر دېگەن ئوڭايمۇ. ۋاي، نېمە بولسا بولسۇنا، قېرىتسا قېرىتىمامدۇ، يۈرەكنى ئۆيىنتىۋال-غان ئەۋزەل. كىم جاھانغا تۈۋرۈك بولاتتى. چىگىش ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ نېمە؟ ھاياتنىڭ غېمىنى كۆپ يېمىگەن ئادەملا ھاياتتىن زېرىكمەيدۇ.

غايىب بولدى. توختى قويۇننىڭ ئىچىدە قالغان ئادەمدەك پىرقىراپ، دەلدۈشلەپ كېلىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنى دەڭسەپ توختىدى. بۇ يەرنى قاتار كەتكەن لامپۇچكىلار كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئۇ ئىككى قولىدا بېلىنى تىرەپ جىمجىت، ئادەمسىز يولغا بىر ھازا قاراپ تۇردى. ئارىلىشىپ كېتىۋاتقان پىكىرلىرىنى ئايرىشقا تىرىشىپ، شالاڭ چاچلىق بېشىنى قاتتىق تاتىلىدى. بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرى پەقەت تۈن نىسپىدىن خېلى ئۆتۈپ، تاڭغا ئاز قالغاندىلا مۇشۇنچىلىك خالىي-جىمجىت بولالايتتى. توختى سائەتكە قارىماقچى بولۇۋىدى، بىلىكىدە سائەت يوق بولۇپ چىقتى. سائەتنى چىقار چاغدا ئۆيدە قالدۇرۇپ چىققانمۇ ياكى مەست بولغاندىن كېيىن يوقاتتىمۇ، ئېسىگە ئالالمىدى. ئالدىغا بىر نەچچە چامدام ماڭدى. ئۆكچىسىنىڭ تاۋۇشى كېچە جىملىقىنى بۇزاتتى. بىردىنلا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئانچىلا يىراق بولمىغان جايدىكى توك سىمتۈۋرۈكى تۈۋىدە ئادەم كۆلەڭگىسىنى كۆرگەندەك قىلدى. كۆزىنى چىملدىتىپ سەپسالدى. چەكچەيگىنىچە قادىلىپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ تونۇشلا چىرايغۇ، خىيالىي تۈيغۇ بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە. ياق، تۈيغۇ دېگەن بۇنداق چىن، ئېنىق بولمايدۇ. ئىش ئۆڭدىن كېلىپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدىغۇ، بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى ئايالى قەمەرغۇ، بۇ ھادىسە شۇنداق تاسادىپىي ۋە تەبىئىي سادىر بولدىكى، توختى ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قەمەر يەر تېگىدىن بىر قاراپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆمسۈلىگۇ، توختىنىڭ ھاراقخورلۇق قىلىپ مەست بولغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە جۇدۇنى تۇتقان ئوخشايدۇ. ھە، ئۇ توختىنى ھاراقتىن مېھىر ئۈزگۈزەلمىگەندىن كېيىن، ئۆزى توختىدىن مېھىر ئۈزۈپ، ئۇنى تاشلاپ كېچىپ كەتكەنتىغۇ. بۇ يەردىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى

پۇلنى سىقىملاتتى. شۇنداق قىلىپ ئىش تەۋرەشكە باشلىدى. ئۇ خوتۇن
يوقسىلاڭ باھانىلارنى تېپىپ ھەيران قالغۇدەك تېزلىكتە قەمەر بىلەن
تونۇشتى، يېقىن بولدى. ئەتىگەن-ئاخشىمى قەمەرنىڭكىگە قاتراپ ئۇنى
ماختاپ كۆككە ئۇچۇردى، بېشىنى قايدۇردى. ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ
مېھمان قىلدى. پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىنكى
بىر قېتىملىق مېھمان قىلىشتا چەينەككە دەملەۋاتقان چايغا ئېزىپ
تەييارلانغان مەست قىلغۇچى مەجۇننى سېلىۋەتتى. ئۇنى ئالدانغان
قىزغا تۇيدۇرماي ئىچكۈزۈۋەتتى. ھايال ئۆتمەي قىز بىھوش بولۇپ
يىقىلغاندا يان ئۆيگە چىقىدىغان ئىشىكنى ئاچتى. توختى خېلىدىن
بۇيان شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. خوتۇن چىقىپ كەتكەندىن
كېيىن توختى ئىشىك-دېرىزىنى تاقىدى. مەست ئۇخلاۋاتقان قەمەرنى
تىترىگەن قوللىرىدا قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ئاپاردى. كىيىملىرىنى
يېشىپ قويىنغا كىردى... گەرچە ئىلگىرىمۇ بىر نەچچە قېتىم مەست
بولۇپ كوچا سەتەڭلىرىنى ياتىقىغا ئوغرىلىقچە ئەپكىرىپ ياتقان
بولسىمۇ، بۇ قېتىمقىسى ئېسىگە چوڭقۇر ئورناپ قالدى. ئەتىسى قەمەر
ھوشىغا كېلىپ نومۇسقا چىدىيالماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولۇپ
دەريا بويىغا باردى، شارقىراپ ئېقىۋاتقان قورقۇنچلۇق ئېقىنغا قاراپ
قورقتىمۇ، ياكى ئون گۈلىنىڭ توققۇزى ئېچىلمىغان ياش ھاياتىنى
قىيماي شەيتىنىغا ھاي بەردىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدىن
ياندى. ئۇنىڭ ئۇستىگە توختى ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ ئۆمىلەپ
يۈرۈپ "پاختىكىڭىز بولاي، تورغىيىڭىز بولاي، ئۇ دۇنيا-بۇ دونيا
قۇلىڭىز بولاي"، "ماقۇل دەپ مەن بىلەن توي قىلىڭ، خوش بولۇپ
كېتەي، ئايىغىڭىزغا پېتەك، كۆڭلىكىڭىزگە ئېتەك بولاي" دەپ يالۋۇر-
دى. ھاراق ئىچمەسلىك ھەققىدە "بىللايىزىم" دەپ قەسەم ئىچتى.

— قەمەر، جېنىمنىڭ جانانىسى، يۈرىكىمنىڭ يەكپارىسى، قايتا
ياشىرىپسىز - دە. ھاراقكەشلىك گۇناھىمدىن ئۆتۈڭ. بىز دەسلەپ
تونۇشقان چاغلاردىمۇ سىز مۇشۇنداق ياش ئىدىڭىز، ئاي يۈزلۈك،
قەلەم قاشلىق...

توختى سەندىرەكلەپ كېتىۋېتىپ كوتۇلدىدى. دەۋاتقانلىرى 25
يىلدىن بۇرۇنقى ئىش ئىدى. توختى شۇ چاغدىمۇ يەنىلا ھازىرقى
سەنئەت ئۆمىكىدە ئىجادىيەتچى ئىدى. ناخشا تېكىستى يازاتتى.
خىزمەتكە ئورۇنلاشقىنىغا ئەمدىلەتىن بىر نەچچە يىل بولغاچقىمى-
كىن، ئۇنچە قاتمالمۇ، قىتمالمۇ، قىتىغۇرمۇ ئەمەس، ياشلىق جۇشقۇن-
لىقى بار، ئىجات قىلىش قابىلىيىتى بولمىغىنى بىلەن بىر ئاز تەقلىت
قىلىش قابىلىيىتى ۋە تىرىشچانلىقىغا ئىگە ئىدى. كامچىلىقى ھاراققا
ياخشىلاپ كىرىشىۋاتقانلىقى ئىدى، لېكىن ياش بولغاچقا ئۇ چاغلاردا
ھاراقنى ئوبدانلا كۆتۈرەلەيتتى. قەمەر غۇنچە بوي، خېلى ئىسكەت-
لىك قىز ئىدى. ئاق قىزىل چىرايىدىكى ئىلپەتەك بۇرنى ئېقىپ چۈش-
كەندەك تۈز بولۇپ، كېپىكىنىڭكىدەك قاپقارا كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ
تۇراتتى. شۇغىنىسى شوخراق بولۇپ، تۇتۇق بەرمەيتتى. توختىغا ئۇ
نەزەرگۆزىنى سېلىپمۇ قويمىدى. توختى ھەرخىل قىلىقلارنى قىلىپ
باقتى، ئۆزىگە جەلپ قىلالمىدى. زەردىگۈش بولدى. ئاخىرى دەر-
دىنى ياشانغان بىر ئائىلە ئايالىغا ئېيتتى. ياشلىقىنى ئەگرى كوچى-
لاردا قالدۇرغان بۇ گەپدان خوتۇن دەللە نامى بىلەن يېقىن - يىراق-
لىرىغا تونۇش ئىكەن، "سەتەڭ" دېگەن لەقىمى ساقلانغىنى بىلەن
ئۆزى مومايلىق بوسۇغىسىغا بېرىپ قالغانىدى. بۇ خوتۇن كۆپ پۇل
ئېلىش شەرتى بىلەن قەمەرنى توختىنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بېرىشكە
ماقۇل بولدى. توختىمۇ مەردلىك قىلىپ دەررۇلا ئۇنىڭ قولىغا جىقلا

گىنىنىڭ ھەممىسىنى قاۋاقخانىدا قويۇپ كىرەتتى. ئۇنىڭدا "ئىجادىيەتچى" دېگەن قالپاقتا تۇشلۇق كاللا يوق ئىدى. بار كاللىمۇ كۈن بويى مەست-بېھۇش تۇراتتى. ھاراق تونىغا چىلانغان قاپاقتەك شىرىشىم ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ قاپىيەلىك تەييار شوئارلاردىن تۈزۈلگەن ناخشا تېكىستلىرىمۇ ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. بىر پەردىلىك دىراما دەپ بىر-ئىككى نەرسىمۇ يېزىپ باقتى، ئۆمەك باشلىقلىرىغا كۆكەملىك قىلىپ يۈرۈپ سەھنىگىمۇ ئېلىپ چىقتى، بىراق ھېچكىم قىزىقمىدى. بازىرى كاسات بولدى. قەلەم ھەققىنىڭ تايىنى بولمىدى. توختىمۇ بېخىللىشىپ بىر تەڭگىنى كۆرسە ئۆزىنى ئۆگزىدىن يەرگە ئاتىدىغان ھالغا كەلدى. كېيىنرەك خوتۇنىنىڭ كۆڭلىكىنى، ئۆزىكىنى ئوغرىلاپ چىقىپ سېتىپ ھاراق ئىچىپ قويدى، نەتىجىدە قاتتىق جاڭجال چىقتى. مەگزىدىن بىر ئايغىچە قەمەرنىڭ تىرناق ئىزى كەتمىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۆزىگە ئوخشاش كۈن بويى ھاراقتا چىلىشىپ يۈرۈشكە ئامراق بىر دوستى ئۇنىڭغا كۆپ ياردەم قىلدى. قولاشمىغان تاقتا-تۇقتا مىسرالىرىنى چۇۋۇلۇپ تۇرغان ئەسكى سېۋەتىنى كونا تانىدا بوغۇپ تاڭغانىدەك قىلىپ تۈزەپ ئەپلىدى. خىزمەتتىكى قۇلايلىقتىن پايدىلىنىپ خەقنىڭ ياخشى تېكىستلىرى ئورنىغا، ياخشى مۇزىكىلارغا توغرىلاپ سەپلىدى، ياخشى ئارتىسلارنى ئوقۇشقا مەجبۇرلىدى، بۇنداق قاتتىق-يۇمشاق چارىلار ھەرھالدا خېلى ئۈنۈم كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە توختىغا يۇقىرى قەلەم ھەققى بەردى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن توختىنىڭ ئاساسى قىيىنچىلىقى ھەل بولغىنى يوق. ئاچكۆزلۈك ئۇنىڭغا يەنە ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرىنى، ساددا ئوقوغۇچىلارنى شېرىن سۆز، قۇرۇق ۋەدىلەر بىلەن ئالداپ، شىلاپ يېيىش ئۇسۇلىنى كەشپ قىلغۇزدى. ئۇ بەزىدە ئۇلارنى بولۇشىغا

ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئۆمەكتىكى بەزى ئارتىسلاردىن ئۆگىنىۋالغان "كۆگۈل ئېرىتىش، كۆگۈل ئوغرىلاش" چارىلىرىنىمۇ تولۇق ئىشقا سالدى. كۆزىنىڭ ۋە بۇرنىنىڭ سۆيىنى تەڭ ئېقتتى. ھېلىقى دەللە خوتۇنمۇ ئارىغا چۈشۈپ "توختى دېگەن ئاتاقلىق ياخشى ئىجاتچى، ياخشى بېيىتچى، ياخشى يۇرتتىن، ياخشى ئادەمنىڭ بالىۋاقىسى، ياخشى دوستلىرى، ياخشى تونۇش-ئۇلپەتلىرى بار، ياخشى ئورۇندا ئىشلەيدۇ..." دېگەندەك "ياخشى" رەۋىشنى قاتار تىزىۋەتتى. قەمەرمۇ ئۇ ياق ئويلاپ-بۇ ياق ئويلاپ، توختىغا تېگىشتىن باشقا بۇ رەسۋا-چىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ياخشىراق چارىسىنى تاپالمىدى، ئىشنىڭ تەرەق-قىياتىنى ياخشى تەرەپتىن ئويلاشقا ئۆزىنى زورلىدى. "شۇنچە ياخشى كۆرگەندىكىن، ياخشى ھۆرمىتىمنى قىلار، ياخشى ئۆتۈپ قالساق ئەجەپ ئەمەس" دەپ ئۈمىدلەندى. سالا-سۇلۇ بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلدى، ھالبۇكى توي مۇراسىمى ئاددىيلا ئۆتكۈزۈلدى. ئۆزىمىغۇ چوڭ قىينچىلىق يىللىرى ئىدى. باياشاتلىق مۇمكىنچىلىكىمۇ يوق ئىدى. بىراق توختى ئىمكانىيەت يېتىدىغان ئادەتتىكى ئىشلارنىمۇ قىلمىدى. چۈنكى تاپقىنىغا پەشتاختىغا يۆلىنىپ ھاراق ئىچىۋېتىدىغان بولغاچقا، كەينىگە تاشلاپ ماڭغان ھېچنېمىسى يوق ئىدى. قەمەر ئۆزد-نىڭ قىزلىق دۇنياسى بىلەن جۇدالىشىش قايغۇسى، خوتۇنلۇق دۇنيا-سىغا قەدەم قويۇشنىڭ خۇشاللىقى مۇجەسسەملەنگەن مۇراسىمنىڭ شۇنچىلا سوغۇق ئۆتۈۋاتقانلىقىغا چىدىماي ئىچ-ئىچىدىن ئۈنسىز يىغ-لىدى. ئانىسى بىلەن خوشلىشىش سورۇنىدىغۇ ھۆڭگىرەك ئىتىپ قورۇنى كۆتۈرۈۋەتتى. تويدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا تۈزەتمەك قىيىن بولغان خاتالىققا يول قويغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. ھاراقنى توختى ئىچسە دەردىنى قەمەر تارتتى. توختى تاپقان-تەر-

ئالدىدا تۇرىدىغانلارنى ئانچە ياقتۇرمايدۇ. پەيتى كەلسە كەسپىدىكى
رەقىبلىرىنىڭ كاللىسىنى قوشقاچنىڭ كاللىسىدەك ئۈزۈپ تاشلىغۇسى
كېلىدۇ، خۇيى تۇتقاندا، مەنپەئەت توقۇنۇشى بولغاندا شۇنداق ئويـ
لايدۇ. ئادەتتىكىغۇ ئۇنچىلا ئىزچىل قوغلاپ زەربە بېرىپ يۈرمەيدۇ.
ئۇنىڭغا ۋاقتىمۇ يوق. ئۇنداق ئىشتا ھېلىقى قوشاقچى كاززاپ باشـ
لىقنىڭ ئالدىغا ھېچكىم ئۆتەلمەيدۇ. داڭقىمۇ يېتەرلىك. توختىمۇ ئۇنى
سورۇن تاللىماي، ئۇنتۇماي سېستىپ ماڭىدۇ، قولىدىن گەپتىن باشقا
نەرسە كەلمىسە نېمە ئامال؟ بۇ ئۆلگۈر قاغىش قېپى نېمانداق ئېسىگە
كېلىۋالىدۇ؟ "تۇفى، يوقال كۆزۈمدىن!" توختى يېنىغا قاراپ
تۈكۈردى. ھە، شۇنداق قىلىپ قەمەر بىلەن توختىنىڭ مۇناسىۋىتىـ
دىكى چاك بارغانسېرى چوڭايدى. ھاراق، ئىقتىساد، ئەخلاق، ئادىـ
مىگەرچىلىك، ئىنسانى مۇناسىۋەت قاتارلىقلاردا ئۇلار ھەر كۈنى
دېگۈدەك جېدەللىشىدىغان بولدى. قەمەر ئاجرىشىمەن دەپ نەچچە
قېتىم يامانلىدى، كىشىلەر نەسىھەت قىلىپ ياراشتۇردى. ئۇلار
سوقۇشتى، ئاجراشتى. بىراق قەمەر سالاغا بوش ئىدى. توختى
كېچىلىرى بېرىپ ياتقىغا باستۇرۇپ كىرىۋېلىپ ئالداپ، يىغـ
لاپ يۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئەپلىشىۋالدى. بۇنداق ئاجرىشىش- يارىـ
شىش بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاندى. يۇرت ئارىسىدا سۆز- چۆچەكـ
مۇ چىقتى. قەمەر بۇنىڭغىمۇ چىداشنى داۋاملاشتۇرارمىدىكى، ئۇنىڭـ
دىن بەزگەكتىن بىزار بولغاندەك بەزگەن چاغلاردا بىر پالاكەت
يۈز بېرىپ، ھەممە ئىشنى ئاستىن- ئۈستۈن قىلىۋەتتى: ياز كېچىسى
ئىدى. توختى خۇددى بۆگۈنكىدەك تەمشىلىپ كوچىدا بىر ياققا
قېيشىپ دەلدەڭشىپ كېلىۋاتاتتى. تونۇش بىر ئىدارە قورۇسىنىڭ
ئالدىغا كەلگەندە ھاجەتخانىغا كىرمەك بولدى. بۇ ئىدارە قورۇسىدىكىسى

ماختاپ يۇمشاق پىچاقتا شىلاتتى. بەزىدە جەمئىيەتتە ئېقىۋاتقان
ئىش يۈرگۈزۈش قائىدە- يوسۇنلىرىنى چۈشەندۈرگەن بولۇپ ئۆز
تاماسىنى پۇرۇتاتتى. بەزىدە پۇل بەرمەي بازارغا بۇيرۇپ ھاراق
ئەپكەلدۈرەتتى. بەزىدە مەست بولۇپ يېتىۋېلىپ ”ئەجەلىم توشتى،
بۈگۈن كېچىدىن قالمايمەن. ئۇيغۇر ئىجادىيەت ساھەسى سىلەرگىلا
قالدى. سىلەر، تالانت ئىگىلىرى، بۇ ساھەنى گۈللەندۈرۈش سىلەر-
نىڭلا قولۇڭلاردىن كېلىدۇ. ماڭا ئۇنى تاشلىۋەتمەيمىز، ۋەيران
قىلماي گۈللەندۈرىمىز، دەپ ۋەدە بېرىڭلار، ئۇكىجانلار...“ دەپ
يىغلايتتى. يالغان يىغا، يالغان ۋەسىيەتلەردە تەسىرلەندۈرۈپ ئۇلار-
دىن پۇل- پىچەك، رەخ- كەزمال ئۈندۈرۈۋالاتتى. شېرىن سۆزنى
بازاردىن پۇلغا سېتىۋالمايدۇ- دە، ئەلۋەتتە. غەيۋەتكە ئامراق
بولغاچقا ئۇنى باشلىقلار ياخشى كۆرمەيتتى. كاج تەلپىگە ئۆمەكنىڭ
شائىرلىق ئاتاقىنى تامايى بار بىر قوشاقچى باشلىقى بولۇپ، ئۇ ئۇنى
ئالۋاستىدەك يامان كۆرەتتى، ئۇنىڭ ئۆمەك ئىچىدە قەد كۆتۈرۈ-
شىگە ئىمكان بەرمەيتتى. قوشاقچى باشلىقنىڭ سۆلتى بولغىنى بىلەن
ئەقلى يوق ئىدى. لېكىن ئۇنىڭدا يايلاق تۈلكىلىرىنىڭ قۇۋلىقىمۇ،
زەھىرىمۇ بار ئىدى. بولۇپمۇ دەللىك تۇتۇشۇشتىن قاچىدىغانلىقى
توختىنى خۇن قىلاتتى. بۇ قوشاقچى بەلكىم ئۆمرىدە ھېچقانداق ئىجا-
دىيەتچىنى ياخشى كۆرمىگەندۇ. بولمىسا نېمىشقا قوشاقنى ئاران چۈشە-
نەلەيدىغان، لېكىن يازالمايدىغان ئادەملەرنىلا ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ؟
ھەسەتتىن، ئىچى قارىلىقتىن، سۈيىقەستتىن ئاپىرىدە بولغانمىدىكى
بۇ پاسىق! بۇ شەيتاندىن تامغانىنى تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى لەنەت
تۈۋرۈكىگە باغلاپ، ئۆتكەن- كەچكەنلەرگە نۆۋەت بىلەن كالتەكلىتىپ
ئۆلتۈرسە پۇخادىن چىقارمىدىكى توختى. ئۆزىغۇ كەسپتە ئۆزىنىڭ

ئاخىرى ئۇنى تارتىپ چىقىرىپ قويدى. ئۈستىبېشىنىڭ پاكىز بېرى قالمىغاچقا دومبىسىگە، قولتۇقىغا كارتون قەغەز چاپلاپ، قولتۇقلاپ، ھاپاشلاپ دېگەندەك ئېلىپ مېڭىشتى. ئۆيگە ئەپكىرىشكەندە، ئۇنىڭ سازلىقتىكى قارا پاتقاقتىن سۇغۇرۇپ چىقىلغان پاخپاق يوڭلۇق ئېيىق-نىڭكىدەك بەتبەشىرىسىنى كۆرۈپ، قەمەر ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قالدى. قەمەر يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنى سۇغا پىچىتى. كىيىم-كېچەك-لىرىنى، ئۆي-ئىچىنى 2 كۈن يۇيۇپ تازىلىدى. ئاندىن ئۆزى ئۈچ كۈن ئاغرىپ ياتتى. سەسكىنىپ كەتكەنمىش. توختىنىڭ كارى بول-مىدى. قەمەر ساقىيا-ساقايمايلا ئاتا-ئانىسى تۇرۇشلۇق يىراقتىكى شەھەرگە بىراقلا قېچىپ كەتتى. شۇ پېتى توختىنىڭ ئۆۋسىدىن مەڭ-گۈلۈك ئۈچۈپ كەتتى. ھەتتا، خىزمەت رەسمىيىتىنىمۇ ئاكىسى كېلىپ يۆتكەپ كەتتى. قەمەر بۇ شەھەرگىمۇ، توختىغىمۇ ئالدىنى قىلماس-لىق توغرىسىدا قەسەم قىلغانمىشكەنغۇ، بۈگۈن يەنە قانداقسىگە كېلىپ قالدىكىنە؟ توختى كېتىۋاتقان جايىدا توختاپ ھېلىقى تۈۋرۈك تۈۋىگە يەنە سىنچىلاپ قارىدى. قەمەر جايىدا قىمىر قىلماي تۇراتتى. بىراق كۈلگەندەك ئەمەس، ئۇ كۈلمەيۋاتىدۇ، يىغلاۋاتامدۇ-نېمە؟ ئۇنى بەزلەش، دەرھال كۆڭلىنى ياساش كېرەك. توختى قەمەرگە قاراپ قولىنى سوزغىنىچە يۈگۈردى. بىراق پۇتلىرى تاش ئېسىۋال-غاندەك ئېغىر بولۇپ، ئەقلىگە بوي سۇنمىدى. توختى سېمونت يولغا دۈم چۈشتى. بىر ھازا قىمىر قىلماي ياتتى. قاتتىق ئاغرىق قايتا ئېسىگە كەلتۈردى. بۇرنىنىڭ ئۇچى ئېچىشقاندەك قىلىۋىدى، سىلاپ كۆرۈپ تېرىسىنىڭ شىلىنغانلىقىنى بايقىدى. شىلىنغان جايىنى بارمىقىدا بىر دەم بېسىپ ياتتى. ئاندىن جەڭ مەيدانىدىكى ئەسكەرلەردەك يېنىچە ئۆمىلىدى، دوڭغاقلاپ ئورنىدىن تۇردى. پۇتىنى كېرىپ يەرگە مەھ-

شەھەرنىڭ ئەڭ كونا ھاجەتخانىلىرىدىن بولۇپ، نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئازىراقمۇ يېڭىلانمىغانىدى. تۆشۈكلەر چىرىگەن تاختايلاردىن ياسالغان، سېسىق بۇس چىقىپ تۇرىدىغان ئازگال بولسا ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. بەزى كاتەكچىلەردىكى تاختايلار قاسماق باسقان، پۇرلاشقان ۋە ياكى بۇزۇۋېتىلگەن، يوقالغان ئىدى. توختى ئالچاڭ-لاپ ماڭغىنىچە چىراغ تۈگۈل توك سىملىرىمۇ تارتىلمىغان گۆردەك قاراڭغۇ ھاجەتخانىغا كىردى. تىمسىقلاپ يۈرۈپ بىر كاتەكنىڭ تام تاختىيىنى سىلاپ كۆردى-دە، ئىككىلەنمەيلا ئىچىگە كىردى. بۇ تېگىدە تاختىيى قالمىغان كاتەكچە ئىدى. توختى بايقىماي تاختاينى دەسسىدىم دەپ بىخارامان ھاۋانى دەسسىدى، دەسسىگەندىمۇ ئالدىراپ، كۈچۈنۈپ ۋە تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ دەسسىدى. ئۇ شۇ چاغدا گەۋ-دىسىنىڭ قاتتىق چايقالغىنىنى، بېشىنىڭ قانداقتۇر بىر پارچە تاختاي گىرۋىكىگە ئۇرۇلۇپ، چىشىنىڭ تىلىنى چىشلىۋالغىنىنى، ئاندىن ئۆزىنىڭ بوشلۇقتا پەسكە قاراپ ئۆگزىدىن غۇلىغان بىر تاغار گۆش-تەك ئۇچۇپ چۈشكەنلىكىنى ھېلىمۇ ئەسلىيەلەيدۇ. ئۇچۇش دەسلەپتە يامان ئەمەس تۇيغۇ پەيدا قىلغاندەك قىلىۋىدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا دەھشەتلىك ئاقىۋەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇنى ئويلىسا ھېلىمۇ تېنى شۈركىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەر ئادەم چىدى-غۇسىز سېسىقچىلىق، كۆڭۈلنىڭ ئاينىشىدىن ئىچ-بېغىرنىڭ سىرتقا ئېتىلىپ چىقماق بولۇپ كېلىنغا قاپلىشىپ قېلىشى، خىرقىراش، تېپىر-لاش، جان ئاچچىقىدا ۋارقىراش، سۇ ئۈزۈشتەك ھەرىكەتلەرنى قىلىش، ساراڭلارچە پەرياد كۆتۈرۈپ ياردەم چاقىرىش...ھەر ھالدا رىسقى تۈگىمىگەن ئىكەن. قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق ئىككى-ئۈچ ئىشچى يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئاغامچا ۋە تۆمۈر ئىلمەكلەرنى ئىشلىتىپ يۈرۈپ

كۆتۈرۈپ، كۆپ قېتىم توختى ئىشلەيدىغان ئۆمەككە باردى، باش-لىقلارغا ئەرز- ھال ئېيتتى، چاقتى. خىزمەتداشلىرى ئالدىدا ۋارقىراپ، ئاغزىنى بۇزۇپ، چاچلىرىنى چۇۋۇپ يىغلاپ، ئۆزىنى يەرگە ئاتتى، تېپچەكلەپ ھازازۇلۇق قىلدى. بەزى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، توختىنىڭ ياقىسىدىن قامال-لاپ، يۈز- كۆزىنى مورلاپ شەرمەندە- شەرمىسار قىلدى. توختى ئامالسىز "خوتۇنۇمنىڭ ئۇتقاقلىق كېسىلى بار"، "مېڭىسىدە زاغۇنى بار"، "كىچىكىدە بېشىنى قارغا چوقۇلۇۋالغانىمىش" دەپ قۇتۇلدى. كىشىنىڭ قىساسى كىشىدە قالمايدىكەن. توختى 50-يىللارنىڭ ئاخىرى، 60-يىللارنىڭ باشلىرىدىكى سولچىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ شەپقەتسىز قارا قۇيۇنلىرىدا پۇرسەتپەرەسلىك ھەم ھاماقەتلىك قىلىپ ساختا ماتېرىياللارنى يازغان. پاكىت ئويدۇرۇپ پاش قىلىش ئاكتىپى بولغان. ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ يۇقىرى- تۆۋەن قاتىرىغان. تالاي ياخشى خىزمەتداشلىرىغا زىيانكەشلىك قىلغان. تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەن، بوھتان چاپلاپ باشلىرىغا ھەر سەۋدالارنى سالغان. بىراق ئاخىرى ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى دېگۈدەك تارتىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ توختىغا يۈز خاتىرە قىلمىدى. ھەممىسى بىرلىشۋالغاندەكلا بىر نەرسىلەرنى پاش قىلىپ توختىنىمۇ تارتىپ چىقاردى، كۈرەش قىلىپ ئانىسىدىن ئەمگەن سۈتىنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلدى. توختىغۇ ئەمدى سىياسي ھەرىكەت بولسا ئىككىنچى پاش قىلىش ئاكتىپى بولماسلىق ھەققىدە پەندىيات قىلغان. "سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ" دېگەن ماقالنىڭ ھەقىقەتلىكىگە قول قويغاندى. ئەپىۇسكى ئادەم دېگەن ئاچچىقنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىۋىدى، توختى يەنە

كەم دەسسەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قەمەرنى ئەسلىدى. كۆكرىكىگە ساڭگىلاقلىق بېشىنى قايتا كۆتۈرۈپ ھېلىقى تۈۋرۈك تەرەپكە قارىدى. بۇ قېتىم تۈۋرۈك ئاستى بوش، قەمەر يوق ئىدى. ئەزەلدىنلا ئۇ يەردە بولۇپ باقمىغاندەكلا يوق ئىدى. توختىنىڭ يۈرىكى بىر قەۋەت پەردىسىنى شىلىپ ئالغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. سول چاڭگىلىدا مەيدىسىنى قاتتىق مۇجىدى. ئوڭ قولىنىڭ مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ كىمگىدۇر دوق قىلغاندەك پۇلاڭلاتتى. ئاندىن مېڭىسى قوچۇلۇپ قالغان ئادەمدەك سۆزلەپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقماي ئالدىغا ماڭدى. بىر ئازدىن كېيىن كاللىسى سەل سەگەكلەشكەندەك، ئەقلىدىكى تۇمان تارقىلىۋاتقاندەك بولدى. ھىم، ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمى بىر يېڭىلىق مەنزىرىسى ئاچىدۇ. مانا ئەمدى ئىككىنچى ئايالى ئېسىگە كەلدى.

بۇ ئايال بەكمۇ ئېگىز بويلۇق، داق سۆڭەك شىيداق ئايال ئىدى. يېقىن تۇرۇشقاندا توختى ئۇنىڭغا پەستىن يوقىرىغا قاراپ سۆز قىلاتتى. بەدىنى تاختايىنى تىلىپ رەندىلىمەيلا قوراشتۇرۇپ قويغاندەك بولغاچقا، قىزلىق قامىتى، ئەۋرىشىملىكى ھەققىدە سۆز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇرۇشۇپ قالغاندا توختى ئۇنى دائىم "تاختا مەيدە شەقىقە" دەپ تىللايتتى. بۇ خوتۇنىنىڭ ئاۋازى شۇنداق غالدۇڭ-غۇلدۇڭ ئىدىكى، ۋارقىراشقا باشلىسا بىر چاقىرىم نېرىغىمۇ ئاڭلىناتتى. كۆرۈمسىز بولغىنىغا قارىماي توختى بىلەن ئائىلە باشلىقلىق ھوقۇقىنى تالىشاتتى. يېقىن ئۆپچۆرىدە پاختەك گۇگۇلاپ قالسىلا گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى. توختى ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالماي يالغان سۆزلەش ھۈنىرىنى كۆپرەك ئىشقا سالدى. لېكىن بۇ ھۈنەر بىرمۇنچە پالاكەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. چوڭراق بىر نەچچە ئىشتا ئالدانغانلىقىنى سەزگەن بۇ خوتۇن "ئاللا تۇۋا"

خوتۇن ئدى. توختى خەقنڭ سالاسغا كېتپ ئۇنڭ بلەن تونۇشتى. ئۈچ ئادەمنى چاقرپ "بر قوشۇق سۇ بلەن" نكاھ قلغۇزۇپلا، ئۇنڭ ياتقنى ئۆي قلپ كرۋالدى. بۇ "تۆت كشلك گورۇھ" ئاغدۇرۇلۇپ بر نەچچە ئاي ئۆتكەن چاغ ئدى. برەر ئاي ئۆي تۇتا-تۇتمايلا بۇ خوتۇن دات-پەريات كۆتۈرۈپ توختنى قوغلاپ چقاردى. ئۇ توختنڭ مەست بولۇپ بر بۇزۇق خوتۇننڭ ئۆيگە كرگەنلكنى كۆرۈپ قالغاندى. ئەسلدىغۇ چوڭراق ئش ئۆتۈلمگەن، براق ئايال بغەرەزلك قلپ تۇرۇۋالدى. ئاپارمغان ساقچى پونكتى، سوت قورۇسى قالمدى. يەنە قانداقتۇ بۇرۇنقى ئېردن قالغان بر ئۆزۈكنى يوقاتقانلقنى داۋراڭ قلدى. ئشقلپ ئاخرى ئاجرشپ كەتتى. توختى "كۆكەمە خوتۇندن قۇتۇلدۇم" دېدى. ئو خوتۇن "كۆيدۈرگە، بۇزۇق هاراقكەشتن قۇتۇلدۇم" دېدى. هەر ئككلسى ئۆز يولليرغا كېتشتى. دەر هەقىقەت، ئۇ ياۋاش قيافەتلك بشەم جادۇگەر ئكەن. هاراقكەشلكمۇ شۇنچە گۇناهمۇ، هاراق سۈمۈرگەنگمۇ شۇنچە قلغان بارمۇ؟ خوتۇن كشنڭ ئەقلى نېمگە يېتەتتى. بر قوشاق بار ئدىغو، قانداقتى؟ هە، مانا، مانا مۇنداق. "ئون خوتۇننڭ بر توخۇچە ئەقلى يوق، ئەقلى بولسا ئاشۇ توخۇ يەمدۇ پوق...". تۇف، توختى هەممگە تۆكۈردى. شۆهرەتكمۇ، خوتۇنغمۇ، تۇغقانغمۇ، دوست-بۇرادەرگمۇ، بەرگە تۆكۈردى. هەممسى برتيپ. نوچىسى هاراق. هاراقلا بولسا، بولغاندىمۇ ششدە ئويناپ تۇرىدغان زەمزەمدەك سۈزۈكدن بولسا، يەرگە نەچچە ئون يللاپ كۆمۈلگەندن بولسا... ئامېركنڭ بر باشلقى تۇغۇلغان كۈننى خاترلگەندە، سوۋېت ئتتپاقنڭ بر باشلقى

مەيدانغا سەكرەپ چۈشتى، بىر مەھەل باشقىلارنى "توپقا تۇتۇپ" ئالىلىكىم بولۇپ چۇقان كۆتۈرۈپ دەۋر سۈردى. ئىككى سەر قېقىۋې-لىپ تۆت سەر مەست بولۇپ، شەھەر ئالغان باتۇردەك ئېغىناقلاپ يۈردى، ئۇزاقتا بارمايلا "قاراگىزەندە"، "سىياسىي يانچۇقچى"، "گۇمران بولغان ئەۋلاد" دەپ تارتىلىپ چىقىپ ئىتتەك سۆرۈلۈپ يۈردى. ھېلىقى كاساپەت شىداق دەججاللىنىڭ شۇ چاغلاردا كۆرسەتكەن ئويۇنلىرىنى بىر دەمدىغان. ئۇ قۇرۇپ كەتكۈر "ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك" دىگەندەك ئىش قىلدى. قوشۇن تازىلاش راسا جىددىي كېتىۋاتقان چاغلاردا بۇ خوتۇن ئۆمەككە ئىككى كۈندە تۆت قېتىم يورغىلاپ كېلىپ تايغاندەك ھاۋشىدى. توختىنى ئۆيدە ئۇنداق دىدى، بۇنداق دىدى، ئۇنى بۇزدى، بۇنى يىرتتى، دەپ تاغاردا بىر پىتنە-پاساتنى توقۇپ رەھبەرلىككە چاقتى. ماتېرىيال يېزىپ بەردى. توختىنىڭ بېشىغا "نەق ئەكسىلئىنقىلابچى" دىگەن قالپاق كىيىلمىگىچە توختىمىدى. خۇداغا مىڭ قەتلى شۈكرى، بۇ قالپاق كىيىلىپ قالغان بولسا توختىنىڭ بەدىنىنى ئالىلىقاچان يەر ئاستىدا قۇرۇتلار غاجاپ تۈگەتكەن بولار ئىدى. تازا كىيىلدىغان چاغدا ئۇ جادۇ خوتۇن توختىغا يەنە چىدىمىدى. باشلىقلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ "ئۇنى بىر قورقۇتۇپ قويايي دەپ يالغان- ياۋىداقلارنى توقۇۋىدىم، كەچۈرۈڭلار" دەپ گۆشۈرۈپ تۇردى. تۇۋا، جاھاندا قىزىق ئادەملەر بولىدۇ. بۇ شىداقنىڭغۇ ئەسلىگۈچىلىكىمۇ يوق. توختى ئۇنىڭ-دىن مىڭ تەستە ئاجرىشىپ قۇتۇلغانىدى. ئۇچىنچى ئايالى ئۇنىڭدىن ياخشىراقمىدى، قانداق؟ مىجەزى يۇمشاق، چىرايى چاغلىق ئىدى. توختى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ باقسىمۇ بۇ خوتۇننىڭ چىرايى كۆزىگە كۆرۈنمىدى. ئەسلىدىغۇ كۆزگە كۆرۈنگۈچىلىكىمۇ يوق بىر تۇل

ھەقىقى ھاراق ياسىغان، بۇ ئۇسۇل ئىچكى ئۆلكىلەرگە 12 - ئەسىردە،
ياۋروپاغا 15 - ئەسىردە مەلۇم بولغان. ئۇيغۇرلاردا ئۇ تۆتىنچى - بەشىن-
چى ئەسىرلەردىلا ئومۇملاشقان. تۆتىنچى ئەسىردە ياشىغان جاڭ خۇا
"موزىي خاتىرىلىرى" دېگەن كىتابىدا "غەربىي دىياردا ئۈزۈم ھارىقى
بار ئىدى... ئىچكەندە كۆڭلەپ مەستلىك يېشىلمەيتتى." دېگەن. لى
ياڭ "تۆت بەگ خاتىرىسى" دە، مىلادى 540 - يىللاردا "ئىدىقۇت
دۆلىتى سوۋغاتلىرىدا... مۇزلىغان ھاراق.... بار ئىدى". لى شىجىن
"دورىلار قامۇسى"دا "ئېچىتىلغان ئۈزۈم مۇسەللىسىنى ئاجىز ئوتتا
قىزدۇرۇپ، پارلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ھورىنى باشقا ئىدىشقا سۈزۈپ
ئالىدۇ... بۇ ئۇسۇلنى تاڭ سولالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئىدىقۇت-
تىن ئۆگەنگەن" دېگەن. مانا بۇ دېستىللاش تېخنىكىسىنىڭ ئۇيغۇر-
لاردىن تارقالغانلىقىنىڭ پاكىتى. بۇ ئۇسۇلدىچۇ، ئۇيغۇر تىبابەتچى-
لىكىدە دورا ياسىلىدۇ، ئەرقى ئۇسۇلىنىڭ نېفىت ئايرىش، ئېلېكترونلۇق
ھېسابلاش ماشىنىسى ياساش قاتارلىق ھازىرقى زامان پەن تېخنىكىسىدا،
سانائەت، ئۆتكۈر پەنلەردە تۇتقان ئورنى مۇھىم. قىسقىسى، ھاراق
بولمىسا "ئەرقى ئۇسۇل"مۇ بولمىغان بولاتتى. ھاراقنىڭ تۆھپىسى
بار. «قوتادغۇبىلىك»دىكى "ئۈچ قەدەھ ئىچىپ سەكرەيدۇ" دېگەن
مىسرالارمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاراقنى سۈدەك ئىچىدىغانلىقىنىڭ
ئىسپاتى. ھەممە نېمىنىڭ ۋارىسى بولىدۇ - دە. توختى باغرى
چىلاشقۇدەك ئىچسە نېمە بوپتۇ؟ قايسى قانۇندا ھاراق چەكلىنىپتۇ؟
قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلاردا پىيەنچۈك بار بولغىمىدى؟ پىيەنچۈكلۈك
ئادەتكە ئايلانغان بولغىمىدى؟ ھازىرغۇ پىيەنچۈكلۈك قىلىپ ئىچ-
باغرى كۆيۈپ ئۆلىدىغانلارمۇ بار. ئەمىسە ئۇلار بۇ ئادەتنى نەدىن
يۇقتۇردى؟ بۇ مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسىمۇ ياكى قالاقلىقىنىڭمۇ؟ دۇنيانىڭ

ئۇنىڭغا يەرگە كۆمۈلگەن يىلى ئۇنىڭ يېشى بىلەن تەڭ بولغان
هاراقنى تەقدىم قىلىشىدىغۇ. توختى بۇنى كېيىنتىن كۆرگەن. هاراققا
ئائىت خەۋەرلەرنى ئۇ ئەزەلدىن نەزەردىن قاچۇرغىنى يوق. بۇ
باشلىقلارنىڭ ئىسمى نېمىدىكى؛ ئىسىملار مۇھىم ئەمەس، بولدى،
پاكىتنىڭ ئۆزى يېتەرلىك. تەقدىر توختىغا شاھ بولۇش پۇرسىتى
بېرىپ قالسىدى، ئۇ باشقىلارغا يېشى بىلەن تەڭ يىل كۆمۈلگەن
هاراق بېرىپ يۈرمەي، ئۆزىلا ئىچكەن بولاتتى. هېچ ئىش قىلماي،
يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق كۆمۈلگىنىدىن تاپقۇزۇپ ئىچىپ، ئالتۇن
تەختتە سوزۇلۇپ ياتقان بولاتتى. هاراق دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ
لەززىتى. دۇنيادا ئەخمەقلەر كۆپتۇ، لېكىن مۇشۇ هاراق ياساپ
ساتقۇچىلارچىلىك ئەخمەقلىرى يوقتۇ؟! ئۇلار شونچىلا ئەخمەق-
دەلدۈش بولمىسا، ياسىغان هاراقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرى ئىچىپ
ياتماي خەققە ساتارمىدى؟ ساتقان شۇ پۇللىرىغا هاراقتىنمۇ ئېسىل
نېمە ئالىدىغاندۇ؟! توۋا، بۇ ساراڭلارنى...! مانا توختى ھەتتا
ئۆزىنىڭ هاراقسىز ئۆتكەن بالىلىق دەۋرىگىمۇ ئېچىنىدۇ. ھەي
ئىست، هاراقنى دەسلەپتە ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان تۇرۇقلۇق
توختىدەك ئۇيغۇر ئەۋلادلىرى ئەقىل يېشىدىن باشلاپلا ئىچمىسە
بولامدۇ؟! لاپ ئەمەس، هاراق تارىخى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى
توختى مېڭىسى ئېلىشىپ قالغاندىمۇ كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپلا يادلاپ
بېرەلەيدۇ. توختى يېقىندا كۆرگەن بىر ماتېرىيالدا ئېيتىلىشىچە،
ئۇيغۇرلار مىلادىدىن خېلى ئىلگىرىلا مېۋىلەرنى ئېچىتىپ ئىسپىرتلىق
ئىچىملىك ياسىغان. كېيىنرەك ئىككىنچى باسقۇچتا سۈتنى ئېچىتقۇ
قوشۇپ مېۋە، ئاشلىقلارنى ئېچىتىپ ئىسپىرتلىق ئىچىملىك ياسىغان.
ئۈچىنچى باسقۇچتا ئەرقى ئۇسۇل (دېستىلاش ئۇسۇلى)نى ئىجاد قىلىپ

تېرىلىپ كەتتى. بۇ ئاۋاز ئۈچ ۋىلايەت ئەسكەرلىرىنىڭ قول بومبى-
لىرىنىڭكىدەك ۋە ياكى ستالىنگرادنى قوغداشقا قاتنىشىپ باتۇرلارچە
قۇربان بولغان 26 نەپەر ئۇيغۇر قەھرىمانلىرى ئاتقان تانكىغا قارشى
قول بومبىلىرىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىغاندەك تۇيۇلدى. بۇنىڭ ئۆزى
چوڭ بىر ھۇزۇرغۇ. مانا توختىنىمۇ قىسمەت شۇنداق جەڭلەرگە
قاتنىشىشقا نېسىپ قىلسا، ئومۇ قول بومبىلىرىدىن شۇنداق ئاۋاز چىقارغان
بولاتتى. ئەتتەك، ئۇنىڭ ئاغزى ئاچچىق بولغاندەك قىلغان بىلەن
كۆڭلى يورۇپ كەتكەندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئىسسىق بىر لەززەت
تارقالغاندەك بولدى. ئالدىغا چامدىدى، يەنە چامدىدى. بىرنەچچە
ماڭدام ماڭغاندىن كېيىن پۇتلىرى ئېغىرلىشىپ، بەدىنى يەڭگىللىشىشكە
باشلىدى. ئىمارەتلەر كوچا بىلەنلا بىللە قوشۇلۇپ بىر قىڭغىيىپ بىر
رۇسلىناتتى، بېشىنى كۆتۈرۈشكە خوشياقماي كۆكسىگە ساڭگىلىتىپ
ماڭدى. گەپ قىلماق بولۇۋىدى، تىلى كالۋالاشتى. ئۇ چىداپ
مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. بىراق يەنە بىر ئازدىن كېيىنلا يەر
ئۆرگۈلۈپ، ئاسمان چۆگىلەشكە، ھەممە نەرسە چاقپىلەكتەك
پىرقىراشقا باشلىدى. توختى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا زوڭزىيىپ
ئولتۇرۇپ قالدى. بېشىنى چىڭ چاڭگاللىۋالدى. شۇنداق بىر ھازا
ئولتۇرغاندىن كېيىن پىكىرلىرى يەنە روشەنلەشتى. ھېچگەپ يوق.
تۈن كېچىدە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەم ئارام ئالسا بولىدۇ.
ئەركىنلىك دېگەن شۇنداق ياخشى نەرسە. كۈندۈزى بولسا ساقچىلار
پىيادىلارنى ئولتۇرماق تۇگۇل بۇنداق جايلاردا ئىختىيارىي ماڭغىلىمۇ
قويمايدۇ. ۋاي رامكىچىلارەي! ياشىسۇن ئەركىنلىك! مانا ئۇ ھازىر
تۈن ئوغرىسىدەك ھەممىگە ھۆكۈمران. ھۆكۈمران ھاراقسىز تۇرالما-
تى، ھاراقنى بولسا ئادەملەر نېمانچە يامان كۆرىدىغاندۇ؟ بۇ توختى

كەلگۈسىدە ھاراقنىڭ قەدرى قانداق بولىدۇ؟ ھاراقكەشلەرنىڭچۇ؟ ھاراقكەشلىك، پىيانچىلىك يوقۇلۇپ كېتەرمۇ؟ ئىنسانلار تۇرمۇشىدىن قايغۇ، خۇشاللىق، ئايرىلىش، تېپىشىشلار يوقالمىسا، ھاراق قانداق يوقۇلار؟ توختى قانچە ئويلاپمۇ بۇ سوئاللارنىڭ تەكتىگە يېتەلمىدى. بىراق شۇ ھاراقكەشلىكنىڭ كاساپىتىدىن ئۇنى تۆتىنچى خوتۇنىمۇ تېخى يېقىندا تاشلاپ كەتتى. بۇ ئايالنىڭ ئىسمى نۇرنىسا. يىشى كىچىك بولمىغان بىلەن ئۆزىنى كۈتۈشنى بىلگەچكە چىرايىدىن ئانچە كەتمىگەن ئىدى. ھە، ئۇنىڭ ئۆيى مۇشۇ تەرەپكىرەك توغرا كېلەتتىغۇ، بەك يىراقتا ئەمەستەك ئىدى... توختى ساغرىسىغا ئېغىر بىر نەرسىنىڭ تېگىپ تۇرغانلىقىنى سەزدى. قولىنى سوزۇۋىدى، شىمىنىڭ سول يانچۇقىدىكى قاتتىق بىر نەرسىگە ئۇرۇلدى. سۇغۇرۇپ ئېلىۋىدى، بوتۇلكا بولۇپ چىقتى، ئۇ يولنىڭ چېتىگىرەك باردى. بوتۇلكىنى چىراغنىڭ يورۇقىغا تۇتۇپ يېرىمىغىچە ھاراق بارلىقىنى كۆردى. بۇ «ئىلى ئالى ھارىقى» ئىدى. تەمى ئاچچىقراق بولغىنى بىلەن گرادۇسى يېتەرلىك. ياخشى ئىش بولدى. پەقەت شۇ ھاراقلا ئۇنى تۈن ئوغرىسىدەك يالغۇزلۇق-غېرىبلىقتىن قۇتۇلدۇرالايدۇ. ئۇ ھەجايىدى. بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ ھاراقنى بىر-بىر ئوتلاپ ئىچتى. بۇنداقتا تەمىنى ئۇزۇنغىچە تېتىغىلى، لەززىتىنى ئۇزۇنغىچە سۈرگىلى بولىدۇ. يېنىدا نە رومكا، نە زاكۇسكا يوق ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن ئۇنداق نەرسىلەرنى بەك كېرەك قىلىپ كەتمەيدۇ. ھاراق بولسىلا بولغىنى. ئۇ سومۇردى، ھاراقنىڭ ئاچچىقىدىن چىرايى پۈرۈشۈپ، بەدىنى سىلكىنگەندەك بولدى، يەنە سومۇردى. بوتۇلكا قۇرۇقدال-غاندىن كېيىن ئۇنى سېمونت يولغا كۆچەپ ئۇردى. بوتۇلكا بومبىدەك ئاۋاز چىقىرىپ سۇنۇپ، چۇل-چۇل بولۇپ ئەتراپقا

ئايلىنىشىنى، ھەتتا شەھەرنىڭ، ئۆي - باغنىڭمۇ ئايلىنىشىنى كۆرسىتە-
لەيدۇ. ئايلىنىش ئەھۋالاتىنىمۇ تەپسىلىي ئايان قىلالايدۇ. خۇددى
مىكروسكوپ باكتېرىيەلەر ھەرىكىتىنى كۆرسەتكەندەك ئىنچىكىلەپ
كۆرسىتەلەيدۇ. ھاراقنىڭ يەنە ئەپسانىلاردىكى جاھاننامىلىق رولىمۇ
بار. بۇ جەھەتتە دۇربۇن، تېلېسكوپ دېگەن زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرمۇ
ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ. ئۇلار ئالدىن توسالغۇ توسمىغان شارائىتتىلا
يىراقتىكىنى يېقىن قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. ھالبۇكى ھاراق شۇنداق
جاھاننامىكى، ئۇنىڭ قودرىتىنى قاتمۇ - قات تاغ - دەريالارمۇ
توسۇۋالالمايدۇ. ئۇزىمىغۇ ھېكمەتلىك جاھاننامە ئەينىكىدەك سۇزۇك
نەرسە، كاساپەت. ھەرقانداق مۇساپىر ئۇنى ئىچىپ مەست بولسىلا
سېغىنغان يۇرتىنى ھەر قانچە يىراقتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كۆز
ئالدىدىكىدەكلا ئېنىق كۆرەلەيدۇ. قىساسكار ئىچسە رەقىبى كۆزىگە
كۆرۈنىدۇ. ئاشىق ئىچسە مەشۇقىنى كۆرىدۇ. يېتىم ئىچسە يىراقتىكى
ئاتا - ئانىسىنى كۆرەلەيدۇ، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشالايدۇ. سېغىنىش -
پىراقلىرىنى، سۆيگۈ - نەپرەتلىرىنى، خۇشاللىق - قايغۇلىرىنى، ئازاب -
ئارزۇلىرىنى تەڭ ئورتاقلىشالايدۇ. ھاراقنىڭ خاسىيىتى راستتىنلا
تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز كاتتىمۇ - نېمە، توختى ئويلىغانسېرى بۇگۈن
يېگى - يېڭى ئارتۇقچىلىقلىرىنى تاپقىلى تۇردىغۇ، بايقاش — كەشىپ
قىلماقلىقتۇر. توختى شۇنداق كەشپىياتچى، ئۆتكۈر تەپەككۇرى بىلەن
كائىنات سىرلىرىنى ئاچىدۇ. دەررۇ بىرەرسىگە ئۆزىنىڭ ھاراق
ھەققىدىكى كەشپىياتىنى سۆزلەپ بېرىشى كېرەكتى. بولمىسا خۇشال-
لىقىدىن يۈرىكى يېرىلىپ كېتەرمىكىن، كونا خوتۇنلىرىنىڭ بىرەر-
سىنىڭ ئۆيىگە بارسۇنمىكى، ياق، ياخشىسى بىرەر ماقالىنى ئۆزى
يېزىپ بېرىپ بولسىمۇ، بىرەر نوپۇزسىز، نوپۇسسىز ياكى ئىچكى كىچىك

ئۈچۈن تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىردەك، تاپقىلى بولمايدىغان ئېپىشماقتەك تۇيۇلۇپ كېلىۋاتقان كونا مەسىلە. مانا توختى ئەمدى ھاراقنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقىنى بايقاپ قالدى. ئالىملار يەرشارى توختىماي پىرقىرايدۇ دەپ سۆزلىگىلى قانچە زامانلار بولۇپ كەتتى. ھازىر بۇ ئاددىي ساۋات ھېسابلىنىدۇ، بۇ ساۋاتنى باشلانغۇچ مەكتەپتە بالىلار ”ئىككى كەررە ئىككى تۆت“ دېگەن قائىدە بىلەن بىرگە قوشۇپ ئۆگىنىدىغان بولۇپ كەتتى. يەرشارى ئۆز ئوقى ئەتراپىدىمۇ، قۇياش ئەتراپىدىمۇ ئايلىنىدۇ، لېكىن يەرشارىنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى تۇيۇش ئىنتايىن تەس. قېنى، ھازىرغىچە كىم ئۇنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى بىۋاستە كۆرۈپتۇ، ياكى سېزىپتۇ؟ ئالىملار ئۇنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى مۇرەككەپ نەزەرىيەلەردە چۈشەندۈرىدۇ. نەتىجىدە ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇنى بىۋاستە سىناپ كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا يەرشارىدا بۇ ھۆكۈمگە ئىشەنمەيدىغان ئادەملەر ھازىرمۇ نۇرغۇن. دۇنيادا ئەمەس، مۇشۇ ئەتراپتىنلا ئۇنداقلاردىن تالايلار تېپىلىدۇ. ئۇلار يەرشارى ئايلىنىۋاتقانلىقىنى بىزنىڭ كۆزىمىز نېمىشقا كۆرمەيدۇ، كۆرمىگەن نەرسىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ”يۈز ئاڭلاشتىن بىر كۆرۈش ئەلا“ دەپ جاھىللىق قىلىشىدۇ. لېكىن توختى مانا ئالىملارنىڭمۇ، رەھبەرلەرنىڭمۇ ئەقلى كەمتۈكلۈك قىلغان نەرسىنى بايقىدى. بۇ خاسىيەت ھاراقتا ئىكەن، ئۇلار ئادەملەرگە ھاراق ئىچىپ كۆزىتىشنى بۇيرۇسا، ئادەملەر يەر شارىنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنمۇ، سەزگەنمۇ بولاتتى. ئەسىرلەر بويى ھەل بولماي كېلىۋاتقان بۇ مەسىلە ئاسانلا ھەل بولاتتى. مانا توختى ھەر قېتىم مەست بولغاندا يەرشارىنىڭ قانداق ئايلىنىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىۋاتىدۇ. ھاراق، پەقەت ھاراقلا ئادەملەرگە يەرشارىنىڭ

نەپسانىيەتچى، ھەسەتخور، گۈمانخور، ئىككى يۈزلىمە بىرلالما،
پاپا سۈرەتلىك ئاچكۆز غالجىر ئىت. ھالىغا باقماي بەڭگە خىياللىرى
كۆپ تېخى. ھەق بەرمىسە، ماختاپ قويمىسا ئۈنىمايدۇ. ئۆيىگە بېرىپ
خوتۇنىنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە ئېغىز ماختاشقا، ئاشپۇزۇلغا ئاپىرىپ
بىرنەچچە رومكا ئىچكۈزۈشكە توغرا كېلەر تايىنلىق. خەير، ئازراق
زىيان تارتمىغۇچە پايدا يوق. توختى بونى بىلەلەيدۇ. توختىمۇ بۇ
ئەتراپتا داڭقى بار مۇغەمبەر ئادەم. ئۇ كىچىكىدىلا "ياۋاشلىقنىڭ
ئۆزى ئەخمەقلىق، ياۋاش بولغاچقا قوينىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ"
دەيتتى. قۇۋ بولۇشقا ھەۋەس قىلاتتى. شۇ، بىر ئاز پۇل كېتىدۇ،
خالاس. "پۇل بولسا جاڭگالدىمۇ ئىچىشكىز شورپا، پۇل بولمىسا
شەھەردىمۇ يېيىشكىز چاڭ-توپا". توختىنىڭ ھاراق ھەققىدىكى
تەتقىقات-ئىجادىيەتلىرى بولار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇ جەھەت-
تىكى ئۇنىڭدەك تالانتكارنى دۇنيا تېخى كۆرگىنى يوق. دۈش-
مەنلىرى ئۇنى "قۇرۇق قاپىيەچى"، "زامانىۋى قوشاقچى" دەپ
تىللىسا تىللاۋەرسۇن، ئۇ ئىجادىيەتچى بولۇپلا قالماستىن ھەققى
كەشپىياتشۇناس، پەيلاسوپ. مانا مەسىلەن، ئۇ يەنە ھاراقنىڭ
يۈرەكسىزگە يۈرەك، بېخىلغا مەرتلىك، قارىغۇغا كۆز بېغىشلىيالايدىغان-
لىقىنىمۇ بىلىدۇ. توختىنىڭ ئېسىگە بىر رىۋايەت كېلىپ قالدى:
ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئانا قەبىلىسى ھون ۋە ساكلاردىن بۆلۈنۈپ
چىققىلى خېلى زامانلار بولغان چاغلار ئىكەنمىش. ئۇلارنىڭ بىر
ئۇقۇمۇشلۇق ئادىمى ئاشلىقنى ئېچىتىپ ئەرقى ئۇسۇلدا ھاراق
كەشپ قىلىپتىكەن. ئىچكەنلەر مەست بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. بۇنى
بىرسى خاقانغا مەلۇم قىلىپتۇ. "ئى، جاھاندا تەڭدىشى يوق خاقان،
بۇ ئاپەت يوقىتىلمىسا پۇقرامۇ، مەنسەپدارمۇ، لەشكەرمۇ مەست

گېزىت-ژۇرنالدا بولسىمۇ ئۆزىنى بىر ماختىنىش كېرەكتى. ھە،
ياخشىلاپ بىر مۇھاكىمە ماقالىسى... ئەتتەڭ، توختى ناخشا تېكىستى،
قوشاق دېگەنلەرنى قاتۇرۇپ پومىلىيالىغىنى بىلەن شۇ ماقالە دېگەن
قۇرۇق گەپ دۆۋىسىنى دۆۋىلىيەلمەيدۇ. قوشاق بولسىمۇ يازسۇنمىكى-
يا، بىراق، بۇ پىكىر ئۆزىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى، چوڭلۇقى
بىلەن ناخشا تېكىستىغىمۇ، قوشاقمۇ ھەرگىز سىغمايدۇ. "سۇبھاناللا،
ئەقلىمدىن ئايرىمايدىغان ئاللا ئۆزەڭگە مەدھىيە ئوقۇيمەن. بىر
قىزىلكۆز پاپا مۇخلىس، داپ يۈز ئېتىقادچىم بارئىدىغو، ئىسمى نېمىدى
ئۇ شەرمەندە كاززاپنىڭ؟ ھېلىقى، ھېلىقى كۆزى ئەسەبىي پارقىراي-
دىغان، ھاياجانلانسا كۆز قارىچۇقى قېتىپ توختاپ قالىدىغان تەلۋە داپ-
چىچۇ، سورۇنلاردا خىزمەت دېپى، باشلىقلارغا خۇشامەت دېپى
چالىدۇ. بېيىتمۇ توقۇپ قويۇدۇ. ئۇ تېخى بېيىتچىمىش..." دەپ توختى
ئۆزى ئاران ئاڭلىنغۇدەك ئاۋازدا غۇدۇڭشىدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ
بۇ داپچى مۇخلىسنىڭ ئىسمىنى يادىغا ئالالمىدى. بەزىدە ئۇنىڭ
"بۈيۈك توختىكامدەك بىر مېڭىۋالايچو" دەپ قول سىلىپ ئېغىناپ،
ئىنچىكە، قىسقا بوينىنى كۆچەپ سوزۇپ، پۇتلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا مېڭىپ
كېتىشلىرىچۇ تېخى. توختىنىڭ ئىلتىپاتىنى ئۇ شۇنداق ئۆزىگە بېرىلگەن
يۈكسەك مەرتىۋە دەپ بىلەتتى. ئۇنداق چاغلاردا توختىمۇ دانلاپ
تويغان خورازدەك سۆلەت بىلەن تۇرۇشنى بىلىدۇ. ئۇ بىر نېمىسىغۇ
بېيىتلارنى ئۇزۇن، تېتىقسىز يازىدىغان تۇرۇقلۇق "ئېسىل يازدىم" دەپ
دەۋا قىلىپ، كىشىنىڭ قۇسقىسىنى كەلتۈرىدىغان شۆھرەت سارىڭى. بىر
چاغلاردا ئۇ ئۆز بېيىتلىرىنى ئۆزى ماختاپ ئوبزور يېزىپ، شىپىگراپتا
بېسىلىدىغان بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ژۇرنىلىدا، ئىگىسى يوق ئىسمىدا
ئېلانىمۇ قىلغانىدى. شۇنىڭغا يازغۇزسا بولارمىكى. ئۇغۇ قۇۋ،

پېشانەڭگە يېزىلمىغان نەرسىنى تالىشىشقا ئاناڭنىڭ ھەققى بارمىدى...

توختى ئۈمىلەپ دېگۈدەك ئورنىدىن تۇردى. چۈنكى يامغۇر تامچىلاشقا باشلىغانىدى. يامغۇردا بۇ يەردە يېتىۋەرسە سۇغا چۆشكەن ئىتتەك بولۇپ قالامدۇ؟ ئۇ ماڭىدۇ، ئۇ توختىماي ئىلگىرىلىشى كېرەك. توختىغا پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بىر خىل كۈچ ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كاللىسىمۇ روشەن ئىشلەۋاتقاندەك، جېنى ئىچىگە، ئۆزى كوچىغا پاتمايۋاتقاندەك ئىدى. يامغۇر كۈچەيدى. چىراغ شولىسىدىكى سېمونت يول بىردەمدىلا ئەينەكتەك پارقىراشقا باشلىدى. توختى سۇ كۆپرەك يىغىلغان جايغا كېلىپ يەرگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ سۇدا ئۆز سۈرىتىنى كۆرۈپ قالغانىدى. سۇدىكى سىماسى تولىمۇ تونۇش كۆرۈنەتتى، شۇنداقتىمۇ بۇ قىياپەت كۆڭلىگە غەشلىك سالدى. ھاراقكەشلىك ئادىتى توختىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدە روشەن بەلگىلەر قالدۇرماقتا ئىدى. سۇدىكى ھازىرقى ئەكسىگە كۈندۈزى تىكلىمە ئەينەكتە كۆرگەن ئەكسى كېلىپ قوشۇلدى. تەققى-تۇرقى روشەنلەشتى. ھاراق ئۇنىڭ يۈز شەكلىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنتى. پېشانە ۋە كۆز ئەتراپىنى، ھەتتا مەڭزىلىرىنىمۇ ئۈمۈچۈك تورلىرىدەك قورۇقلار قاپلاپ بارماقتا، قاشلىرى چارلىشىپ، كىرپىكلىرى تۆكۈلمەكتە. بۇرنى قايىنتىلغان ئامۇتقا، چىكە تومۇرلىرى ئېسىلگەن كۆك چىۋىنلارغا ئوخشاپ قالدى. قاپاقلىرىدا ئىششىق، رەڭگىدە كۆك ئارىلاش ساغۇچلۇق بار. بىر جۈپ يۇمۇلاق تۆشۈككە ئوخشايدىغان چاناقلىرى ئىچىدىن ئۇششاق قان تالالىرىغا ئورالغان كۆزلىرى غەلىتە پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇچىسىدىكى مايلىشىپ كەتكەن ئەسكى تۆمۈر رەڭ كاستۇم-بۇرۇلكا سالپىيىپ دەزمالنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. رەڭگى ئۆڭگەن

بولۇپ ئۆلۈكتەك يىقىلىدۇ، ئالجىپ كىرەكتىن چىقىدۇ. دۆلەت خاراب بولۇپ، تاجۇ-سەلتەنەتكە دەز كېتىدۇ" دەپتۇ. خاقاننىڭ سەپرايى يەتتە گەز ئۆرلەپتۇ. هاراقچىنى تۇتۇپ كېلىپ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. جازا مەيدانىغا سۆرەپ مېڭىشقاندا هاراقچى خاقان بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ تىرەجەپ تۇرۇۋاپتۇ. خەۋەر قىلىشقان ئىكەن، خاقان ماقۇل بولۇپ قوبۇل قىلىپتۇ. قوبۇلدا "زەھەرلىك نەرسە ياساشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟" دەپ سوراپتۇ. هاراقچى: "يوقسۇ، هاراقنىڭ ئۈچ چوڭ پايدىسى بار، قارىغۇنىڭ، توكۇرنىڭ، بېخىلنىڭ كېسىلىنى ساقايتالايدۇ" دەپتۇ. خاقان ئىسپاتلاشنى تەلەپ قىلىپتۇ. هاراقچى بىر قارىغۇ، بىر توكۇر ۋە بىر بېخىلنى تاپقۇزۇپ كەپتۇ. ئۇلارنى بىر ئۆيگە جەملەپ هاراق بىلەن مېھمان قىلىپتۇ. راسا كەيپ بولۇشقاندا قارىغۇ: "ئاغىنىلەر، نېمە كارامەت بۇ، كۆزۈم ساقىيىپ كەتتى. مانا نۇر كۆردۈم، جاھان يورۇپ كەتتى. بۇ شەھەر نېمانچە چىرايلىق" دەپ ۋارقىراپتۇ. توكۇر ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىدا بېلىنى تىرەپ: "پۇتلىرىم ساقايدى، كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ كەتتى، ئىشەنمىسەڭلار هازىر بىر تېپىپ پۈتۈن شەھەرنى تۈزلىۋېتىمەن!" دەپ توۋلاپتۇ. بېخىل بۇرۇتىنى تولغاپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ: "تۈزلىۋەت، پۈتۈن چىقىمنى ئۆزەم تۆلەيمەن!" دەپ جار ساپتۇ، پۇقراچە ياسىنىپ ئىشىك تۈۋىدە قاراپ تۇرغان خاقانمۇ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ. دەررۇ تەختكە قايتىپتۇ. هاراقچىنى چاقىرتقۇزۇپ ئازاد قىلىپتۇ ۋە موكاپاتلاپتۇدەك...

قېنى ئەمدى شۇنداق ئادىل خاقان؟ توختىغا ئۇچراپ قالسىدى. مىڭ ئەپسۇس، تەقدىر ئۇنىڭغا ئۇچراتمايدۇ. بۇ تەقدىر ئۇنىڭغا شۇنداق بېخىل، شۇنداق كاج... ئۇ ئاچچىقىدا بوغۇلدى. چوڭقۇر خورسىندى،

دەماللىقىا تۇرالىمدى. بىر ھازا سوزۇلۇپ ياتتى. كېيىن سازاڭ قۇرۇتىدەك تۇگۇلۇپ تىرمىشىپ ئىنجىقلاپ يۇرۇپ ئاران ئورنىدىن تۇردى. يۈزىدىكى ئېقىۋاتقان سۇلارنى يەڭلىرىدە سۈرتۈۋىدى، يېڭىدىكى لاي يۈزىگە چاپلىشىپ، قارا لاي چىشلىگەن ئالىۋاستىغا ئوخشاپ قالدى. ئۇ ئېغىر پۇتلىرىنى سۆرەپ ئالدىغا ماڭدى. قانداقتۇ بىر ئاھاڭ ئېسىگە كېلىپ دىمىقىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دەردى ـ بالالىرى ناخشىدا ئىزھارلىنىۋدەك كۆپ. بۇ قايسى ناخشا، قايسى ئاھاڭ بولىغىيتتىكى؟ بۇ ئاھاڭغا ئۆمەر ھەييامنىڭ روبائىسىنى سېلىپ ئېيتسىمۇ بولىغۇدەك. چۈنكى ئۆمەر ھەييام ھاراق توغرىسىدا كۆپ روبائىلار يازغان ئۇلۇغ شائىر ئىدىغۇ. ھازىرمۇ بەزىلەر ئۇنىڭ تەييار پىكرىنى قاپپيەگە سېلىپلا، تاسمىنى سۇ پۈركەپ سوزغاندەك بولۇشىغا سوزۇپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇن شېئىر قىلىپ ئۆز ئىمزالىرىدا چىقىرىۋاتىدىغۇ. بەزىلىرى غەلىتە تەخەللۇسلارنى قويىۋالىدۇ تېخى. توختىغۇ ئۇنداق خام كاللا تەرسالاردىن ئەمەس. توختىمۇ بەزىدە ئۆمەر ھەييامنىڭكى بىلەن ھۆسۈن تالاشقۇدەك روبائىلارنى يېزىپ قويىدۇ. بىراق، بىراق ئۇنىڭكىدىن ياخشىراق روبائىلارنى يازسىمۇ بۇ خەق ئېتىراپ قىلمايدۇ. بەرىبىر كۆرەلمەيدۇ، ھەسەت قىلىشىدۇ ئەمەسمۇ بۇ چىدىماسلار. ھەي، بۇ زامان ئۆمەر ھەييام زامانى ئەمەس ـ تە. ھازىرقى ئادەملەر بۇزۇلۇپ كەتتى. مىلـ لەتنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتنى ئويلاش چۈشىگىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ.

ئەگەر مەن ئۆلسەم
ھاراقتا يۇيۇڭ.

..................

گاليستۇك بىر ياققا قىڭغىيىپ بويۇنىغا سىيلىنغان سىرتماقنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭدىكى تاماق، يۇقۇندىلىرىدا قورشالغان قاراماي دىغى بىر قاراشتىلا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئاغزىنىڭ چۆرىسى ۋە ئىڭىكىنى چوتكىنىڭكىدەك قاتتىق چار تۈك قاپلىغان. توختى شىمىنىڭ ساق قالغان بىر تالىلا تۈگمىسىنى خىيلىغىچە ھەپىلىشىپ ئاران ئەتتى. تاقىرلىشىپ كېتىۋاتقان بېشىغا چاپلىشىپ قېلىۋاتقان ھۆل چاچلىرىنى قالايمىقان سىلىدى. پېشانىسىدىن سىرغىغان يامغۇر سۈيى ئېڭىكىدىن تامغاندا قاپقارا يۇندا رەڭگىگە كىردى. توختى يۈزىدىكى سۇلارنى ئالقىنىغا سىيرىپ قاراپ قويدى. "ھاراقكەشلىك ياۋايىراق، مەينەت-رەك قىلىپ قويۇۋاتامدۇ مېنى نېمە؟" دەپ غودۇڭشىدى.

ئۇدۇل تەرەپتىن چىرىغى يېنىقلىق بىر ئاپتوبۇس چىقىپ كەلدى، ئۇستىدىكى يۈك-تاقا جاھازىدىن قارىغاندا ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس ئىدى. شوپۇر بىر يەردە چۆكۈپ قېلىپ ئەمدى تەڭشىلىۋېلىپ قايتقان بولسا كېرەك. توختى ئاپتوبۇسقا قاراپ قول شىلتىدى. گەپ قىلماق بولۇۋىدى، ئۇ "دۈت، دۈت!" دەپ سىگنال بەردى. مەستلىكتە بۇ ئاۋاز توختىنىڭ قۇلىقىغا "دۆت، دۆت!" بولۇپ ئاڭلاندى. توختى غەزەپ بىلەن كاستۇمىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتتى-دە، "سەندە بار كۆك چاپان مەندىمۇ بار، كىمنى دۆت دەيسەن ھوي، ئۆزەڭ دۆت، ئاچاڭ دۆت، ئاناڭ دۆت...!" دەپ ۋارقىراپ ئاپتوبۇسقا ئېتىلدى. يېنىدىن ئۆتۈپ بولاي دەپ قالغان ئاپتوبۇسنىڭ كەينى تەرىپىگە كاللا قويدى. بىراق كاللىسى ئاپتوبۇسقا تەگمەي قالدى-دە، ئۆزى تەڭپۇڭلۇقنى يوقۇتۇپ، ئۇچۇپ بېرىپ لاي يولغا دۈم چۈشتى. كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاقناپ كەتتى. بېشىغا قاتتىق بىر نەرسە تەگكەندەك بولدى. ئورنىدىن تۇرماق بولۇپ

دەماللىقتا تۇرالمىدى. بىر ھازا سوزۇلۇپ ياتتى. كېيىن سازاڭ قورۇتىدەك تۇگۇلۇپ تىرمىشىپ ئىنجىقلاپ يۇرۇپ ئاران ئورنىدىن تۇردى. يۇزىدىكى ئېقىۋاتقان سۇلارنى يەڭلىرىدە سۇرتۇۋىدى، يېڭىدىكى لاي يۇزىگە چاپلىشىپ، قارا لاي چىشلىگەن ئالۋاستىغا ئوخشاپ قالدى. ئۇ ئېغىر پۇتلىرىنى سۆرەپ ئالدىغا ماڭدى. قانداقتۇ بىر ئاھاڭ ئېسىگە كېلىپ دىمىقىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دەردى-باlalىرى ناخشىدا ئىزھارلىنىۋاتقاندەك كۆپ. بۇ قايسى ناخشا، قايسى ئاھاڭ بولغىيتتىكى؟ بۇ ئاھاڭغا ئۆمەر ھەييامنىڭ روبائىسىنى سېلىپ ئېيتسىمۇ بولغۇدەك. چۈنكى ئۆمەر ھەييام ھاراق توغرىسىدا كۆپ روبائىلار يازغان ئۇلۇغ شائىر ئىدىغۇ. ھازىرمۇ بەزىلەر ئۇنىڭ تەييار پىكرىنى قاپىيەگە سېلىپلا، تاسىمنى سۇ پۈركەپ سوزغاندەك بولۇشىغا سوزۇپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇن شېئىر قىلىپ ئۆز ئىسىملىرىدا چىقىرىۋاتىدىغۇ. بەزىلىرى غەلىتە تەخەللۇسلارنى قويۇۋالىدۇ تېخى. توختىغۇ ئۇنداق خام كاللا تەرسالاردىن ئەمەس. توختىمۇ بەزىدە ئۆمەر ھەييامنىڭكى بىلەن ھۆسۈن تالاشقۇدەك روبائىلارنى يېزىپ قويىدۇ. بىراق، بىراق ئۇنىڭكىدىن ياخشىراق روبائىلارنى يازسىمۇ بۇ خەق ئېتىراپ قىلمايدۇ. بەرىبىر كۆرەلمەيدۇ، ھەسەت قىلىشىدۇ ئەمەسمۇ بۇ چىدىماسلار. ھەي، بۇ زامان ئۆمەر ھەييام زامانى ئەمەس-تە. ھازىرقى ئادەملەر بۇزۇلۇپ كەتتى. مىللەتنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاش چۈشىگىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ.

ئەگەر مەن ئۆلسەم
ھاراقتا يۇيۇڭ.

.................

گالستۇك بىر ياققا قىڭغىيىپ بويۇنغا سىلىنغان سىرتماقنى ئەسلىتىدۇ. ئۈنىڭدىكى تاماق، يۇقۇندىلىرىدا قورشالغان قاراماي دېغى بىر قاراشتىلا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئاغزىنىڭ چۆرىسى ۋە ئېڭىكىنى چوتكىنىڭكىدەك قاتتىق چار تۈك قاپلىغان. توختى شىمىنىڭ ساق قالغان بىر تاللا تۈگمىسىنى خېلىغىچە ھەپىلىشىپ ئاران ئەتتى. تاقىرلىشىپ كېتىۋاتقان بېشىغا چاپلىشىپ قېلىۋاتقان ھۆل چاچلىرىنى قالايمىقان سىلىدى. پېشانىسىدىن سىرغىغان يامغۇر سۈيى ئېڭىكىدىن تامغاندا قاپقارا يۈندا رەڭگىگە كىردى. توختى يۈزىدىكى سۇلارنى ئالقىنىغا سىيرىپ قاراپ قويدى. "ھاراقكەشلىك ياۋايىراق، مەينەت-رەك قىلىپ قويۇۋاتامدۇ مېنى نېمە؟" دەپ غودۇڭشىدى.

ئۇدۇل تەرەپتىن چىرىغى يېنىقلىق بىر ئاپتوبۇس چىقىپ كەلدى، ئۈستىدىكى يۈك-تاقا جاھازىدىن قارىغاندا ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس ئىدى. شوپۇر بىر يەردە چۆكۈپ قېلىپ ئەمدى تەڭشىلىۋېلىپ قايتقان بولسا كېرەك. توختى ئاپتوبۇسقا قاراپ قول شىلتىدى. گەپ قىلماق بولۇۋىدى، ئۇ "دۈت، دۈت!" دەپ سىگنال بەردى. مەستلىكتە بۇ ئاۋاز توختىنىڭ قۇلىقىغا "دۆت، دۆت!" بولۇپ ئاڭلاندى. توختى غەزەپ بىلەن كاستۇمىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتتى-دە، "سەندە بار كۆك چاپان مەندىمۇ بار، كىمىڭنى دۆت دەيسەن ھوي، ئۆزەڭ دۆت، ئاچاڭ دۆت، ئاناڭ دۆت...!" دەپ ۋارقىراپ ئاپتوبۇسقا ئېتىلدى. يېنىدىن ئۆتۈپ بولاي دەپ قالغان ئاپتوبۇسنىڭ كەينى تەرىپىگە كاللا قويدى. بىراق كاللىسى ئاپتوبۇسقا تەگمەي قالدى-دە، ئۆزى تەڭپۇڭلۇقنى يوقۇتۇپ، ئۇچۇپ بېرىپ لاي يولغا دۈم چۈشتى. كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاقناپ كەتتى. بېشىغا قاتتىق بىر نەرسە تەگكەندەك بولدى. ئورنىدىن تۇرماق بولۇپ

نەزەر تاشلاپ كۆلۈپ قويدى. بۇ ياقلار ئۇنىڭغا شۇنچە تونۇش، ئالا-توپىلاڭ زامانلاردا ئۇ بۇ ياقلاردا تالاي قېتىم كوچا سەتەڭلىرى بىلەن هاۋا يېگەچ شەهەرنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغان. شۇ يوللار ئۇنىڭ مەستلىكتىكى سەتەڭلىكلىرىنى، مۇهەببەتتىكى ئېگىز-پەسلىكلىرىنى بىلىدۇ. نۇرنىسانىڭ تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلغان چاغدىكى مۆلدۈرلىگەن كۆزلىرىدە، تىترىگەن لەۋلىرىدە پەيدا بولغان دەرد-ئەلەمنى، تالاي ئاچچىق خاتىرىلەرنى بۇ يوللار ئېسىدە ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇ نۇرنىسا نېمىشقا ئۇنى بارا-بارا شۇنچە يامان كۆرۈپ كەتتىكىن. خۇددى پۈتۈن دۇنياسىنى توختى ئوغرىلىۋالغاندەك ئۇنى ئىچ-ئىچىدىن يامان كۆرىدۇ دېسە، توۋا! توختى ئۇنى هازىرمۇ ياخشى كۆرىدۇ. توختى قەمەردىن قالسىلا مۇشۇ خوتۇننى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن خوتۇنسىز قالدى. ئۆيدىن سوغۇق بوران ئۇچۇپ تۇرۇدىغان بولدى. توختىنىڭمۇ ئۆي تۇرمۇشىغا بولغان تېرىقچىلىك قىزىقىشىمۇ تەلتۆكۈس يوقالدى. لاقا-لۇقىلىرى شۇنچىلىك چېچىلىپ ياتىدىغان بولىدىكى، ئۆيى بەئەينى بويتاق ئىگەرچىنىڭ ئەسكى-تۈسكى ئامبىرىغىلا ئوخشاپ قالدى. كىيىم-كېچەكلىرىنىمۇ بىر باشتىن سۇۋارى كىيىپ چىققاندىن كېيىن، ياقا-يەڭلىرىگە قاراپ ئانچە كىر ئەمەسرەكلىرىدىن باشلاپ تاللاپ يەنە ئىككىنچى قېتىم هەممىسىنى قايتا كىيىپ چىقىدىغان، بۇنداق تاللاپ كىيىشنى هەتتا بەش-ئالتە قېتىمغىچە تەكرارلايدىغان بولدى. بۇنداق چاغلاردا پۇشايمانغا ئوخشاش بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلاتتى. توختىمۇ بۇ خوتۇندىن ئارتۇقچە خوۋلۇق كۆرۈپ كەتمىگەن. "ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق" دېگەن ماقالدا هەقىقەت بولسا كېرەك. بۇ خوتۇن توختىنى

توختى سەنتۇرۇلۇپ ئىككى قېتىم يىقىلدى. ھەر يىقىلغاندا ناخشىسى بىر ھازاغىچە ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىككىنچى قېتىم يىقىلىپ تۇرغاندىن كېيىن مېڭىسى بىرئاز سەگىدى. كىيىملىرىنىڭ ھۆل بولغانلىقىنى سەزدى. مانا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئاۋات كوچىسىدىن بۇرۇلۇپ ئۇيمان مەھەللىسىگە كىرگىنىگە خېلى بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئالدىدىكى مەسچىت پەشتىقى ئۇنىڭ بۇ كوچىدا كەم بولسا 500 مېتر ماڭغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. توختىنىڭ ۋەيرانە ئۆيى بۇ يولدا ئەمەس ئىدىغۇ. ئۇ بۇ كوچىغا نېمىشقا كىردىكىنە، ئېزىپ قېلىپ يۈرگەن بولمىغىدى... ياق. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە تۆتىنچى خوتۇنىنىڭ ئۆيى مۇشۇ ئەتراپتا ئىكەنلىكى چۈشتى. ئاجراشقاندىن كېيىن ياقا يۇرتلۇق ئىكەنلىكى، بىر بالىسى بارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇرنسانىڭ ئىدارىسىدىكىلەر ئىدارە ئائىلىلىكلەر بىناسىدىن ئۇنىڭغا ئۆي بەرگەنىدى. توختى ئۆز كاللىسىدىن رازى بولۇپ ھىجىيىپ قويدى. شۇنداق، ئۇنىڭ كاللىسى سۈزۈك كاللا، پۇتلىرىمۇ ئەقىللىق. ئۇ بۇ ياققا كېلىشنى ئويلىمىسىمۇ بۇ كاللا، بۇ پۇتلار ئۇنى بۇ ياققا ئېلىپ كېلىۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار خوجايىنىنىڭ تېگى-تەكتىدىن نېمىنى خالايدىغانلىقىنى شۇنداق ئۆزلىكىدىن بىلىۋېرىدۇ. بۇنداق بولۇشىمۇ تۇنجى قېتىم ئەمەس-تە. تۆت خوتۇنىنىڭ تۆتىلىسى، بولۇپمۇ تۆتىنچى خوتۇن بىلەن بولغان ئالاقىدا بۇ خىل ئىشلار كۆپ يۈز بەرگەن. چۈنكى ئۇ تەڭشەلگەندە يۈزى تۆكۈلۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ. بەلكىم بۇ شۇنداق بىر ئادەت، بىر رېفلېكسلىق كۈچتۇ. ئەيتاۋۇر، كارامەتلىك ئىقتىدار. بۇنداق ئىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. ھەممە ئىشەكنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ لويلا يېمەك، توختى مەمنۇنلۇق بىلەن ئۆپچۆرىسىگە

مىغان پېتى ئۇ نۇرنىسانىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشتى. يول كىچىكرەك بىر دۆڭدىن پەسكە ساڭگىلىغاندا تونۇش ئائىلىلىكلەر قورۇسى كۆرۈندى. نۇرنىسا مۇشۇ قورۇنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىن بىناسىنىڭ ئىككىنچى - قەۋىتىدە چەتتىكى ئۆيدە تۇراتتى. توختى يىراقتىنلا ئۇنىڭ ئۆيىدە چىراغ يېقىلىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. تۈن نىسبىدىن ئاشقىلى نەكەم، ئۇ نېمىشقا ئۇخلىمىغاندۇ. كىتابخۇمارراق نېمىدى، بەلكى كىتاب ئوقۇۋاتقاندۇ. ھە، شۇنداق كىتابى قۇرۇسۇن، كىتاب ئوقۇماي توختىنى كۈتكىنى تۈزۈك. بىر چاغلاردا، ئۇ تېخى چوكان ۋاقتىدا توختىنى كېچىلىرىمۇ كۈتەتتىغۇ، ئەمدى جۇۋان بولۇپ، خوتۇن بولۇپ قېرىغىلى تۇرغاندا نېمىشقا كۆتمەسلىكى كېرەككەن؟ ئۇ چاغلاردا "سۆيۈمەن" دەيتتى. كېيىن، كېيىن "گېلىڭدىن غىققىدە بوغۇمەن، گال پىچاقتا تېپىرلىتىپ سويۇمەن" دەيدىغان بولدى. توختى تالاي قېتىم ئۇنىڭ زەردە بىلەن قىلغان زەھەردەك ئاچچىق سۆزلىرىنى چىداپ تۇرۇپ ئىچىگە يۇتۇۋەتكەن، توۋا، توختى شۇنچە كەچۈرمىگىدەك نېمە گۇناھ قىلىپتىكەن؟ يەنىلا شۇ ھاراقكەشلىك... ياق، بۇ گۇناھ ئەمەس. نۇرنىسا توغرا مۇئامىلە قىلىدۇ. توختى ئۇنىڭ بىلەن ئۇن قېتىم ئاجراشقان، ئۇن قېتىم ياراشقان ۋە يەنە ئاجراشقان. بەزى يارىشىشلار قانۇنى رەسمىيەتسىزلا بولۇۋەرگەنتى. كېيىنكى ئاجرىشىشتىن بېرى قايتا ياراشقىلى بولمايۋاتىدۇ. بۈگۈن ئىش ئۇڭغا تارتىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، بۈگۈنكى ئۇچرىشىش تەقدىرنىڭ سوۋغىسى...

شۇ ئەسنادا نورنىسا دېرىزە ئەينىكىگە يۈزىنى يېقىپ، توختىغا قارىغاندەك قىلدى. ياق، قارىغانلىقى ئېنىق. قارىغاندىمۇ بۇرۇنقىدەكلا قوي كۆزلىرى بىلەن كۈلۈمسىرىدى. توختىمۇ دەررۇ جاۋابەن

پات-پات تىللايتتى. سوئال-سوراققا ئالاتتى. توختى ئۇنىڭ بەزى زىننەت بويۇملىرىنى، كىيىم-كېچەكلىرىنى ئوغرىلاپ ئەپچىقىپ سېتىپ، پۇلىغا هاراق ئىچىپ قويغان چاغلاردا، بۇ خوتۇن ھەتتا ئۇنى ئۇراتتى. توختىنىڭ بېشىدا خېلى تاياقلار سۇنغان. لېكىن توختى ئۇنىڭغىمۇ "مەيلىلا" دېگەنتتى. چۈنكى توختىنىڭمۇ قول ياندۇرغان، ئۇنى ئۇرغان چاغلىرى بولغان. جېدەللەر مۇشۇنداق تەڭشىلىدۇ ئەمەسمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بەزىدە جېدەللىمۇ كۆڭۈل ئاچىدۇ. ئۆمەك ئىچىدىمۇ بەك تىمتاسلىق بولۇپ كەتكەندە توختىنىڭ ئىچى پۇشىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ياقتىن-بۇياققا بىر قاتىرايدۇ-دە، بىر مۇنچە گەپ تېرىپ كاللا سوقۇش سېلىپ تاماشا كۆرۈپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدۇ. هاراق يوق چاغدا بۇنىڭ ئۆزىمۇ كىشىگە هاراقنىڭ هۇزۇرىنى بېرىدۇ دېسە...

يامغۇر توختاپ، هاۋا ئېچىلىپ كەتتى. تاغ تەرەپتىن ئۇرۇپ بۇلۇتلارنى سۈرۈپ كەتكەن شامال تاڭنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئاسماندا ئالتۇندىن قۇيۇپ ياسالغاندەك قىزغۇچ قالدۇق ئاي پارقىرىدى. شالاڭ يۇلتۇزلار ئالماس كىرپىكلىرىنى قېقىپ سۈس جىمىرلىدى. قىسقا كۈز كېچىسى يەنە ئۆزىنىڭ جىمجىتلىقى ۋە ئۇلۇقلۇقىغا قايتقان ئىدى. بۇنداق كېچىلەردە سۈزۈك يۇلتۇزلۇق ئاسمان، ئۆزىنىڭ يازغى خۇش پۇراقلىرىنى سوغۇق، زەي پۇراقلارغا ئالماشتۇرۇۋاتقان يەر، مىنۇتلاپ سارغىيىۋاتقان دەل-دەرەخ، گۈل-گىياهلار يۈرەكتە قايغۇلۇق خىياللارنى قوزغىتىدۇ. شەهەرنى قۇچاقلىغان جىملىق شىلدىرلاپ چۈشكەن هەر بىر ياپراقنىڭ تاۋۇشىنى ئېلىپ كىرىپ توختىنىڭ يۈرىكىنى پەرىشان قىلاتتى. ئىشقىلىپ ئۇ كەيپىياتىنىڭ زادى قانداقلىقىنى مۇشۇنداق ئاڭقىرال-

دەقىقىدە توختى تامدەك قېتىپ، زوۋانى تۇتۇلۇپ قالدى. يۈرىكى ئارقىسىغا تارتىلىپ كەتتى. بۇنداق بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەستەك تۇيۇلدى. ئۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان چۈشتەك بىلىندى. مېڭىسىدىكى دەسلەپكى تورمۇزلىنىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇرۇنمۇ ئۆزى بايقىغان، ھەتتا دەھشەتلىك مىش-مىش گەپلەرگە سەۋەپ بولغان مۇشۇنداق بەزى سەت ئىشلار ئېسىگە چۈشتى-دە، ئەرۋاھى ئۇركىدى. كۆڭلىگە بىر زىلزىلە چۈشتى. كۆڭلۈك ئوتى يەنە لاپپىدا ياندى. كۆزلىرى پىيالىدەك چەكچەيدى. كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلدى. چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، بېشىنى سىلكىپ دىۋەيلىگىنىچە لام-جىم دېمەيلا بېرىپ ئىشىكنى بىر تېپىپ ئاچتى-دە، بوسوغىنى ئاتلاپلا توختىدى. دەلدەڭشىگىنىچە ئىككى قولىدا ئىككى بېقىنىنى تېرەپ دېدى:

— ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بوسۇغىدا پەيدا بولدۇممۇ، شاپاقچى!

چاتاق تېرىلدى. توختىنى كۆرۈپ نۇرنىسا ئاچچىقىدا بوغۇلدى. دەھشەتلىك ئاۋازدا چىرقىرىۋەتتى. ئىچكىرى ئۆيدىن ئىككى ئەركەك يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇلار سوقا-سەندەلدەك تەمبەل ئىدى. توختى دۈمبە، گەجگە ۋە باشلىرىغا مۆلدۈردەك تېگىۋاتقان مۇشتلارنىڭ ئاغرىتىشىدىن بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ چۈشىمۇ، خىيالەنمۇ ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەلىدى. ئۇڭ-تەتۈرىنى ئۇقۇپ بولغۇچە ئۇ ئۆزىنى ئىككى ئادەمنىڭ پەللەمپەيدىن سۆرەپ پەسكە ئېلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى، پۇتىنىڭ باسقۇچلارغا ئۇلۇكنىڭ پۇتىدەك ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇلار ئۇنى يولەك ئىشىكىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ شېغىل يەردە سۆرەپ ماڭدى. دەرۋازىدىن ئارقىسىغا كەلتۈرۈپ بىر نەچچىنى تېپىپ چىقىرىۋېتىشتى. توختى يەرگە دۈم چۈشتى. تىرمىشىپ ئۆمىلەپ

ھېجايدى. يەڭگىللىگەندەك بولىدى. بىر دۆلەتنى ئىشغال قىلغان پادىشاھدەك قىن-قىنىغا پاتمىغان خۇشاللىقتا ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. كېلىۋېتىپلا دېرىزە ئەينىكىدىن قاراپ تۇرغان نۇرنىساغا قول شىلتىپ ۋارقىرىدى.

— نۇرنىسا، كېلىدىغانلىقىمنى يۈرىكىڭ تۇيغانمۇ؟ قانداق بىلدىڭ، نۇرنىسا، ياخشىمۇسەن، ئىشىكنى ئاچ، نۇرنىسا!

نۇرنىسا دېرىزە ئەينىكىدىن قىمىر قىلماي قاراپتتى. ئۇ نېمىشقا قىمىرلىمايدىكىنە، ياغاچ ئادەمدەك قېتىپ تۇرغىنىنى، ماگىزىن دېرىزىلىرىدىكى ئادەم مودېللىرىغا ئوخشايدۇ. نېمىشقا بۇتتەك قاراپ تۇرۇدىغاندۇ، باشقا بىرىنى كۈتۈۋاتامدۇ-يا... توختىنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى. قىزىشىپ كۆزلىرى تىندى، تەلۋىلەندى. ئەتتەك، شۇ تاپتا يەنە بىر رومكا ھاراق بولسىدى.

— نۇرنىسا، ئىشىكنى ئاچ، نۇرنىسا!...

قورۇ دەرۋازىسى ھاڭغىرقاي ئوچۇق ئىدى. توختى دەرۋازىدىن ئۆتۈپ بىنادىكى بىرىنچى يۆلەكنىڭ ئىشىكىدىن كىردى. قاراڭغۇدا تامغا يۆلۈنۈپ ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، ۋارقىرىغىنىچە يۇقىرىغا ئۆرلەشكە باشلىدى، مانا ئىككىنچى قەۋەتنىڭ ئۆتمە يولىغىمۇ چىقتى. بىردىنلا باش ئاغرىقىمۇ، ئوگدىكىمۇ يوقالدى. دەرۋەقە، نۇرنىسا ئۇخلىمىغان ئىدى. ئۆيدە مېھمانلار بەزمە قىلىۋاتاتتى. توختى قاراڭغۇ ئۆتمە يولدىن مېڭىپ قىيا ئوچۇق ئىشىككە يېقىنلاشتى. ئاستا ماردى. نۇرنىسا دالاندىكى ئوچاق بېشىدا ئاۋارە ئىدى. ئىچكىرى ئۆينىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن شىرە ئەتراپىدا ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. تۆۋەن ئۆيگە قويۇلغان ئۈنئالغۇدىن بىر قىزنىڭ شوخ ناخشىسى ئاڭلىناتتى. دەسلەپكى

ئاندىن يەردە بىر دوملاپلا ئۆرەكتىن يىراقلاشتى. تېخى كۆرىدىغان كۆنى بار ئىكەن. بۇنداق تۆشۆك ئېغىزىغا يىقىلىپ ساق قېلىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر مۆجىزە ئىدى. ئۇنىڭ ھاراق ئۇلپەتلىرىدىن شۇنداق تۆشۆككە يىقىلىپ ئۆلگەنلەر بار ئىدى. توختى تىرمىشىپ تۇرۇپ يۆكۆندى. سۇ يولى ئاغزىنىڭ قاپقىقىنى ئەتمىگەن ئىشچىنى تىللاپ قارغىدى. ئۆزىنى شۇ تۆشۆككە غۇلاپ چۈشۈپ بوينى قاتلىشىپ ئۆلۈشتىن ساقلىغان تەقدىرگە ۋە تەقدىرنىڭمۇ ئىگىسى ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇدى. بويىنىدىكى قان ۋاقتىنى سوزۇشقا يول قويمىدى. ئەمدى مەستلىك تارقالغان بولسا كېرەك، ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇش ئىستىكى كۆڭلىدە روشەن پەيدا بولدى. بىردەم ئۆمىلەپ، بىردەم گەجگىسىنى چاڭگاللىغىنىچە دوڭغاقلاپ ماڭدى. 50 – 60 مېترچە مۇساپىنى يىقىلىپ قوپۇپ بېسىپ ئۆتتى-دە، بىر دەرۋازىنى مۇشتلىدى. جان ئاچچىقىدا "ئادەم ئۆلۈۋاتىدۇ، قۇتۇلدۇرۇڭلار!" دەپ توۋلىدى. بۇ بىر قەۋەتلىك ئادەتتىكىچە ئۆيى بار قورۇ ئىدى. دېرىزىدە چىراق شولىسى پەيدا بولدى. دەرۋازا ئېچىلىپ بىر ئەر، ئۇنىڭ كەينىدىن كالتەك كۆتۈرگەن بىر ئايال چىقتى. ئۇلار يەردە تىزلىنىپ، گەجگىسىنى چاڭگاللاپ ۋايداتلاۋاتقان توختىنىڭ ناتونۇش چىرايىغا قاراپ تىڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. توختى كېزىك بولغان ئادەمدەك تىترەيتتى. دەقىقە سۈكۈتتىن كېيىن ئۇلار بىر-بىرلەپ كېلىپ توختىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشقا تۇتۇندى.

— نېمە بولدى، كىم سىز؟

توختى مانا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ يىرگىنەرلىك دەرىجىدە رەسۋاسى چىققان بەختسىز ھاراقكەش ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇنىڭ ئۆزىمۇ دەرد ئۈستىگە قوشۇلغان بىر دەرد ئىدى. بىراق بۇنى ئېيتقۇسى، ئىقرار

قوپۇۋاتقىنىدا گەجگىسىگە شۇنداق بىر زەربە كېلىپ ئۇرۇلدىكى، بوينى "چىممىدە" قىلغاندەك بولدى-دە، چىداپ تۇرغۇسىز ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇ كەينىگە قايرىلىپ قاراپ نۇرنىسانىڭ سوغۇق تەلەتىنى خىرە كۆرگەندەك قىلدى. بىراق يەنە تەككەن زەربىدىن "پوكلا" قىلىپ يېتىپ قالدى، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. جىمىكى نەرسە پىرقىرىغاندەك، ئۆكتۈرۈلۈپ-كۆمتۈرۈلۈۋاتقاندەك بولدى. ئۇڭ قولى تاشقا تېگىپ سىيقىراۋاتقان تىزىغا ئەمەس، بوينىنىڭ كەينى تەرىپىگە سوزۇلدى. بۇ ئىختىيارسىز، لېكىن توغرا قىلىنغان ھەرىكەت ئىدى. توختى ئالقىنىنى كۆزىگە يېقىن ئەپكېلىپ قان يۇقىنى كۆردى. ئىشەنمەي گەجگىسىنى قايتا سىلاپ قارىۋىدى، بۇ قېتىم ئالقىنىنىڭ پۈتۈنلەي قانغا بويالغانلىقىنى كۆردى. دەھشەتلىك بىر قورقۇنچ يۈرىكىنى پىچاقتەك يېرىپ كىردى. قولىنى قايتا-قايتا بوينىغا تەككۈزۈپ كۆرۈپ، قانىنىڭ تەپچىپ ئېقىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. جېنى بوغۇزىغا قاپلاشقاندەك بولۇپ ۋارقىرىۋەتتى. سۆرۈلۈپ ئۆرنىدىن تۇرۇپ كوچا بويلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى. بىراق ھەرىكىتى ئاستا ئىدى. ئۇشتۇمتۇت ئۇڭ پۇتى ھاۋاغا دەسسىدى، گەۋدىسىمۇ ھېلىقى خالاجايغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان چاغدىكىدەك قانداقتۇر بىر بوشلۇققا بىراقلا ئاغدۇرۇلدى. يۈرىكى پەسكە تارتىلدى. سول تىزى سېمونت گىرۋەككە تېگىپ، ئۆزى يەرگە جەينەكلەپلا دۈم چۈشتى. ئۇڭ پۇتى سېمونت يولدىكى يەر ئاستى سۇ يولىنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ شۇ يىقىلىشتا پۈتۈن گەۋدىسىنىڭ ئۆرەككە چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ ياپراقتەك تىترىدى. ئىككى قولى ۋە سول پۇتىغا تايىنىپ زورۇقۇپ كۈچەپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە پۇتىنى تۆشۈك ئاغزىدىن تارتىپ چىقىرىۋالدى.

# "ئاق كۆكۆل" خۇشامەتچى

ئابلىز "ياۋاش" گۆش ـ ياغ يېمەيتتى، مېھماندارچىلىقتا بارغاندا ياكى باشقىلار پۇل تۆلىگەن گۆش ـ ياغلارنى تاپقاندا نەپسىنى قويۇۋېتىپ يالمايدىغانلىقى بۇنىڭ سىرتىدا، ئەلۋەتتە. چىشلىرى ياخشى بولغاچقا ئادەتتە ئۆيدە ئىتنىڭ چىشىنىمۇ سوندۇرۇۋەتكىدەك قېتىپ كەتكەن نانلارنىمۇ غاجىلايتتى. دۇرۇس، ئۇنىڭ "ياغ كۆز" دېيىلگەن يەنە بىر لەقىمىمۇ بار، بىراق بۇ لەقەم ئۇنىڭ كۆز ئالمىسىنىڭ قايناقسۇدا لەيلىگەن ياغ رەڭگىدە بولغانلىقىدىنلا قويۇلغان، گۆش ـ ياغ بىلەن مۇناسىۋىتى يوقمىش. دەرۋەقە، بىر قاراشتا ئۇنىڭ بېلىق كۆزلىرىنىڭ ئېقى بىلەن سارغۇچ قارىچۇقىنى پەرق ئەتكىلىمۇ بولمايتتى.

ئابلىز ياۋاش بۈگۈن بازارغا گۆش ئالغىلى باردى، باھادا كېلىشەلمەي گۆش بازىرىنى بەش قېتىم چۆگىلىدى، ئاخىرى مەردەك كۆرۈنگەن بىر قاسساپنىڭ ئالدىدا توختىدى، سېمىز بىر قوينىڭ كەينى پۇتىنى بىراقلا تارتقۇزۇۋېدى، ئۈچ كىلو كەلدى، ئىشخانىسىدىكى شىرە تارتمىسىدا خوتۇنىدىن ئوغرىلىقچە ساقلايدىغان ئازغىنە دەسمايىدىن ئاجرىتىپ ئېلىپ چىققان 30 سوم پۇلنى تەسلىكتە چىقىرىپ قاسساپقا بەردى. كونىلارنىڭ "قول بىلەن يانچۇقنىڭ ئارىلىقى 500 يىللىق مۇساپە" دېگىنى راست ئىكەن، ئابلىز ئۆزىنىمۇ بوشاپ قالغان ھەمىيانىدەك سولۇشۇپ، پۈرلىشىپ

قىلغۇسى كەلمىدى. ئىقرار قىلىش ئادىتىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى ھاياتتا ھەممە نەرسە سادىر بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئۆز بەدىنىدىكى يارىنى، يىرىڭنى ئۆزگىلەردىن يوشۇرۇش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەن، ئادەملەر باشقىلاردىكى ئاجىزلىقنى بىلىپ قالسىلا بوش قويمايدۇ، شەپقەت قىلمايدۇ. ھايۋان چېغى ئۆز يارىسىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەي، خالىي جايدا يوشۇرۇنچە تىلىدا يالاپ ساقايتىدۇ، ئەمەسمۇ!

— ۋاي، قان، بوينىدىن قان ئېقىۋاتىدۇ، ئىتتىك ئۆيگە ئەپكىرەيلى! — دەپ چۇقان كۆتۈردى ھېلىقى ئايال، — ۋاي، سىزنى قانداق زالىم شۇنچە يارىلاندۇردى؟

توختىنىڭ كۆزىگە ئۆزىنى كېلىشتۈرۈپ بابىلىغان نورنىسانىڭ كۆرەك چىرايى غىل-پال كۆرۈنگەندەك قىلدى. بىراق نۇرنىسانى پالاكەتكە چېتىشنى خالىمايتتى. بولغۇلۇق بولدى، ئۆتكەن ئىشنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولمايدۇ. نۇرنىسا بولمىسا ئۇنىڭ بالىسى خارلىنىدۇ، نۇرنىسا بولمىسا توختىنىڭ قالدۇق ئۆمرىنى قاراڭغۇلۇق باسىدۇ. توختى ئۆلسىمۇ نۇرنىسانىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چىقارماسلىق قارارىغا كەلدى. ھاراق نۇرغۇن نەرسىنى يوقاتقان بىلەن ئەقەللى ئىنسانى ھېسسى يوقۇتالمىغان ئىدى. ئۇ ھەر قاچانقىدەك كاللىسىنىڭ مەست تۇرۇپمۇ توختىماي ئىشلەۋاتقىنىغا زوقلاندى.

— مەن، مەن توختى، قوتۇلدۇرۇڭلار! — دېدى توختى ئېچىنارلىق ئاۋازدا يىغلامسىراپ، — ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، ئىجادىيەتچىمەن. ئوغرىلار، بۇلاڭچىلار يولۇمنى توسۇپ پىچاق سالدى، رەھىم قىلىڭلار!

1987- يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

گۈشنىڭ هازىرلا نەق پايدىسى تەگمىگەن بىلەن كېيىنرەك بەرىبىر پۈتۈن ئائىلىگە پايدىسى تېگىدىغانلىقىغا ئۇنىڭ ئەقلى قاندانمۇ يەتسۇن؟! ھېلىقى كەسپداش، خىزمەتداش كۆشەندىلىرى، ياق، بولۇپمۇ دوستلىرى بىلىپ قېلىشتىن خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن. بولمىسا ئۇنى سېستىدۇ، كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىدۇ. ئابلىز بولۇپمۇ دوستلاردىن بەكرەك ھەزەر ئەيلەيدۇ، ھەربىر ئىشىنى ئۇلاردىن خۇپىيانە تۇتۇدۇ، توغرىراقى ئۇ يالغان دوست تۇتۇدۇ، چۈنكى ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىك دوستلاردىن كېلىدۇ ئەمەسمۇ! بۇلاردىن ناتونۇش باشلىقلار، مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر مىڭ ئەۋزەل. ئۇ ئۆزىگە دەستۇر قىلىۋالغان ئىككى مىسرا قەدىمكى شېئىرنى ھەر قاچانقىدەك دۇرۇت ئۇرنىدا تەكرار پىچىرلاپ ماڭدى:

يېغى ياندىن قوپار ئەرمىش،
بالا كەلسە قېرىنداشتىن...

بۇ ياقنىڭ ئورتا دەرىجىلىك شەھەرلىرى بەكمۇ چوڭ بولمايدۇ. بۇمۇ ئاشۇنداق قەدىمكى شەھەرلەردىن ئىدى. شەھەر سىرتىدا كونا سېپىلنىڭ قالدۇقى بار ئىدى. ئابلىز قالدۇق سېپىلدىن ئۆتۈپ ۋېلىسىپىتنى ئوڭغا بۇراپ قوشئۆستەڭ يېزىسىغا بارىدىغان يولغا چۈشتى.

قوشئۆستەڭ يېزىسى شەھەردىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى، يولنى بەك يامان دېگىلى بولمىسىمۇ توپىلىق ۋە كاتاڭلىق جايلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. شەرقتىن كېلىۋاتقان شامال كۆچەيدى، ھايال ئۆتمەي شامالدا قاناتلىنىپ گۆركىرەپ بېسىپ كېلىۋاتقان

كەتكەندەك بولدى. ھەمياندىن پۇل ئەمەس، ئۆز يۈرىكى سۇغۇرۇ-ۋېلىنغاندەك ئىدى، پېشانىسىنى سىلىۋېتىپ بىلىنەرلىك بىر ئۇھ تارتتى، گۆشنى ئەسكى داستىخانغا يۆگەپ ۋېلىسىپىتنىڭ قىستۇرمىسىغا تاڭدى، كالۋالىشىۋاتقان پۇتلىرىنى روھسىز ھالدا سۆرەپ بىر ئاز ماڭدى، چوڭ كوچىغا چىققاندا ۋېلىسىپىتكە دىقماق ئېغىر گەۋدىسىنى ئارتتى-دە، قىسقا پۇتلىرى بىلەن كونا پېدالنى غىچىرلىتىپ دەسسەپ يۈرۈپ كەتتى.

ۋاقىت دېگەردىن ئۆتكەن ئىدى، غەربىي ئۇپۇقتا بۇلۇتلار تاغدەك گەۋدە كېرىپ تۇرۇشاتتى. شەرق تەرەپتىن ئاسمانپەلەك سارغۇچ چاڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. كوچىلاردا قۇيۇنلار پىرقىرىدى. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەندەك غەربتىكى بۇلۇتلار ئىچىدە گۈلدۈرماما تۆمۈر ھارۋىسىنى تاراقلاتتى. بوران ۋە يامغۇرنىڭ شەپىسى كۈچلۈك ئىدى، بازار ئىچىدە ئادەم شالاڭلاۋاتاتتى، ئابلىز بۇنىڭدىن مەمنۇن بولدى، ئۇنىڭ سىرتى ياۋاش بولغىنى بىلەن ئىچى بوش ئەمەس ئىدى. ئۇ ئوغرىلىقچە ئۆپچۆرىسىگە كۆز يۈگۈرتكىنىچە ئارقىراق، خالىيراق كوچىلار بىلەن ئايغاقچىلاردەك چاققانلىقتا مېڭىپ بازارنى چاپسانلا تاشلاپ چىقتى. ئۆيدىكىلەر، قولۇم-قوشنىلىرى ياكى مەكتەپداش يېقىن-يورۇقلىرى ئۇنىڭ گۆش ئېلىپ قاياققىدۇر كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالمىسۇن-دە. بولمىسا ئاز دېگەندە ئۆيدە پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىدۇ. ئاخشاملىقتا بالىلارنىڭ غەرەز ئۇقمايدىغان سۆيۈملۈك ئانىسى چۇقان كۆتۈرۈپ، ئابلىزنىڭ ئۈستىگە ئېيىقتەك مىنىدۇ-دە، ساقالسىز ئېڭەكلىرىنى يۇڭداپ، كانىيىدىن بوغۇشقا باشلايدۇ. چۈنكى ئۇ بىچارە ئۆيدە چاشقانغا كېپەكمۇ ئالدۇرمايدۇ ئەمەسمۇ. خوتۇن كىشىنىڭ كۆزى كۈندۈزدىكى ھوقۇشىنىڭكىدەك ئاجىز كېلىدۇ، بۇ

مەكتەپكە، بۇ يەردىن تېخنىكوم مەكتەپكە مۇئەللىم بولۇپ چىقتى. ئۆزى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى چالا پۈتتۈرگەن تۇرۇقلۇق تېخنىكومدا دەرس بېرىدىغان بولدى، بۇ دېگەن شۇنداق تىلى يوق، كۆزى يوق جاھان. ھەممە ئىشقا ئەپ كېرەك، جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىشنى بىلىش كېرەك. ئېپى بولمىغان ئالىي مەلۇماتلىق-لاردىن خارلىنىپ يۈرگەنلەر ئازمىدى؟ ھايات دېگەن شۇ، ھاياتتا تەقدىرنىڭ كارامىتى كۆپ. ئۇيغۇرلاردا "ئاغزى قاتتىق موزاي بىر ئەمچەك ئېمەر، ئاغزى يۇمشاق موزاي كۆپ ئەمچەك" دەيدىغان بىر ماقال بارغۇ. ئابلىز ئاغزىنى شۇنداق يۇمشاق قىلىپ يېتىشتۈرگەنكى، يۈز ئەمەس، ئىككى يۈز ئەمچەكنىمۇ ئېمەلەيدۇ، بۇ ئەمچەكلەرنىڭ سانىنى كىم بىلىپتۇ. ئىشقىلىپ ھەددى ھېسابسىز كۆپ ئەمچەك ئېمىدۇ. ئەمچەككە ئوخشايدىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئېمىدۇ. نەپ چىقمىسىمۇ شوراپ كۆرىدۇ، ئۇ ھېچقانداق مۇناسىۋەتلىك ئادەمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ باققان ئەمەس، چىشىغا، زىتىغا تېگىپ باققان ئەمەس. مۇناسىۋەتسىز ئادەمگە ئۆزگەرگەنلەرگە جانلىق پوزىتسىيە تۇتۇش، ئېپى كەلگەندە بەزىلىرىنى تېپىش، ئۇسۇش ياكى دەسسەپ قېچىش بۇنىڭ سىرتىدا، ئەلۋەتتە. بارلىق جاندارلار ئۆزىدىن ئاجىزلار ئالدىدا كۈچ كۆرسىتىپ قويۇشى، ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆز-كۆز قىلىپ تۇرۇشىمۇ قانۇنىيەتتە. مۇناسىۋەتشۇناسلىقتا ئۇ كاناي ياغلاش، يانچۇق توملاشلاردىن باشقا ئىگراپ ئىچ ئاغرىتقۇزۇش، لاپ ئۇرۇپ قىزىقتۇرۇش، دوڭغاسلاپ خۇشامەت قىلىشتەك بىر تالاي تەدبىرلەرنىمۇ ئىشلىتىشكە ماھىر. لاپ ئۇرۇشقا كەلگەندە ھە دېسىلا "پالانى باشلىق يۇرتداشىم، پوستانى باشلىق بىلەن يېزا خىزمىتىدە بىللە بولغانمەن، پەمىدانى ئۇلپەت-

ئاسمانپەلەك سېرىق چاڭ بولۇتى دىۋىدەك قورقۇنچلۇق كىرىلىپ ھۆركىرەپ يېتىپ كەلدى، يەردىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توپىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلدى، كۆزنى ئاچقىلى بولماي قالدى، ئۆپچۆرىنى گۇۋۇلدىگەن ۋەھىمىلىك شاۋقۇنلار باستى. ئابلىز ياۋاش قېلىن كالپۇكىنى چىڭ چىشلەپ، پىدالنى كۈچەپ باساتتى، چىشلىرى ئارىسىدا قۇم-توپا غىچىرلايتتى. يەنە بىر ئازدىن كېيىنلا يەر-جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. بۇ يامغۇر بولۇتلىرى بىلەن تەكلىماكان ئېۋەتكەن چاڭ بولۇتلىرى ئارىلىشىپ، تۇتۇشۇپ يەر-زېمىننى باسقانلىقتىن بولۇۋاتقان كارامەت ئىدى. قۇياشنى قايسى بولۇتنىڭ بالدۇر توسقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. قايسى بولۇتنىڭ غالىب چىقىدىغانلىقىنى پەرەز قىلماقمۇ قىيىن ئىدى. ئاسماندىن يامغۇر ئورنىغا سېرىق توپا يېغىشقا باشلىدى. ئىككى مېتىر نېرىدىكى نەرسىنى پەرق قىلغىلى بولماي قالدى. ئابلىز كۆزىگە قارىغاندا كۆپرەك پەمگە تايىنىپ يولنى پەرق قىلاتتى، ئەمدى يول پەسكە ساڭگىلاشقا باشلىدى بولغاي، ۋېلىسىپىت يادىن چىققان ئوقتەك ئىتتىك مېڭىشقا باشلىدى، پىدالغا كۈچەشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ قالمىدى. ئابلىز تورمۇزغا بارماقنى تەككۈزگىنىچە رول تۇتۇپ ۋېلىسىپىتتە ئاران ئولتۇراتتى، كاتاڭ ۋە ئايلانمىلارنى ئالدىن بايقاپ تورمۇز بېرىشكە پۈتۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرگەن ئىدى. بۇنداق جاپالىق سەپەرلەرنى ئۇ بۇندىن ئون يىل ئىلگىرى بەكمۇ كۆپ قىلاتتى. ئابلىز ھازىر بىر تېخنىكوم مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئەسلىدىغۇ ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. مانا شۇنداق ھاۋارايىغا قارىماستىن مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە گۆش-ياغ سۇڭگۇتۇش، سوۋغات تۇتقۇزۇش كويىدىكى پالاقلاشلارغا تايىنىپ، دادۈي باشلانغۇچ مەكتىپىدىن گۇڭشې ئوتتۇرا

ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ئاتىلىپ قالغىنى قىزىق. ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندىن كېيىن ئىجادىيىتىنىڭ ئەپلىك يولىنىمۇ تېپىۋالدى، يەنى باشقىلارنىڭ ئېلان قىلىنغان شېئىر، نەسىرلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپلا، مەزمۇنىنى چالا كۆچۈرۈپلا ئۆزىنىڭ قىلىۋالدىغان بولدى. بەزىلىرىنى قىسقارتتى، بەزىلىرىنى رەزىنكە سوزغاندەك سوزۇپ ئۇزارتتى، ئاندىن خەنزۇچىنى ئاز-تولا يامداشنىمۇ ئۆگەندى. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇچە نەسىرلەر، شېئىرلار مەزمۇنىنى، چەت ئەل يۇمۇر، نەسىر، مەسەللىرىنى خام-خۇتىلا ھەزىم، چالا تەرجىمە قىلىپلا ئاپتورلۇق ئىمزاسىنى قويۇۋالدى. ماختاش، سوۋغات بېرىشلەرگە تايىنىپ كۆن كۆرۈنگۈدەك قېلىنلىقتا بىر نەسىرلەر توپلىمىمۇ نەشر قىلغۇزىۋالدى. يەنىلا تەقدىرنىڭ ئۇيۇنى ۋە يۈزىنىڭ قېلىنلىقىغا رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ، ئاز-تولا ئاتىقى چىققان ياكى تېرىقچىلىك ھوقۇقى بارلىكى ئادەملەرگە خەت يېزىپ تونۇشۇش، مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئۇلار بۇ ياقلارغا كېلىپ قالسا ئالدىغا چىقىش، يەرلىك ئاپتورلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ مېھمان قىلغاچ ئۆزىمۇ گال بېقىۋېلىشتەك "خەقنىڭ جۇۋۇسىدا تەرلىنىش" ۋاستىلىرىنى قوللىنىشنى ئۆز ئۆمرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى قىلىپ كەلدى. بۇ مەزمۇن ئۇنىڭغا كۆتكەندىن-كىدىنمۇ چوڭ پايدىلارنى بەردى، مۇشۇ جەرياندا تەقدىر ئۇنى بەزى ئاق كۆڭۈل ئادەملەرگىمۇ ئۇچراتتى. بۇنداقلار كۆرگەندە ئۇ بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىشقىمۇ ماھىر، خۇددى ئادالەتسىز تاياقتا ئېزىلگەن تەلەيسىز ئىتتەك غىڭشىشنى بىلىدۇ. شۇنداق كۆڭۈلچەك-لەرنىڭ بىرى ئاسانلا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭغا كۆپ نەپ بەردى، ئۆزىنىڭ نوپۇزىنىڭ تەسىرىنى ۋە ئابرويىنى ئاياپ ئولتۇرمايلا ئابلىزنىڭ ھازىرقى ئورنىغا ئېرىشىشىگە كۈچ چىقاردى. يېزا

دىشىم“ دەپ گەپ باشلايدۇ. بەزى خۇپپىيانىراق پاراڭلىرىدا تېخى مۇنداق بىر ھېكايىنىمۇ ئېيتىپ بۇردى: ”بىر قېتىم دۆڭ بازاردا ئۇلپەتلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ۋادەككە يۆلۈنۈپ تۇراتتۇق. ئۆلكە باشلىقى قارا پىكاپتا ئۆتۈپ قالدى. مېنى كۆرۈپ قوڭغۇز پىكاۋىنى قېشىمدىلا شاپپىدا توختاتتى، سەكرەپ چۈشۈپلا كۈلۈمسىرەپ قول تەڭلەپ ئالدىمغىلا كەلمەسمۇ. ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ’ئابلىز ياۋاشمىسەن؟ قاچانلاردىن بۇ ياققا كېلىپ قالدىڭ؟ جۆرە، ئىككى زىقتىن تارتىشىۋالايلى‘ دەپ قالماسمۇ، ياق، دېيىشكە تىلىم كۆيدى. كاۋاپدانىنىڭ ئالدىغا كېتىۋاتساق چوڭ- كىچىكنىڭ ھەممىسى ئېگىلىپ سالام قىلدى. ئۆتكەن - كەچكەن ساقچىلارمۇ جاي - جايىدا ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرامدۇ، ئالىي ئېھتىرام دېگەننىڭ تەمىنى مانا شۇ كۈنى تېتىدىم دېسە. ئورۇندۇقتا قونۇشىمىزغا ھەزرىتىمنىڭ مۇھاپىزەتچىسى يانچۇقىدىن بىر قۇمۇر چەتئەل ھارىقى چىقىرىپ قالدى. جانان پىيالىدا ئىككىدىن كەلتۈرۈپ، يەڭدەك يوغان زىقلىق كاۋاپتىن تۆتتىن سوقۇپتۇق. ھەزرىتىم ’ھاجىتىڭ چۈشسە ئىزلەپ بارارسەن، خىزمىتىڭگە تەييارمىز‘ دەپ، مۇرەمگە ئۇرۇپ قويۇپ، پىكاپقا چۈشۈپ كېتىپ قالدى. ئۇلپەتلىرىم ’كاتتىمىز بىلەن كۆرۈشكەن قولۇڭنى توتىيا قىلايلى‘ دەپ مۇشۇ قولۇمنى كۆزلىرىگە سۈرۈپلا كەتتى. تۇۋا دېسە...“ سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە باشقىلار ئىشەنسۇن ئۈچۈن ئۇ ياقىسىنى تۇتاتتى. شۈبھىلىك نەزەرلەردىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچاتتى. بۇنداق پاراڭلارنى كەلسە - كەلمەس يەردىمۇ قىلىۋەر- مەيتتى، ئەلۋەتتە. ئابلىزنىڭ ئۆگىنىش بىلەن خۇشى يوق ئىدى، لېكىن ئۆمرىدە بىرەر كىتابنى تۈگىتىپ ئوقۇپ باقمىغىنى بىلەن

گەنلەر بار. بىر چاغلاردا بىرى ئۇنى ئالداپ بىر جۈپ ئالتۇن ھالقىنى يەپ كەتتى. يەنە بىرسىنىڭ يوشۇرۇنچە يۆتكەپ سېتىش ئىشىغا چېتىلىپ تۈرمىگە چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى، ئەيىۋ- ھاناس، ئاللا ئۆزەڭ پاناھىڭدا ساقلا، ئادەمنىڭ بۇرۇتىغا چاڭگا تىزىدىغانلاردىن ساقلانماق تەس ئىكەن بۇ دۇنيادا. ئابلىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاغزىنى تېخىمۇ يۇمشاتتى، تورنى تېخىمۇ كەڭ يايدى. بۇرنىنى تېخىمۇ سەزگۈر قىلدى، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىكى كۆز قاراش، تەشەببۇس، ئېقىملار ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن مۇنازىرە ھالىتى شەكىللەندۈرۈپ قالغانلارنى پۇراپ تاپتى، مەزھەپلەر ئارىسىدا يورغىلىدى. ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئالدىغا يوشۇرۇنچە بېرىپ يوشۇرۇنچە ساداقەت بىلدۈردى. ھەر ئىككى ئېقىمدىكىلەرگە ياخشىچاق بولۇپ، ھەممىسىدىن ئايرىم-ئايرىم نەپ ئۈندۈرۈۋالدى. بىر قېتىم بىر-بىرىگە پىچاق تەڭلەپ تۇرغان ئىككى ئادەمنى كۆردى. شۇ كېچىسىلا ھەر ئىككىسىنىڭكىگە ئايرىم-ئايرىم بېرىپ، قارشى تەرەپنى ئەيىبلەپ ساداقەت بىلدۈردى. ئىشەنچىنى، پايدىنى قولغا كەلتۈردى. بەزى تونۇشلىرى ھەيران بولۇپ ئۇنى ئەيىبلىدى. ئۇ، بۇ دېگەن "دىپلوماتىيە"، "دىپلوماتىيە ئېھتىياجى" دەپ كاززاپلىق قىلدى. دەرۋەقە، ئۇ ئۆزىنى "دىپلومات" قىلىپ كۆرسىتىشكە ئامراق ئىدى. دە تالاشقا قاتنىشىۋاتقان بىر ئېقىمنىڭ بىر ئادىمى بىر قېتىم ئۇنىڭغا: "دىپلوماتىيە دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئارقىلىق بولىدىغان ئىش، ئۇنى مەخسۇس ئادەملەر مەركەزنىڭ سىياسىتى، مىنىستىرلىكنىڭ كونكرېت بەلگىلىمىسى بويىچە قىلىدۇ، جەڭگاھتىكى جەڭچىلەر ئېتىشىۋېتىپ، دىپلوماتىيە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن، دەپ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسە بولىۋېرەمدۇ؟

مەيىنتىدىن قۇتۇلۇپ شەھەر ئىچىنى يېپىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئابلىز بوينىنى قىسقان دىۋانىدەك بىچارە قىياپەتتە يۇمشاق گەپلەرنى داۋاملىق ياغدۇرۇپ ساداقەتمەنلىك بىلدۈردى. ئۇ ئۇنى تېخنىكوم باشلىقى ئارقىلىق ئىلمىي ژۇرنال تەھرىر گورۇپپى-سىغا كىرىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ھېكايىلەردىكىدەك تېزلىكتە ئوڭۇشلۇق تەرەپكە ماڭدى. ئابلىز تىل ياغلىمىلىق قورالىنى چىڭ تۇتتى، مەكتەپ باشلىقىنىڭ يانچۇقىغا ھۆكۈمەت پۇلىنى سېلىپ قويىدىغان ئۆزگىچە پارە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. بۇ بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش ئۇسۇلى ئىدى، ئابلىزغا بىر تىيىن زىيان بولمايتتى، باشلىق بىكار كەلگەن پۇلنى خەجلەيتتى. باشلىق ئەمدى ئۇنى ئاڭلىق قوللاشقا ئۆتتى. بىر يىلغا بارمايلا ژۇرنالنى ئۇنىڭغا بىراقلا تۇتقۇزدى، ئابلىزمۇ قىلنى قىرىققا يارىدىغان دانالاردىن. ئىشنىڭ بېشىنى يۈرگۈزۈۋالغاندىكىن قانداق قىلىشنى بىلىدۇ. ئۆزى باشقۇرىدىغان ئېرىقتىكى بايلىق سۈيىدىن ئۆز بېغىغا يىرىۋالمايمۇ بولامتى، ئابلىز ھەر ساندىكى قەلەم ھەققىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئاجرىتىۋالاتتى-دە، باشلىقنىڭ يانچۇقىغا ئازراق تاشلايتتى، كۆپ قىسمىنى ئۆز چۆنتىكىگە پۇرلاپ تىقاتتى. ئۆزىنىڭ چالا كۆچۈرۈلمە نەسىرلىرىنى ژۇرنالنىڭ باش قىسمىغا باساتتى، قاتلاپ يۇقىرى قەلەم ھەققى ئالاتتى، نامى چىقمىغان ياكى يىراقتىكى ئاپتورلارنىڭ قەلەم ھەققىدە ئۆز چۆنتىكىنى توملايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە پارچە گىلەم، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور دېگەن نەرسىلەر ئۆيىگە ئۆزى مېڭىپلا كىرىپ كەلدى. تۇرمۇشتا ئوغرىنىمۇ قاراقچى ئۇرۇدىغان ئىشلار بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىمۇ ھۆل خىشقا دەسسەتكەن، كولدىرلىتىپ زىيانغا دوم چۈشۈر-

پومىلىغان ئەسەرلەرنى «چاقماق» ژۇرنىلىدا پۇل قىلىشنىڭ ئارقا ئىشىكىنى كەڭرىتكىلىمۇ بولۇپ قالار، تېخى.

ئېتىز - دالىنى قاراڭغۇلۇق قۇچىقىغا ئالدى. يەر بىلەن ئاسمان ئېرىگەندەكلا قوشۇلۇپ كەتتى. شامال توختىغىلى خېلى بولغان، ئەتراپ چوڭقۇر ئۇيىغا چۆككەندەك جىمجىت ئىدى. بىردىنلا غەرب تەرەپتە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى، بىراق شۇنچىلىك بوغۇق ئىدىكى، گويا بۇلۇت ۋە چاڭ - توزانلار ئىچىدە تېپىرلاپ يۇلقۇنۇۋاتقاندەك ئىدى، چاقماقمۇ شۇ ياقتا ئۇزۇن ئەگرى ئالتۇن قىلىچىنى شىلتىشقا باشلىدى. يامغۇر بۇلۇتلىرىنىڭ سېرىق چاڭ بۇلۇتلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىۋاتقانلىقى روشەن ئىدى. ھاۋا دىمىق، بۇرۇنغا نەم ھىد ئۇرۇلاتتى، گويا ھەممە نەرسە ئاۋازدىن مەھرۇم بولغاندەك، ھاۋا بېسىمى بىردىنلا ئاشقاندەك بولدى. ئابلىزنىڭ بېشى گاراڭ بولۇپ يۈرىكى سىقىلدى، نەپىسى قىسىلدى، پىدالنى تېپىۋاتقان پۇتلىرى ماغدۇرسىزلاندى، چېكىسىدە تەر پەيدا بولدى. بىر قارلىغاچ يولنى كېسىپ پەس ئۇچۇپ ئۆتتى، چۈشىنىكسىز بىرخىل بېسىم، بىرخىل جىددىيەت چىدىغۇسىز كۆچەيگەندە يامغۇر تامچىلىدى. گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر يېقىنلاپ ھاۋانى لەرزىگە كەلتۈردى، تىترەتتى، شامال چىقتى. ۋېلىسىپىت سەكرەيتتى، ئەتراپنى گۇرۇلدىگەن ۋەھىملىك سادالار بېسىپ كەتتى. بۇلۇتلارنىڭ قارا تونىنى يىرتىۋەتمەكچى بولغاندەك چاقماق دەھشەت سېلىپ چېقىشقا باشلىدى. ئەتراپ ۋال - ۋۇل يورۇپ كەتتى، ئابلىز ئالدى تەرەپتىكى ئەگلىمنى بايقاپ تورمۇز بەردى. شۇ زاماتلا چاقماقلىق يامغۇر ۋاقتىدا دالىدا ۋېلىسىپىت مىنىپ مېڭىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى ئېسىگە چۈشتى، چاقماق سوقۇپ يەرگە كىرگۈزۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ گەپنى ئۇ قەيەردىن

شۇنداق قىلغان ساراڭ ئەسكەر ئۆز جايىدىلا ئېتىپ تاشلانغان بولاتتى، ئەكسى ھالدا ئۇنداق دىپلوماتىيە خائىنلىقىنىڭ قالقىنى بولۇپ قالامدۇ" دېدى. ئابلىز بۇ گەپلەرگە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. بۇ دېگەن ئۇرۇش مەيدانى ئەمەستە، ھېچكىم ئۇنى ئاتالمايدۇ. ھېچكىمدە مىلتىق يوق، ئوق يوق، تىل-ھاقارەتتىن بولسا ئۇ قورقمايدۇ، يۈزىنى قېلىنراق قىلسىلا بولىدى، تىللاپ، تىللاپ قېلىشۋېرىشىدۇ. "دەشنام يېگىنىم — بەش نان يېگىنىم"، "يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى — جېنىمنىڭ راھىتى" دېگەن ماقالىلارنىمۇ ئادەم توقۇغان بولغىيدى. ئەسلىدە بۇ، دۇنيانى ھەقىقى چۈشەنگەن ئادەملەرنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى. بۈگۈن ئۇ ئىزلەپ كېتىۋاتقان غېنى دېگەن ئادەممىغۇ ھەم بىر ئىدارىنىڭ باشقارما باشلىقى ھەم «چاقماق» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى. بۇنىڭدىمۇ قوش پايدا يۇلۇۋالغىلى بولىدۇ، ئابلىزنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا كىچىكىدە "سالامۇئەلەيكۇم دېسە بەش تەڭگەمنى بەر دېيىش"نى بىكارغا ئۆگەتكىنى يوق. ئۇزاقى يىلى ئابلىز غېنىغىمۇ خەت يېزىپ تونۇشلۇق بەرگەن. بىراق بۇ ئادەم ئالدىراش بولغاچقىمىكىن، جاۋاپ يازمىدى، جاۋابسىز قېلىشلارغا رەنجىمەسلىكمۇ ئابلىزغا ئادەت بولۇپ كەتكەن. ئۇنى ئۇ خەت ئەۋەتكەن ئۇلۇغلارنىڭ 90 پىرسەنتى جاۋابسىز قالدۇردىغان. ھېچقىسى يوق، تاياقتىن خالىي ئىت، خورلۇقتىن خالىي خۇشامەتچى بولمايدۇ، قانداقلا بولمىسۇن غېنى ئەپەندىنى تېپىش كېرەك. گۆشنى كۆرگەندىن كېيىن ئابلىزنى تونۇيدۇ، قاپىقىمۇ ئېچىلىدۇ. تالاي گۆش قاپاقلارنى ئابلىز گۆش بىلەن ئاچقان ئەمەسمىدى. غېنىغا تايىنىپ، ئابلىز بىر بالىسىنى ئەپلەپ ئۇلارنىڭ ئىدارىسىغا قاراشلىق باسما زاۋۇتىغا يولىغا سېلىۋېلىشى مۇمكىن،

قەيەردە نېمە بارلىقىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. قاتتىق يامغۇر يەر-جاھاننى قاپلاپ قاراڭغۇ ئاسماندىن چېلەكتە قۇيغاندەك تۆكۈلدى. ئابلىز جايىدىلا توختىدى، ئىگىشىپ ۋېلسىپىت قىستۇرمىسىنى قۇچاقلاپ دوڭغايدى. ئۆپچۆردە ھەممە نەرسە قالايمىقانلاشتى. ھەممە نەرسە شارقىرىدى. باشتا يامغۇر دۈمبىسىدىن، كېيىنرەك توغرىسىدىن ئۇرغانتتى، بىردەمدىن كېيىن گاھ ئۇ ياقتىن، گاھ بۇ ياقتىن ئۇرۇشقا باشلىدى، ئارقىدىنلا ئاسماندىن ئۇدۇل چۈشكەن پېتى بېشىغا ئۇرۇشقا باشلىدى. گويا ھەممە ئۆچىنى بېشىدىن ئالماقچى بولغاندەك تۈيۈلدى، سىرلىق شارقىراۋاتقان يامغۇر ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقاندەك ئىدى. بىرنەچچە مىنۇتتىلا يەر-ئاسمان بىر تۇتاشلا بولۇپ كەتتى، يامغۇر ئەمەس، ئاسمان دەرياسى دولقۇنلاپ چۈشۈۋاتقاندەك ئىدى. ھەممە نەرسىنى ئۇراتتى، سوقاتتى، غەرق قىلاتتى. ئابلىز ئاياغقا ئۆرە تۇرالماي، بېشىنى چاڭگاللاپلا ۋېلسىپىتكە دۈم يېتىۋالدى. چاقماق ئارىلاپ-ئارىلاپ كېچىدەك قاراڭغۇ ئېتىز-ئېرىقنى يورۇتۇۋېتەتتى. ئەتراپ گۆڭگا يالتىراق سۇ دۇنياسىغا ئايلاندى. شامال ئۆتۈپ كەتتى، يامغۇرمۇ بىر مەھەللىكلا بولدى، يامغۇر توختىدى، يول ئۈستىدە سۇ ئاقتى، ئېرىقلارغا لاي سۇ پاتماي قالدى، بۇلۇت تارقىلىپ ئەتراپ يورۇشقا باشلىدى.

ئابلىز خۇداغا مىڭ شۈكرىسانا ئېيتىپ، ۋېلسىپىتكە قايتا مىندى، يول تېيىلغاق ئىدى، كۆپ جايلاردا يېتىلەپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن چاقماقمۇ ئازلاپ قالدى. چاقماق ئەمدى سول تەرەپتە، يىراق شەرقىي ئۈپۈق چەتلىرىدە چاقاتتى. ئابلىزنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى. بۇ ياقنىڭ قاراماي يولى تازىلاپ تۇرۇلمىغاچقا مەينەت بولاتتى. يامغۇردىن كېيىن بەزى

ئاڭلىغان بولغىيتتىكى، ھە، بالىسى بىر گېزىتتىن ئوقۇغانلىقىنى ئېيتقاندەك قىلىۋىدى، كۆز ئالدىغا ئىش كۆتىۋاتقان شۇ بالىسى كەلدى. ئابلىز يوشۇرۇنۇش ئىمكانىيىتى يوقلىقىنى ئويلىدى، يۈرىكىنى بىردىنلا قورقۇنچ چىرمىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى شۈركىنىپ تىكەنلىشىپ كەتتى. سۈرئەتنى جىنىنىڭ بىرىچە ئاشۇردى، ئۆزلۈكسىز ئالغا بىرىشتىن ئۆزگە ھېچقانداق قۇتۇلۇش يولى يوق ئىدى.

شامال يامغۇرنى يەلپۈگۈچىدە يەلپۈپ، بەزىدە قاتتىق، بەزىدە شالاڭ قىلىپ زىمىنغا سىپىشكە باشلىدى. يامغۇر بۇلۇتلىرى شامالنى مىنىۋېلىپ ھەممىلا ياقىقا قالايمىقان دوقۇرۇپ قوتىرىدى. بىردىنلا شامال پەسلىدى، بىراق ھاۋا گەجگىنى قورۇغىدەك سوغۇق بولۇپ كەتتى. يەنە چاقماق چاقتى. بۇ قېتىم دەل ئابلىزنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدىلا چاقتى. ئابلىز قورقۇپ كېتىپ ۋېلسىپىتتىن ئۇچۇپ چۈشكىلى قىل-قىل قالدى. ئارقىدىنلا يامغۇر مۆنچاقلىرى تۆكۈلدى، ئابلىزنىڭ دۈمبىسىنى سوغۇق قامچىدا قامچىلاپلا كەتتى، ئۇ تىتىرىدى، ۋېلسىپىتتىن ئالدىراش چۈشتى. چاپىنىنى سېلىپ گۆشىنى مەھكەم يۆگەپ قىستۇرمىغا قايتا جايلاشتۇردى. نېمىشقىدۇر يامغۇر بىردىنلا توختاپ قالدى، يەنە شامال چىقتى. بۇ قېتىمقىسى بوراندەك قاتتىق ئىدى، زىرائەتلەرنى ياتقۇزۇپ دەرەخ شاخلىرىنى سۇندۇرۇۋەتتى. ئابلىز ياغلاشقان ئەسكى شەپكىسىنى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىپ، بىر قولىدا چىڭ بېسىپ ئاران قوغداپ قالالىدى. يامغۇر رەت-رەت پەردە ھاسىل قىلىپ ياغدى. شامال، توپا، يامغۇر ئارىلىشىپ چىرمىشىپ كەتتى، چاقماق بۇلۇتنى پارچىلىۋېتەلمىدى، گۈلدۈرماما تۆۋەن بۇلۇت قاتلىمى ئىچىدە گۈلدۈرلەيتتى، ھەممە نەرسە چەكسىز قاراڭغۇ سوغۇق پەردە ئىچىگە يۆگۈشۈپ كىرىپ كەتكەندەك ئىدى.

ئېتىگە تەگمەپتۇ، خۇداغا شۈكرى...

— ئوبدان بوپتۇ! — دېدى ئابلىز ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ ۋارقىراپ، ئەمدى ئۇ موماينىڭ قۇلىقىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئىدى، — غېنى ئەپەندىم دېگەن ئادەمنى بىلەملا...

— ۋاي بىلمەن، بىلمەن، ئاستىراق گەپ قىلمامسەن، زۇۋانىڭ تۇتۇلغۇر، گاسمىدىم مەن، — دېدى موماي قاتتىق ۋارقىراپ، ئۇنىڭ رەنجىپ قالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، — ئالدىڭغا قاراپ مېڭىۋەر، مۇشۇ كوچا ئوڭغا بۇرۇلغان دوقمۇشتىكى ھويلا شۇنىڭ، دەرۋازىسى ئالدىدا بىر تۈپ قاپاق تېرىكى بار.

ئابلىز ئېگىشىپ باش لىڭشىتىپ خوشلىشىش ئىشارىتى قىلدى-دە، ئېغىر ۋېلسىپىتىنى ئاران ئىتتىرىپ ئالغا ماڭدى.

كوچا دوقمۇشىدا ئۇ بەلگە قىلىنغان قاپاق تېرەكنى تاپتى. قاپاق تېرەكنىڭ كەينىدىكى دەرۋازا يوغان ئىدى، ھېرىپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالغان ئابلىز ئالدى-كەينىنى ئويلىنىپ تۇرمايلا ۋېلسىپىتىنىڭ ئالدى چاقىنى يەردىن سەل كۆتۈرۈپ دەرۋازا قانىتىغا ئۇردى، دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى ئاۋاز چىقىرىپ ئېچىلدى. ئابلىز ۋېلسىپىتىنى ئىتتىرىپ قورۇغا كىردى، بىرنەچچە قەدەم ماڭا-ماڭمايلا سول تەرەپتىكى قاشا كەينىدىن قۇيۇندەك تېزلىكتە بىر ئىت ئېتىلىپ چىقتى. ئابلىز ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چىراغ نۇرىدەك چاقناۋاتقانلىقىنى ئاران بايقاپ ئۈلگۈردى، قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئىت تۇيدۇرمايلا ئادەمنىڭ كەينىگە ئۆتۈشكە ماھىر بولسا كېرەك، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئابلىزنىڭ كەينىگە ئۆتتى، گۆشنى ھىدلىغاچقىمۇ، ياكى ئابلىزنى يات كۆرگەچكە شۇنداق ۋەھشىلىك قىلىۋاتامدۇ، بىلىپ بولمايتتى. ئابلىزنىمۇ، ۋېلسىپىتنىمۇ، گۆشنىمۇ پارچە-پارچە

جايلار پاتقاق بولۇپ كەتكەن ئىدى، مېڭىش قىيىنلاشتى، ۋېلسىپىت چاقى لاي چاپلىشىۋېرىپ ماڭماي قويدى، قاراڭغۇلۇق يول تۇگۇگەن ئىدى. ئابلىز يەرگە چۈشۈپ ۋېلسىپىتنى ئىتتىرىپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. بارا- بارا ئۇ رەسمىي پاتقاق كەچتى، ئايىغى، شىمىنىڭ پۇچقاقلىرى لاي بولۇپ كۆتۈرگۈسىز ئېغىرلاشتى. ماڭسا پالاقلاپ سادا بېرەتتى. مەھەللىگە كىرگەندە ۋېلسىپىت ئىتتىرىسىمۇ ماڭمىدى. توختاپ- توختاپ چاقنى تازىلاشقا توغرا كەلدى.

ئابلىز غېنى ئەپەندىنىڭ ئۆيىنىڭ مۇشۇ مەھەللىدە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئادىتى بويىچە ئالدىن ئالا بۇ ھەقتە بىرەر قۇر سۈرۈش- تۈرگەن، ئەلۋەتتە. مەھەللىگە كىرىپ ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا بىر دەرۋازا تۈۋىدە تۇرغان قارا كۆلەڭگىنى بايقىدى. ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، كەچ كىرىپ قالغاچقا ئەتراپنى گۇگۇمنىڭ خىرە- شىرەسى قاپلىغان ئىدى، يېقىنلاپ بارغاندا ئۇ كۆلەڭگە بىر دۈمچەيگەن موماي بولۇپ چىقتى.

— خان ئاپا، ياخشى تۇردىلىما؟ — دېدى ئابلىز سالام قىلىپ.

— راست دەيسەن بالام، بىزنىڭ بۇ ياقلار پاتقاق، بازاردىكىدەك سىلىق يوللىمىز يوق، — دېدى موماي ھاسىراپ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئابلىزگە قاراپ، — شەيتان ھارۋاڭنىڭ لاي بولۇپ كەتكىنىنى قارا!

— غېنى ئەپەندىنىڭ ئۆيى قايسىكىن؟ — سورىدى ئابلىز گەپنى ئۇزارتىشنى خالىماي.

— شۇ ئەمەسمۇ، بىزنىڭ ئۇي يامغۇردا ئېتىزغا چىقىپ كېتىپ- تىكەن، نەۋرەمنى ئەۋەتىپ مىڭ تەستە تاپقۇزۇپ كەلدىم. سېنىڭمۇ كۆزۈڭگە چېلىقىپتىكەن- دە، ئۇ راست، لېكىن بىرەرسىنىڭ زىرا-

14 ـ 15 ياشلاردىكى بىر بالا يۈگۈرەپ كېلىپ، ئېتىنى بويىندا ساڭگىلاپ تۇرغان زەنجىردىن تۇتتۇۋالدى، كاڭشىتىپ باغ تەرەپكە سۆرەپ ماڭدى. ئوتتۇرا ياشلىق ھېلىقى ئايال ئۆزرەخالىق ئېيتقاچ يېقىنلاپ كەلدى.

ــ بۇ قۇرغۇر باغلاقتا ئىدى، جىن چېقىلدىمۇ، نېمە بولدى، زەنجىر قوزۇقتىن چىقىپ كېتىپتۇ، بىر يەرلىرىنى چىشلىۋالمىغاندۇ، ئىت دېگەننىڭ يۈزىدە تۈكى بولىدۇ، ئەمەسمۇ.

ــ يوقسۇ، ھېچگەپ يوق، ــ دېدى ئابلىز گەپنى كىرىشكەن چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ دېگۈدەك. بىر قولى نېمشقىدۇر ساقالسىز يۈزىدىكى شالاڭ تۈكلەرنى سىلاپ قويىدى، ــ غېنى ئاكا ئۆيدىمىكى؟

ــ ئۆيگە كىرسىلە، بار، بار، دادىسى، ھوي دادىسى، مېھمان!

ــ مانا مەن! ــ ئۆي تەرەپتىن ئەللىك ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. ئابلىز كاتتىلار ئالدىدا تارتىنچاقلىق قىلىدىغان ئالاھىدىلىكى بويىچە ئەدەب بىلەن قورۇنغان قىياپەتكە كىردى، نېزىقاپ ئالدىغا ماڭماي تۇرۇۋالدى. ئۇ ساھىبخانىنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن قىلىدىغان تەكلىپىنى كۈتمەكتە ئىدى. كەمتەرلىكنىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قويسۇن ـ دە، بىرىنچى ئۇچرىشىشتا قالغان تەسىر ھەمىشە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ھېلىقى ئادەم يېقىنلاپ كېلىۋېدى، ئابلىز تېڭىرقىدى، بۇ ئادەم گېدىيىۋىراق يۇرۇدىغان بولۇشىغا قارىماي، دېھقان سىياقىراق ئىدى. قاراڭغۇدا كىيىمىنىڭ كونا ـ يېڭىلىقىنى تازا ئېنىق پەرق قىلغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن تىكىلىش شەكلى كىشىگە سەھرا تۇيغۇسى بېرەتتى. ئابلىز زىيالىيدىن كۆرە كەنت سېكرىتارىغا كۆپرەك ئوخشايدىكەنغۇ، دەپ

قىلىۋېتىدىغاندەك ئىچ-ئىچىدىن غەزەپكە تولغان ئىدى. ئابلىزنىڭ ئەرۋايى ئۇركۇپ تىزىدا جان قالمىدى، قولىدا ۋېلسىپىت بولمىغان بولسا يەرگە ئولتۇرۇپ قېلىشى ئېنىق ئىدى، ۋېلسىپىتنى تاشلىۋېتىپ ئۆي تەرەپكە قېچىشقىمۇ بولاتتى، بىراق ھەر ئىككىلىسىدە گۆش خەۋپكە ئۇچرايتتى، ئۇنى ئىتنىڭ تاللىقلار ئارىسىغا سۆرەپ قېچىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئابلىز ھەش-پەش دېگۈچە بولغان ئارىلىقتا شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ۋېلسىپىتنى تاشلاشقا قىيمىدى. ئۇنى دالىدا قىلىپ قوغدانماقچى بولدى. ئىتمۇ بوش كەلمىدى. توكلۇك تۇمشۇقىنى سوزۇپ دەھشەتلىك ھۆردى، ئابلىزنىڭ قارشىلىق قىلىشىغا قارىماستىن ۋېلسىپىت جاھازىسىنىڭ ئارىسىغا كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچىلىك چاپسانلىقتا بىر شۇڭغۇپ چىقتى. ئابلىزنىڭ ساغرىسى ئېچىشىپ كەتتى، قولى ئاڭسىز ھالدا ئاغرىغان يېرىنى سىلىۋېدى، ئىشتىنىنىڭ كەينى تەرىپى يىرتىلغان-لىقىنى سەزدى. قولىغا ئىسسىق بىر نەرسە ئۇرۇلدى، بۇنىڭ قان ئىكەنلىكىدە شۇبھە قالمىغان ئىدى، ئابلىز ئۆزىمۇ تۇيمايلا "ۋايجان!" دەپ ۋارقىرىۋەتتى، ئۆز ئاۋازىدىن ئۆزى ئېسىگە كەلدى. ئاندىن جان ئاچچىقىدا چىرقىرىدى، ۋېلسىپىتنى جالاقلىتىپ يەرگە ئۇردى، چۆرۈپ پىرقىرىتىپ ئىتقا پوپوزا قىلدى. ئىت نېمىشقىدۇر ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلمىدى، ئەمدى ئۇنىڭ كۆزى ئابلىزدىن يۆتكىلىپ ۋېلسىپىتنىڭ قىستۇرمىسىغا تىكىلگەن ئىدى، داستىخانغا يۆگەكلىك گۆشنى قانداق ئېلىپ قېچىشنى پەملەۋاتقان بولسا كېرەك. ئابلىز ۋارقىراپ-جارقىراپ ئالچۇقان كۆتۈرۈپ ھويلىنى بېشىغا كىيدى، ئۆي ئىچى تەرەپتىن ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئايال كىشىنىڭ "بويناق چاغ!"، "يوقال جۇۋاينىمەك!" دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— پۈتمىزغۇ ساقىيىپ كېتىدۇ، چاتاق يېرى ئادەم گۆشىنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان ئىت غالجىر كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ، دېگەن بىرگەپنى ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىم.

ئابلىزنىڭ چىرايىدا ئۇڭايسىزلىنىش ئالامىتى پەيدا بولدى. ھېلىمۇ ياخشى، گۇگۇما چىراغ يورۇقىدا پەرق قىلغىلى بولمايتتى، زەردىسى قايناندى. مۇنو سەھرا كاززاپى بىلەن "ئادەم مۇھەممۇ، ئىتمۇ" دەپ مۇنازىرىلەشكۈسى كەلدى، مۇنازىرىلىشىپ قالسا ئۇتتۇرۇپ قويمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا ئۇلۇغلارنىڭ تالاي سۆز ئۈزۈندىلىرىنى يادلىغان، چوڭ مۇنازىرە چېنىقتۇرۇشلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەمەسمىدى، بىراق ھەر قاچانقىدەك بۇ قېتىممۇ ئىشىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ "ياۋاش تۇردى"، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرۋازىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ ئىت ئىگىسى جايىدا قېپقالمىدى، بەلكى ئابلىزغا ھەمراھ بولۇپ يول باشلاپ ماڭدى، ئايالى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزۇتۇپ قويدى، بۇنى كۆرۈپ ئابلىز ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ئەپقاچتى گەپتۇ بەلكى، بۇيناقمىغۇ چەبدەس ئىكەن، يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى ئۆزەممۇ بايقىماي قاپتىمەن.

— غېنىي ئەپەندىنىڭ يۈز-خاتىرى چوڭ، مانا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپمۇ قالدۇق، ئاشۇ تۆمۈر دەرۋازا شۇ، ھويلىسىدا ئىت يوق، كىرىۋەرسىلە.

ئابلىز ئارسالدى بولۇپ بىر ئاز تۇردى، ئاندىن ئىت ئىگىسىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن جانلاندى، دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. بۇنداق سورۇنلارنى كۆپ كۆرۈپ پىشقاچقا ئەسلىدىغۇ ئۇنىڭدا ھېچقانداق جىددىيلىشىش پەيدا بولماسلىقى كېرەكتى، ھازىرقى جىددىيلىك

ئويلاپ ئۇلگۇردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى ھېلىقى ئادەم مەشىنىڭ كانىيىدىن چىققاندەك غالدۇڭ - غۇلدۇڭ يوغان ئاۋازىدا، — بۇيان كەپلا!

— ئابدۇغېنى ئەپەندىنىڭ ئۆيى شۇمىكىن؟ — سورىدى ئابلىز ھۆرمەت يۈزىسىدىن غېنى دېگەن ئىسمىنىڭ ئالدىغا ئابدۇ... سۆزىنى قوشۇپ.

— ھە، غېنىي ئەپەندىنىڭمۇ، ياق، ياق، بۇ يەردىكىلەر مېنى ئېلى ئەپەندى دېيىشىدۇ، غېنىي ئەپەندىنىڭ ئۆيى دوقمۇشتىن ئەگىپ ماڭسىڭىز، مەشەدىن سانىغاندا بەشىنچى ھويلا...

— ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئابدۇغېنىي ئەپەندىنىڭ ئۆيى - ھە؟

— شۇنداق، كەلگىلى ئۈچ - تۆت كۈن بولدى، نېمىسىنى دەيلا، بىز شۇ يەردە تۇرۇقلۇقمۇ تېخى تونۇگۈن ئاران پەتىگە بارالىدۇق، ئۆزلىرىنى نەدىن سورىساق بولار؟!

— شەھەرلىك تېخنىكوم مەكتەپتە ئىشلەيمەن.

ئىت ئىگىسى گەپ قىلغاچ دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. ئابلىز بۇنى ئۆزىنى ھەيدىگەنلىك دەپ چۈشەندى. بىراق ئالدىراپ - تېنەپ كەتمىدى، يانچۇقىدىن قان توختاتقۇچ بىنتىنى چىقىرىپ داكا قىسمىنى ئالدىرىماي ئاجراتتى، ئاندىن ساغرىسىدىكى جاراھەتكە چاپلىدى:

— ئىتلىرى بەكمۇ غالجىر ئىكەن، ساغرامنى چىشلىۋالدى.

— بويناق ئەسلى ئادەم چىشلىمەيتتى، چىشى ئېتىڭىزغا پاتمىغاندۇ؟!

— پاتمامدىغان، قان چىقىرىۋەتتى! — ئابلىز ئاقساپراق ماڭدى.

ئىدى. قورۇغا كىرگەنلىكى كىشىدە ھاۋادىكى ساپلىقا نىسبەتەن ئېنىق سېزىم پەيدا بولاتتى، راھەتبەخش تۇيغۇ ئۇيغىناتتى. باغنىڭ زۇمرەت يېشىللىقىنى يېرىم توسۇپ تۇرغان پاكار تامنىڭ كىچىك ئىشىكى تۇۋىدە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر ۋىجىك بوۋاينىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى، بوۋاي قانداق چاققان پەيدا بولغان بولسا شۇنداق چاققان مېڭىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— كىلىشسىلە باللىرىم، كىلىشسىلە، ھە، بۇ ئېلى سودىگەرغۇ.

— سالامۇ ئەلەيكۇم ئاقساقال، تىنچ تۇرۇلىمۇ، تەنلىرى تازىمۇ؟

— خۇداغا شۈكرى، شۈكرى، باللىرىم.

— بۇ ياق بازاردىن غېنىي ئەپەندىنى يوقلاپ پەتىگە كەپتىكەن، باشلاپ كىردىم.

— ئوبدان بوپتۇ، ئوبدان كەپسەن، بالام، مەن غېنىنىڭ تاغىسى بولىمەن، ئۇ بۇ يىل يوقلاپ كېلىپ مېنى بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتتى، بېشىم ئاسمانغا تېگەيلا دېدى، جۇرۇڭلار ئۆيگە، باللىرىم.

بوۋاي ئۇلارنى باراڭ ئاستى بىلەن باشلاپ ئۆتۈپ، چىراغ يېنىپ تۇرغان ئۆي تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. ئۆينىڭ ئۈستى مەنزىرىلىك ئىدى. سۇپا قېشىغا بارغاندا ئابلىز توختاپ ۋېلىسىپتىنى قۇلۇپلىدى، قىستۇرمىدىكى گۆشنى داستىخاننىڭ ئىلىنىپ قېلىپ يىرتىلىشىدىن ئاۋايلاپ قىسقۇچتىن ئاستا چىقاردى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈردى، كۆتۈرۈپلا ئۆي ئىشىكىنىڭ كېشىكىنى يېرىم تولدۇرۇپ دېگۈدەك تۇرغان سېمىز بىر ئادەمنى كۆردى. ئابلىزغا ئۇنىڭ تۇرقىدىن سوغۇقچىلىق يېغىپ تۇرغاندەك تۇيۇلدى، تومۇرلىرىدىكى قانلىرى ئۇيۇشتى، يۈرىكى توختاپ، مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. مانا شۇ چاغدا كېشەك ئىچىدىن زۇۋان چىقتى:

باياتىنقى ئىشىنىڭ قالدۇق قورقۇنچىنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك.

ئابلىز دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى خېلىغىچە شاقىلداتتى، بۇ ئائىلىدە ئۇششاق بالىلار كۆپ بولۇپ، ئۇلار كۆتۈرگەن ۋاڭ-چۇڭنىڭ كاشىلىسىدىنمۇ ياكى ئۆي بەك ئىچكىرى جايلاشقانلىقتىنمۇ، خېلىغىچە شەپە بولمىدى، ئاخىرى ئۇلار دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئىتتىرىپ بېقىۋىدى، ئېچىلدى. كىرىش-كىرمەسلىك ئۈستىدە دېلىغۇل بولۇپ تۇرغاندا، ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا چىقىپ قالدى:

— كىمنى ئىزلەيسىزلەر؟

— غېنىي ئەپەندى بارمۇ، مەن ھەقەمسايى ئېلىكاڭ، — دېدى ئىت ئىگىسى تونۇشلۇق بېرىپ.

بالا ئۇلارغا بىر قۇر سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن خوشياقماي جاۋاپ قايتۇردى.

— بارلىقىغۇ بار، ھازىرلا مېھمان ئۇزاتقانىدى.

— ماۋۇ مېھمان شەھەردىن ئالاھىتەن كۆرۈشكىلى ئالدىغا كەپتىكەن.

بالا بىر ئاز يۇمشىدى:

— تاغام كىتاب ئوقۇۋاتاتتى، چاقىرايمۇ، كىرىۋېرەمسىلەر؟ بوپتۇ كىرىۋېرىڭلار!

بالا ئۇلارنى يولەكتىن باشلاپ ماڭدى، ئۇلار ئىككى ئەگمە ئىشىكتىن ئۆتۈپ كەڭرەك ھويلىغا چىقىشتى. ھويلىنىڭ بىر تەرىپى باغقا تۇتىشىپ كەتكەن ئۈزۈم باراڭلىقى ئىدى، باراڭنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى گۈللۈكتە ياسمەن، رەيھان، خېنە، چىنە گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن، يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلغان، تويۇنغاندىن كېيىن گۈل-چېچەكلەر، دەل-دەرەخلەر ئۆزگىچە خۇش پۇراق چاچماقتا

مانا بۇ يەردىمۇ جىن چىراغلارنىڭ كۆچەپ تۇتەپ ئىسلىنىشىغا، ئۆچلىشىشىگە، ئەخمىقانە تەنتەنىسىگە پىسەنت قىلماي، ئېلېكتر چىراغلىرى يالتىراپ ياندى ـ دە، جىن چىراغلارنى بىر يولى خىرەلەشتۇرۇۋەتتى، جىن چىراغلارنىڭ زورۇقۇپ بويۇن سوزۇشلىرىغا، ئەزۋەيلەشلىرىگە، نالە قىلىپ پىژىلداشلىرىغا، ئۈمىدسىز سەكرەپ جان تالىشىشلىرىغا قارىماي ئادەملەر ئۇلارنى خۇشاللىق بىلەن ئۆچۈرۈپ تاشلاشتى.

لامپۇچكىلار ھەممە ياقنى يورۇتىۋەتتى، كۆگۈللەرنىمۇ يورۇتىۋەتكەندەك بولدى. بوشلۇقتا ئېسىلىپ، تەڭلىنىپ تۇرغان گۆشنىڭ ياكى يورۇپ تۇرغان ئېلېكتر چىراقلىرىنىڭ سەۋەبىدىنمۇ، ئىششىقلىپ، ئابلىز كېشەككە كەپلىشىپ تۇرغان ئادەمنىڭ تەلەتىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى، يۈز ۋە كۆزلىرىدە نۇر پەيدا بولغانلىقىنى خاتا بايقىمىدى. ھېلىقى ئادەم كېشەكتىن چىقتى، مېھمانلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، لېكىن نېمىشقىدۇر گۆشنى قولىغا ئالمىدى. بەلكى ئۆزىنىڭ توقۇۋېسقلاردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچىدۇ. ئابلىز گۆش كۆتۈرگەن قوللىرىنى پەسلىتىشكە جۈرئەت قىلالماي بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىشكە مەجبۇر بولدى، تەخسە كۆتۈرگەندەك ئاۋايلاپ چامدىدى. بىراق ئۆيگە كىرگەن زامات ئورۇق بىر قول ياندىن سوزۇلۇپ كېلىپ گۆشنى ئالدى، ئايال كىشىنىڭ سىلىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قۇرۇق كېلىۋەرسىلىمۇ بولاتتى، بىكار جوۋۇپلا...

ئابلىز ئورۇق بىر ئايالنى بايقىدى، سەپسېلىپ قارىغىچە ئايال يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ھېلىقى سېمىز ساھىبخان "كۆرپە ئەپچىقىڭلار!" دەپ بۇيرىدى، لېكىن كۆرپە چىققۇچە ئابلىز سۇپىنىڭ پەگا تەرەپتىكى گىرۋىكىگە ساق ساغرىسىنىڭ بۇرجىكىنى چىشلىتىپ

— كىم، تاغاممۇ؟!

— تاغاڭ مېھمان باشلاپ كەلدى، ئوكام، مېھمان!

ئابلىز شەپقەتچىسىنى تېپىۋالغاندەك ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى. تىلى گەپكە كەلمەي قويدى، ھاياجانىنىڭ ياكى باياتىنقى قورقۇنچىنىڭ تەسىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. ياغاچتەك ئەپسىز بولۇپ قاتقان قوللىرى ئىختىيارسىز يوسۇندا تۇگۇندىكى گۆشنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا سوزدى، ئامەتنىڭ ئىچى ئاغرىپ ياردەم بەرگۇسى كەلدىمۇ، قانداق، دەل مانا شۇ ھالقىلىق پەيتتە توك كېلىپ قالدى-دە، ئۆي ۋە قورۇدىكى چىراغلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا "ۋاللىدا" يېنىپ كەتتى. بۇ تەرەپلەرنىڭ توكنى شەھەر تەمىنلىمەيدۇ، كەنتنىڭ ئۆز سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بار، توك سىملىرى كونىراق بولغاچقىمۇ ياكى ئىستانسىنىڭ چاتىقىمۇ، ئەيتاۋۇر، توك بىنورماللىراق. سەھراچىلىق دېگەن شۇ. شەھەردە يۇلتۇزدەك چىراغلار چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان چاغلاردا بۇ ياقنى يېقىن بولۇشىغا قارىماي قاراڭغۇلۇق باسىدۇ، "چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ" دېگەننى شۇدۇ بەلكى. جىن چىراغلار قاراڭغۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ يايراپ كېتىدۇ. پىلدىرلاپ بوقسۇپ يېنىپ ئۆزلىرىچە ئاللىكىم بولۇپ كۆرەڭلىشىدۇ، ھۆكۈمران بولۇشۇپ بىمالال ھۆكۈم سۈرۈشىدۇ. بۇ ھال كىشىلەرگە ئىجادىيەت-كەشپىيات، جۈملىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەت زېمىنىدا تالانتلىقلار ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، تالانتسىزلار ئېچىلىپ يايراپ ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان كۆپ ھاللاردىكى ئومۇمىي ئەھۋالنى ئەسلىتىدۇ. لېكىن يارامسىزلارنىڭ، چاكىنىلارنىڭ ئۆچمەنلىشىشىگە قارىماي تالانتلىقلار يەنە چاقناپ كۆتۈرۈلىدۇ، ئۆز يۈرەكلىرى چاچقان نۇردا ئىنسانلار كۆڭلىنى، ئەقلىنى يورۇتىدۇ، تارىخ يولىنى يورۇتىدۇ.

تۈگۈر ئىس چىقىرىپ ئولتۇرۇۋەردى. ئابلىز ئۇنى مەزەگە قول سېلىپ بېرىشكە زورلىدى. چىرايىنىڭ باياتىن كېشەككە كەپلىشىپ تۇرغان چېغىدىكىدەك تۇتۇقلىقىنى بايقىدى. ئارقىدىنلا ئۆزى نانغا قول سوزدى، "بېخىل نەرسە بولسا كېرەك" دېگەن خىيال ئىختىيارسىز كاللىسىدىن چاقماق تېزلىگىدە ئۆتتى. بۇ خىيالنى ئۇنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قورقۇپ تۈگۈلدى، قوللىرى تىترىگەندەك تۇيۇلدى. ئوغرىلىقچە ئۆپچۆرىسىگە زەڭ سالدى، ھەممىسىنىڭ ئۆز گاللىرى بىلەن ھەلەكلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۆي ئىچىدە چاي ئوتلاش ۋە نان چاينىشتىن ئۆزگە سادا يوق ئىدى. كاتتىلار ھەققىدە يامان خىيالدا بولۇش ھارام ئەمەسمۇ، نەزىرى ئىت ئىگىسىنىڭ يۈگلۈق قوللىرىدا توختىدى. "مۇنۇ ئىت ئىگىسى ئاچكۆز نەرسىمۇ نېمە، سودىگەر دېگەننىڭ ئاچكۆز، يۈزسىز كېلىدۇ. ئەلپازىدىن قارىغاندا بىر ھەپتىلىك تامىقىنى مەشەدە يەۋالماقچى ئوخشايدۇ بۇ نومۇسسىز، زاپاس تاماق يىغىۋېلىپ كېيىن كۆشەپ يۈرۈيۋېرىدىغانغا يوغان چاپان ئىچىدىكى دۇمبىسىدە لوككىسى بارمىكى" دەپ ئويلاشقا ئۈلگۈردى. ئۆزىمۇ چوڭراق بىر كاللەك ناۋاتنى "شاققىدا" ئېلىپلا چىنىسىگە سېلىۋالدى. خۇشامەتكە بارغان جايدا قورساقنى ئۇتتۇرۇۋەتسە بولمايدۇ-دە. لېكىن شۇ چاغدا غېنىي ئەپەندىنىڭ ئۆز قولىغا قادىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. بۇ قاراش يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالىدىغان قاراشتەك بىلىندى، سەل تەمتىرىدى، ئەيمەندى، ئالاقزادىلىكتە چۈشتى، ئۈزۈن، لېكىن قوپاللىراق تىلىنى ھاپىلا-شاپىلا ئىشقا سالدى:

— ئۆزلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى مەن چەكسىز زوق بىلەن ئوقۇيمەن دېسىلە ئەپەندى، — دېدى ئۇ ئاغزىغا قاپسىۋالغان نانىنى چالا چايناپلا

بولغان ئىدى. بوۋاينىڭ "يۇقىرى ئۆتىسلە" دېگەن زورلاشلىرىغىمۇ ئۇ "پەگادا ئولتۇرۇپ كۆنۈپ قاپتىمەن" دەپ ئۇنىمىدى، كاتتىلارنىڭكىگە ياكى مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنىڭكىگە بارغاندا پەگا تاللاشقا ئادەتلەنگەنلىكى دەرۋەقە راست ئىدى. ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئادەت بويىچە قول كۆتۈرۈپ پاتىھە بېرىشتى، ئاندىن ھال-ئەھۋال سورىشىش باشلاندى. ھال-ئەھۋال سورىشىش ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا داۋاملاشتى، ھېچ بولمىغاندا ئابلىزغا شۇنداق تۇيۇلدى، ئاغزى شۇ خىلدىكى سوئاللارنى ياغدۇرۇش بىلەن بولسىمۇ كۆڭلى تېزراق بۇنىڭدىن مۇھىمراق نەرسىلەرگە ئۆتۈشكە ئالدىرايتتى. ئىت ئىگىسى گۆش سوۋغا قىلغۇچىنىڭ كىملىكىنىمۇ ئۆزى بىلگىنىدەك ئاددىيلا قىلىپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئابلىز دەررۇ ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا ئۆزى توغرىسىدا بەزى تەپسىلى ئىزاھلار بەردى، ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ۋە تەتقىقات ھەۋەسكارى ئىكەنلىكىنى، غېنى ئەپەندىگە كىچىكىدىنلا ناھايىتى ئىخلاسمەن شاگىرتلاردىن بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەسەرلىرىنى قولدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيدىغانلىقىنى قىزغىن ئىسپاتلىدى. غېنى ئەپەندى تونۇيدىغان يۇقىرى قاتلامدىكى بىرنەچچە داڭلىق ئەپەندىنى ئۆزىنىڭمۇ تونۇيدىغانلىقى، ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى پۇرسىتىپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇمىدى.

ھېلىقى ئورۇق ئايال داستىخان راسلاپ كىردى، ئۇ ئانچە قېرى ئەمەس، 55 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە ئىدى، بوۋاينىڭ قەدىناسى بولسا كېرەك. دەرۋازا تۈۋىدە كۈتۈۋالغان بالا مورىسىگە لۆڭگە سېلىپ، قوللىرىدا ئاپتوۋا-چىلاپچا كۆتۈرۈپ كىردى، قولغا سۇ بېرىلگەندىن كېيىن چاي تارتىلدى. بوۋاي مېھمانلارنى چايغا تەكلىپ قىلدى، غېنى ئەپەندى ئۈنچىقمىدى، تاماكىسىنى تارتىپ ئاغزىدىن تۈگۈر-

— مەن، مەن... ئەخمىقانە گەپ قىلىپ قويغان بولسام كەچۈر-گەيلا، مەن ياخشى نىيەتلىك ئادەممەن، كۆڭلۈمنى چۈشەنگەيلا، كىچە ياخشى چۈش كۆرگەنتىم، شۇ چۈشنىڭ شاراپىتىدىن مانا مۇبارەك دىدارلىرىنى كۆردۈم. دىمەكچىمەنكى، سىلى ھەقىقەتەن ئەقىللىق، تالانتلىق تەڭداشسىز ئۇلۇغ ئادەم. پىقىر كەمىنىلىرى پىشقەدەملەرنىڭ ھەممىسىنىلا يۈكسەك ھىسابلايدۇ، بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۆزلىرىگە چوقۇنىمەن، بۇ ھەقتە ئىلگىرى سىلىگە خەتمۇ يازغان.

— نىمە خەت؟ سىزدىن خەت ئالغىنىم ئىسىمدە يوق.

ئابلىزنىڭ كاللىسىغا يەنە بىر توقماق تەككەندەك بولدى. قەدىمكى زاماندا ئورىغا بەدىنىنىڭ يېرىمىغىچە كۆمۈلۈپ، لاتا يۆگەلگەن توقماقتا بېشىغا ئۇرۇلغان گۇناھكار قانداق گاڭگىرىسا، ئۇمۇ ھازىر شۇنداق گاڭگىرىماقتا ئىدى. ئادەتتىكى ئېغىر بېسىق، غەم يېمەس مىجەزىنىڭ نەلەرگە كەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، ئۆزىنى يوقۇتۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئىختىيارسىز تىپىرلىدى:

— مەن، مەن، بۇلتۇر 15 شەھەر بويىچە ئېچىلغان ئىختىيارى مۇخبىرلار يىغىنىدا سىلى بىلەن ئۇچرىشىپ كۆڭلۈمنى چۈشەندۈرگەن.

— ئىسىمدە يوق.

ئابلىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەممە قان يۈرىكىگە كېلىپ تىقىلدى، كىيىن يۈزىگە چىقتى، ئۇ پوكاندەك قىزىرىپ دىدى:

— مەن، مەن بىر ئوغلۇمنىڭ بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتقانتىم، سىلىنىڭ ئىدارىنىڭ باسما زاۋۇتىغا... ئويلاپ باقسىلا ئەسلىرىگە كېلىپ قالار، سىلىنىڭ ژۇرنالغا شېئىر

گېلىغا تىقىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ. لېكىن نان ئاسانلىقچە قوزغالمىدى، ئۇۋاقلىرى ئاغزىدىن چاچراپ چىقتى، — ماقالىلىرىدىكى پىكىرلەر شۇنچىلىك ئۆتكۈركى، ئەقلىنى خىرەلەشتۈرىدۇ، بولۇپمۇ كىلاسسىك ئەدەبىيات، ئارخېئولوگىيە، تاغ جىنسلىرى ئۈستىدە توختالغاندا...

— ئەقلىڭىز قاراڭغۇلۇشۇپ كېتەمدىكەن؟ — سورىدى غېنى ئەپەندى تەئەددە بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— ھى، ھى، ھى، شۇنداقىراق، ئۇنى بىر دېمىسىلە. كەمىنە ئىنىلىرى گەپكە ناقىسراق، دېھقاندەكىرەك سۆزلەيدۇ، ئومۇمەن شېئىرىيەت، پەن-تېخنىكا، ئۆسۈملۈكشۇناسلىق، جانۋارشۇناسلىق، ئاتوم تەتقىقاتى، يۇلتۇزلار بىلىمى، تەبىئەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرىنىڭ بارلىق تۈرلىرىدىكى بارلىق تېمىلارنى تىتىپ تاشلايدىكەن-سىز. لوقمانى ھاكىمدەك، ھى... نېمىدى ئىسمى؟ ھە، ئىبن سانادەك.

— تىتىۋېتىلسە كىم يامايدۇ! — دېدى غېنى ئەپەندى سوغۇق مەسخىرە تەلەپپۇزىدا.

ئابلىز مەڭدەپ قالدى، ئۇ تېخى ھەممىلا كاتتىغا دەپ يادا بولۇپ كەتكەن ”سىلىگە ھاياتىم، بارلىقىم تەقدىم،“ ”بەزىلەر مېنى سىلىنىڭ ئىتلىرى دەۋاتىدۇ، بىلىپ قويارلا“ دېگەن تەييار گەپلىرىنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئىدى، خىيالىنى تۈرلۈك-تۈمەن ئەندىشە كەزدى. ئۇنىڭغا راستىنلا دۇنيادىكى جىمىكى نەرسە مۇشۇ باشلىق ئەرباپ بىلەنلا باغلىنىشلىق بولغانلىقتىن مەۋجۇت تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈندى، يۈرىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. غېنى ئەپەندىنىڭ كۆڭلىنى نېمىدەپ ئېلىشنى بىلەلمىدى، دۇدۇقلىدى، ھەرگېپىدە بويىنىنى بىر ئەگدى:

كىدەك ئېغىرلىشىپ قالغانىدەك، تىلى باغلانغانىدەك ئىدى. بۇنداق ناباپ سورۇنلارنىمىغۇ ئۇ كۆپ كۆرگەن، بىراق بۇ قېتىمقىسى نېمىشقىدۇر ھار كەلمەكتە ئىدى. يېشى چوڭىيىپ بېرىۋاتقانلىقتىنمۇ ياكى شۇنچە گۆشىنىڭ چاڭگىلىدىن بىكارلا قۇشتەك چىقىپ كېتىۋات- قانلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، يۈرەك-بېغىرىنى قىسقۇچ بىلەن قىسىپ تۇرۇپ تارتىۋاتقانىدەك بولۇۋاتاتتى.

ساھىبخان پوزىتسىيەسىدىكى توڭلۇق ئىت ئىگىسىنىڭ مۇئامىلىسى- دىمۇ دەررۇ ئىنكاس قوزغىدى، ھويلىغا چىققان چاغدا ئۇ سودىگەرلىك سىزىمچانلىقى ۋە قۇۋلىقىنى ئىشقا سالدى، ساھىبخانغا ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق ئىتىنىڭ ئادەم گۆشىنى تېتىپ قالغانلىقىنى سۆزلەشكە باشلىدى. بۇنداق تېتىشتىن بىچارە ئىت غالجىرلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالارمۇ دېگەن قايغۇنىڭ يۈرىكىنى ئازابلا- ۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— شۇنداق ئاۋارىچىلىقلارمۇ بولىدۇ، — دېدى غېنى ئەپەندى، — ياخشىسى دوختۇرغا كۆرسىتىپ بېقىش كېرەك.

غېنى ئەپەندى مېھمانلارنى يولەككىچە ئۇزىتىپ قويدى، ئايرىلىش ۋاقتىدا ئابلىزدىن بالىسىنىڭ ئىسمىنى سورىدى ۋە "مەن مۇناسىۋەت- لىك يولداشلارغا تاپشۇرۇپ قوياي، خەير-خوش!" دەپ قېپقالدى، ئابلىز بۇنداق گەپلەرگە ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا ئۇرۇندى، لېكىن بولمىدى. ئۇرۇق ئايال بىلەن ھېلىقى بالا ئۇلارنى دەرۋازا تۈۋىگىچە ئەپچىقىپ قويدى. ئابلىز گويا ئۆزىنى ئۆي ئىگىسى كوچىغا ئەخلەتكە ئوخشاش ئىرغىتىپ تاشلىغانىدەك ھېس قىلدى. ئۇشتۇمتۇت كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. تېنى جۇغۇلدىغانىدەك بولدى،

ئەۋەتىشىم مۇمكىنلىكىنى ھەم...

ــ مەن پەقەت ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى، بىز كەلگەن ئەسەرلەرنى كۆرمەيمىز، ژۇرنال يوْنوْلوْشىنى كۆزىتىمىز. كەلگەن ئەسەرلەرنى مۇھەررىرلەر بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئىشچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگىمۇ مېنىڭ قول تىقمىقىم قىيىن.

غېنى ئەپەندى ئورنىدىن قوزغىلىپ پەگاغا چوْشتى، بۇ قوبۇل قىلىش ئاخىرلاشتى، "كەشىڭنى كۆتۈر"، دېگەنلىكىنى بىلدۇرسە كېرەك. ئىت ئىگىسى، بوۋايغا "دۇئا قىلىپ بەرسىلە!" دېدى، بوۋاي قوللىرىنى كۆتۈردى، ھەممىسى "بارىغا بەرىكە!" دەپ دۇئا قايتۇرۇشتى. ئىت ئىگىسى باشلاپ ئورنىدىن تۇردى، ھەقەمسايى بولغانلىقتىن غېنى ئەپەندىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئۇ ھەممىدىن كۆپرەك بايقايدىغاندۇر بەلكى، لېكىن ئابلىز ئۇنىڭدىنمۇ كۆپنى بايقىغان ئىدى. ئۇنىڭغا بۇلارنىڭ ھەممىسى قىزىتمىسى ئاشقاندا كۆرۈۋاتقان چوْشتەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى، ئۇ بۇ قۇرغۇر ئەپەندىنى قاچان، قانداق قىلىپ رەنجىتتىكىن، بولمىسا، نېمانداق سەتكوْشلەيدۇ، سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ. ھېلىقى مۇخبىرلار يىغىنىدا ئۇنىڭ بىر كوْشەندىسىنى ئابلىز يوْزتۇرا ماختاپ ئۇچۇرۇۋاتقاندا غېنى كېلىپ قىلىۋېدى، سوغۇق ھىجايغاندەك قىلىۋېدى، بەلكى بۇ پالاكەتنىڭ بېشى شۇ يەردىدۇر، ئەقلى بولسا توغرا مۇئامىلە قىلسا بولاتتى، ئۇمۇ دىپلوماتىيە ئېھتىياجى ـ دە، سوۋغاتنىمۇ ئاز كۆردى بەلكىم، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئابلىز ئۆز گۆشىنى ئۆزى يىگوْدەك بولدى.

ئابلىز ئولتۇرغان يېرىدە تېخىچە لاپچىيىپ يالغۇز ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىردىنلا سەزدى، باشقىلار سۇپىدىن چوْشوْپ بولاي دېگەندە، تىرمىشىپ ئۆملەپ دېگوْدەك ئورنىدىن تۇردى، بەدىنى ئۆلوْكنىڭ-

خۇشامەتچىلىك دېگەن قۇرۇتسۇن! ئۇ كىملەرنىدۇ ھېكايىدا يازغىلى بولمايدىغان سۆزلەردە تىللىدى. كىملەرنى تىللاۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، غەم-قايغۇ خۇشامەتچىنىمۇ ئاياپ قويمايدىكەن. بەلكى ئالدى بىلەن كېلىپ شۇنىڭغا چېقىلىدىكەن، خۇشامەتكوي ئادەمىنىغۇ چىداشلىقراق بولىدۇ، ئەجەبىلىنەرلىكى نېمىشقا ھەممىلا ئادەم خۇشامەتچىنى تىللايدۇ؟ ھەتتا بەزىدە ئابلىزنىڭ ئۆزىمۇ شۇلارغا ئەگىشىپ بىللە تىللىشىپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇغۇ بىرىنچىدىن ئۆزىنىڭ خۇشامەتچى ئىكەنلىكىنى يېپىش، ئىككىنچىدىن سورۇن كەيپىياتىغا ماسلىشىپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. نېمىشقا كۆپىنچە ئادەملەر خۇشامەتچىنى شۇنچە ئۆچ كۆرىدۇ، بوزەكلىمەك بولىدۇ، خۇشامەتچىنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ نوچى بولسا خۇشامەت قىلغۇزىۋاتقان ھوقۇقلۇق ئەمەلدارلار بىلەن تۇتۇشسۇن-دە! يولۋاس يولۋاس بىلەن ئېلىشسۇن، يولۋاسنىڭ ئىتنى بوزەكلىشى باتۇرلۇقنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بولىدۇ، مانا ئابلىزنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى كەتسە دۇنياخورراق، مەنسەپپەرەسرەك، ئۇ بۇ يولدا ئاز-تولا تەخسىكەشلىك قىلسا نېمە بوپتۇ؟ شۇنچە قىلىپ تېخى مەنسەپ بوسۇغىسىغا يېقىنمۇ يولىيالىغىنى يوق، شۇنىمۇ ئۇنىڭ گۇناھى ھېسابلاش ئادىللىق بولامدۇ؟ ئىنسانىيەت مەۋجۇت بولسىلا دەرىجە پەرقى مەۋجۇت، دەرىجە پەرقى مەۋجۇت بولسىلا خۇشامەتچىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تەبىئىغۇ، تېگىشلىكقۇ، بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار؟ خۇشامەت يەرشارى خاراكتېرلىك چوڭ مەسىلە. ئىنسانىيەت تارىخى بىر دەريا دېيىشىدۇ، ئۇ مانا شۇنداق باش-ئاخىرى يوق ئۈزۈلمەس دەريا، بۇنداق تارىخي مۇقەررەرلىكنىڭ مېۋىسى يالغۇز ئابلىزمىدى؟ ئابلىز خۇشامەتچى

دەرۋازىدىن ئاستا يىراقلاپ مېڭىشتى. ئېلى سودىگەر ئۆز دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە گېلىنى قىردى، قولتۇقىدىن تاۋۇزى چۈشۈپ سالپايغان ئابلىزغا تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— سىلىنىڭ مال دوختۇرىدىن تونۇشلىرى يوقمۇ؟ ئىتنىڭ چىشىنى كۆرسىتىپ باقايلىقمىكى دېۋىدىم.

بۇ ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك ئىش ئىدى، ئابلىزنىڭ ئاغزى كامارىدەك ئېچىلىپ قالدى، مۇنۇ سودىگەرنى ئېزىق چىشىغا ئېلىپ چايناپ پۇركۇۋەتكۈسى كەلدى، بۇ نېمە لاۋزىلىق؟ چاقچاق قىلىۋاتقاندۇ؟ ئەلپازىدىنغۇ چاقچاقنى بىلگۈچىلىكمۇ يوق كۆرۈنىدۇ، شۇملۇق يېغىپ تۇرىدۇ. ھەممىدىن يامان يېرى دوختۇر ئىزلەش، ئۇنىڭ خۇشامەتكە گۆش ئەپكەلگەندە ئىت چىشلىۋېلىپ رەسۋاسى چىققانلىق مەخپىيەتلىكىنى يۇرت-جامائەتكە يېيىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. چاۋىسى چىتقا يېيىلىپ سېسىيدىغان بولدى-دە، نېمە بولسا بولمامدۇ؟ سېسىيدىغانغا ئادەم دېگەن پەمىدۇرمىدى؟ داپيۇزرەك بولۇۋالسا بولغىنى. ئادەم بالىسىنىڭ بېشىغا ھەر رەسۋاچىلىقلار كېلىدۇ، ئابلىز ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. "ماقۇل" دەپ، ئېگىلىپ خۇشلىشىنى ئۇنتۇمىدى. خورلۇققا چىدىمىسا كۆپ ئەمچەك ئەمگىلى بولمايدۇ، ئاغزى يۇمشاق بولۇش كېرەك، بۇ ئۇنىڭ قەلب چاقىرىقى، ھاياتىنىڭ شوئارى!

ئەمدى ئابلىز يالغۇز قالغان ئىدى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، قەيەردىدۇر پاقىلارمۇ ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك بەس-بەستە كۇرۇلدايتتى، غەلىتە بىر تۈيغۇ يەنە چىرماق سالدى. ئارامبەخش ساپ ھاۋامۇ كۆڭلىنى ئاچالمىدى، بۇنداق كۈنگە قالغۇچە ئۇنى يەر يۇتسا بولماسمىدى؟

بولۇۋاتىدۇ؟ مانا ئۆمرى يۇندىخورلۇق يولىدا پايپاسلاپ ئۆتمەكتە. بۇ
يولدا ئۇ قانچىلىك قان يۇتمىدى؟ شۇ خۇشامەت قايغۇلىرى يۈرىكىنىڭ
تەگدىن تولىسىنى يەپكەتتىغۇ. ئابلىزنىڭ كۆڭلىدە ئاچچىق بىر ھەس-
رەت قىمىرلىدى. ئۆمرىدە چاقماقتەك "ۋاللىدا" چاقناپ شولا چاچىدى-
غان بىرەر ئىشىنىڭ، بىرەر كۈنىنىڭ تايىنى يوقلىقىنى سەزدى، ھېچ
بولمىغاندا ئۇ جان ھەلقۇمىغا يەتكەندە نېمىنى ئەسلەپ، نېمىگە
تارتىشىدۇ؟!... ئابلىزنىڭ پىكىرلىرى شۇنداق چىرماشتى، بىر-
بىرىگە زىت بولۇپ قالايمىقانلاشتى. ھەر قاچانقىدەك بۈگۈنمۇ ئۇ
ئانىسىنىڭ ئۆزىنى كالتە پەم قىلىپ تۇغقىنىدىن ئاغرىندى. ئۇنىڭ
مىجەزىدە زىددىيەتلىك تەرەپلەر شۇنداق نۇرغۇن. نەپ ھېرىسمەن-
لىكى كۆپ چاغلاردا ۋىجدانىنىڭ ئەيىبلىشىدىن ئۈستۈن كېلىدۇ،
بىراق بەزىدە ۋىجدان رول ئويناپ قويىدىغان ھاللارمۇ بار،
خۇشامەتچىلەردىمۇ ئاز-تولا نومۇس كۈچى ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ،
بەزىدە خورلۇق جېنىدىن ئۆتكەندە ئابلىزمۇ ئىچ-ئىچىدىن
يىغلايدۇ. ئۆزىنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىگە تۈكۈرىدۇ. ئاق كۆڭۈل
خۇشامەتچىلەر بەزىدە گۇناھلىرىنى كۆز ياشلىرىدا مانا شۇنداق
يۇيۇشىدۇ، بىراق بۇنىڭلىق بىلەن خۇشامەتچىلىكتىن قول ئۈزۈۋېتەل-
مەيدۇ. توۋا قىلىشمۇ خۇيى قويمايدۇ، بۈگۈنمۇ شۇنداق بىر ھېس
پەيدا بولۇپ، پۇشايمانغا ئوخشاش بىر تۇيغۇ كۆڭلىنى خىرە قىلدى.
ئابلىز ئاللىقانداق ئىسسىق بىر نېمىنىڭ بوغۇزىغا قاپلىشىپ كېلىۋاتى-
قانلىقىنى سەزدى. ئامال قانچە؟ بۇ دۇنيا مانا شۇنداق ئۆزىنىلا
كۆزلەيدىغان ئادەملەرنى قويىنىغا سىغدۇرماي پات-پات سىقىپ
سۈيىنى چىقىرىپ تۇرىدىغانمۇ ئوخشايدۇ...!

1987-يىل ئاۋغۇست، قۇمۇل.

بولسمۇ ئاق كۆڭۈل خۇشامەتچى، ئادەتتىكى خۇشامەتچىلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئومۇمەن خۇشامەتنى ياقتۇرۇش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى، ئابلىز بۇ نۇقتىنى باشقىلاردىن ئوبدانراق بايقىغان، چۈشەنگەن. ياخشى گەپنى، يۇمشاق مۇئامىلىنى، ئوبدان خۇشامەتنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئىنسانمۇ دۇنيادا مەۋجۇتمۇ؟ خۇشامەت قىلىنىشقا ئېرىشەي دېسەڭ، ئىشنى خۇشامەت قىلىشتىن باشلا، مانا ھاياتنىڭ يوشۇرۇن سىرى دېگەن. ئادەملەر مۇھەببەتنى ھۆرمەتلىشىدۇ، توۋا، مۇھەببەت سەزگۈ ئىكەنۇ، خۇشامەت سەزگۈ ئەمەسمىكەن؟ بەخت بىلەن خۇشامەت يانداش بولىدۇ، خۇشامەت كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە بەختنىڭ گۈلشىنىگە كىرەلەيسەن، ھالبۇكى ئۇلارنى خەتەرمۇ، قورقۇنچمۇ، خۇشاللىقمۇ ئوراپ تۇرىدۇ. سەللا بىخەستەلىك قىلساڭ شەرمەندىچىلىك سازلىقىغا ياكى ھالاكەت ھاڭلىرىغا دومىلاپ كېتىسەن. خۇشامەت دېگەن مانا شۇنداق نازۇك ساختىپەزلىك. راستىنى ئېيتقاندا، يېتىدىغان پايدىنىڭ چوڭراقلىقىنى دېمىسىغۇ ئابلىزمۇ شۇ خۇشامەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانمىغان بولاتتى. ئۇرۇش، شان-شەرەپ، مۇھەببەت دېگەنلەرنى مەغلۇپ بولغاندىمۇ خەققە ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىپ ھاردۇق چىقىرىۋېلىشقا بولىدۇ، بۇ لەنىتى خۇشامەت سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ دەرد تۆكۈۋېلىشقىمۇ، كۆز-كۆز قىلىپ لاپ ئۇرۇۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ، نېمىشقىدۇر كىشىلەر ئېغىزدا ئۇ پەسكەشلىكتەكلا تۇيۇلىدۇ. خۇدا بەندىلىرىگە ئىنساپ-تۆۋپىق بەرسۇن، ئۇلار خۇشامەتچىلەرگىمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرسۇن. ئابلىزنىڭ نېمىشقا قەدىر-قىممىتى يوق بولۇشقا تېگىشلىككەن؟ ئۇ نېمىشقا تۇغۇلۇپ، نېمىشقا ئۆلىدۇ؟ خورلۇق، ھاقارەت ئۈچۈنلا يارالغانمىدى؟ ئۇنىڭ ئۆمرىدە نېمە مەنا

بولۇپ يۈرەتتى. زادى قانداق قىلغاندا رەسىمدە تەبىئەت ياكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ؟ بولۇپمۇ ئادەملەرنى ماھىيەتلىك، جانلىق سىزغىلى بولىدۇ؟ بۇ رەسسامدىكى مۇنۇ ئايالنى رومانتىك قىز قىلىپ، ئۇنىڭغا شائىرانە تۇيغۇ بېغىشلاش كېرەكمۇ، ياكى بىرەر تەتقىقاتچى ئايالغا خاس سىياق، سالاپەت بېرىش كېرەكمۇ؟ ھېسسى تۇيغۇ قويۇقراق بولسۇنمۇ ياكى ئەقلى ئالامەتلەرمۇ؟ سىپايە ئايال بولغىنى تۈزۈكتۇر، بەلكىم، ئادەملەر سىپايىلىققا ئامراق كېلىدۇ ئەمەسمۇ! كۆلگىغۇ باغچا كۆلى ئەندىزە قىلىندى، سىپايە ئايالغا كىمنى ئەندىزە قىلىش كېرەك؟ بۇ يەرگە كېلىۋېتىپ مەن خىزمەتدىشىمىز پاتەمخان ئاچىنىڭ ئۆيىگە دۇقۇرۇپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ پات-پات ماختىلىدىغان سىپايىلىقى دىققىتىمنى تارتقاندەك قىلىۋىدى، مەندە ئۇنىڭ بىرەر سەنئەتلىك فوتو سۈرىتىنى ئۆتنە ئېلىپ پايدىلىنىش پىكرى تۇغۇلغان. ئەپسۇسكى، ئۆيدە ھېچكىم يوق بولۇپ چىقتى، ئەمدى بېشىمنىڭ ئىچىمۇ-تېشىمۇ قاتتى. مەن نەزىرىمنى رەسىم لايىھىسىدىكى كۆلدىن باغچىدىكى ھەقىقىي كۆلگە يۆتكىدىم. بۇ كۆل رەسىمگە سېلىشتۇرغۇسىز گۈزەل ئىدى. ھەممە نېمىسىنىڭ تەبىئىيسى ياخشى. ئالدىمدا ئۇنچىلا چوڭ بولمىغان بىر كۆل كەچكى شەپەق نۇرىدا جىلۋە قىلىۋاتقان ئەينەكتەك پارقىراپ ياتاتتى. قورام تاشلاردىن تەكشى قوپۇرۇلغان قىرغاق ياپيېشىل دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ئىدى. دەرەخ ئۇچلىرىنىڭ تۇتاش يېشىل دېڭىزى ئۈستىدە سۇۋادان تېرەكلەر قاتارى ئالاھىدە مەغرۇر قىياپەتتە ئاسمان بىلەن سۆزلىشەتتى. دەرەخ ئارىلىرىدا، قىرغاق بويلىرىدا كىشىلەر سەيلە-تاماشا قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەسۇم ئۆسمۈرلەرمۇ، مۇھەببەت ياكى شەھۋانى ئىستەكتىن خۇدىنى يوقىتىپ،

# سپايە ئايال

پەلكۆچنى بوياق قۇتىسىغا سېلىپ قويدۇم ـ دە، گەۋدەمنى يۆلەپ چۆكلىك ئۇزۇن ئورۇندۇققا تاشلىدىم. رەسىمگە جان كىرگۈزەلمەي خاپىلىق باستىمۇ، ياكى راستىنلا ھاردۇق يەتتىمۇ، بۇنىسى ئايدىڭ ئەمەس، بەلكى چارچىغاندۇرمەن. كۆن بويى گېزىتخانا تەھرىر بۆلۈمىدە گۈزەل سەنئەت تەھرىرلىكى قىلىپ، ئىشتىن سىرت رەسىم ئىجادىيىتى بىلەن ھەپىلىشىش ئوڭايمۇ؟ ئىجادىيەت ھەۋىسى بىلىپ تۇرۇپ جاننى ئۇپرىتىش دېگەن گەپ ئىكەن. بۈگۈن تېخى ئەدەبىيات بېتىدە ئىشلىتىلىدىغان بىر پوۋېستقا قىستۇرما رەسىم سىزىشنى باھانە قىلىپ ئىشتىن بالدۇرراق چۆشكەنتىم. ئاشپۇزۇلدا قورساقنى چالا ـ بۇلا گوللاپلا رەسىم جاھازىمنى ئېلىپ بۇياققا چاپتىم. باغچا كۆلىنىڭ كەچكى مەنزىرىسىنى سىزىش خىيالىي خېلىدىن بېرى ئىچىمگە ئوت يېقىپ يۈرەتتى.

باشلىغىنىمغا بىر نەچچە كۈن بولغان بۇ رەسىم تېخى پۈتمىگەن ئىدى. ئەمدى بۇ خام نۇسخىدىن كۆلنىڭ تۇتۇق كۆرۈنۈشىنى، كۆلگە تىكىلىپ تۇرغان بىر ئايالنىڭ كۆلەڭگىسىنى بايقىغىلى بولاتتى. بىراق ئۇ تېخى كىشىگە چىنلىق تۇيغۇسى، بەدىئىي ھۇزۇر بېرىشتىن كۆپ يىراقتا ئىدى. مانا شۇنداق ئۆز ئەسلى بولمىش ھەققىي كۆلنىڭ يېنىدا قويۇلغاندا بەكمۇ چاناتتى. ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى تېخى ھەل قىلالمىغان ئىدىم. كاللامدا ھەرخىل خىياللار گادىرماچ

گويا ئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە ياڭپاشلاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇشقا باشلىدىم. ۋۇجۇدىمدا ئاجايىپ لەززەتلىك سېزىم جۇش ئۇردى، يۈرىكىم راھەتلىنىپ ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مەن گويا بۇ ئاددىي دۇنيادا ئەمەس، قانداقتۇر بىر ھېكمەتلىك خىيالىي دۇنيادا كېزىۋاتقاندەك، جەننەتنىڭ سېھىرلىك مەرۋايىت كۆلى بويىدا ھاياجانغا چۆمۈۋاتقاندەك ئىدىم. ھەممە نەرسە سىرلىق، پاكىزە، خىيالىي، گۈزەل، تىلسىملىق، مۇقەددەس كۆرۈندى. ئەپسۇسكى، بۇ مۆجىزىلىك كەيپىيات بىردەملا داۋاملىشىپ غايىپ بولدى. چۈنكى ئۇنىڭغا كۆتەرگەنلەر كۆۋرۈكتىن ئۇ قاتقا ئۆتۈپ، بارا-بارا يىراقلاپ كەتكەن ئىدى.

گۈگۈم سېھىرلىك قارا پەردىسىنى يېيىپ شەپەقنىڭ ئوتىنى ئۆچۈردى، ئاسمانغا يۇلتۇزلار چىقىشقا باشلىدى. بىراق كۆل ئەتراپىدىكى چىراغلارنىڭ چاقناشلىرى تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئۇلار تولىمۇ سۇس ۋە ئاز كۆرۈنەتتى. مەن كۆلنىڭ ئارامبەخش مەنزىرىسى، كېچىنىڭ تىلسىملىق ئاسمىنىدىن جىمجىت ھۇزۇر ئالماقتا ئىدىم. رەسىمگە سىپايە ئايالنىڭ ئەندىزىسى كېرەك. ئۆزۈم تونۇيدىغان سىپايىگەر ئاياللارنىڭ قىياپىتىنى بىر-بىرلەپ خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم. كۆزۈمگە يەنە پاتەمخان ئاچىنىڭ تەقى-تۇرقى كۆرۈندى، بۈگۈن ئۇنى تاپالمىغىنىم يامان بولدى، بۇنىڭ رەسىمنى پۈتكۈزۈشكە چوڭ كاشىلىسى تېگەر، ئەگەر ئۇنىڭ قىياپىتىنى تولۇق ئېسىمگە كەلتۈرۈپ، رەسىمنى شۇ خىيالىي كۆرۈنۈشكە ئاساسەن سىزىۋەرسەمچۇ؟! ئوبيېكتىنىڭ ئۆزىگە ياكى فوتو سۈرىتىگە قاراپ سىزىشنىڭ ئۆلۈك تەرىپىمۇ بولىدۇ، خىيالدىكى قىياپەتكە ئاساسلىنىپ سىزغاندا، بەلكى جانلىقراق، ئىجادىيراق چىقىشى، ئۆلۈك قاتماللىق-

بىر - بىرلىرىگە ئېسىلىشقان، چىرمىشىۋېلىشقان ياشلارمۇ، بوتۇلكا ئوينىتىپ، گەدەن چىقىرىپ ئىغاڭلاشقان كۆرەك تەلۋىلەرمۇ، يېپىشقاق، كۆكەمە، بىھايا مەستلەرمۇ، ھايات ياكى خىزمەت ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ۋەزىن قەدەملەردە كېتىۋاتقان قىران ياشتىكىلەر، ئوتتۇرا ياشلىقلارمۇ، ئاقباش ھەمرىيىنى ياكى كەپسىز نەۋرىسىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان مېھرىبان چاللارمۇ بار. قىسقىسى ياخشىمۇ، يامانمۇ، چىرايلىقمۇ، سەتمۇ، قېرىمۇ، ياشمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى باغچىنىڭ كەچكى جىمجىتلىقىغا ھالاقەت بەرمەيتتى. بەلكى ھەيۋەتلىك كاتتا مەنزىرە رەسىمگە كىچىككىنە ئاددىي ئادەم شەكلى جان كىرگۈزگەندەك ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتەتتى.

مەن ئولتۇرغان جاي كۆل ئىچىگە ياسالغان سۈنئىي ئارال ئىدى. بۇ ئارالنى گۈل - چىمەن، دەل - دەرەخلەر ئوراپ تۇقايلىققا ئوخشىتىپ قويغان، ئۇنىڭدىكى شىپاڭ نەقىشلىك بولۇپ، ئورۇندۇقلار ئېگىز ئۆسكەن گۈللەرنىڭ دالدىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئۇلار گويا سۆھبەتلىشىش، مۇھەببەتلىشىش، ياكى تەنھا خىيال سۈرۈشكە خالىيلىق، ئىمكانىيەت بېرىشنى ۋەدە قىلىپ تۇراتتى. ئارالنى مەرمەر تاشتىن ياسالغان ئەگمە كۆۋرۈك قىرغاققا تۇتاشتۇراتتى. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن قولۋاقلار ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، كۈندۈزلىرى بۇ يەردە ئادەملەر ئۈزۈلمەي سۈرەتكە چۈشەتتى. كەچقۇرۇنلىرى جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەر، ئاشىق - مەشۇقلار دەرەخلەر ئاستىدىكى، گۈللۈكلەر ئارىسىدىكى ئورۇندۇقلارغا چۆكۈۋېلىشاتتى.

كۆۋرۈك بېشىدا كىمدۇر بىرى ئۈنئالغۇ قويدى، دۇنياغا داڭلىق «ئاققۇ كۆلى» مۇزىكىسى يۈرەكنى تىترىتىپ يېقىملىق ئاھاڭدا ياڭراشقا باشلىدى. مۇزىكا يېنىك، ئىلھامبەخش ئىدى. بىردىنلا مەن

ئۇلارنىڭ ئاۋازى ماڭا خېلىلا ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— ماڭا ئۇنداق قارىمىسىلا، ئىزا تارتىدىكەنمەن، — دېدى پاتەمخان ئاچا نازلىنىپ، — بىزدىن گۇمانلانغان ھېلىقى قارانىيەتچىنىڭ ئەدىبىنى تويدۇرماي بېرىپلا ـ ھە، مۇدىر.

— بىزنىڭ پېيىمىزگە چۈشمەكنىڭ قەستىدە يۈرگەندەك كۆرۈنۈۋىدى، شارتلا قىلىپ قالدىم، ئۆزىمۇ زەربىنىڭ قاياقتىن كەلگەنلىكىنى تۇيماي قالدى، ئۇنداقلار تاش سانىغۇچە بىز قۇم سانايمىز، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتمەكمۇ بىر تالانت ئەمەسمۇ! — بۇ نامەت ئاكىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئۇغۇ شۇنداق. ئاۋۇ سۇيىقەستچىنىڭ يامانلىقىنى دەيمىنا، تۇۋا...بىر ئوبدانىدەكلا كۆرۈنۈۋىدى، ئادەم دېگەننىڭ ئىچىدىكىنىغۇ بىلگىلى بولمايدىكەن، ھەممە ئادەمنىڭ بىزدەك ئىچى ـ تېشى ئوخشاش بولسىدى، ھەي...

— ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا بولىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى نامەت ئاكا يىغىنلاردا سۆزلىگەندەك تەمكىن ئاھاڭدا.

نامەت ئاكا بىزنىڭ بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، پاتەمخان ئاچا بىلەن ئىجىل ئىدى، ئۇلار بۇ كېچە ھىمايىسىدىكى گۈلزارلىقنىڭ مۇھەببەت ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بۇلۇڭىغا نېمىگە كەلگەندۇ؟ ئىختىيارسىز ئىلگىرى ئاڭلىغان بەزى مىش ـ مىش پاراڭلار بىردىنلا ئېسىمگە چۈشتى. بۇ پاراڭلاردا بۇلار ئەخلاقى جەھەتتىن ئەيىبلىنەتتى. مەنمۇ ئەزەلدىن ئۇنداق ئېيقاچتى گەپلەرگە ئىشەنمەيتتىم. ئۇلار سىپايە، ئەخلاق ـ دىيانەتلىكلا كۆرۈنەتتى. ئەسلىدىغۇ شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدىغانمۇ ئوخشايدۇ. نامەت ئاكا 53 ياشلارغا

تىن ساقلانغىلى بولۇشى مۇمكىن، تەسەۋۋۇرۇمدا پاتەمخان ئاچىنىڭ سىپايە قىياپىتى ماڭا كۈلۈپ قاراشقا باشلىدى، بۇ كۆزلەردىن ئاق كۆڭۈللۈك، مېھرىبانلىقنىڭ مۇقەددەس نۇرلىرى چاقناۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

ئۇشتۇمتۇت كەينىمدىكى گۈل چاتقىلىنىڭ ئۇ يېقىدىن پىچىرلىشىپ ئاستا كۈلۈشكەن ئاۋاز ئاڭلاندى. كۈلگە يېقىن بولغاچقىمىكى، بۇ گۈل چاتقىلىنىڭ بۇ يېقىغىمۇ، ئۇ يېقىغىمۇ ئورۇندۇق قويۇلغانىدى. دەسلەپتە مەن ئېرەڭ قىلمىدىم، لېكىن نېمىلا دېگەن بىلەن پىكرىم بۆلۈنگەن ئىدى. ئارال كەچقۇرۇن پۇتۇنلەي ياش قىز-يىگىتلەرگىلا مەنسۇپ بولۇپ قالاتتى. بۇ ئاۋاز ۋە كۈلكىنىڭ ياشلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقى مېنى ئەجەبلەندۈردى. يېشى توختالغان ئەر-خوتۇنلار بولسا كېرەك. بىراق ئايالنىڭ غىلجىڭلىقى، مەمەدانلىقى مەندە ئۇنىڭ ئەدەب دائىرىسىدىكىلەردىن ئىكەنلىكىگە گۇمان تۇغدۇردى. ئۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بىر قېتىم كۈلەتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى بارا-بارا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. كېچە قاراڭغۇلۇقى تۈپەيلىدىن ۋە گۈل چاتقىلى توسۇپ تۇرغاچقا مەن ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىكى ئالامەتلەرنى كۆرەلمەيتتىم. بىراق ئاۋازلىرى تونۇش چىقىپ قالدى. بۇ كۈلۈۋاتقىنى دەل مەن خىيال قىلىۋاتقان گېزىتخانىمىزدىكى فوتو موخبىر پاتەمخان ئاچا ئىدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىنى ئۇنىلغان ئادەمنىڭ كۈلكىسى ئىچىدىنمۇ بىر ئاڭلاپلا پەرق ئېتىۋالغىلى بولاتتىكەنغۇ، ئۇ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىكىنە؟ كەلگىنى ئوبدان بولغانمۇ-قانداق؟ گەپدانراقلىقىنى بىلمەسكە ساناىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى سىپايە ئايال دېيىشەتتى. دەرۋەقە، ئۇ يۇمشاق، مۇلايىم مۇئامىلىلىك سىپايە سالاپەتكە، دۇرۇس ئادەم قىياپىتىگە ئىگە ئىدى. ئەمدى

"تۇرمۇش ئەخلاقىدا ئاز-تولا چېچىلاڭغۇلۇق بولغان ھالەتتىمۇ بۇ ئۇنىڭ سىپايە، مېھرىبانلىق ماھىيىتىگە چوڭ دەخلى بولالماس، — دەپ ئويلىدىم مەن، — ئاينىڭمۇ يۈزىدە داغ بولىدىغۇ؟"

پاتەمخان ئاچىنىڭ يەنە چىققان ئاۋازى خىيالىمنى بۆلىۋەتتى، بۆلۈمدىمۇ خەق نېمە ماۋزۇدا گەپ قىلىشىۋاتقان بولسا ئۇ شۇ ياقتىن ماسلىشىپ گەپنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ياۋاش، سىپايە، ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىق، ئەخلاقلىق، سېخى، مەردانە قاتارلىق كۆپتىن-كۆپ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر ئىككى كەچۈرمىشىنى ھېكايە قىلىۋالماي قويمايتتى. بۇلارنى بۇرۇن ھېس قىلسامۇ ئەقلى بېلىش دەرىجىسىدە چۈشەنمىگەن بولسام كېرەك. ھازىر بۇرۇن ھېس قىلمىغان، چۈشەنمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەر يىپقا تىزىلغان مارجاندەك ئەقىل كۆزلىرىمنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى نامايان قىلىشماقتا ئىدى. كىشىلەرنىڭ پاتەمخان ئاچىنى ياۋاش، يۇمشاق دېيىشى ئۇنىڭ كېسەلچان كۆرۈنىدىغانلىقى، ئۆزىنى ساددا، بىچارە قىلىپ تەسۋىرلەشلىرىنىڭ باشقىلاردا ئېچىنىش، ھېسداشلىق ئويغىتىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىيتتى بەلكىم. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئادەمگە ئازار بېرىشتىن، چۈمۈلىنى دەسسىۋېلىشتىنمۇ ھەزەر ئەيلەيتتى. بىراق بۈگۈن بۇ خىلۋەتتىكى ھېكايىسى باشقىچەرەك باشلانغاچقا مەندە قىزىقسىنىش پەيدا بولدى. توغرىراقى سەل چۆچۈدۈم. ئىختىيارسىز قۇلىقىمنى ئۇلار تەرەپكە سىڭايان قىلدىم.

— مەنمۇ شۇنداق بىر كۈشەندەمنىڭ جاجىسىنى بەرگەن دېسىلە، ئانىسىدىن ئەمگەن سۈتىنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلغان ئىدىم، — دېدى پاتەمخان ئاچا بېسىقراق، تەمكىن تاۋۇشتا ھېكايىسىنى باشلاپ، — مەدەنىيەت ئىنقىلابى بوراندەك كېتىۋاتقان چاغلار ئىدى، ئۆزەمنىڭمۇ

بىرىپ قالغان كىشى ئىدى. پاتەمخان ئاچىنىڭ يېشىغۇ 33 تە توختاپ قالغىلى خېلى يىللار بولغانمىش. چىرايىنىڭ ئۆزىغۇ ياشنىڭ ئەيىنىكى، ئېغىز يوشۇرغان بىلەن چىراي ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ياشمۇ ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشى، تەرەققى تاپقان غەرب ئەللىرىدە ياشنى، بايلىقنى، بەدەن ئېغىرلىقىنى سوراشمۇ مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. ياشقا كۆپ ئارىلىشىۋېلىش، كۆزگە كىرىۋېلىشلار ئومۇمەن بىر خىل مەدە-نىيەتسىزلىك، قالاقلىقتۇر. لېكىن بۇ ھۆججەتلەشمىگەن قائىدە-پرىنسىپنى چۈشەنمىگەنلىكتىنمىكىن، ئەيتاۋۇر، بەزى ساۋاقداشلىرى، قۇرداشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆزلىرىنى 38 ـ 40 ياش دەپ ئېلان قىلىشاتتى. بولۇپمۇ مەھەللىداش بىر ئېمىلدىشى قېرىشقاندەك بىرقانچە سورۇندا شۇنداق دارتىپ ئۇنى ئوسال قىلغانمىش. بەزىلەر ئۇنىڭ قىچىقى بارلىقى ھەققىدىمۇ ئېغىز ئېچىپ قالاتتى، بىراق مەن تىڭشىمايتتىم. ئاپامدەك چوپچوڭ بىر ئايالنىڭ بۇ جەھەتتىكى سۆز-چۆچەكلىرىنى ئاڭلاشمۇ ئەخلاق بابىدىن ئەمەس-تە. پاتەم-خان ئاچا ھەققىدە بۇنىڭدىن ئوشۇق بىلمەيتتىم، بىلىشكىمۇ قىزىقمايت-تىم. ماڭا ئۇ ھامان شۇنداق سىپايە، مېھرىبان كۆرۈنەتتى. مانا بۈگۈن بولسا قىسمەت جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىپ، تەتۈرلۈك قىلىپ، شۇنداق تەتۈر بىر سورۇنغا مېنى ئۇدۇل كەلتۈرگىنىنى...

مەن تۇيدۇرماي ئورنۇمدىن تۇرۇپلا كېتىپ قېلىش نىيىتىگە كەلدىم، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن پەيت كۈتۈش كېرەك ئىدى. چۈنكى مېنىڭ ئۇلارنى يانداپ ئۆتۈشۈم، بىرنەچچە مېتىر ماڭغاندىن كېيىن چىراغ يورۇتۇپ تۇرغان تار يولغا كىرىشىمگە توغرا كېلەتتى، ئاشۇ يورۇق جاي دەل ئۇلار يۈزلىنىپ ئولتۇرۇشقان تەرەپتە ئىدى.

— زوقۇم كېلىپ ئىچىم كۆيگەندۇ، — دېدى نامەت ئاكا ئۆزىنى ئاقلاپ، — قېنى داۋاملاشتۇرۇڭ، قۇلىقىم سىزدە.

— بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، ھېلىقى شۇمتەكىنىڭ دادىسى چىقىپ كېلىۋاتامدۇ! ئۇ چاغدا مەن تېخى بىر ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىمچىلىك قىلاتتىم، بۇنداق چوڭ شەھەرگە يۆتكىلىپ كېلىش ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمەيدىغان چاغلار دېسىلە.

— پەقىر سىز كەمسۇندۇرۇۋاتقان شۇ ناھىيىگە خىزمەتكە بېرىپ، سىزبىلەن تېپىشىپ قالغان ئەمەسمىدىم، يۆتكىلىپ كەلمىگەن بولسىڭىز بۈگۈنكىدەك شېرىن تۈنلىرىمىز ئاز بولاتتىدە، — دېدى نامەت ئاكا گەپ قىستۇرۇپ.

— ھېلىقى مۇئەللىپ دېگەن نەرسىمۇ بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئەدەبىيات دەرسى بېرەتتى، ئۆزى ياۋاش بولغىنى بىلەن كەسپىي جەھەتتە دائىم ئالدىمغا ئۆتۈۋېلىپ چىشىمنى قېرىشتۇراتتى. ئۇ "بالا ئارىسىغا كىرمەيلى" دەپ گەپ سېتىپ تۇرۇپ، ئۆز بالىسىغا ئاستىرتىن يان بېسىۋاتىدۇ، غەرەز ئوقتۇرغىلى بولمىغاندىكىن بۇ بىغەرەز ھازازۇلغا تىل سالدىم. قاردسام، گەپ ياندۇرۇپ خورازدەك ھۆرپىيىۋاتىدۇ. مەن كىم، ئۇ كىم، سەپرايىم قىرىق گەز ئۆرلىدى، كاچاتقا سالاي دېسەم كۈچۈم يەتمەي قېلىشىدىن قورقتۇم. "جىندەك توختاپ تۇر، ھوي بېشىڭنى يېگۈر قارانىيەت، كەتمەننى ئەپچىقىپ دادا، بالا ئىككىڭنى تىرىك كۆمىمەن بۈگۈن!" دېگىنىمچە كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم. ئۆزەمنى بىر تونۇتۇپ قويۇش پەيتى كەلگەنىدى، ئىلگىرىمۇ بۇنداقلاردىن نەچچىسىنى دۈم چۈشۈرگەن چوكانمەن. خەققە سىر بەرمىگىنىم بىلەن سىلى-بىز بەش-ئالتە يىللىق قەدىناس ئاداشلارمىز غۇ،

تۈنجى ئىرىمدىن ئاجراشقىنىمغا ئۇزۇن بولمىغان، ئۆيدە يەتتە - سەككىز ياشلاردىكى قىزىم ئىككىمىزلا تۇراتتۇق. بىر كۈنى چۈشلىكى سۈپىدا ياستۇقنى ئېگىز قىرلاپ، بىخەمىنىڭ كۈنى — پادىشاھنىڭ كۈنى دەپ ئارام ئېلىپ ياتسام، قىزىم ھۆر - ھۆر يىغلاپ كىرمەسمۇ، كۆزۈمگە يەر تەۋرەپ كەتكەندەك كۆرۈندى، ياتقان يېرىمدىن قانداق چاچراپ تۇرغىنىمنى بىلمەپتىمەن. "نېمە بولدۇڭ؟" دېسەم، "مۇتەللىپنىڭ بالىسى ئۇردى" دېمەسمۇ، بېشىمدىن بىر ئوت كىرىپ، تاپىنىمدىن چىقىپ كەتتى. مۇتەللىپ دېگىنى بىر كەلگىندى كېسەل كۆرپىسى ئىدى. قىزىغۇ قىزىم بىلەن تەڭ دېمەتلىك، لېكىن جىن ئاۋاق نەرسىدى، "ئۇرۇق كالىنىڭ مۈڭگۈزى يوغان" دېگەندەك، يۇتقانىنىڭ تېشىدىن بولغان بۇ شۇمتەكنىڭ كۈچى باركەن دېسىلە.

— قېنى ئۇ بويىغا يەتمەي تۇرۇپ بۇزۇلۇپ كەتكۈر قانجۇق! — دېگىنىمنىلا بىلىمەن، تالاغا قۇيۇندەك ئېتىلىپ چىقىپتىمەن، ئۇ قىل بويۇن جۇۋاينىمەك ئىشكى ئالدىدا خىيالى تۇرۇپتىكەن، ئەلپازىمنى كۆرۈپ "غىپلا" قىلىپ ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى تاقىۋالدى. ئىشكى ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، دېۋەيلەپ تۇرۇپ تازا تىللىدىم. ئاچچىقىمدا بۇ شۇمتەك ھارىمىنىڭ ئانىسىنىمۇ، دادىسىنىمۇ، دادىسىنىڭ ئانىسىنى، مومىسىنىڭ مومىسىنىمۇ يەتمىش پۈشتىغىچە قوشۇپ تىللاپتىمەن، قاغاپتىمەن.

— تىللاپ بەش پۇچۇق قىلىۋېتىپسىزدە، — نامەت ئاكىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — شۇنچە يۇمشاق ئېغىزغا قاتتىق گەپ قانداق پاتقاندۇ؟

— قۇللىرىنى تارتىپ تۇرسىلا، گېپىمنى تۈگۈتىۋالاي. — دېدى پاتەمخان ئاچا يۇمشاق تاۋۇشتا، ئۇ يۇلقۇنغان بولسا كىرەك، گۈل شاخلىرى شىلدىرلاپ كەتتى.

قاچقان توشقاندەك قاچتى. كەينىدىن ھۆركىرەپ قوغلاپ چىقىپ كەتتىم، بىردەمدىلا دەريا بويىغا بېرىپ قاپتۇق، ئۇ قىرغاقنى بويلاپ ئۆلە-تىرىلىشىگە باقماي يۈگۈرەيتتى، ئىككى قېتىم مۆدۈرۈپ يىقىلدى، لېكىن يەنە تۇرۇۋالدى.

قوغلاپ كېتىۋاتىمەن، ئۇ ئېگىزدىن پەسكە قاراپ قېچىۋاتىدۇ، سۈرئىتى ئاستىلاپ، ئارىلىق چاپسانلا قىسقىراشقا باشلىدى، سول تەرەپتە دەريا سۈيى ئاقاتتى. ئۈشتۈمتۈت كاللامغا بىر ئەقىل كەلدى. چەنلەپ تۇرۇپ كەتمەننى چۆرۈپ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتىم، كەتمەن تەگمىدى، بىراق ئۇچۇپ بېرىپ ئۇنىڭ يېنىغىلا چۈشتى-دە، ئىككى مولالاقلاپلا ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ كالاماپاي بىر نېمە بولمامدۇ، قانداق قىلىپ كەتمەنگە شۇنچە قاتتىق پۇتلاشقىنىنى جىن بىلەمدۇ، ئۇچۇپ چۈشتى. كۆپتۈر-گىنىم ئەمەس، ئۇ راستىنلا قانتى باردەك ئۇچتى، ئۇچۇپ بارغى-نىچە قىرغاقنىڭ گىرۋىكىدىكى بىر تاشقا ئۇرۇلدى-دە، قاڭقىپ يومىلاپ، يەنە بىر ئۇچقىنىچە دەريادىكى سۇغا چۈشۈپ كەتتى. قالتىس ئۇچۇش بولدى دېسىلە، كۆرۈپ ئۆزەممۇ زوقلىنىپ كەتتىم. ئىككى قولۇمدا بېلىمنى تىرەپ بىردەم قاراپ تۇردۇم-دە، ئاندىن قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم. چۈنكى مۇتەللىپ ئېقىۋاتقان مۇز پارچىلىرى ئارىسىدىن چاچلىرى چاپلىشىپ قالغان بېشىنى چىقىرىۋىدى، كۆزۈمگە سۇغا چۆمگەن ئىتنىڭ بېشىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— قىش پەسلى ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى نامەت ئاكا ئەندىككەن ئاھاڭدا، — دەريادا شۇرمەل ئېقىۋاتقان ئىكەن-دە.

— ياقەي، قىش ئەمەس، باش ئەتىياز ئىدى، دەريا سۈيىدە ئېرىپ بولالمىغان مۇز پارچىلىرى بار ئىدى.

بەزىدە يولۋاسنى كالتەكلەش، بەزىدە تۆگىنى چىدىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك. بەزىلەرنىڭ دوستىنىڭ پوستىغا كىرىمىز دېسىلە، بەزىدە ئالداش، بەزىدە چىمدىش، بەزىدە باپلاش، يۇمشاق-قاتتىق توقماقتا توقماقلاش كېرەك. كىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقىنىنى بىلەمتى ئۇ ئەخمەق. ئۇ چاغدا بۇنداق سېمىز ئەمەس، ئورۇق، زىلۋا ئىدىم، غۇنچە بوي چاققان ئىدىم دېسىلە. يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ يولۇمدا "چىپپىدە" توختىدىم، ئېڭىشىپلا يەردىن تۇخۇمدەك ئىككى تاشنى ئالدىم-دە، كەينىمگە قايرىلىپ غۇيۇلدىتىپ ئاتتىم، تاش مۇتەللىپكە تەگمىدى، بىراق قورۇسىغا كىرىپ دېرىزە ئەينىكىنى جاراڭلىتىۋەتتى. مۇتەللىپمۇ يەرگە ئېڭىشكەندەك قىلىۋىدى، بەدەر قاچتىم، كىچىككىنە قورۇيىمىز بار ئىدى، كىرىپ قورۇدىنىمۇ، ئۆيدىنىمۇ كەتمەننى زادىلا تاپالمىغىنىمنى دېمەمدىغان، ئاچچىقىمدا ئەقلىمنى يوقاتقان ئوخشايمەن، بىر چاغدا قازناقتىن تېپىۋالدىم. ئۇنى پۇلاڭلاتقىنىمچە تالاغا ئۆزەمنى ئاتتىم، مۇتەللىپ ھېلىقى قۇرغۇرشۇمتىكىنى قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە مۆكتۈرۈپ قويۇپ چىقىۋاتقان ئىكەن، كىنودىكى چامباشچىلاردەك تازا بىر ۋارقىرىدىم-دە، قان يوق، بەت يوق كەتمەننى كۆتۈرۈپلا ئېتىلدىم. قېنىم يۈرىكىمدە قازاندا قاينىغاندەك قايناپ، ئۆپكەم گېلىمغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى، چاچلىرىم چۇۋۇلۇپ، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي كەتتى دېسىلە. ھېلىقى بېلىنى باغلىمايدىغان نامەردچۇ، ئەركەك بولماي قالغۇر جۇۋاينىمەك، تۇرقۇمغا بىر قاراپلا قورقتى، ئۆيىنىمۇ، قورۇسىنىمۇ تاشلاپ، ئەللە-مەللىسىنىمۇ تاشلاپ، دوقمۇشتىن ئەگىپلا ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. ئۆيلەرنىڭ كەينى ئېتىزلىق ئىدى، يەنە بىر ئاز يۈگۈرسە دەرياغا بارغىلى بولاتتى. ئۇ نائەھلى قاچتى، قاچقاندىمۇ مۈشۈكتىن قاچقان چاشقاندەك، بۆرىدىن

پاتەمخان ئاچىنىڭ بوشقىنا پىخىلداپ كۈلگىنى ئاڭلاندى. ئاندىن ئۇ كۈلىنىڭ بىر تال شېخىنى قاراسلىتىپ سۇندۇرۇۋالدى ـ دە، توپىلىنىڭ ئۈكچىسىگە ئاۋازلىق قىلىپ ئۇرۇشقا باشلىدى، پۈتىنى مىنگەشتۇرۇۋالغان بولسا كېرەك.

ــ ئېچىنىش خىيالىمغىمۇ كىرىپ باققىنى يوق، تىرىكلىكىدە يوقلىمىغان بىلەن ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپلا ئۇچقاندەك باردىم، ياش چىقمىسىمۇ كۆزۈمنى قول ياغلىقتا توسۇۋېلىپ، ئۇن سېلىپ يىغلىدىم. ھوشىمدىن كېتىۋاتقان قىياپەتتە باشقىلارغا يۆلىنىۋالدىم، بۇ سەممەلىكىمدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بېلىمگە ئاق باغلاپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ھازىدارلار قاتارىغا ئۆتۈپ تۇرۇۋالدىم. يەتتە نەزىرىسى ئۈچۈن سەۋزە قەلەملىشىپ بەردىم دېسىلە، ئەل ـ جامائەت تەسىرلىنىپ مېنى ماختىدى، رەھمەتلىك ئۇرۇشقاقراق ئىدى، دېدى تېخى! ھايات دېگەن ئويۇن كۆرسىتىش دېسىلە.

ــ بۇمۇ كۆپ يۈزلۈك بولغانىنىڭ پايدىسى، بىر ئويلىغاندا، ئۇنىڭغا خوپمۇ بوپتۇ، ــ دېدى نامەت ئاكىمۇ ئوھ تارتىپ قويۇپ ئاخىرى پاتەمخان ئاچىغا يان بېسىپ، ــ ئۆزىنىڭ شورى.

ــ شۇ ئەمەسمۇ، كىم ئۇنى ئۆلگىرى سىل كېسەلى بولۇك دەپتىكەن، كىم مەندەك بىر ياۋاشنى بوزەكلىسۇن دەپتىكەن، كىم كەتمەنگە پۈتلىشىپ مۇزلۇق دەرياغا يىقىلسۇن دەپتىكەن، پېشانىسىدىن كۆرسۇن، پالاكەت باسقان گەپ، بالا كەلسە قوشلاپ كېلەرمىش، بىرى بىرىنى باشلاپ كېلەرمىش، ئۆزىمىزغۇ دۇنياغا ئارتۇقچە ئىدى.

ئۇ يەنە كۈلدى، مانا شۇ چاغدىلا مەن ئۇنىڭ ھاڭرىيالمايۋاتقان ئېشەكنىڭ خىقلىدىشىدەك ئاۋاز چىقىرىپ كۈلىدىغانلىقىنى بايقىدىم، تەققى ـ تۇرقىمۇ كۆز ئالدىمغا بىردىنلا باشقىچە كەلدى. ئۇ ئەسلىدىلا

— ئۇنى سۇدىن چىقىرىمەن دەپ بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىق تارتقانسىز، ھەقچان؟

— ئۇنى سۇدىن چىقارغىلى بېشىم ئىششىپ قالغانىدى، مەن ئۆمرۈمدە يىقىلغان ئادەمنى يۆلەپ باققىنىم يوق. توۋا، ئاجايىپ مىجەزىم بار، پۇتلاپ يىقىتقان ئادەمنىڭ نالە-پەريادىنى ئاڭلىسام كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ. مۇتەللىپ سۇدا بىر چۆكۈپ-بىرلەيلەپ، "ھۆلۈپ-لۈپ" قىلىپ ئېقىۋاتقاندىلا كەلگەن يولۇم بىلەن ئۆيگە قاراپ تىكىۋەتتىم، دەريا سۈيىمىغۇ بەك چوڭقۇر ئەمەستى.

— ئۇ چىقالاپتۇ-دە؟

— چىقىشنى چىقىپتۇ، كونا ئۆپكە كېسىلى بار ئىدى، سوغۇق ئۆتكەچكە قايتا قوزغىلىپتىكەن، بىر ئايدەك سارغىيىپ ياتتى، يۆتىلىپ قان قۇسۇپ يۈردى. رەقىبىنى قان قۇسقۇزماق ئاسانمۇ؟ كېيىن ئاستىلا سەپەر قىلىۋالدى.

— سەپەر قىلىۋالدى، نەگە؟

— خۇدانىڭ دەرگاھىغا بولمامدۇ!

ئارىغا جىملىق چۈشتى. مەن ھەيران بولۇپ ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم. مانا ساڭا سىزنىشقا تېگىشلىك سىپايە ئايال! مۇزدەك بىر قول كۆكرىكىمنى يېرىپ كىرىپ يۈرىكىمنى مۇجىغاندەك بولدى. بەدىنىمدە يىلان ئۆمىلىگەندەك شۈركۈنۈپ كەتتىم. خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇرۇقتۇرما سۈكۈتتىن كېيىن نامەت ئاكىنىڭ ئاۋازى قايتا ئاڭلاندى:

— ئۇ ئورۇن تۇتۇپ ياتقاندا يوقلاپ قويدىڭىزما؟

— ھاجىتى يوق ئىدى، ئۇمۇ گۇناھىنى تىلەپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلمىگەن تۇرسا.

— ئۆلۈپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئېچىندىڭىزمۇ؟

تۇردۇم-دە، رەسىم ئەسۋابلىرىمنى كۆتۈردۈم، گۈل چاتقاللىنى ئاستا
ئەگىپ ئۆتۈپ، بېشىمنى ئىچىمگە تىققىنىمچە كۆۋرۈككە قاراپ تېز-
تېز مېڭىپ كەتتىم، بۇ تېپىشقان ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ھازىر مېنى
بايقاشقا چولى تەگمەيدىغانلىقىغا ئىمانىم كامىل ئىدى. ھېلىقى چىراغ
يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان جايدىن ئۆتۈپ قاراڭغۇلۇققا كىرگەندە،
ئىختىيارسىز كەينىمگە بۇرۇلۇپ، باياتىنقى ئىككى گەۋدىنىڭ چىرمە-
شىپ بىرگەۋدىگە ئايلىنىپ، ئورۇندۇقتا سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى كۆردۈم.

تۇۋا، شۇنچە ۋاقىت بىللە ئىشلەپمۇ بۇلارنى توزۈكرەك چۈشەن-
مىگىنىمنى دېمەمدىغان. بولۇپمۇ سىپايىلىق ئاستىغا يوشۇرۇلغان
رەزىللىكنى كۆرۈۋالماق بەك مۈشكۈل ئىكەن-دە! مەن ئالدى
تەرىپىمگە تىكىلدىم، ئەتراپ ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان
قاراڭغۇلۇققا چۆككەندەك ئىدى، ھېسسىياتلىرىم، پىكىرلىرىم گىرەلىشىپ
كەتتى. بىردىنلا ماڭا ئادەملەرمۇ مۇشۇ كېچە قاراڭغۇلۇقىدەك چەك-
سىز سىرلىق، چۈشۈنۈكسىز تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئادەملەرگە باھا
بەرمەكمۇ كېچە قاراڭغۇسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان نەرسىلەرنى يورۇق
جايدا تۇرۇپ پەرەز قىلماقتەك قىيىن ئىش ئوخشايدۇ. قانداق قىلىپ
رەسىمدە ئادەمنىڭ ئىچىنىمۇ، تېشىنىمۇ بىللە ئىپادىلىگىلى، بولۇپمۇ
ئىچى-تېشى ئوخشىماسلارنىڭ ئىچىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگىلى
بولار؟ قارىغاندا، باغچا كۆلى مەنزىرىسىنىڭ رەسمىنى يەنە قايتىدىن
باشلاشقا توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ. ئەمدى مەن سىپايىگەر ئايال
سىزىش خىيالىدىن ۋاز كەچكەن ئىدىم، بىراق يەنىلا ئادەم سىزىشىم
كېرەك-تە. قانداق قىلغاندا ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى سىزىپ
چىقىشنىڭ توغرا يولىنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ. مۇكەممەل بىر
رەسىمنى ۋۇجۇتقا چىقارماقنىڭ مۈشكۈل بولۇشى ھاياتنىڭ مۇرەككەپ-

شۇنداق سەت بولغىيمىدى؟ توۋا، مەنمۇ گويا بۇرۇن كۆرمىگەندەك بۇ يېقىمسىز گەۋدىگە قايتىدىن خىيالەن سەپسېلىشقا باشلىدىم. ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق شۇنداق قوپال، پالاكەت، سېمىز ئايال ئىدىكى، پاكار، كېلەڭسىز جاۋەنى ئەسلىتەتتى. قارىغا بويىۋالغان شالاڭ چاچلىرىنى بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۈرمەكلەپ تۈگۈۋالغان، بۇ يوغان تۈگۈنچەكنىڭ ئارىسىغا نۇرغۇن ساختا چاچلارنى يۆگەپ تىقىۋالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. كۆزلىرىنىڭ ئاستى خالتىلىشىپ كەتكەن، سولاشقان يۈز تېرىلىرىنىڭ قورۇقلىرىنى توشقۇزۇپ يۈز ماي سۈرۈۋالغان ئىدى. قاشسىز قاپاقلىرى مۇشتۇمدەك تۈرۈلۈپ، كىرپىكسىز كۆزلىرىگە ساڭگىلاپ تۇراتتى، بىراق قىزىل-تۈزۈل كىيىملىرى ياشلارنىڭ مودا كىيىم نۇسخىلىرىغا يېقىن بولۇپ ئۆزىگە تولىمۇ ماسلاشمايتتى. ئوتتۇرا ئاۋازدا ئاغزى بېسىلماي كاسىلدايتتى، بىلىدىغانلىرى ھەققىدىمۇ، بىلمەيدىغانلىرى ھەققىدىمۇ مەمەدانىلىق قىلىپ يېنىدىكىلەرنى ئىش قىلغىلى قويمايتتى. توۋا، بۇ تەرەپلىرىنى ئىلگىرى نېمىشقا بايقىمىغان بولغىيدىم؟

— ئەسكىلەرنىڭ ئەدىبىنى پات-پات بېرىپ تۇرغانمۇ ياخشى، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، كەلسىلە، ئەمدى كۆڭۈلنى قىلايلى ئاۋات، ۋاقتىمۇ بىر يەرگە باردى ھەيھات.

— ئەسلى شائىر دېگەن سىلى ئىكەنلىغۇ، ۋىيەي، ئاستىراق، يۈزۈم قىزىپ كېتىۋاتىدۇ، ئىشەنسىلە سىلىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئەرگە كۆڭلۈمنى بۇنچىلا بېرىپ باققىنىم يوق.

سۆيۈشكەن ئاۋاز ئاڭلاندى، گۈل چاتقىلىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا ھاۋايى-ھەۋەس پاراكەندىچىلىكى باشلىنىپ كەتكەن ئىدى، كۆڭلۈم ئاينىغاندەك بولدى. مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئورنۇمدىن

# هاياتتىن بىر كۈلكە

— سەن لەقۋاراق نەرسە، هوش- كاللاڭ بىلەن بول! — دېدى جۆرئەت قوشكېزەك ئىنىسى ئۆممەتكە ئاچچىقراق تەنبىھ بېرىپ. يۇرتىدىكى ئىشلارنى مۇشۇ ئىنىسى ئەپلەشتۈرەلمىگەچكە، جۆرئەت ئوغرىلىقچە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆز خىزمەتلىرىنى ئىنىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتاتتى، — مەمۇرى ئىدارىدا ئىشلىمەك قوشۇماگىنى تۆرمەكتىنمۇ ئوڭاي ئىش. بىرىنچىدىن هودۇقما، ئىككىنچىدىن بىكار ئولتۇرما، گېزىت كۆرۈپ، قايناقسۇ ئىچىپ ئەسنەپ ئولتۇرۇۋەر. باشلىقلار چالا ساۋاتراق، چىشىغا كۆپ تەگمە، ئاكتىپلىرىمىزنىڭمۇ ئىچى بوشراق. ئەتىدىن كەچكىچە ئىشداشلىرىنىڭ پاراڭلىرىدىن پىكىر ئوغرىلايدۇ، ئۇ گەپلەرنىڭ ياخشىراقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مەسلىھەتى قىلىپ باشلىقلارغا ئېيتىدۇ. يامانراقلىرىنى "ئۆسەك- پىتنە" دەپ چاقىدۇ. گۆشىنىمۇ، سۆڭەكىنىمۇ سىڭىرىۋېرىدۇ ئۇلار.

ئۆممەت بېشىنى ئالدىرىماي لىڭشىتىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇلار بىر بىرىگە قويۇپ قويغاندەكلا ئوخشايتتى. چۆچەكلەردىكىدەكلا چىرايىمۇ، بويىمۇ، تەن تۈزۈلۈشىمۇ ئوخشاتتى. ئوخشىمايدىغان يېرى جۆرئەت چورتكېسەر، زېرەك، ئۆممەت بولسا مۇلايىم، گالۋاڭ ئىدى. جۆرئەتنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. پىكرى ئۆتكۈر، ئۆزى دادىل، لېكىن قىزىققانراق ئىدى، ناهەقچىلىققا چىدىمايتتى، گېپى ئوچۇق ئىدى. شۇ ئەيىبى ئۈچۈن "ئاغزىدا

لىكى، ئادەملەرنىڭ ئىچى-تېشىنىڭ ئوخشمايدىغانلىقىدىنمىدۇ ياكى ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكىدىنمىدۇ؟ كۆزىتىش ئىقتىدارى- كۆچلۈك بولمىسا كېرەك، ئەتىمالىم. بىردىنلا ماڭا دۇنيادا ئىنسان ھېسسىياتىنى بوياق بىلەن ئىپادىلىمەكتىنمۇ تەس ئىش يوقتەك تۇيۇ- لۇپ كەتتى.

1987-يىل مارت، ئۈرۈمچى.



تەتىل باشلىنىش بىلەنلا بۇياققا چاپتى. بىراق جۈرئەت باشلىقلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنگەچكە رۇخسەت ئالالمىدى، ئۇلار ئامالسىز قېلىشتى، ئاخىرى جۈرئەت باش قاتۇرۇپ بىر دادىل پىلان تاپتى: ئۇلار ئىسىملىرىنى، ئورۇنلىرىنى ۋاقتىنچە ئالماشتۇرىدىغان بولۇشتى، جۈرئەت يۇرتىغا ئوغرىلىقچە كېتىۋېرىدۇ، ئۆممەت جۈرئەت قىياپىتىدە ئۇنىڭ ئىدارىسىغا بېرىپ ئىشلەۋېرىدۇ.

ئەتىسى سەھەرنىڭ يولۇچىلار ئاپتوبۇسىدا جۈرئەت ھېچكىمگە تىنمايلا يولغا چىقىپ كەتتى، ئۆممەت ئاكىسىنى ئۇزىتىپ بولۇپ ئۇنىڭ ياتىقىغا قايتتى. ياتاق تېخىمۇ سۆرۈن، چۆلدەرەپ قالغاندەك كۆرۈندى. بۇ، كىتابلار بىلەن تولغان يالغۇز كىشىلىك قاراڭغۇ تار ياتاق ئىدى، زەي پۇراپ تۇراتتى. ئۆممەت كارىۋاتنىڭ چېتىگە ئولتۇرىۋىدى، تاراقلاپ كەتتى، كارىۋاتنىڭ تاختايلىرى كەم بولغاچقا ئاكىسى كالتا-كۆسەي ياغاچلارنى سەپلەپلا يېتىپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ ئالدىدىكى سىرلىرى چۇشۇپ، يۈزى غۇدۇدۇڭ بولۇپ كەتكەن كونا شىرەگە قاراپ ئۇزاق ئولتۇردى، ئاندىن لۆمۈلدەپ قوزغىلىپ ئاكىسىنىڭ كىيىملىرىنى كىيدى، يۈز-كۆزىنى سۇدا بىرەر قۇر سىلاشتۇردى، چايداندىكى ئىلمان سۇنى قۇيۇپ بىر پارچە ناندا ناشتا قىلدى-دە، ئالدىرىماي دەسسەپ، ئاكىسىنىڭ ئىشخانىسىغا ئۈنچىقماي كىردى. ئاكىسى ئاخشام ئۇنى بۇ ئىشخانىغا يوشۇرۇنچە باشلاپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ شىرە، ئورۇندۇقىنى ۋە ئۆزگىلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى بىرەر قۇر تونۇشتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇ تارتمىسىنى يېرىم ئېچىپ، ئۇنىڭدىكى بولغۇسى خىزمەتداشلىرىنىڭ تىزىملىكىنى پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ قايتا يادلىدى. ئاندىن قولىغا سۇپۇرگە بىلەن ساپلىق سۈرتكىنى ئالدى.

شەھەر ئالدىغان" بىر توپ ناقابىللار ئۇنى ياقتۇرمايتتى. ئۇنىڭدىن قورقۇشاتتى. ئۇ بىزدىن كۆپ ئىقتىدارلىق، كەلگۈسىدە بىزنى خىرەلەشتۈرۈۋېتىدۇ، دەپ غەم قىلىشاتتى. قوللىرىدىكى ياكى قولىغا كېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان تاماق قاچىلىرىنىڭ ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن چۈشلىرىدىمۇ خەۋپسىرىشەتتى، ئىلاجى بار ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىشاتتى: پىتنە-پاسات تېرىيتتى، باشلىقلارغا چاقاتتى، چەتكە قاقاتتى، چۆكۈرۈشەتتى، سېسىتىشاتتى، تالانتىنى قاغىشاتتى. سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتلەردىن "پىلىموتقا تۇتۇپ" ئۇنى باش كۆتۈرگۈزمەيتتى. بولارغىمۇ كۆڭۈللىرى تىنماي، ئاپەتنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئۇنى ئىدارىدىن يۆتكەپ چىقىرىۋې-تىشكىمۇ كۆپ ئۇرۇنۇشتى. لېكىن ئەپلەشتۈرۈشەلمىدى. ئۇممەت مۆمىن چىراي، مۇلايىم تەبىئەتلىك، ياخشىچاق ئادەم ئىدى. بىر قاراشتا ئۈگدەپ ئولتۇرغاندەك ئېرىنچەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا كۆپرەك قارىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۇيقۇ باساتتى. كۆزلىرى گۈدەكلەرچە ئىنتائەتمەن، ساددا قارايتتى. ئۇ ئاران باشلانغۇچ مەك-تەپنىڭ ئۈچىنچى سىنىپىغىچە ئوقۇغان بولۇپ، مەلۇماتى تۆۋەن ئىدى. ھەق، ناھەق، ياخشى-يامان دېگەن ئۇقۇملار ئۇنىڭغا دۇنيادا ئارتۇقچىدەك بىلىنەتتى.

بۈگۈن بۇ ئاكا-ئۇكىلارنىڭ بېشىغا غەم چۈشكەنىدى، ئۇلارنىڭ دادىسى يوق بولۇپ، ئانىسى يىراق بىر ۋىلايەتنىڭ ناھىيە بازىرىدا تۇراتتى. ئانىسىنىڭ بىر دەۋا ئىشى چىقىپ قالدى، ئانا بىچارە ئۇممەتنىڭ لۆم-لۆم، ئەزمىلىك قىلىپ، ئەرز دادىنى ئاقتۇرالماس-لىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى جۇرئەتنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇممەت ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەكتەپتە يازلىق

گاراڭلىق، ئىنكاسىنىڭ ئاستىلىقى ئېغىر بېسىق، سالاپەتلىك دېيىلدى، ۋە بۇ خىل ئارتۇقچىلىق كۆپ ئىدارە - جەمئىيەتلەردىكى ئەھۋاللارغا ئوخشاش بۇ يەردىمۇ مۆجىزىلىك كارامەتلەرنى ياراتتى.

بىر ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەيلا ھەممە باشلىقلار دېگۇدەك ئۇنىڭ مىجەزىدىكى "ئۆزگىرىش"نى بايقىدى، ھەيران بولۇشتى. "جۈرئەتتە ئىلگىرىلەش تېز"، "بىر كېچىدىلا باشقا ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك چاپسان ئۆزگەردى" دەپ ماختاشتى. بەزىلەر گەپكە سېلىپ سەۋەبىنى ئاسماقچىلاپ سوراپمۇ كۆردى، ئۇممەت "شەيئىلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ" دېگەن ئادەتلەنگەن سۆزنىلا تەكرارلاپ كۈلۈپ تۇرىۋەردى. يەنە بىر ھەپتە كۆزىتىشتى، يېڭى يولغا مېڭىش ئىرادىسىنىڭ چىڭلىقىغا ئىشىنىشتى. "ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، كەسىپ ئەھلى، ئىقتىدار ئىگىسى، ئەقىل - پاراسەتلىك، ئۆزىدىكى ھاكاۋۇرلۇق خاراكتېرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى" دېيىشىپ، مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقى قىلىپ ئۆستۈردى. ئۇممەت بولسا يالغۇز ئىشلىگەندىمۇ، خەق بىلەن بىرگە بولغاندىمۇ، دەم ئېلىشتىمۇ، يىغىندىمۇ كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ پۈشۈلداپ ئولتۇرىۋەردى، كېسەرمەنلىك بۆلۈمچە باشلىقىغا ئوڭچە قالدى. ئۇ "بولامدۇ" دەپ سوراپ قويغاندىمۇ ئۇممەت "بولىدۇ" دەپ جاۋاپ بېرىپلا قايناقسۈيىنى ئىچىپ، گېزىتىنى كۆرىۋەردى. بۇنداق "بولىدۇ" چىلىق بۆلۈمچە باشلىقىغا ياراپ كەتتى، ماختاۋەردى. زەربىدارلىق مەزگىللىرى ئىدى، جۈرئەت كۆپ يىلدىن بۇيان يېزىپ كېلىۋاتقان پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسلىرى جىددىي قارالدى - دە، پارتىيىلىك مەسىلىسىمۇ بىر يېرىم ئايغا بارمايلا ھەل بولدى. ئۇممەتنىڭ ئۆزىنىڭمىغۇ ئامىتى بار، دەل شۇ كۈنلەردە رەھبىرى كادىرلارنى بىلىملىكلەشتۈرۈش، ياشلاشتۇرۇش

چارەك سائەتتىن كېيىن ئادەملەر كېلىشكە باشلىدى، كىرگەنلەر ئۇنىڭغا باش لىڭشىتىپ سالام قىلاتتى، ياكى "ئەتىگەن كەپسەنغۇ؟ پول سۈرتكىلى چۈشۈپسەنغۇ تېخى، كۈن نەدىن چىقتى..." دېيىشەتتى. ئۆممەت جاۋابەن كۈلۈمسىرەپلا قويدى. بۆلۈمدە ئۆزىدىن باشقا تۆت ئادەم بار ئىكەن، نىھايەت ھېچكىمدە گۇمان تۇغۇلمىدى. بىرەر سائەتلەردىن كېيىن ئۇ كارىدورغا چىقىپ ئاستا ئايلاندى، بەزى بۆلۈملەرگە بويىنىنى سوزۇپ قاراپمۇ قويدى، يەنىلا ھېچگەپ بولمىدى. بىرىنچى ئۆتكەلدىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئەمدى گېزىتلەرنى ئالدىغا تارتىپ ئالدىرىماي بىر باشتىن كۆرۈشكە باشلىدى، ئۇيغۇرچە بولامدۇ، خەنزۇچە بولامدۇ، قولىغا چىققانلىكى گېزىت-ژۇرناللارنى ئېلىۋەردى، چۈشەنسىمۇ، چۈشەنمىسىمۇ ئىچىدە ئوقۇۋەردى. ئەتىسى قەيەردىندۇر ئىشكاپلار ئۈستىدىكى قەغەز دۆۋىسى ئىچىدىن بىر كلاسسىك ماقالىلار تاللانمىسى تېپىۋالدى، قىزىل قەلەمنى يېنىغا قويۇۋېلىپ، تەمكىنلىك بىلەن بىرىنچى بەتتىن باشلاپ ئوقۇشقا كىرىشتى. ئارىلاپ-ئارىلاپ قارىسىغا بەزى قۇرلار ئاستىغا سىزىپ قوياتتى، ئىشلار يۈرۈشۈپ كەتتى.

ئۆممەت ئوشۇق-توشۇك ئىشقا ئارىلاشمايتتى. كىشىلەر خىزمەت، تۇرمۇش ھەققىدە پاراڭ باشلىسا ئۇ رەسىمگە چۈشۈۋاتقان ئادەمدەك كۈلۈپلا ئولتۇراتتى، قورسىقىدا تۆككۈدەك ئۈمىچى بولمىغاچقىمىكىن، كەمسۆز ئىدى. خامۇشلۇق ئىچىدە جىم ئولتۇرسا چوڭقۇر خىيال سۈرۈۋاتقان ئالىمدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ باشلىقلار ئالدىدا تېخىمۇ ئىتائەتچان ئىدى. نېمە قىلارىنى بىلمەي ئالاقزادە بولسا كىشىلەر ئۇنى كەمتەرلىككە يۈلىدى، تەبىئىتىدىكى ئېزىملىك، مېڭىسىدىكى

بۇ كىچىككىنە سازلىق ئەمدى ئادەم يۇتۇدىغان قارا پاتقاق بىلەن سېسىق گازدىن قۇتۇلىدىغان بولدى، گۈلشەن يۈز ئاچسا ئەجەب ئەمەس“ دېيىشتى، قۇرۇلتاي غەلىبىسىگە ئۈزۈلمەي ئالقىشلار ياڭرىدى.

ئۈممەت شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئورنىنى تاپالىشىمۇ ناتايىن ئىدى، بىراق كۈتۈلمىگەندە پىكاپلىق بولۇپ قالدى. قانداقتۇر ئادەملەر ھەمراھ بولىدىغان، يول باشلاپ ئەھۋال تونۇشتۇرىدىغان بولدى، بۇنداق بىر ئىدارىنىڭ بارلىقىنىمۇ بۇرۇن ئۇ ئاڭلاپ باقمىغانىدى. سوراشقا تېگىشلىك سوئاللار شۇنداق كۆپ ئىدىكى، قايسىلىرىنى ئالدىدا سوراش كېرەكلىكىنىمۇ بىلەلمەي، ئۈنچىقمايلا قويدى. باش لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويۇشنى ئۇنتۇماسلىققا پۈتۈن دىققىتىنى يىغدى، زېھنىمۇ ئاران شۇنى چاندۇرماي قىلىشقا يېتىشىپ ئۈلگۈرەتتى.

يەنىلا مۇلايىم، كەمسۆز مىجەزى ئەسقاتتى. تۇنجى ئىش كۈنى باش كاتىپ ئۇنىڭغا ئەھۋال تونۇشتۇردى، ئۇ بولسا پات-پات ھىجىيىپ باش لىڭشىتىپلا ئولتۇرۇۋەردى، سورىمىسا بولمايدىغان ئىشلارغىمۇ سۈكۈت قىلدى. بۇنداق قىياپەت ئۇنى باشقىلارغا ھەممىدىن خەۋەردار، چوڭقۇر بىلىمدار، ئېغىر-بېسىق زاتتەك كۆرسەتتى، سىرلىق ئېزىتقۇ تۇمانغا ئورىدى. چۈنكى بۇنداق زىيالىيلار كۆپ يەردە، گەپ كۆپ بولاتتى، بۇ ئىدارىنىمۇ كىشىلەر ”گەپ ئىدارىسى“ دەپ ئاتايتتى. ھايال ئۆتمەيلا باش كاتىپنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئۇنىڭ ”ئەقىللىق، بىلىملىك، تالانتلىق باشلىق“ ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاۋۋال ئىدارە ئىچىگە، ئاندىن شەھەردىكى ئاپتورلار، ئارتىسلار ئارىسىغا شامالدەك تارالدى. بۇ چاغدا بولسا

دولقۇنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. ئىدارىدا مۇئاۋىن ئىدارە
باشلىقىدىن بىرىنىڭ ئورنى بوش ئىدى. تەلەپتە بۇ ئورۇنغا مەلۇماتى
ئوتتۇرىدىن يۇقىرى كىشى ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. رەھبەرلىكنىڭ
كۆزى ئۆممەتكە چۈشتى. ئۇنى نامزات قىلىپ يۇقىرىغا يوللىدى.
يۇقىرىنىڭمۇ ئۆممەتكە كۆزى چۈشتى. شەھەرلىك ئەدەبىيات-
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە رەئىس تېپىلمايۋاتاتتى، مۇئاۋىن رەئىس
مەزھەپچىلىككە بېرىلىپ كەتكەچكە، بىرلەشمىنىڭ ئىشلىرى قالايمىقان-
لىشىپ ھەرە ئۇۋىسىغا ئوخشاپ قالغان، بۇ يەردە ئۆزئارا ئۆزەڭگە
سوقۇشتۇرۇش، بىر بىرىگە پۇت ئېتىش، ئورا كولاش، مەنسەپ
تالىشىش بەكمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار ئىككى تەرەپكە
بۆلۈنۈپ كەتكەپ بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى
كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. يۇقىرى رەھبەرلىك بۇنى ھوقۇق جېدىلى
ھېسابلىدى-دە، دانا تەدبىر ئويلاپ تاپتى. "تالاشقانغا تاياق"
قىلىپ سىرتتىن ئادەم يۆتكەپ رەئىس قىلىش قارارىغا كەلدى.
ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا ئۆممەت ئۆتنە ئالغان جۇرئەت
دېگەن ئىسمىنى نامزاتلار تىزىملىكىنىڭ بېشىغا كىرگۈزدى. ھەر
ئىككىلا تەرەپ ناتونۇش ئادەمگە قارشىلىق كۆرسىتىش خىيالىدا
بولمىدى. مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىكنىڭ ماختاش شاۋقۇنلىرى
ھىمايىسىدە ئۇنى ئادالەتپەرۋەرلىك بايرىقى ھېسابلاشتى، بىر ئېغىزدىن
قوشۇلۇپ سايلاشتى. سايلامدىن كېيىن جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈش-
كەندىمۇ بەزىلەر "كەم سۆز، تەمكىن، سۇرلۇك، توغما ئەمەلدار
سۈپەت ئادەمكەن" دېيىشسە، بەزىلەر "ئويچان كۆزلىرىدە ئەقىل
ماراپ تۇرىدۇ، ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز ئىستىقبالغا ئىرىشتى"
دېيىشتى. ھەممىسى "ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت

بوداشتىن باشقا جاپا تارتمايتتى. بەزىدە بالگاچ ئايالارنىڭ سۈرەتلىرى بېسىلغان كىتاب-ژۇرناللارنى، كالىندارلارنى قايتا-قايتا ۋاراقلايتتى. مۇئاۋىن باشلىق شەھۋانى كىتاب، سىنئالغۇ لېنتىلىرىنىڭ نوچىلىرىنى تاپقۇزۇشقا، كۆرسىتىشكە چېۋەر ئىكەن، خالىيراق چاغلاردا ئۇ نايناقراق سەنئەتچى ئاياللار بىلەنمۇ مۇڭدىشىدىغان، سۈركىشىدىغان، غىلجىڭلىشىدىغان، بۇقۇلدىشىدىغان بولدى. بۇرۇنقى ئۆزى قىز-چوكانلاردىن ھېيىقاتتى. ھېلىقى غەمگۇزار مۇئاۋىن باشلىق شارائىت يارىتىپ ئۇنى ماموق تۆشەكلەرگە ئۈنتىرمەمدۇ، زورلاپ يۇرۇپ شۇنداق ھاسىرايدىغان قىلمامدۇ، لېكىن، ئاھ، بۇ تۇرمۇشنىڭ لەززىتى شۇنداق تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز، شۇنداق چەكسىز ئىدىكى... بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن ئادەم بىلمەيدۇ. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، ياخشى ئىش ئۇزۇنغا بارمايدىكەن، باغرى قاتتىق ئۆزگىرىشچان قىسمەت ئىشنى بۇزدى، يۈز ئۆرۈدى. كەتكىنىگە ئالتە ئاي بولغان جۇرئەت بىر كەچقۇرۇن يەردىن ئۈنگەندەكلا بوسۇغىدا پەيدا بولدى، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن ھەيرانۇ-ھەس، خۇشالۇ-مەست بولدى. ئەتىسى ئىنىسى ئۈممەت يۇرتىغا مۇئەللىمچىلىككە قايتتى. ئۇنىڭ ئەمدى بۇ يەردە ئىشى قالمىغانتى. ئاكىسى تەتىل ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مۇئەللىمچىلىكنى ئىشلىگەچ ئەرز ئىشىنى شاپاشلاپ ئاقتۇرغانتى. لېكىن بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ مەلۇماتلىق ۋە چورتكېسەرلىكىنى ئىسپاتلاپ، مەكتەپنىڭ بەزى مەسئۇللىرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان، بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر ئەمدى ئۈممەتنىڭ قايتىپ يىغىشتۇرۇشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

ھەقىقى جۇرئەت ئىشقا چۈشتى. رەئىس ئورۇندۇقىدىكى قوشكېزەك

ئۇ ئۆگىنىش تەسىراتى، كىچىك خەتلىك گېزىت، ئاخبارات خەۋىرى، يىغىن خۇلاسىسى دېگەنلەرنىڭ ھېكايە، پوۋېست دېگەنلەر بىلەن كۆپ پەرقى بولمىسا كېرەك، دېگەن مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كونا خاتىرىلىرىدىمۇ ئانچە مۇنچە ئۆگىنىش تەسىراتى، كۈندىلىك ئىشلار تىزىملىكلىرى بار ئىدى. كىچىكىدە ئانىسى توقۇغان قوشاقلارمۇ بولىدىغان، قوشاقلارنى بۇلار شېئىر دېيىشىدىكەن. توۋا، ئاتالغۇ-ئىسىملارنى مۇنداق قالايمىقان ئۆزگەرتىشكىنى نېمىسى... بۇلارنى ژۇرنالغا باسسا...

كەچقۇرۇندىن باشلاپ ئۇنى ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى نۆۋەت بىلەن ئىزدەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۆزلىرىنى ئادالەتپەرۋەرلەر دېگۈچىلەرنىڭ ئادىمى ئاز بولۇپلا قالماستىن، پۇللىرىمۇ ئاز ئىكەن، تۈزۈكرەك مېھمانمۇ قىلىشمىدى. يەنىلا سورۇن كۆرگەن كۆز توق بولىدىكەن، مۇئاۋىن رەئىس تەرەپتىكىلەر سېخى بولۇپ چىقتى. زىيا-پەتلەر باشلىنىپ، شاراپ، كۈلكىلەردە كۆزلەر ياشلىنىپ، ئىشلار يۈرۈشتى. ئۈممەت باش لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويۇش، جىمغۇرلۇق ئەڭگۈشتىرىگە تايىنىپ ھۆكۈم يۈرگۈزۈپلا كەتتى. مۇئاۋىن رەئىس ئۆزى ئىشچان، پۇتى چاققان ئادەم ئىكەن، ئۈممەتنى ئاۋارىچىلىقتا سالمايلا ھەممە ئىشقا دېگۈدەك ئۆزى يۈگۈرۈپ جاپا چېككەتتى. قولقاناتلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپىدىغان ئەپچىل ئەسقاتقۇرلار ئىكەن. ئۈممەتنىڭ ئېپى-جېپىنى تاپقۇچە بۇ خىزمەتتە نېمە كۈن كۆرەرمەن دېگەن ئەندىشىگىمۇ ئورۇن قالمىدى. ئىشلار مۇئاۋىن رەئىسنىڭ دېگىنى بويىچە يۈرۈشۈۋاتاتتى. شۇڭا ئۈممەت كۈن بويى قايناقسۇ ئىچىش، گېزىت-ژۇرنال ۋاراقلاش، كاتىپىنىڭ نازلىق تولغىنىشلىرىغا قاراش، پىكاپتا يانپاشلاش، زىياپەتلەردە قورساق

كۆڭلىنىڭ ئارامىنى قويمىدى، ساراسىمىگە سالدى، يۇقىرى ـ تۆۋەندە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت كۆپەيدى، مۇئاۋىن رەئىس قاتارلىقلار يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ ئۇتقۇيرۇقلۇق قىلدى، مەزھەپ كونتروللۇقىدىكى ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكىدەك ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇردى. يۇقىرىدىمۇ كونا تونۇش جىق، كونا مۇناسىۋەت چىڭ ئىدى. ئۈچ ئايغا بارمايلا جۇرئەتنى پالاكەت باستى. تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى ئۇنى چاقىرتتى، بۇنىڭدىن كېيىن ئىدارىنىڭ ئومۇمىي خىزمىتىگە قول تىقماي، ئۇسۇل تەتقىقاتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. ئارىدىن يېرىم ئاي ئۆتمەيلا كۆتۈلمىگەن پاجىئە يۈز بەردى، پىيادىلەر يولىدا كېتىۋاتقان جۇرئەتنى تۇيۇقسىز بىر پىكاپ سوقۇۋېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ۋەقە پەيدا قىلغۇچى تېپىلمىدى، جۇرئەت دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلماستىلا جان ئۈزدى.

يەنىلا مۇئاۋىن رەئىسنىڭ ئادىمەتچىلىكى كۆچلۈك بولۇپ چىقتى. جۇرئەتنىڭ ئەشەددىي كۆشەندىسى تۇرۇقلۇقمۇ بېلىگە ئاق باغلاپ هازىدار بولۇپ، دەپنە ۋە ماتەم پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى. مۇئاۋىننىڭ مۇئاۋىنلىرى قاتارلىق مەزھەپ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئاق باغلاپ ئېسەدىشىپ، بۇرۇن قىزارتىپ خىزمەتتە بولۇشتى، جىنازىنى ئۆزلىرى كۆتۈرۈپ كوكىگغا سېلىشتى. ئادالەتپەرۋەرلەرنى مېيىتقا يېقىنمۇ يولاتىشمىدى، يۈز كۆرۈشتۈرمىدى. نەزىرىنى قاچاندا ئۆتكۈزۈشنىمۇ شۇنداق خۇپىيانە ۋە جانلىق بېكىتىشتىكى، ئادالەتپەرۋەرلەر پۈتۈنلەي بىخەۋەر قېلىشتى. جۇرئەتنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىلىرىمۇ غەپلەتتە قالدۇرۇلۇپ، نەزىرىگە داخىل بولالماي كۈلكىگە، مەسخىرىگە، تاپا ـ تەنىگە قېلىشتى. ئىشتىن كېيىن ”كۆردۈڭلارمۇ بولارنىڭ رەزىللىكىنى“ دېيىشتى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بولسا تەزىيە

ئاكا-ئۇكىلارنىڭ ئالماشقانلىقىنى ھېچكىم بايقىمىدى، بىراق جۇرئەتنىڭ مىجەزىدىكى ئۆزگىچىلىكنى ھەپتە-ئون كۈنگە قالمايلا ئىدارىدىكى ئىشلىك باقارلارغىچە بىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ خىزمەتكە قول تىققىشى، ئويۇن-تاماشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى، چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە چىڭ تۇرۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرگەنلەرنىڭ بەزىلىرى "ھەممىگە چات كەرىدى"، "كىبىر پەيدا قىلدى"، "بوينى قاتتىق"، "بىلەرمەن"، "ئىتتىپاقلىششقا ئېتىبار بەرمەيدۇ" دېيىشتى. بەزى مەمۇرىي كادىرلار "ئادەم دېگەنمۇ شۇنداق تېز ئۆزگىرەمدىغان، ياللا" دەپ ياقىلىرىنى تۇتسا، بەزى يازغۇچى-شائىرلار "باشلىق بولغاندىكىن، ئۆزگەرمەيدىغان ئادەممۇ چىقامتى" دەپ دانىشمەنلىك قىلىشتى. ئۇزاققا بارمايلا باشلىقلار ئۇنىڭ "خاراكتېرىنىڭ ئۇستۇن-لۈكى" ئۆزلىرى بىلەن "ئىتتىپاقلاشمايدىغانلىقى"دىن زارلاشقا باشلىدى. جۇرئەت بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپلا ئەدەبىيات-سەنئەتكە ئىشتىياق باغلىغانلاردىن بولۇپ، ئاددىي كادىر چېغىدا نۇرغۇن نادىر شېئىر، داستان، ھېكايە، پوۋېستلارنى يازغان، بىراق ئېلان قىلدۇرالمىغانىدى. ئەمدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ بۇلارنى ئارقىمۇ-ئارقا ئېلان قىلدۇردى، ئىجادىيەت ساھەسىدە زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئىدارە ئىچىدىكى، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى ھەق-ناھەققە ئارىلاشتى. مۇئاۋىن رەئىس يېتەكچىلىكىدىكى مەزھەپكە قارشى تۇردى، ئادالەتپەرۋەرلەرنى قوللىدى، ئىسلاھاتنى تەرغىپ قىلدى. ئىقتىدارلىقلارنى گەۋدىلەندۈردى. ئۇنىڭ تالانتى، ئەقىل-پاراستى، سەزگۈرلۈكى، دادىل، پرىنسىپچانلىقى چاپسانلا ئۆزىنى كۆرسەتتى. يەنىلا سۇيۇق لايچىلارغا، ياخشىچاقلارغا ئامراقلارنىڭ چىشلىرىغا تەگدى. قارا قورساق باشلىقچاقلارنىڭ

# جۈرئەت

پەرىدەنىڭ ئانىسى راھىلە تولىمۇ يۈزى تۆۋەن جۇۋان ئىدى. مەھەللىدە ئۇنىڭ توغرىسىدىكى "يۈزىگە ئەركەك چىۋىنىمۇ قوندۇرمايدۇ" دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان. ئۇ كىچىككىدىنلا ئەركەك زاتىغا تىكىلىپ قارىمايتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېچىلىپ-يېيىلىپ كۈلمەيتتى، قورامىغا يېتەي دەپ قالغان ئوغۇل باللار بىلەنمۇ ئىختىيارى سۆزلەشمەيتتى. ئۆزى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، بىراق ئەدەبىي كىتابلارنى زادى ئوقۇمايتتى. مۇ-ھەببەت ياكى شەھۋانىي كۆرۈنۈشلىرى بار تېلېۋىزىيە فىلىملىرى، تىياتىرلارنى قەتئىي كۆرمەيتتى. ئۇ ھەر كۈنى باش ئەزەن بىلەن تەڭ تۇرۇپ، پەرىدەنىڭ دادىسىنىڭ تەرەتكە سۇ ئىسسىتاتتى. ئاندىن ئۇلاق-ئۇمبۇلغا يەم-خەشەك بېرىش، ھويلا-ئارامنى سۈپۈرۈپ تازىلاش، ناشتىلىققا چاي تەييارلاش بىلەن ئالدىراش بولاتتى. ناشتىدىن كېيىن ئېتىزغا چىقاتتى، ئىشنى ئېرى بىلەن تەڭ تالىشىپ ئىشلەيتتى. بۇ ئائىلىدە ئۇ ھەقىقەتەنمۇ "يېرىم دۇنيا" ئىدى، تىرىكچىلىك يۈكىنىڭ تەڭ يېرىمىنى كۆتۈرەتتى. ئەزەلدىن ئارتۇق گېپى يوق ئىدى. ئۇ ئەركىلەش-ئەركىلىتىش دېگەنلەرنى بىلمىسە كېرەك، ھەتتا پەرىدەنىمۇ ئانچە سىلاپ-سىيپىلاپ كەتمەيتتى. بىراق ئېرىگە ئىتائەتمەن ئىدى، ئېرىنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەيتتى، ھەرقانداق گېپىنى يىرمايتتى، خاتا گەپ قىلىۋاتسىمۇ شېخىغا

يىغىنى ئېچىشمىدى. پەقەت ئانىسىغىلا ئىش ئۆتۈپ بىر ئايدىن كېيىن خەۋەر قىلىشتى. چۈنكى قىرىق نەزىرە ئۆتكۈزۈشكە جۇرئەتنىڭ ۋەسلى-بىساتى قالمىغان ئىدى.

1988-يىل، ئاپرېل، ئۈرۈمچى.



قاقاقلاپ، ۋالاقلاپ كەتمەيتتى، يەنىلا جىمغۇرلۇق قىلغىنى قىلغان، بۇنىڭغا ئۆيدىكىلەرمۇ كۆنۈك ئىدى.

راھىلەنىڭ ياۋاش ـ يۇمشاقلىقىدىنمۇ ياكى تۆشۈكچە چىۋەرلىكىدىنمۇ، ئىشقىلىپ يۇرتتىكى خوتۇن ـ قىزلار ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلاردا ئۇنى چاقىرمايدىغىنى، ئىشقا سالمايدىغىنى يوق دېگۈدەك ئىدى. ياقىدىغان، پىشۇرىدىغان، داستىخان تۇتۇدىغان، داستىخان تارتىدىغاندەك يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە قويياتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇرغان كۆز ئاستىلىرى، قان قۇيما مەڭىزلىرى، نازۇك ئىنگەكلىرىگىچە تەردە يۇيۇلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ پالاقلاشتىن توختىمايتتى. پەرىدە كۆپ چاغلاردا ئۇنىڭ قايتىشىنى كۈتۈپ ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان بولاتتى. ئانىسى كېچىكىپ چىقسا ياكى ئۆزى سەۋرى قىلالمىسا ئىشلەۋاتقان يېرىگىلا كىرىپ باراتتى. ئۇنچىقماي ياندىشىپ چامىسى يېتىدىغان ئىشلارنى قىلىشىپ بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئانىسى بېشىنى كۆتۈرۈپ "سەنىمۇ كەپسەن ـ دە" دەپ ئىللىققىنا كۈلۈمسىرەپ قويياتتى. بۇ كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ ئەسلىدىلا قاش ـ كۆزى جايىدا چىرايىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىۋېتەتتى. يۈزىدىن بىرخىل نۇر دولقۇن تارقاتقاندەك بولاتتى. بۇ كۈلۈمسىرەشتىن پەرىدە ئۇ ئېيتىمىغان ياكى ئېيتىشنى بىلمەيدىغان ناھايىتى نۇرغۇن مەنىنى ــ رازىمەنلىك، ئامراقلىق، كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق ھېسسىياتلىرىنى ھېس قىلاتتى.

راھىلە بەزىدە سودىلىق، بەزىدە ئادەمگەرچىلىك ئېھتىياجى بىلەن يىراق جايلارغا سەپەر قىلىپ قالاتتى. لېكىن پەرىدەنى بىرەر قېتىممۇ بىللە ئاپارغىنى يوق ئىدى. ئۇنىڭ سەھەردە قانداق چاغلاردا كەت-

ئۇرمايتتى، چىشىغا تېگىۋاتىسىمۇ بويىدا شاپتۇل قاقمايتتى. ئۇۋال قىلسىمۇ، غەزەپلەنگەندە ھەددىدىن ئاشسىمۇ قارشىلىق قىلمايتتى، ھەتتا ئۇرسا تاياقتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرمايتتى، ھومىيىپمۇ قارىمايتتى، سىيلىساڭ خوتۇنۇڭ، ئۆلتۈرسەڭ قۇلۇڭمەن، دېگەندەك تىرنىقىنى تاتىلاپ، يەرگە قاراپ گۆشىيپلا تۇراتتى. ئاغزىدىن بىر ئېغىز زۇۋان، كۆزىدىن بىرتامچە ياش چىقمايتتى. بۇنداق چاغلاردا پەرىدە قورقىنىدىن ئانىسىنىڭ پېشىگە چىڭ يېپىشىۋالاتتى، بىراق يىغلىمايتتى. ئانىسى ئۇنىڭ يىغلىشىغا يول قويمايتتى، يىغىنى بوشاڭلىقنىڭ ئالامىتى دېسە كېرەك، ئۇمۇمەن يىغىغا ئۆچ ئىدى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا راھىلە ئۆز ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ تۈزۈككىنە يىغلىمىغانمىش. پەرىدە يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئانىسىنىڭ مېڭىش-تۇرۇشىدىن، يۈز-كۆزلىرىدىن، ئاۋاز-تەلەپپۇزىدىن ئۇنىڭ خۇشال-خاپىلىقىنى، خاتىرجەم-پەرىشانلىقىنى بىلىۋالالايدىغان بولدى. بارا-بارا قانداق چاغدا ئەركىلىسە ئانىسى كۆتۈرىدىغانلىقىنى پەملىۋالدى. ئۇ ئادەتتە كەچقۇرۇنلىرى ئانىسىنىڭ قولى بوشىغان چاغلاردا ئەركىلەيتتى. دادىسىدىن بولسا قورقاتتى. خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن دادىسى يانپاشلايتتى. ئانىسى بولسا قاچا-قومۇچلارنى يىغىشتۇراتتى. ئۆي ئىچىنى بىرەر قۇر بېسىقتۇرۇپ، ئورۇن-كۆرپىلەرنى سېلىپ قوياتتى. ئاندىن يىڭنە ئىشى قىلاتتى، يا بىرەر نەرسە توقۇيتتى. پەرىدە بۇنداق چاغدىكى پەيتنى قولدىن چىقارمايتتى. ئەركىلەتكەندىمۇ راھىلە سۆيۈپ قويۇش، "خېنىم بالام"، "جېنىم قوزام" دېگەندەك بىر-ئىككى ئېغىز سۆز ئېيتىش بىلەنلا چەكلىنەتتى. ئەر كىشىلەردەك ئېگىزدىن كۆتۈرۈپ قويۇشلىرىمۇ بار ئىدى تېخى.

سۆرۆن چىراي ئىدى. تۈن مومىيى كېچە قاراڭغۇلۇقىنىڭ ئاخىرقى
پەردىلىرىنى پايپاسلاپ يۆرۆپ يىغىپ ئېلىپ كەتتى.
هارۋىلار كارۋىنى دەسلەپ قاراماي ياتقۇزۇلغان يېزا يولىدىن
باردى. كېيىن شېغىل تاشلىق سايلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، يەنە كۆجۈم
كەنتكە كىردى. ئاندىن تاغ يانباغرىغا تۇتۇشۇپ كەتكەن شېغىللىق
قاقاس سايغا چىقتى. رېزىنكە چاقلار شېغىلدا شىرىقلىغان ئاۋاز
چىقىراتتى. هارۋا تاشلارغا، كاتاڭلارغا سوقۇلۇپ قاتتىق چالداق-
شىيتتى. يول بارغانسېرى ئۆرىگە ئۆرلىدى. تومۇز قۇياشى نەيزە
بويى كۆتۈرۈلۈپلا كۆزلەرنى چېقىشقا، ئەتراپنى قىزدۇرۇشقا باشلىدى.
باشتا هەربىر نەرسە پەردىگە بىر يېڭىلىق تۇيۇلدى، بارا-بارا
كۆز يېتىم جايدىكى مەنزىرىلەرنىڭ هەممىسى رەڭ يوقىتۇاتقاندەك
سۇسلاشتى، سۆرۆنلەشتى. بىرخىللا قۇرۇق، زېرىكىشلىك ساي كۆرۆ-
نۈشلىرى ئاياللارنىڭ تۇگىمەس ۋىچىرلاشلىرى، ئەرلەر هارۋىسىدىكى
كىمدۇر بىرىنىڭ ئالا-تاغىل ئاۋازدا سوزۇپ ئېيتقان يېتىمچە ناخ-
شىسى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈردى. هارۋىنىڭ رېتىملىك چايقىلىشى
بۆشۈكنىڭ تەۋرىتىشىنى ئەسلەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا ئانىسىغا
يۆلۈنۈپ ئۇخلاپ قالدى. چۈشىدە ئۇ ئانىسى بىلەن بىللە كېۋەز
تېرىۋاتقانمىش. كېۋەزلىكنىڭ پايانسىز قوينىدىن قاناتلىق ئاي يۈزلۈك
بىر ئادەم كۆلۈمسىرەپ چىقىپ كېلەرمىش. ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىدىن
نۇر چاقناپ تۇرارمىش. ئانىسى ئۇنى پەردىگە تونۇشتۇرۇپ "بۇ
خىزىر" دېدى. خىزىر قاناتلىرىنى يەرگە بىر ئۇرۇۋىدى، چىرايلىق
باغچا پەيدا بولدى. باغچا باللار ۋە باللار ئويۇنچۇقلىرى بىلەن
تولغان بولۇپ، ئۇلار پەردەنى قانغۇچە ئويناتتى. پويىز، ئايرۇپىلان،
راكىتا... ئورۇندۇقلۇق چاقپىلەككە ئولتۇرغۇزدى. ياغاچ ئاتتا

كەنلىكنى پەردە بىلمەيتتى. پەقەت قاراڭغۇ چۈشكەندە ياكى ئۈنىڭ-
دىنمۇ كەچرەك قايتىپ كەلگەنلىكىنىلا كۆرەتتى، ئانىسى قايتىپ كەل-
مىگىچە ئۇخلىمايتتى. بۇ دۆرەم ئۇلارنىڭ تام قوشنىسى ئوغلىنى يىراق
بىر يېزىدىن ئۆيلەيدىغان بولۇپ قالدى. تويغا مەھەللىدىكى ئاياللار
بىلەن بىللە راھىلەمۇ جابدۇندى. ئۇ يېزا قوشنا شەھەردە بولۇپ،
بۇ يەردىن 40 كىلومېتردەك كېلەتتى. ئۇ تەرەپلەرگە ماشىنا قاتنى-
مىغانلىقتىن كىشىلەر ئادەتتە هارۋا يولى — ئۇچەي يول ئارقىلىق
ماڭاتتى. ئۇ شەھەرنىڭ ئېسىللىكلىرى ھەققىدە چوڭلار دائىم تامغاق-
لىرىنى چاكىلدىتىپ تۇرۇپ گەپ ئېچىشاتتى. شۇڭا پەردەدە ئۇنى بىر
كۆرۈش ئارزۇيى تۇغۇلغانىدى. كەچتە ئۇ ئانىسىدىن ئۆزىنى ئالغاچ
بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئانا بىرهازا ئۇنچىقماي تۇرۇپ كېتىپ،
ئاندىن ئۇ شەھەرگە ئەمەس، شەھەرنىڭ بىر سەھراسىغا بارىدىغان-
لىقلىرىنى ئىزاھلىدى. بىراق پەردە يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. ئانىسى
قىزىنىڭ كۆزلىرىگە لەپپىدە بىر قاراپ قويدى-دە، باش لىڭشىتىپ
ماقۇللۇق بىلدۈردى.

ئەتىسى ئۇلار يولغا ئاتلانغىنىدا، ئاسمانغا شەبنەم تامچىسىدەك
سۈزۈك پارقىراپ چولپان چىققانىدى. ئەرلەر، ئاياللار ئايرىم-ئايرىم
هالدا بىرنەچچە ئېشەك هارۋىسىغا جايلىشىۋېلىشقانىدى. كىملەر دۇر
ئەسنىشەتتى، ئەتراپ تاڭ قاراڭغۇسىدىكى تاتلىق ئۇيقۇنىڭ تىم-
تاسلىقىغا چۆككەنىدى. ئاقىرىۋاتقان ئاسماندىكى شالاڭ يۇلتۇزلار
كۆمۈش كىرپىكلىرىنى لەپىلدىتىپ قويۇپ، ئارقا-ئارقىدىن غايىب
بولۇشاتتى. كېچىچە كۆز يۇممىغانلىقتىن، ئەمدى ئۇخلىغىلى كېتىۋاتق-
اندۇ، بەلكى. تاڭ قىزى ئاستا ناز بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاپئاق
روملىنى ئويىنىتىپ شەرقى ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلدى. ئۇ سۈزۈك ۋە

چوققىلار بەس-بەستە ئاسماننىڭ ناھايىتى ئېگىز يېرىگىچە بوي سوزغانىدى. ئوتتۇرىدا گويا ئىنچىكە، ئۇزۇن ئاسمان قىيىندىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بەزى تاشلار غۇلاپ چۈشمەكچى بولۇۋاتقاندەك بۆرتۈپ چىققان، پەسكە ساڭگىلىغان، بەزىلىرى توقماق يېگەندەك ئويۇلۇپ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. بەزى تاغلار توپا تاغ، بەزىلىرى گىل تاش قىيالار ئىدى. تاغۇ-تاشلار ئۈستى تاقىر ئىدى. قىرلىق خادا تاشلار، مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرغان ئۆڭكۈرلەر، چوقچايغان تاش دۆۋىلىرى بىر-بىرلىرىنىڭ ئۈستىگە شولا ۋە كۆلەڭگە تاشلاپ، قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش ياسايتتى. ئۇلار قارا، كۆك، قىزىل، ئاق، سېرىق رەڭلىرىنىڭ كۆپ خىل بىرىكمە تۈرلىرىدە تاۋلىناتتى ياكى قارائىغۇلىشاتتى. روشەنلىك ھەم خىرەلىكنىڭ مۆكۈ-مۆكۈلەڭ ئويۇنىنى ئوينايتتى. پەرىدە مۇئەللەقتىكى ئۆيدەك يوغان بىر قورام تاشقا چەكچەيگەن كۆزلىرىنى تىكتى. بۇ تاش ئېگىزدىن پەسكە ھەيۋە بىلەن ئېگىشىپ قاراپ تۇراتتى. خۇددى كارۋان ئۇدۇلىغا كەلسىلا ئاسماندىن بىراقلا غۇلاپ چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ مىجىقىنى چىقارماقچىدەك ئىدى. ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئېگىزدە بولسا چوققىلار ئاسمان قەرىدە باش قوشۇشۇپ نېمىنىدۇر پىچىرلىشىپ مەسلىھەتلىشە-ۋاتاتتى. ئۇلار نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىدىكىن؟ پەرىدەنىڭ ئېسىگە مومىسىدىن ئاڭلىغان جىن-ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى ساماۋى چۆچەكلەر كەلدى. مومىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئوردا-سارايلىرى مانا شۇنداق قورقۇنچلۇق تاغلار ئىچىدە بولارمىش. ئاۋۇ چوقچىيىپ، دومچىيىپ تەلەتلىرىنى ھەرقىسما سەتلەشتۈرۈپ تۇرغان تاشلار يالڭاچ دىۋىلەر ئەمەسمىكىن؟ يول ئىت ئۈچىيىگە ئوخشاپ ئۈزلۈكسىز ئوڭغا، سولغا بۇرۇلاتتى. بۇرمىلاردىن ھارۋا ئاران

پەرۋاز قىلدۇردى. كۆلكە ئاپىرىپ قىيىققا چۈشۈردى. تاغقا ئېلىپ چىقىپ بۇلۇتقا مىنگۈزدى. ئۇلار ئۇچەيلەن بىر پارچە ئاق بۇلۇت ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ ئايغا قاراپ ئۇچتى. ئانىسى ئۇنى قولتۇقلىۋال-غانىدى. بويى بىردىنلا ئۆسۈپ ئانىسىنىڭكى بىلەن تەڭلىشىپ قالدى. ئانىسى توختىماي كۈلەتتى، سۆزلەيتتى، پەرىدەنى ئەركىلىتەتتى. پەرىدە ئانىسىنىڭ مىجەزىدىكى بۇ مىسلىسىز ئۆزگىرىشتىن، خۇش خۇيـ-لۇقتىن چەكسىز سۆيۈندى. ئانىلىق مېھرىنىڭ تەپتىدە ئۇنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك، ۋۇجۇدى كۆيگەندەك بولدى. ئۈشتۇمتۇت يەردىن مۇنارغا ئوخشايدىغان بىر قويۇن پىرقىراپ كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلار چۈشكەن ئاق بۇلۇتنىڭ ئاستىغا كىلىپ كۈچ بىلەن ئۇرۇلدى. بۇلۇت قاتتىق چايقىلىپ، خىزىر پەسكە غۇلاپ كۆزدىن غايىپ بولدى. قورقۇپ كەتكەن پەرىدە ۋارقىراپ ئانىسىنى قۇچاقلىۋالدى. بىراق ئاۋازى چىقمىدى... پەرىدە قىينىلىپ ئويغىنىپ كەتتى. ئويغىنىپلا ئۇنىڭ كۆزى ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ ئولتۇرغان ئانىسىغا چۈشتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى پارقىرايتتى. كۈن قوزا چۈش ۋاقتى بولغان، كۆيۈك ئاپتاپ تونۇر قىزدۇرۇشنى باشلىغانىدى. كارۋان قاپتالنى بېسىپ ئۆتۈپ، سوزۇلۇپ يېتىشقان شىر توپلىرىغا ئوخشايدىغان پارچە تاغلار قاتارىغا يېقىنلىشىۋىدى، گويا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىككى ياققا تارتىپ ئارىدىن يول چىقىرىپ بەردى. كارۋان تاغنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئۇچەي يول ئېغىزىغا كىردى.

ئۇچەي يول بىر هارۋا ئاران پاتقۇدەكلا تار ئىدى. ئىككى قاسناقتىكى ئالا - بۇلىماچ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل قىيا تاشلار بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگىشىپ غەلىتە شەكىللەرنى هاسىل قىلغانىدى. ئېگىز - پەس

يولۇچىلار بىر-بىرلىرىگە چىلىڭ ئېسىلغىنىچە ھالى تەرەپكە قاتتىق بىر چايقىلىپ يەنە جايلىرىغا قايتقاندىن كېيىن، ئۇھ تارتىشىپ ئاللاغا شۈكرى-سانا ئوقۇشتى.

ئۇچەي يول چېتىلما تاغلار ئارىسىدىن بىرەر مۆجىزە بىلەن پەيدا بولغان ئەگرى-بوگرى يېرىق بويىچە ئىلگىرىلەپ، ئۇلارنى نەق ئىككى سائەت ئاۋارە قىلدى. كۆيۈك ئاپتاپ تاشلارنى كاۋاپچىنىڭ كۆمۈرىدەك قىزدۇرىۋەتتى. يول بەزىدە جىلغىغا ياندىشىدۇ، بەزىدە ھالى تاشلار ئاستىدىن، قولتۇقىدىن دېگۈدەك پەيدا بولىدىغان جىرالارنى كېسىپ ئۆتىدۇ. نەچچە يەردە چوڭ-كىچىك داۋانلاردىن ھالقىشقا توغرا كەلدى. پەرىدە تاغلارنىڭ بەھەيۋەت قىياپەتلىرى، سۈرلۈك مەنزىرىلىرىدىن تەبىئەتنىڭ ئاللىقانداق سېھرلىرىنى، سىرلىرىنى بايقىغاندەك بولدى.

ئۇلار يول ئازابىنى يەتكۈچە تارتقاندىن كېيىن، تاغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى يانباغىرغا چىقتى. ئېقىن ئىزىنى بويلاپ بىرنەچچە بۇرۇلۇپ يار بېشىغا كۆتۈرۈلدى. ئەمدى ئۇلارنى ئېدىرلار دولقۇن ياساپ كۈتۈۋالدى. جىمجىت دۆڭلۈكلەردىن ئەگىپ ياكى ھالقىپ ئۆتۈپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇلار قۇچىقى زۇمرەتتەك ياپيېشىل تاۋلىنىپ تۇرغان بوستانلىققا كىردى. بۇ مېۋىلىرى يېقىن ئەتراپقا داڭلىق كەنت ئىدى. پەرىدە تاملىرى يوق باغلارغا، ئۈرۈك، شاپتۇل، ئانار، ئامۇت، بادام دەرەخلىرىگە، ئۈزۈم باراڭلىرىغا ئەجەبلىنىپ قارايتتى. ھاۋادىن ھەرخىل مېۋىلەرنىڭ ئارىلاشما خۇش پۇرىقى كەلدى.

ئۇلار يىگىتنىڭ شۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ھەممىسىنىڭكىگە چۈشتى، توي ئەتىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئەتىگەندە بىرنەچچە قوينىڭ كاللىسى كېسىلدى، كىچىك قازاندا گۆش قاينىدى، چوڭ قازاندا

بۇرۇلالايتتى. پەرىدەنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى. ھارۋىدىكى
خوتۇن-قىزلار يەنە قىيا-چىيا كۆتۈرۈشتى. پەرىدە ئۇلار ۋەھىمە
بىلەن تىكىلىشكەن ئوڭ تەرەپكە قاراپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ ياقتا
ئاستىغا كۆز يەتمەيدىغان چوڭقۇر ھاڭ بار ئىدى. ھاڭنىڭ نېرىقى
قىرغىقى سالاپەت بىلەن ئۆرە تۇرغان تىك ئېگىز تاغ ئىدى. ھاڭ
يۈزىدە يېنىك تۇمان تارقىلىۋاتقان سۈس تۈتۈندەك لەيلەيتتى.
يولنىڭ ھاڭ تەرەپتىكى گىرۋىكىنى يامغۇر سۈيى بۇزۇپ كەتكەن-
لىكتىن كىمدۇر بىرى ئۇ يەرنى ياغاچ ياتقۇزۇپ تۈزەپ قويغانىدى.
قارا ئېشەك تىرەجەپ پۇتلىرىنى ئاران يۆتكىدى. تاش شېغىللار
شاراقلاپ-گۈلدۈرلەپ پەسكە دومىلاپ كەتتى. پەرىدەنىڭ يۈرىكى
بوغۇزىغا قاپلاشتى. ”ۋاي ئانام!“ دېگەن سۆز تىلىنىڭ ئۇچىغا
كېلىشىگە يۇمشاق، ئىسسىق بىر قول بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ
قالدى. ئۇ ئىتتىك بۇرۇلۇپ قاراپ ئانىسىنىڭ قولى ئىكەنلىكىنى
كۆردى. ئانىسى ئۈنچىقمىغان بىلەن ئۇنىڭغا ئانا كېرەك بولغان
دەقىقىنى دەل ۋاقتىدا سەزگەنىدى. پەرىدە بۇ قولدىن ئانىسىنىڭ
يۈرىكىدىكى ئانىلىق ئوتىنىڭ تەپتىنى سەزدى. بۇ قول چەكسىز خاتىر-
جەملىك بېغىشلىغاندەك، ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا توم بولدى. ئانىسى
ھېچنېمە دېمىسىمۇ ئۇ ھەممىنى سۆزسىزلا چۈشەندى، ئۇنىڭ
يېنىدا ئانىسى بار، سۆيۈنىدىغان تېغى بار، ئۇ شۇنى ئۇنتۇمىسىلا
ھېچ نەرسىدىن غەم يېمىسىمۇ بولىدۇ. ھېچنېمىدىن — جىن-شەيتان،
ئالۋاستى، دىۋىلەردىن، جىن، دىۋىلەر سىياقىدىكى خادا تاشلاردىن،
دوزاختەك قوينى بار ھاڭلاردىنمۇ قورقمىسا بولىۋېرىدۇ... ھارۋا
چاقلىرى ھاڭ لېۋىگە ياتقۇزۇلغان ياغاچنىڭ چېتىنى ئاران چىشلەپ،
غىچىرلىغان ئاۋاز چىقىرىپ، خەتەر گىرۋىكىدىن دومىلاپ ئۆتتى.

— رۇستەم دائىم باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئادەم ئىدى، باشقىلار ئۇچۇن جېنىدىن جۇدا بولدى.
جاۋاب بېرىۋاتقىنى مۇشۇ يېزىلىق ئايال بولسا كېرەك، پەردە تونۇمىدى. ئۇ ئايال ئېسەدەپ كۆز يېشى قىلدى، باش ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى قايرىپ يېشىنى سۈرتتى.
— قانداقسىگە، قاچان، قانداقسىگە...؟ — راھىلە ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك، شۇ بىر سۆزنىلا تەكرارلاپ پىچىرلايتتى.
— ئىككى ئايدىن ئاشتى، — دېدى ناتونۇش ئايال يۇم-يۇم يىغلاپ، — بىر كۈنى نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن ئۇ ئېتىزلىقتىن قايتىۋاتقانىكەن. مەھەللە يېنىغا كەلگەندە بىر قۇرۇق ھارۋىنى سۆرىگەن ئۇچ ئاتنىڭ بولۇشىغا چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئاتلار ئۈركۈپ ھارۋىنى ئېلىپ قاچقانىكەن. كەنت باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تۆت بالا يول چېتىدىكى قۇم دۆۋىسىدە ئويناپ ئولتۇرغانىكەن. ئۈركىگەن ئاتلار ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئويناۋاتقان ئاشۇ بالىلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپتۇ. قازا قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قاپتۇ. رۇستەم "قېچىڭلار بالىلار!" دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئاتلارغا ئېتىلىپتۇ. ئۇنداق چاغدا ئاتلارنىڭ قان تولغان كۆزلىرىگە بىر نەرسە كۆرۈنمەيدۇ دەمسىز، كەلگەن پېتى رۇستەمنى تەرگە چۆمگەن قۇۋۋەتلىك كۆكرەكلىرى بىلەن ئۇرۇپتۇ. رۇستەم چەبدەس نەرسە ئەمەسمىدى، ياندىق ئاتلارغا تەگمەي بىر سەكرەپلا ئۇچ ئاتنىڭ بويىنىغا مىنىۋاپتۇ-دە، بېشىنى قۇچاقلاپلا يان تەرەپكە بۇراپتۇ. ئاتلار زورمۇزور ئۇ ياققا بۇرۇلۇپ، ھارۋىنىڭ بالىلار تەرەپتىكى چاقى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، بالىلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن دېگۈدەك قىڭغىيىپ ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يا پەرۋەر-

پولۇ دۆملەندى. سۇپىلار ئۈستىلىرىدىكى، باراڭلار ئاستىلىرىدىكى كىگىز - گىلەملەرگە سېلىنغان داستىخانلاردا نازۇ - نېمەت، مېۋە - چېۋە تۆكمە قىلىۋېتىلدى. قىيام ۋاقتىدىن كېيىن ياشلار سورۇنلىرى قىزىدى. قورۇملار پۇرقىراپ، رومكىلار پىرقىراپ، يىگىتلەر دېخسىراپ قالدى. قىز - چوكانلار گۈلدەك ئېچىلدى. يۇرت ئەلنەغمىچىلىرى ساز ۋە ئۈنئالغۇنى گىېزەكلەشتۈرۈپ ئىشلىتىپ، مۇقاملاردا، كونا - يېڭى پەدىلەردە سورۇنلارنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇسسۇلچىلار پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، كېپىنەكتەك لەپىلدەپ، كېيىكتەك سەكرەپ، مەيدىلىرىنى تورلاردەك، كۆزلىرىنى ئاھۇلاردەك ئوينىتىشتى، تەپكىلەپ يەر چىڭداشتى. كەپتەردەك موللاق ئاتقانلىرىمۇ، ئاق قۇدەك بويۇن سوزغانلىرىمۇ بولدى. خۇددى يېزا تۇرمۇشىنىڭ بارلىق قىزىقى، قاينام تاشقىنلىقى مەشەگە مۇجەسسەملەنگەندەك ئىدى. راھىلە تېخى ئەمدىلا 34 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، تومۇرلىرىدىكى قېنى سوۋۇمىغان، كېلىشكەن جۇۋان تۇرۇقلۇقمۇ، يەنىلا ئويۇنغا قاتناشمىدى. مېھمان ئىكەنلىكىگە قارىماي ئادىتى بويىچە تۆشۈك ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. قىز تەرەپمۇ ئۇنىڭغا ئېرىقىنىڭ نېمىچىلىك تۇغقان كېلەتتى. پەرىدە بىرھازا ئويۇن كۆردى، ئاندىن ئاپىسىنى ئىزلەپ ئوچاق بېشىغا چىقتى، تاپالمىدى. ئانىسى قازناق ئۆيدە نان، زەللە باشقۇرۇشقا ياردەملىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ شۇ تەرەپكە ماڭدى، ئاپىسىنىڭ قازناق دېرىزىسىنىڭ تۆۋىدە بىر ئايال بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يېقىنلاپ باردى. ئۇلار ياكى ئۇنى بايقىمىدى ياكى ئېرەڭ قىلمىدى.

— تېنى بېجىرىم، ساق ئىدىغۇ، قانداقىسىگە...؟ — دېدى ئانىسى ھەرە چاققاندەك تولغىنىپ.

بالىلارنى ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتقۇزغان تۇرسا...

راھىلە پەردەنىڭ مۈرىسىدىن قولىنى ئالماي قازناق ئۆيگە قايتتى. ئۇنىڭ چىرايى تۆمۈردەك ئىپادىسىز ئىدى. ئۇ قازناقتا بىردەم قاققان قوزۇقتەك ھەرىكەتسىز قېتىپ تۇردى. كېيىن قولىدىكى ئىشلارنى ۋە پەردەنى باياتىن پاراڭلاشقان ئايالغا تاپشۇرۇپ قويۇپ ئۆزى سىرتقا چىقىپ كەتتى. مېھمانلارنىڭ يېنىغا چىقىپ كېلەي، بىردەمدىلا قايتىمەن، دېدى.

سەل ۋاقىت ئۆتۈپلا، پەردە ھېلىقى ئايالنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ غىپپىدە تالاغا چىقتى. ئانىسىنىڭ مېھمانخانىغا ئەمەس، دەرۋازا تەرەپكە ماڭغانلىقىنى بايقىدى-دە، كەينىدىن سايىدەك ئەگەشتى. راھىلە دەرۋازىدىن چىقىپ كوچا بويلاپ، بىرسى قوغلاۋاتقاندەك يورغا قەدەمدە مېڭىپ كەتتى. ئەمدى پەردەگە سوكۇلداشقا توغرا كەلدى. ئۇلار ئىككى دوقمۇشتىن ئۆتۈپ كەنت چېتىگە چىقىشتى. قىرلار، ئېتىزلىقلار ئارىلاپ مېڭىشتى. قارىغاندا راھىلە بۇ يەرلەرگە ئوبدانلا تونۇش بولسا كېرەك، پەردەنى خېلىلا كەينىدە قالدۇردى. پەردە چىشىنى چىشلەپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىپ باراتتى. تاشلاندۇق بوز يەرگە چىققاندا تۆپىلىكتىكى كىچىككىنە توغراقلىق، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى كونا گۈمبەز، قەبرىلەر، ئۇ يەر-بۇ يەرگە سانجىلغان تۇغ-شەددىلەر كۆزگە چېلىقتى. پەردە دۆمبەللەرنىڭ دالدىسىدا يۈگۈرۈپ ئارىلىقنى قىسقارتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئانىسى زومچەك-زومچەك قەبرىلەرگە تولغان مازارلىققا كىرىپ كېتىپ باراتتى. پەردە مازارلىقنىڭ ئۆرۈلگەن كونا تېمىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، راھىلە چەتتەرەك تۇرغان يېڭى قوپۇرۇلغان بىر قەبرە تۆۋىگە بېرىپ يۈكۈندى، ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا قول كۆتۈرۈپ ئىخلاس بىلەن

دىگارا، نارسىدىلەرنى ئۆز قانىتىنىڭ ئاستىدا ساقلىغايسەن. مانا شۇ چاغدا ئۈچ ئات بېشىنى پەسكە قاتتىق سىلكىپ رۇستەمنى دومىلىتىۋېتىپتۇ. رۇستەم يۈگەنگە چىڭ ئېسىلىۋالغانىكەن. پۇتلىرى يەرگە تېگىشى بىلەنلا تىرەجەپ ئۈچ مېتىردەك سۆرىلىپ بېرىپتۇ. بىراق بەرداشلىق بېرەلمەي يىقىلىپتۇ. قۇتۇرىغان ئاتلار توختايدۇ دەمسىز، ھارۋا چاقى رەھمەتلىكنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇپ تاشلاپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم، — راھىلەنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، قوللىرى ئىختىيارسىز پەردەنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇۋالدى.

— ئالتۇندەك ئادەم ئىدى، يارىبېشىدىكى مازارلىقتا كۆمۈپ قويدۇق. ئۇنىڭدىن نىشان بولۇپ قالغىنى قەبرىسى ئۈستىدىكى بىر دۆۋە توپا بولدى.

پەردەگە ئانىسى شۈركۈنۈپ كەتكەندەك بىلىندى. ھېلىقى ئايالمۇ، راھىلەمۇ جىممىپ قالدى. پەردەگە شۇئان گويا پۈتۈن ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆككەندەك، توي چۇقانلىرىمۇ بىردىنلا توختاپ قالغاندەك تۇيۇلدى. قازاننىڭ كىژىلدىشى، قورۇمىلارنىڭ كاژ-كۇژى يىغا ئاۋازىدەك ئاڭلاندى. نېرىدىكى باراڭ ئاستىدىن كېلىۋاتقان مۇقام گويا تەمبۇر، دۇتار، قالۇننىڭ... ئۆكسۈشىدەك بىلىندى. پەردەگە ھەممە نەرسە غەلىتە، گىجماچ، تېپىشماقتەك مۇرەككەپ، سىرلىق سېزىلدى. ئۇ يەردە ئادەم ئۆلگەن، بۇ يەردە توي بولماقتا. تويدا ناتونۇش ئايال مۇسىبەت يىغىسى يىغلىماقتا. پەردە ئۈچىنى تىڭشاپ، ھېلىقى رۇستەم دېگەن ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئۆز يۈرىكىنىڭمۇ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى بىردىنلا سەزدى. سەۋەبىنى دەماللىققا ئاڭقىرالمىدى. ئۇ ناتونۇش كىشىمۇ، ئانىسىنىڭ تونۇشى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ياخشى ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈندۇر بەلكى. ئۇ پەرىدىدەك

نېمىشقا ئويلىشى كېرەككەن؟ "تاشلاپ كەتتىڭ" دېگىنى نېمىسى؟ ئەزەلدىن پەردە كۆرۈپمۇ باقمىغان بىر ئادەم ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە نەگە ئېلىپ كېتەتتى؟ بىردىنلا پەردە بەزىبىر نەرسىلەرنىڭ تەكتىگە يەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئانىسى بۇ ئادەمگە ئامراق، بۇ ئادەم بىلەن بىللە گۆرگە كىرىشتىن... پەردەنىڭ بىر يېرىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولدى، ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. نېمىشقا؟ مەكتەپ باللىرىنى قوغداپ قالغان ئادەم بولغاچقا ئانىسى شۇنچە... ئۇنىڭ پىكىرلىرى چىگىشلىشىپ توختاپ قالدى. مازارنى قاراڭغۇلۇق قوچاقلىماقتا ئىدى، پەردەنى قورقۇنچ باستى، ئۇ ئانىسىغا قارىدى، ئانىسى بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى. كۆزلىرىدىن ياش قۇيغان ھالدا بارماقلىرىنى چىشلەۋاتاتتى. پەردە ئانىسىنىڭ بىغلىغانلىقىنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان، يىغلاشنى بىلىدىغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى. مانا كۈتۈلمىگەندە ئۇ ئادەمسىز جىمجىت مازاردا، قورقۇنچلۇق گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدا، پەردەنىڭ كۆز ئالدىدا ئىچ-ئىچىدىن تۆكۈلۈپ قار-يامغۇر يىغلاۋاتاتتى. قاراڭغۇ بولغانلىقتىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ يۈز شەكلى غەلىتە ئۆزگىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. مۇنچىلا كۆز ياشنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقى، نېمىشقا شۇنچە بۇلاقتەك بۇلدۇقلاپ قايناپ چىقىۋاتقانلىقىغا پەردەنىڭ ئەقلى يەتمىدى. ئولتۇرغان ئورنىدا بۇتتەك ھەرىكەتسىز قېتىپ قالدى. ھەيرانلىق ئۇنىڭ مېڭىسىنى تورمۇزلىۋالغانىدى. ئانىسى يىغا ئارىلاش يەنە بىر نەرسىلەرنى دېدى. پەردە دېمىنىمۇ چىقارماستىن قۇلاق سالدى. "ئىككى دۇنيالىقىم ئىدىڭ، ئۆزۈمنىڭ جۇر-ئەتسىزلىكىدىن بىز قوشۇلۇپ ياشىيالمىدۇق. ۋاي قۇدرەتلىك خۇدا، نېمىشقا ئۇنى مەن توي قىلىشتىن بۇرۇنراق ماڭا ئۇچراشتۇرمىغان

دۈئا قىلدى. پەردە پۈتىنىڭ ئوچىدا مىگىپ يېقىنلاپ بېرىپ، ياندىكى بىر قەبرىنىڭ دالدىسىغا تىزلاندى. بۇ يەردىن ئانىسىنىڭ يۈزى قىيپاش ئۇدۇل كۆرۈنەتتى. ئانىسى ئۇگدەۋاتقاندەك قىمىرلىماي ئولتۇراتتى. پەردە ئۇنىڭ ھەسرەتتە پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىنى كۆردى. كونا پاتقىلى خېلى بولغان، قاش تېخى قارايمىغاندى. شەپەقنىڭ ئوت دېگىزى ئۆچۈپ، يەر-كۆك ئارىسى كومۇش رەڭگە تولغاندى. نېرىدىكى كۆجۈم مەھەللىلەر ئۈستىدە ئاقۇش ئىسلار تولغىناتتى. بۇ تۆپىلىكتە بولسا مەيىن شامال يۈزلەرگە بىلىنەر-بىلىنمەس ئېسەتتى. ئەتراپ گۇگۇم تىمتاسلىقىنىڭ ئىللىق قوچىقىدا بىر كونلۇك ھاردۇقنى چىقىرىشنى باشلىۋەتكەندى. تاغلارنىڭ كۆلەڭگىسى بېسىپ كەلدى. ھەممە نەرسە ئالدىرىماستىن كۆلرەڭلىك دۇنياسىدىن قارا رەڭ دۇنياسىنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. پەردە ئانىسىنىڭ ئالدىدىكى قەبرە بېشىغا ئويۇلغان "رۇستەم... 1951 — 1981 - يىللار..." دېگەن خەتلەرنى ئىلغا قىلدى. شۇ چاغدا بىرنىڭ يېنىك ئاھ ئۇرۇشى ئاڭلانغاندەك بولدى. پەردە ئەندىكىپ ئانىسىغا قارىدى. راھىلە ئۇھسىندى، ئۇلۇغ-كىچىك تىندى، تۆۋەن ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دېدى. پەردە قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ "رۇستەم، ۋاي رۇستەم، مەن كەلگىچە جىمجىتلا كېتىۋالغىنىڭ نېمىسى؟ مەن سېنى چۈشەپ، چۈشەكەپلا يۈرۈپتىمەن، سەن بولساڭ مېنى تاشلاپ كېتىۋېرىپسەن..." دېگەن نادامەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلىدى. راھىلە يەنە نېمىلەرنىدۇ پىچىرلاپ جىمىدى. پەردە ھاڭ-تاڭ قالدى، ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. بالىلارنى ئۆلۈم ئاغزىدىن تارتىپ چىقىرىمەن دەپ جان تالىشىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئانىسىنى ئويلاپ تۇرغۇدەك ۋاقتى نېمە قىلسۇن؟ بولغان ھالەتتىمۇ

نەقىش ئويۇلغان قارا گۈمبىزىنى پەسلىتىۋاتقاندەك، بېسىپ چۈشۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى. پارچە تاملار، گۈمۈرۈلگەن گۈمبەزلەر، قۇببىلار، قاقشال تېرەك، توغراقلار تەلەتى سەت مەخلۇقلاردەك، دېۋە-ئىبلىسلاردەك يىرگىنچلىك قىياپەت، سۈرلۈك كۆرۈنۈشلەرنى شەكىللەندۈردى، تۇغ-شەددىلەر گويا ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، مۈڭگۈزلىرى ئىدى. نېرىراقتىكى توغراقلىق قارا قەلئەدەك كۆرۈنەتتى. يوپۇرماقلار ئاللىقانداق شالدىرلاپ، ئەنسىز ھېس قوزغىتاتتى. يېقىنلا يەردە شۇم ئاۋازدا ھوقۇش سايرىدى، پەرىدەنى سۈر باستى. سەبى يۈرىكى يۇمران ياپراقتەك تىترىدى، ئۇ كۆزلىرىنى ئانىسى تەرەپكە يۆتكىدى. ئانىسى جانسىز ھەيكەلگە ئوخشاپلا قالغانىدى. قاراڭغۇ كېچىدە، قورقۇنچلۇق مازاردا ھازىدارلىق، مىسكىنلىك قىياپىتىدە يالغۇز يىغلاپ ئولتۇرغان ئانىسىغا قاراپ ئىچى سىرىلدى. ئانىسىغا ئېيتىدىغان نۇرغۇن سۆزلىرى بارلىقىنى، يۈرىك بېغىشىنى تاشتەك ئېغىر بېسىپ تۇرۇۋاتقىنى دەل شۇ سۆزلەر ئىكەنلىكىنى بىردىنلا سەزدى. ئۇ ئاستا-ئاستا سۈرۈلۈپ ئانىسىنىڭ قېشىغا باردى. شەپىدىن سەگەكلەشكەن ئانىسى بۇرۇلۇپ ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. پەرىدە قوزىدەك يۇمشاق ھەرىكەتتە ئانىسىنىڭ بېقىنىغا كىرىپ بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى.

— يىغلىمىساڭچۇ ئانا!

پەرىدە ئاران شۇ بىر ئېغىز سۆزنىلا قىلالىدى. بىراق شۇمۇ ئانىغا يېتەرلىك بولغان بولسا كېرەك، قولىنى سوزۇپ پەرىدەنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئۇنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالەتتە، نېمە مەقسەتتە شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

1990-يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

بولغىيدىكەن. نېمىشقا ماڭا مۇھەببەتنى بىرىپ جۇرئەتنى بەرمىگەن بولغىيدىكەن؟ مېنىڭ بۇ هاياتىم ئۇنىڭ ئېلىپ تاشلىۋەتكەن تىرنىقىغىمۇ ئەرزىمەيتتىغۇ، شۇ كۈنى قېشىدا بولغان بولسامىمۇ كاشكى...» دېگەن نالىلەرنى ئاڭلىدى. پەرىدەنىڭ يۈرىكى پۇچۇلاندى، ئېزىلىپ ئېرىپ ئاقتى، ئۇ ئەمدى خېلى نەرسىلەرنى چۈشىنىپ قالغانىدى.

راھىلە ئۆكسۈپ ــ ئۆكسۈپ ئۇزاق يىغلىدى. بەلكى ئۇ رۇستەم بىلەن بىللە بولغان چاغلارنى ئەسلىگەندۇ، كەلگۈسىنىڭ كۆل رەڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلغاندۇ، ئۆز ــ ئۆزىدىن نارازى بولۇشنىڭ يالقۇنىدا ئۆرتەنگەندۇ. مازارلىقنى، پۈتۈن ئەتراپىنى كېچە دېگىزى سەزدۈرمەي دەم تارتتۇۋالدى. ئاسمانىغا راھىلەنىڭ كۆز يېشىدەك سۈزۈك يۇلتۇز چىقتى. دەسلەپ بىر، ئىككىسى، كېيىن ئۈچىنچى، تۆتىنچىسى... بارا ــ بارا مۆلدۈرلەپ تۆكۈلگەن ياشلاردەك بىراقلا كۆپىيىپ سان ــ ساناقسىز بولۇپ كەتتى. كېيىن بىر يۇلتۇز ئاسماندا ئىنچىكە، ئۇزۇن ئالماس شەمشەردەك يالتىراق ئىز قالدۇرۇپ كۆچتى. ئۇپۇقنىڭ، مازارلىقنىڭ چېتىگە يېقىن بىر يېرىگە چۈشكەندەك بولۇپ غايىپ بولدى. گويا بۇنىڭدىن بۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاندەكلا نامۇ ــ نىشانسىز يوقالدى. پەرىدە چوڭلارنىڭ "ھەر بىر ئادەمنىڭ بىردىن يۇلتۇزى بولىدۇ، ئادەم ئۆلگەندە ئۇنىڭ يۇلتۇزىمۇ بىللە كۆچىدۇ" دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىدى. يەنە كىم ئۆلدىكىن؟ بۇ ئۆچكىنى ھېلىقى رۇستەم دېگەن ئادەمنىڭ يۇلتۇزى بولۇپ يۈرمىگىيدى، مەكتەپ بالىلىرىنى قوغداپ قالغانلىق خاسىيىتىدىن ئۇنىڭ يۇلتۇزى ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرۈپ ئەمدى ئاققاندۇ، بەلكىم. پەرىدە ئىچىگە تىنىپ خېلى بىرھازا ئولتۇردى، ھاۋا سالقىن بولۇپ قالدى. پەرىدەگە يۇلتۇز تولغان ئاسمان كۆمۈش

قىزىقىسىمۇ، ئەدەبىياتنى تۇزۇكرەك چۈشىنىشكە قۇربى يەتمەيدىغان ئايپاشا جېنىدا بۇ كىنونى "ماز كىنو ئىكەن" دەپ ياراتمىدى. بۇنداق تەقلىتچىلىكنىڭ ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسالغۇ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بەزىلەرنىڭ شىنجاڭدا تۇرمۇش ئەزىرى كەڭ، يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر يورۇتقان ئەسەر يوق، دېگەنلىرى توغرىدۇر بەلكىم. شۇنچىلىك ئارقا ئىشىكى بولغىنىدا ئىدى، ئايپاشا كىنو ساھەسىدە بىردىنلا نۇرلۇق يۇلتۇزدەك چاقناپ كەتكەن بولار ئىدى. ئامېرىكا، سوۋېت كىنو چولپانلىرىدەك، ياپونىيە، ھىندىستان سىنارىستلىرىدەك، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە رېژىسسورلىرىدەك... بولغان بولاتتى. ئىشقىلىپ، ئاددىيلاردىن ئەمەس، ئۇ ئاددىيلىقنى ياقتۇرمايدۇ، ئاتاقلىق، بەلكى ئاتاقلىقلارنىڭ ئاتاقلىقلىرىدەك...

ئايپاشانىڭ كاللىسى خىيالغا باي ئىدى، ئۇ تەسەۋۋۇرلىرىدىن خىيالىي مۆھىت پەيدا قىلىپ، شۇ مۆھىتتا كېزىشكە ئامراق ئىدى. ھازىرمۇ شۇنداق خىيال دەرياسىغا شۇڭغۇدى، كۆزلىرى ئېكرانغا تىكىلگەن بىلەن ئاستا-ئاستا كۆڭۈل ئېكرانىدىكى سۈرەتلەرنى كۆرۈشكە باشلىدى:

— ئايپاشا، بۇ نېمىدېگەن مەزمۇنلۇق ۋە چىرايلىق ئىسىم، — دېدى ئېگىز بويلۇق، ئالتۇن چاچلىق، يوغان كۆزلىرى دېڭىزدەك كۆپكۆك ئامېرىكىلىق بىر يىگىت ئۇنىڭغا تەكەللۇپ بىلەن، — دۇنيا دۇنيا بولۇپ، سىزدەك ئۇلۇغ، تالانتلىق سىنارىست ھەم رېژىسسورنى تېخى كۆرمىگەن، سىز ئىشلىگەن فىلىملەر جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. بىزنىڭ ھوللىۋۇد كىنو كارخانىمىز بىلەن ھەمكارلىششنى خالامسىز؟

# سۆيۈملۈكنى سۆيمەسلىك گۇناھ

باشقارما باشلىقى مەنسۇر باشلاپ قالمىغان بولسا، ئايپاشا بۇ كىنونى كۆرگىلىمۇ كىرمىگەن بولاتتى. دېگەندەك، كىنونىڭ تايىنى يوق بولۇپ چىقتى، كىنوخانىدا تاماشىبىنلار شالاڭ ئىدى، ئېكراندا ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىرلىرى بويىچە تولا يېزىلىپ، چايىنىلىپ تەمى قالمىغان يېڭىچە توي كۆرسىتىلىۋاتاتتى. ئادەتلەنگەن فورمىلا بويىچە قىز كەمبەغەل، ئاكتىپ بىر يىگىتنى ياخشى كۆرەتتى، ئانىسى بولسا ئۇنى پۇلدار ئەتكەسچىگە بەرمەك بولاتتى. قىز ئانىسىنىڭ تويلۇقنى كۆپ سېلىش ۋاستىسى ئارقىلىق سۆيگىنىنى رەت قىلىۋاتقانلىقىغا قارشى تۇراتتى. پېشقەدەم ئىنقىلابى كادىر ئۆتمۈشنى ئەسلەپ بۈگۈننىڭ قەدرىگە يېتىش ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەيتتى. ۋەقەلىك سىياسىي تەشۋىقات مۇقامىدا، ئاخبارات خەۋەرلىرى قۇرۇلمىسىدا، قاتمال ئۇسۇلدا ئۇدۇل بايان قىلىناتتى. بۇ مەزمۇنلار ئىچكىرىنىڭ كىنو، تېلېۋىزىيە كىتابلىرى ئارقىلىق جامائەتكە ئاللىقاچان تونۇش بولۇپ كەتكەچكە، كىشىلەر بېشىنى كۆرۈپلا ئاخىرىنى بىلىۋالالايتتى. كىنو قىز-يىگىت بىرلىشىپ ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەرنى ۋارقىراپلا ئاددىي-ساددا توي قىلىۋېلىش بىلەن تاماملىناتتى، كىشىگە چىنلىق تۇيغۇسى بەرمەيتتى. ئاپتورنىڭ كىنو ئىستودىيەسىدە ئىشەنچلىك ئارقا ئىشىكى بار چالا ساۋات تەقلىتچى ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى، ھەتتا ئەدەبىياتنىكى شۆھرەتكە

ئاتاقلىق يازغۇچى - شائىرە، مۇھتەرەملەرنىڭ مۇھتەرەمى ئايپاشا خېنىمنى پىكاپقا ئولتۇرغۇزۇپ، ۋاشىنگتون شەھىرىنى ئايلاندۇرۇپ ئويناتتى. كۆڭلىنى ئېچىپ ئالىي مېھمانخانىغا ئاپىرىپ قويۇپ، تەگرى ئۇنى كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرىنىڭ سەركەردىسى قىلسۇ، تەسە ئەجەب ئەمەس.

— ئۆزەمنىڭمۇ دۇنيا ئاياللىرىنى قوزغىتىپ، "خەلقئارا ئايال ئەدىبلەر بىرلەشمىسى" تەسىس قىلىش پىلانىم بار، — دېدى ئىلھاملانغان ئايپاشا قىن - قىنىغا پاتماي، — «خەلقئارا ئايال ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى» دېيىلسىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭدا «ئايال يازغۇچىلار جەمئىيىتى»، «ئايال ئارتىسلار جەمئىيىتى»، «ئايال دىرامماچىلار جەمئىيىتى» قاتارلىقلار بولىدۇ. «تانسا - دېسكوچىلار جەمئىيىتى»، «ناز - خۇلۇق جەمئىيىتى»، «كېچە سەتەڭ - لىرى ئۇيۇشمىسى»، «ئەرلەرنى ئېزىقتۇرۇش ھەمكارلىقى» دېگەنلەرنى قۇرۇشنىمۇ ئويلىشىپ كۆرۈش كېرەك. چۈنكى پۇل تېپىشمۇ مۇھىم - دە!

— بۇ ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمىگەن ئىش ئىكەن، — دېدى دېرىكتور.

— بولمىسىچۇ، — دېدى ئايپاشا دېرىكتورنىڭ پىكىپىغا كىرىۋېلىپ ھاسىراپ، — بۇ دېگەن مېنىڭ كەشپىياتىم، بۇ يولدا نۇرغۇن ئەجىر قىلدىم، ھەركۈنى ھەرقايسى ئەل ئاياللىرىغا مېنىڭ ئەتراپىمغا توپلىنىش ھەققىدە يېرىم كېچىگىچە كۆيۈپ - پىشىپ خەت يازىمەن، تونۇشلىرىمنى، ھەتتا ئېرىمنى يۇگۈر - يېتىمگە چاپتۇرغان چاغلىرىممۇ بولدى. بىر قىسىم ئاياللارنى ھەرىكەتكە كەلتۈردۈم، بەزى باش قوشۇشلار بولۇپ ئۆتتى. مانا شۇنداق

ــ بۇ ياق بىزنىڭ موئاۋىن دېرىكتورىمىز بولىدۇ، ــ دېدى ھېلىقى ئامېرىكىلىقنىڭ يېنىدىكى ئۇنىڭدىن ياشىراق غەيۇر يىگىت. ئايپاشا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىشقى-مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرىنىڭ چاقناپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ قالدى. "ئامېرىكا يىگىتلىرىمۇ چىڭ بولسا كېرەك" دېگەن خىيال كاللىسىدىن چاقماقتەك ۋىللىداپ ئۆتۈپ كەتتى.

ــ باشلىقلىقىمۇ ھەۋەس قىلغۇدەك ئىش، ــ دېدى ئايپاشا لەۋلىرىنى تامشىتىپ، بىراق دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. مەنسەپخۇمارلىقىنى شۇنداقمۇ چاندۇرغان بارمۇ، دەپ ئىچىدە ئۆزىنى ئەيىبلىدى. ئاندىن كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ، تەۋەززۇ بىلەن دېدى:

ــ ۋاي-ۋۇي، مېنى تەكلىپ قىلىۋاتقانلار ئەجەپمۇ جىق، پارىژ كىنو ئىستودىيەسى، غەربىي بېرلىن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، توكيو كىنو ئىستودىيەسى، ئىتالىيە، ۋېنگرىيە، تۈركىيە، مىسىردىكى ئاتاقلىق ئىستودىيەلەر... ھازىرچە تەلىپىڭلارنى قاندۇرالماسمەنمىكىن دەپ قورقىمەن. بۈگۈن ئەنگلىيەدىن دۆلىتىڭلارغا ئالاھىتەن كېلىشىمدىكى سەۋەب، مەن ۋاشىنگتوندىكى ئەڭ ئالىي مېھمانخانىدا ئاتاقلىق بىر يەھۇدى يازغۇچى بىلەن ئۇچراشماقچى ئىدىم. ئالەمشۇمۇل بىر ئەسەر ئۈستىدە ئىشلىمەكچىمىز، جانابلار...

ــ قۇتلۇقلايمىز خانىقىز، مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز! ــ دېدى دېرىكتور ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن ھېلىقى ياش ياردەمچىسىگە بۇيرىدى:

ــ ئەمدى سەن قايتىۋەرگىن يىگىت، مەن زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق كىنو چولپىنى، ئاتاقلىق رېژىسسور، ئاتاقلىق سىياسىئون،

رىتىمىدا گۈرۈلدەپ سادا بەرمەكتە، گۈگۈم پەردىسىنى يېپىشقا باشلىغان ئوخشايدۇ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسقىلى تۇرۇپتۇ، پاھ بۇ نېمىدېگەن كۆپ، رەڭدار چىراغلار، نېمىدېگەن كۆچىلىك ۋە رەڭگارەڭ نۇر. ھەممىلا يەرنى نۇر ھالقىسى، نۇر دەستىسى قاپلىغاندەكلا، ۋاشىنگتون نۇر دېڭىزى، رەڭ ئوكيانىمىدۇ-ھە؟ نېمىدېگەن ئېسىل شەھەر، سېھىرلىكلىكى بىلەن دۇنيانىڭ باشقا ئېسىل شەھەرلىرىنىمۇ سايىسىدا قالدۇرغۇدەك، بۇ مەنزىرە نېمىدې- گەن گۈزەل، نېمىدېگەن سۆيۈملۈك، سۆيۈملۈكنى سۆيمەسلىك گۇناھ!

— ياق، ھەممىدىن سىز گۈزەل، سىز سۆيۈملۈك، — دەپ پىچىرلىدى دېرىكتور ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرەپ قاراپ.

پاھ، بۇمغۇ ئامېرىكىلىقلارغا خاس ئەركىن ئادەم ئوخشايدۇ. سۆيگۈ مەيدانىدا دادىل، تەمتىرىمەس، پىشقان باتۇرلاردىن بولسا كېرەك. ئايپاشامۇ شۇنداقلىرىغا ئامراق، دېرىكتور كۈتۈلمىگەندە ھېچبىر ئىككىلەنمەي تۇرمايلا بىر قولىنى سوزۇپ ئايپاشانىڭ بويىنغا گىرە سالدى، يىگىت بولسا مانا شۇنداق بولسا... لېكىن، لېكىن، ئاپلا، ئالدى تەرەپتىن بىر بولكۋاي چىقىپ قالدى، يېقىنلاشتى، پىكاپ بىلەن سوقۇشۇپ كەتمىگىدى. دېرىكتور رولغا سول قولىنى قويۇۋالغان بولۇپ، يولغا قاراشتىن كۆپرەك ئايپاشاغا قارايتتى. تۇمشۇقىنى ھە دەپ ئايپاشاغا سوزاتتى، قاش-كىرپىك ئارىسىدىكى خەۋپتىن ئايپاشانىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى، چىرايى تاتاردى، كالپۇكلىرى ئاران مىدىرلاپ ئاستا پىچىرلىدى:

— ئاللا دېدىم شوپۇر، رولۇڭنى مەھكەم تۇت.

— سىز گۈزەل، سىز سۆيۈملۈك...

ئۆمۈچۈكتەك تەرەپ-تەرەپكە تور تارتىپ، كېچىنى-كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي ئىشلىمەك ئوڭايمۇ. جاپا چېكىۋاتىمەن، ئامال قانچە؟ شۇنداق قىلىپ ئايال ئەدەبىياتشۇناسلار، سەنئەتكارلار رەئىسلىكى ۋەزىپىسى تارىخىي ھالدا مېنىڭ زىممەمگە يۈكلىنىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۆزىڭىزمۇ ئايال سەنئەتكارلارنىڭ ھامىيسى بولۇشقا مۇناسىپ.

— مېنىڭچە يەنە جايلاردىكى، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى، پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق تەشكىلاتلارنى، جۈملىدىن سىياسىي گۇرۇھلارنى، پارتىيىلەرنى ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ، شتاتلىرىنىڭ يېرىمى ۋە ھوقۇق-لىرىنىڭ يېرىمىنى ئاياللارغا بېرىش كېرەك. چۈشىنىشلىكمۇ؟ مانا مەسىلەن مۇنداق: بىر جەمئىيەتتە بەش ئەر رەئىس بولسا، چوقۇم بەش ئايال رەئىسمۇ بولۇشى كېرەك. ھەرقايسى پارتىيە مەركىزى كومىتېتلىرىدىمۇ، پادىشاھ ئوردىلىرىدىمۇ شۇنداق قىلىنىشقا تېگىشلىك. شۇنداق بولغاندىلا ئەر-ئايال باراۋەر بولىدۇ-دە!

— پاھ ئۇلۇغ بايقاش، ئۇلۇغ كەشپىيات ئىكەن بۇ، تەقدىر-لەشكە، تەبرىكلەشكە تېگىشلىك كاتتا مۆجىزە ئىكەن بۇ، ئايپاشا! — دېدى دېرىكتور رولىنىڭ ئارقىسىغا جايلىشىۋېتىپ، — قارىغاندا بىزنىڭ كىنو شەھىرىمىزدە بىرەر رولغا چىقىپ قويۇشىڭىز بىزگە مىسلى كۆرۈلمىگەن شان-شەرەپ، بايلىق ۋە بۇرۇلۇش، يۈكسىلىش ئېلىپ كەلگۈدەك.

— شۇنداق بولمايچۇ! — دېدى ئايپاشا تەمكىنلىك بىلەن، — ھوللۇۋود كىنو شەھىرىنىڭ دۇنياۋىي تەسىرى كىچىك ئەمەسمىش، ئۇنچىلىك ئىش دېگەننى قولۇمنىڭ ئۇچىدىلا قىلىۋېتەلەيمەن.

پىكاپ گۈركىرەپ ئورنىدىن قوزغالدى، مانا ماتور بىرخىل

— گەپ قىلىڭ جېنىم، ئاۋازىڭىزمۇ مەن ئۈچۈن سازدىن يېقىملىق...

ئايپاشا ئەركىلەپ پىخىلداپ كۈلدى.

ئايپاشا چىرايى سۈتتەك ئاق، سارغۇچ چاچلىق سېمىز جۇۋان ئىدى، قەلەم بىلەن كۆكۈل قويۇپ سىزىلغان سۇنئىي قويۇق قاشلىرى ئاستىدا قاپقارا كۆزلىرى ئوينايتتى، سول مەڭزىدە يارىشىملىق مېڭى بار ئىدى، بويىنى قىسقا بولغىنى بىلەن چىشلىرى ئاپئاق سەدەپتەك پارقىرايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ كۈن بويى دېگۈدەك كۈلۈمسىرەپلا يۈرەتتى، غۇنچە بوي ئىدى، قىرقىم چېچىغا زىننەت تاغىقى تاقىۋالغان، قۇلىقىدا ئالتۇن هالقا، دىقماق بارماقلىرىدا ئالتۇن ئۈزۈكلەر يالتىرايتتى، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يوغان كۆكسى كاناي ئېتەكلىك ئەتلەس كۆڭلەككە پاتماي، ئۇنى هازىرلا يىرتىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى، قىپقىزىل بويالغان لەۋلىرى قوشۇلۇپ ئۇنىڭدا ياۋايىراق تۇس شەكىللەندۈرگەندى.

ئۇشتۇمتۇت كىنونىڭ ئاۋازى ئۆچتى، رادىئو كانىيى غاژىلدىدى، دېكتورنىڭ قوپال ئاۋازى قۇلاق پەردىلىرىنىلا ئەمەس، پۈتكۈل كىنوخانىنى تىترىتىۋەتتى، دېكتور باشقارما باشلىقى مەنسۇرنىڭ دەرهال ئۆز ئىدارىسىغا قايتىپ يىغىنغا قاتنىشىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇۋاتاتتى.

مەنسۇر ئالدىراپ قالدى. ئۇ:

— كىنونى تۈگىتىپ ئۆتۈشمە كۆرۈۋېرىڭ. بىر سائەتتىن كېيىن مەنمۇ شۇ يەرگە ئۈنىمەن. هازىر بۇ يىغىنغا بارمسام بولمايدۇ، بۇ جىددىي يىغىن، باشلىقلىرىمىز تولۇق قاتنىشىدىغان يىغىن، — دېدى-دە، ئايپاشانى جايىدا قالدۇرۇپ، پالاقلاپ چىقىپ

— ئايپاشا يۈزىگە ئىسسىق تىنىقىنىڭ ئۇرۇلغانلىقىنى سەزدى، بولكىۋاي ئۆتۈپ كەتتىمۇ ـ قانداق، ئۇقالمىدى، بەلكى بۇ چاققىچە ئۆتۈپمۇ كەتكەندۇر. تىنىق سىپسىقراق بولغاچقا سەسكەنگەندەكمۇ قىلدى. بۇمىغۇ مەيلى، ئۇ بۇنداق بۇس تىنىقلارنى تالاي ئۇچراتقان، مەنسۇرنىڭ تىنىقىمۇ شۇنداقراق ئىدىغۇ! ئوڭ كۆكسى يېقىملىقنا مۇجۇلدى، ياق، بارغانسېرى قاتتىق مۇجۇلۇشقا باشلىدى، ئۆتكۈر بىر ئاغرىق مېڭىسىگە چىقتى. ئامېرىكىلىقلارمۇ ئايال زاتىنىڭ كۆكسىنى قاتتىق ئوينايدىكىنە، مەدەنىيەتلىك خەق تۇرۇپ قوپاللىقىنى قاراڭلار. ئايپاشانىڭ سول قولى ئىختىيارسىز ئوڭ كۆكسىنىڭ ئۈستىگە سوزۇلۇۋىدى، يۇڭلۇق قوپال بىر قولنىڭ دۈمبىسىگە تەگدى، ئۇ بويىنىنى ئوڭغا بۇرىدى ـ دە، دەرھال ئېسىگە كەلدى، ئەسلىدە مەنسۇر كىنوخانىدىكى گىرىمسەن قاراڭغۇ ـ لۇقتىن ياخشى پايدىلانماقتا ئىدى. بىر قولىنى ئايپاشانىڭ ئورۇندۇقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بىلىنەر ـ بىلىنمەس گىرە سالغان، يەنە بىر قولىنى بولسا ئوڭ بىلىكىنىڭ ئاستىدىن كىرگۈزۈپ ئوڭ كۆكسىنى مۇجۇپ ئويناۋاتاتتى، ئايپاشا ئاستا قىمىرلاپ مەنسۇرنىڭ قوللىرىنى ناز بىلەن يېنىك ئىتتەردى.

— تۈزۈك ئولتۇرۇپ كىنو كۆرەيلى!

— سىز گۈزەل، سىز سۆيۈملۈك...

— ئۇيات بولىدۇ.

— "ئۇيات دېگەن نان ئەمەس، قورساق تويمايدۇ" دەيتتىڭىزغۇ ئۆزىڭىز، قويسىڭىزا، سىزنى كىم بۇنچىلا سۆيۈملۈك يارالسۇن دەپتىكەن، سۆيۈملۈكنى سۆيمەسلىك گۇناھ.

— ۋىيەي بولدىلا، كېيىن...

ئارتۇقچە ھەۋەس ئۇنىڭ قەلبىگە بالا چېغىدىنلا سىڭىپ كىرىۋالغان-
لىقتىن شۇنداق بولغاندۇ. شۇڭلاشقا بۇ ئىشتا ئۇنى ئارتۇقچە
ئەيىبلەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ھەۋەسنىڭ ئۆزىمۇ ئەيىب ئەمەسقۇ.
ئادەم بار يەردە ھەۋەسمۇ بولىدىغۇ، تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكىچۇ
تېخى. كىچىكىدە ئالدىنىپ قېلىشىنىغۇ ئۇ ئارزۇ قىلمىغانىدى. ئايپاشا
تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ياخشى پۈتكۈزەلمىدى. بىراق كۆڭلىدىن
چوڭ شەھەرگە ئوقۇشقا بېرىش، نام-ئاتاق چىقىرىش ئارزۇيىنى
تەرك قىلالمىدى. ئۇنى مانا شۇ چاغدا چوڭ شەھەردىكى بىر
تېخنىكومدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا كەلگەن بىر ھارامزادە
مۇئەللىم ئاسانلا ئوۋلىدى، ئوقۇشقا ئېلىش يەمچۈكى بىلەن
ئازدۇردى. شۇ ئېزىتقۇ مۇئەللىمنىڭ ئۇنى لاي سۇ ئاقىدىغان
ئۆستەڭ بويىدىكى جاڭگاللىككە قانداق ئېلىپ چىققانلىقى ھېلىمۇ
ئېسىدە. ئەسلىدە ئايپاشادا ھېچقانداق شەھۋانىي تۇيغۇ يوق ئىدى،
پەقەت شەخسىي غەرەز ئۆزىنى كۆرسىتىپ، ئۇ مەس-ئەلەس ھالدا
چاەداپ شۇ يەرگە باردى. شۇ چاغدا ئايپاشا، ئازراق ئىزامۇ
تارتتى، قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلماق بولدىيۇ، نېمىشقىدۇر
قىلمىدى، بەكمۇ كۆپ تارتىنىشىپ كەتمىدى. شۇ مىنۇتلارنى ئۇ
ھەرگىز ئۇنۇتقىنى يوق، ئۇنىڭدا بىر ئاز ئەندىش، قورقۇش،
پەرىشانلىق بار ئىدى، بېشى گاراڭ بولدى، ئۆزىنىڭ چىملىققا قاتتىق
بېسىلغانلىقى، ئېتىكىنىڭ قوپال يات بىر قولدا قايرىلغانلىقىنى غۇۋا
سېزەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۇنىڭغا شۇنداق تاپشۇرۇۋەتتى، ئادەملەر دائىم
ئېيتىپ ئادەتلەنگەن نومۇس، ۋىجدان دېگەنلەر بىر چەتتە قايرىلىپ
قالدى. بىر ئازدىن كېيىن قىزىقچىلىقتا ئۆزىمۇ تۈزۈك تونۇمايدىغان
ھېلىقى ساياققا بىلە-بىلمەي چىرماشتى، ئۇ ھايات يولىدا تېيىلىپ

كەتتى.

ئايپاشا كۆزلىرىنى ئېكرانغا تىكتى، ئۇ يەردە تويى بولۇۋاتقان قىز-يىگىتلەر سۇنئىي ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، قۇرۇق شوئارلارنى توۋلاۋاتاتتى. ھە، ئايپاشانىڭ تۇنجى تويىمۇ بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنارلىق بولغانىدى. ئۇنىڭ ئەقىل كۆزلىرى يەنە كۆكۈل ئېكرانغا يۆتكەلدى. ياشلىق چاغلىرىنىڭ، ئۆتۈپ يوقالغان ئۆمرىنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى ئارىلىشىپ قالايمىقان كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تويى ئۇ خىزمەتكە چىقىپ ئۇزۇنغا قالمايلا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، قاباھەتلىك يىللارغا توغرا كەلگەنىدى. ئايپاشا يىراق بىر ناھىيىدىكى چېغىدا، ئامالسىز بىر ئالىغاي ساتىراش بىلەن توي قىلدى. بارى-يوقى بىرنەچچە كىتاب، بىر جۈپ ئىزناك، بىر جۈپ قەغەز قىزىلگۈل تويلۇقى بولدى. يەتتە-سەككىز ئادەم ناخشىمۇ، سازمۇ، ئۇسسۇلمۇ يوق قاراڭغۇراق كىچىك بىر ئېغىز ئۆيدە توي مۇراسىمىنى تۈگەتتى. تويىبېشى بىرنەچچە ئېغىز تەبرىك شوئارى بىلەن نۇتۇقىنى باشلاپ، بىرنەچچە ئېغىز مەڭگۈ كونىرىماس تىلەك سۆزلىرىنى دەپ قويۇپ، ئۇلتۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇنىڭ پۈتۈن نۇتۇقىدىن باشنى ئايلاندۇرىدىغان، ئەقىلگە سىغمايدىغان سولچىل غالجىرلىقى پۇراپ تۇراتتى. ئايپاشا بۇ ئالىغاي ئېرىنى ياخشى كۆرمەيدى، ئۆز ئۆمرىدە بىرەر ئەرنى ئىچىدىن قايىناپ ياخشى كۆرۈپ باققىنىمۇ يوق. بۇ قاغىش تەككۈر تەقدىر ئۇنىڭغا شۇنداق پۇرسەتنى بەرمىگەن تۇرسا... بەلكى بۇ ئۇنىڭ بىرەر يىگىتنى ياخشى كۆرۈش يېشىغا يېتىشكە ئۈلگۈرمەيلا ئېپىتىنى يوقىتىپ قويغانلىقىدىن شۇنداق بولغاندۇ. بەلكى ئابرويى، شۆھرەت، بايلىق ۋەسۋەسىسى، كىشىلىك دۇنياسىدىكى بارلىق ئەيش-ئىشرەت، كەيپى-ساپا لەززىتىگە بولغان

دەسلەپ بىر مەككار ئاشپەز قولىغا نورمىدىن سىرت ئاز-تولا
ئاش-نان تۇتقۇزۇپ ئەخمەق قىلدى. كېيىنرەك شوئارتەرىقىسىدىكى
ئەبجەش قوشاقلارنى يازىدىغان بىر تەلۋە ئۇنىڭ بىلەن دوست
بولدى. ئايپاشا دەپسەندە بولسىمۇ كۆڭلىرى تېخى تامامەن توزۇپ
تۈگىمىگەن سۆيگۈ بېغىنىڭ ئىشىكىنى ئۇنىڭغا ئېچىپ بەردى.
ئىست، چوڭ سەكرەش قوشاقلىرى توقۇپ ۋىچىرلاپ يۈرىدىغان بۇ
زامانىۋىي قوشاق سەۋدايىسى زەيپانە ئىكەن، گول ئۈزۈشكە
ئىقتىدارسىز چىقتى. كۆڭلى قالغان ئايپاشا ئۇنى تاشلاندۇق كىشىلەر
قاتارىغا تاشلىۋەتتى، مانا ئەمسە دەپ بىرنەچچە شاپ بۇرۇتلۇق
ئىشچى بىلەن بۇقۇلدىشىپ كۆكۈل ئاچتى، ئۇلارنىڭ قولى كەڭ
ئىدى. مەكتەپ پۈتكۈزۈپ، ئۆز ناھىيىسىگە قايتقاندىن كېيىن بىر
رەسسام ئۇنى ئاشنا قىلىۋالدى، ئۇيىنى ئوي، دۆڭنى دۆڭ دېمەي
سۆرەپ يۈردى. بىراق توي قىلغىلى ئۇنىمىدى، بارا-بارا يامان
ئاتىقى چىققىلى تۇردى. بۇ غەۋغانى توي قىلىش يولى بىلەن
باستۇرۇۋېتىش كېرەك بولدى، شۇنداق قىلىپ ھېلىقى ئالىغاي
ساتىراش بىلەن توي قىلدى، بىراق ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتە-
ئۆتمەيلا غەۋغا قايتا باش كۆتۈردى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»
مىسلىسىز مۇدھىش بورانلارنى چىقىرىۋاتقان چاغلار ئىدى، قانداقتۇر
بىر ئاممىۋىي تەشكىلاتنىڭ ئادەملىرى ئۇنى بىر پۇلدار ھايانكەشنىڭ
قويىندا ياتقان يېرىدە تۇتۇۋالدى. قاراڭغۇ ئۆيگە بىر كېچە قاماپ
قويدى، كېچىدە ئىككى بۇزۇق كاتتىباش كىرىپ ئۇنى خورلىدى،
ئەتىسى بويىنىغا ئۆزىنىڭ كەش، مارجانلىرىنى ۋە يىپقا تىزىق
قىلىنغان شاپاقلارنى ئېسىپ، پېشانىسىگە "شاپاقچى" دېگەن خەتنى
چاپلاپ، ناھىيە بازىرىنى ھارغىچە ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلدى، گويا

كەتتى، شۆھرەتپەرەسلىك قىسمىتىنىڭ قايىنىمىغا يۆگىشىپ كىرىپ كەتتى. مۇئەللىم ئورنىدىن تۇرغاندا تۇرغىنى كەلمەي بوششىپ نەم چىملىقتا خېلىغىچە سوزۇلۇپ ياتتى، ئاسمانغا كۆز تىكتى، بىر پارچە بۇلۇتنى شامال سوقۇپ، ئەسكى لاتىدەك سالۋارىتىپ قويغان ئىدى. تەمىنى بىلىپ بولغىچە ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ مىنۇتلار ئاپپاشادىن، ئاپپاشانىڭ ھاياتىدىن زادى نېمىنى يۇلۇپ كەتتى؟ ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن دەسلەپتە قورقتى، چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، ھەممە نەرسە غۇۋادەك، ئېنىق پەرق قىلغىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بىراق پاكىت رەھىمسىز بولىدۇ، بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ يۈزى ئېچىلمىغان قىز ئىدى، قايتقاندا تۇرمۇشنىڭ مەخپىي تەرەپلىرىنىڭ سىرلىرىنى چۈشىنىپ قالغان چوكانغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ باشقا ئادەمگە ئۆزگەردى، ھېسسىياتىدىمۇ، ئەقلىدىمۇ، ھەرىكەتلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر ئىچكى قاتلىمىدا چۈشىنىكسىز بىر ئېزىتقۇ كۈچ باش كۆتۈردى. "بۇمۇ بولىدىغان ئىش ئىكەنغۇ" دېگەن خىيال چاپلاشتى، يەڭگىل نازلىق كۈلكىنى ئۆزىنىڭ دائىمى ھەمراسى قىلىدىغان بولدى. كوچىلاردا يىگىتلەرگە قايرىلىپ، ئىشخانىلاردا باشلىقلارغا قادىلىپ قارايدىغان بولدى، بىرەرسى كۈلۈپ قويسىلا يۈرىكىگە ئوت كەتكەندەك بولاتتى. نومۇس، خورلۇق تۇيغۇسى، كىشىلىك غۇرۇرى دېگەن ئۇقۇملار كۆز ئالدىدا ئاستا-ئاستا ئۆز مەناسىنى يوقاتتى، ئۇ ھېلىقى تېخنىكومدا ئوقۇش داۋامىدا پومزەكتەك قولدىن-قولغا ئۆتۈپ يۈردى. شۆھرەت-ئابرويغا تارتىشقاچقا، تاۋار بولۇپ بازارغا چىقىپمۇ كەتمىدى. لېكىن خالىيراق جاي تاپسىلا ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەيدىغان بولدى. ئاشلىق جىددىي چاغلار بولغاچقا،

چىراي كەلگەن بۇ ئادەم ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئېرى. ئۇ بەزى تۇغما نۇقسانلاردىن خالى بولمىسىمۇ ھەر ھالدا يۇمشاقباش چىقتى، "تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس" دېيىشكىنى شۇدۇر بەلكىم. بۇ جەرياندا ئايپاشا ھايات سىناقلىرىدا پىشىپ باردى، ياسىنىپ-تارىنىشقا كۆڭۈل قويىدىغان بولدى، كىشىلەر قەلبىنى قانداق مەھلىيا قىلىشنى تەتقىق قىلدى، ئەرلەرنىڭ خىلمۇخىل ھېس-تۇيغۇلىرىنى چاپسان سېزىۋېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى، ئەرلەر ساقال تاشلىغاندا ئاسانلا ماقۇل دېمەيدىغان بولدى، ئۇنداق ئىشلارنى ئويلىمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشنى، بىرەر ئەرگىمۇ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزۇپ باقمىغاندەك ئەندىكىدىغان، يالغاندىن چۆچۈپ تولۇۋېتىدىغان غىلجىڭلىقلارنى ئۆگەندى. ھەتتا بەزىدە ئەرگە ئۆزىنى تاشلىغۇدەك بولۇپ كەتكەندىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان، ئەرلەرنى قايتا-قايتا يالۋۇرتقۇزىدىغان، تەشنا قىلىپ ۋەدە ياكى نەپ ئالغاندىن كېيىن تارتىنغان قىياپەتتە نازلىنىپ چىراي ۋە قۇچاق ئاچىدىغان بولدى. ساددىلىق، پاكلىق، مەرتلىك، ۋاپادارلىقنىڭ ساختا كۆرۈنۈشلىرىنى ئالماشتۇرۇپ نىقابلىنىشقا ماھىر بولۇپ كەتتى، ئېرىنىڭ قويىندا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ يېتىپمۇ يالغان گەپ قىلىۋېرىدىغان بولدى. ۋاي ئىست، بۇ ئېرى بىلەن بولغان تويىمۇ شۇنداق ئاددىي، غورۇڭگۇل، خۇددى مۇنۇ ئېكراندا كۆرسىتىلىۋاتقان تويدەك تەلۋە كەيپىياتتا ئۆتكەن ئىدى. يامان ئىشتىنىمۇ بەزىدە ياخشى نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئاچچىق، ئازابلىق تۇرمۇش داۋامىدا ئۇ نام-ئاتاق چىقىرىشقا يول تېپىۋالدى، ھېلىقى لاۋزا قوشاقچى، پوخۇر رەسسام ياكى باشقا ئۆلپەتلىرى بەرگەن تەسىرلەردىنمىكىن، شۆھرەت مەستانىلىقى كۈچىيىپ كەتتى، بەلكىم شۇرى قۇرغۇر قوشاقچى

ئۆزلىرى بۇزۇقچىلىققا قارشى تۇرۇدىغان كىشىلەردەك چىڭقىلىپ شۇئار توۋلىدى. بەزىلەر شۇنداق، ئاخشىمى ئەسكى ئىش قىلىدۇ، كۈندۈزى باشقىلارنى ئەسكى ئىش قىلدىڭ دەپ ھەسسىلەپ قاتتىق جازالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەسكى ئىشلارغا قارشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشىدۇ. بۇمۇ ھاياتتىكى سېھىرلىك ئويۇن، ئايپاشا بۇ ھۈنەرنىمۇ ئاشۇ ساۋاقتىن ئۆگەندى. ئۇ ئەسلى ئەسكى ئەمەستى، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەسكى بولۇشنى ئۆگەتتى، ئۇنى ئەسكى قىلىۋەتتى. ۋاي ئۇ شورلۇق كۈنلەر دەردىدىن پەندىيات! شۇ كۈنى كەچتە ئالىغاي ئۇنى ئۈچ تالاق قىلدى، ئايپاشا ئۆيدىن چىققىلى ئۇنىمىدى. بىرنەچچە كۈنلۈك پاناھلىق تىلىدى، ئەتىسى بولسا كىگىزنى ئۆگزىگە ئەپچىقىپ ئاپتاپقا سالدى. شوتىنىڭ يۇقىرىدىكى ۋاخىنىسىنى بوشىتىپ قويدى، كەچتە ئالىغاي غەرق مەست كەلگەندە "كىگىزنى ئەپچۈشۈپ بەرسىلە!" دەپ يالۋۇرۇپ ئۆگزىگە چىقاردى، ئالىغاي شوتىدىن يىقىلىپ بويىنى قاتلىنىپ قازا تاپتى. ئايپاشا بېلىگە ئاق باغلاپ، بېشىغا ئاق رومال سېلىپ، ئىككى چاقىرىم يەرگە ئاڭلانغۇدەك ھۇقۇيتىپ يىغلىدى. ئالىغاي ئىگە-چاقىسىز يېتىمەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەككە ساتىراش ئىدى، كېلىشىمۇ، كېتىشىمۇ ئوخشاشلا قاراڭغۇ پېتى دۇنيادىن ئىزسىز غايىب بولدى. پەلەك گەردىشىنىڭ كارامىتى كۆپ، ئەرسىز كۈنلەر بەزىدە ئىشرەتتە، بەزىدە كۈلپەتتە، بەزىدە يۈگۈرۈپ، بەزىدە سۆرۈلۈپ ئۆتتى. ئىككىنچى ئېرىنىڭ قۇلىقى ئېغىرراق، كۆڭلىكى چىڭراق ئىدى، شۇڭا ئۆي ئۆي بولمىدى، ئۇنىڭدىن ئەرگە تەگكەن بىلەن تەگمىگەننىڭ ئارىسىدىراق ئايرىلدى. كېيىن باشقا بىر يۇرتتىن ئەر تاپتى، بۇ ئەرنى تېپىش تەسكە چۈشتى، نۇرغۇن ئازابلارنى تارتتى، ئوچۇق

سۆيۇملۈك ـ ھە! سۆيۈملۈكنى سۆيمەسلىك گۇناھ، قانداق قىلغۇلۇق، بۇ دېگەن شۇنداق جاھان.

ئايپاشانىڭ بېشى چىڭقالدى، غوڭۇلداشقا باشلىدى، پۈتۈن ئەتراپ غوڭۇلداۋاتقاندەك بىلىندى، گويا جىمى جاھان ھەرە كىرىۋالغان يوغان قاپاقتا ئوخشاش غوڭۇلدىماقتا ئىدى، ئايپاشا كۆزلىرىنى يۇمدى. بىلىكىنى ئالدىدىكى ئورۇندۇققا قويۇپ، بېشىنى بىلەكلىرىنىڭ ئۈستىگە قويدى. يۈرىكى موللاقلاۋاتقاندەك قىلاتتى، غوڭۇلداش ئاستا ـ ئاستا پەسەيدى، بىراق بېشى تېخىچە چىڭقىلىقلىق ئىدى، كىمدۇر بىرى يېنىك نۇقىدى، ئايپاشا ئېرىنچەكلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈردى، قېشىدىلا بىر ئايال خىزمەتچى تۇراتتى:

ــ كىنو تۈگىدى، ئۆيگە قايتىپ دەم ئالسىلا.

دەرۋەقە كىنوخانىدا ئادەم قالمىغانىدى، ئايپاشا ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ پايپاسلاپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى، ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە كەينىگە قايرىلىپ ھېلىقى خىزمەتچىدىن سورىدى:

ــ كېيىنكى مەيداندا نېمە كىنو قويۇلىدۇ؟

ــ «بېرلىننىڭ ئىشغال قىلىنىشى».

ئايپاشا بۇ كىنونى كۆرگەنىدى، ئۇ قول سائىتىگە قاراپ قويۇپ ۋاقىتنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى سەزدى ـ دە، ئۆتۈشمە كۆۋرۈككە پىيادە بارماقچى بولدى.

كوچىدا ئادەم مىغىلدايتتى، ئاپتوبۇس، كوڭكىلار سان ـ ساناقسىز موكىلاردەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، شاۋقۇن ـ سۈرەن كۈچلۈك ئىدى، ئايپاشا دەرەخ سايىلىرىنى تاللاپ، بېلىنى تولغاپ، قىسىپ دەسسەپ مېڭىپ كەتتى. «بېرلىننىڭ ئىشغال قىلىنىشى» دېگەن كىنونىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسلەشكە تىرىشىۋىدى، ئېتىلىۋاتقان

بىلەن بىرلى مەھكەم رەسسامنىڭ ئانچە-مۇنچە بىيىتلارنى پۈتلاپ بىرىپ، بەزى گىزىت-ژۇرناللاردا ئىلان قىلدۇرۇپ يامان ئۆگىتىپ قويغانلىقىدىن بۇ كىسەل ئىغىرلىشىپ كەتكەندۇ. بىرلى بوش ئەبجەش قوشاقچى ئۆزبىكچە، تاتارچە شىئىرلاردىن ئەپلەپ-سەپلەپ كۆچۈرۈشنى ئۆگەتتى، كىيىنچىرەك ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كۆچۈرۈپ-ئۆچۈرۈپ يۇرۇپ بىر نەرسىلەرنى قۇراشتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. مۇھەررىرلەرگە ئۇچرىغاندا "ئاياللارغا ئىتىبار بىرىلىشى كىرەك" دىگەن ۋىۋىسكىنى ئىگىزرەك كۆتۈرۈدىغان بولدى، قاش-كۆزلىرىنى مەنالىق سۈزۈپ كۈلۈشلىرى ھەققىدىكى توختىلىش ئارتۇقچە. شۇنداقتىمۇ مەتبۇئات يولى ئوڭغۇل-دوڭغۇل بولىدىكەن، بارا-بارا بۇ نەرسىلەرنى ئۆز تىنىدىن نەپ بىرىش شەرتلىرى بىلەن بولسىمۇ ئىلان قىلدۇرۇشنىڭ يولىنى ئىزلىنىپ تاپتى. ناھىيىدىن شەھەرگە، ۋىلايەتكە دىگەندەك قاتلام-قاتلام يامىشىپ مەتبۇئات قازىنىنىڭ قىشىغا يىقىنلاشتى. يۆتكىلىش يوللىرىدىكى بەزى قىيىن توسالغۇلارنىمۇ ئۇنىڭ ياش نازىلىق بەدىنى بۆسۈۋەتتى. يىڭى ئورۇندا نىشانلار دائىرىسىغۇ تارايدى، بىراق ئۇلارنىڭ ياش نىسبىتى يۇقىرىلاشتى، بىر قولىدا بولسا زىيانكەشلىك پىچىقىنى چىڭ تۇتتى. ئىرىنى مەنسەپ ئورۇندۇقىغا ئىتتىرىپ چىقىرىش ئۈچۈن زۇرۇر بولۇپ قالغاچقا، ئۆزىگە ياردەم قىلغان ئاق كۆڭۈل ئادەمگىمۇ نۇرغۇن تىتىم زىيانكەشلىك قىلدى. بۇنىڭدىمۇ ئاياپاشا ئەيىبسىز، شۇنداق قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالغان تۇرسا، بىكاردىن-بىكار زىيانكەشلىك قىلغىلى ئۇنىڭ بىشىنى ھەرە چىقىۋالغانمىدى؟! بۇنداق زۆرۈردىيەتتىن باش تارتقاندا مەنسەپ ئالغىلىمۇ، شۆھرەت چوققىسىغا چىققىلىمۇ بولمايدۇ-دە! ئەمەل-شۆھرەت، سەن نىمىدىگەن

خىيال ئەينىكىدە ئۇرۇش كۆرۈنۈشلىرى بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى:

— جانابلار، دۈشمەن مۇداپىئەسى بەكمۇ كۈچلۈك تۇرىدۇ، — دېدى ئاپپاشانىڭ باش قوماندان ئىېرى شتابتىكى يېشىل موۋت قاپلانغان ئۇزۇن شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان سەنگۇنلەرگە كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ.

— ئوڭ قاناتتا مەغلۇپ بولدۇق، — دېدى بىر سەنگۇن بېشىنى مەيدىسىگە ساڭگىلىتىپ.

— سول قاناتتا تالاپەت ئېغىر، ئەمدى چىداشلىق بېرەلمەيدىغان ئوخشايمىز، — دېدى يەنە بىر سەنگۇننىڭ كۆزىنى يەرگە تىكىپ.

— پۈتۈن ئارمىيە خەتەر گىرۋىكىدە، ھالاكەت بىزگە قاراپ ئەجەللىك قاراڭغۇ قوينىنى ئېچىپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى چاچلىرى پاختىدەك ئاقىرىپ كەتكەن بىر قېرى سەنگۇن كۆزلىرىگە لىممىدە ياش ئېلىپ، — خۇدا ھەققى، ئەمدى چېكىنەيلى بالىلىرىم.

— دۈشمەن قايتارما ھۇجۇمغا تەرەددۇت قىلىۋاتىدۇ، بۇ قايتارما ھۇجۇمدا، — دېدى باش قوماندان ھەربىر سۆزىگە سالماق ۋەزىن بېرىپ، — بىزنى قورشىۋېلىپ پاك-پاكىز يوقىتىۋېتىشى مۇمكىن. مەندىن بۇيرۇق: چېكىنىڭلار!

— ياق، چېكىنىشكە رۇخسەت يوق! — دەپ توۋلىدى ئاپپاشا شتاپ بوسۇغىسىدا تۇرۇپلا، — چېكىنىش خائىنلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

— ھاماقەت، — دېدى قوماندان ئۆز خوتۇنى ئاپپاشاغا بۇرۇلۇپ مەسخىرىلىك تەلەپپۇزىدا، — چىق بۇ يەردىن، شاتۇتىڭنى باق، خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن ئەقلى قىسقا، ھەممىگە چات كىرىۋالىدىغان خوتۇنىڭ ئۆزى بىر ئاپەت.

ئوقلار، ھۇجۇمغا ماڭغان ئەسكەرلەر سەپلىرى، دۇربۇن تۇتقان سەنگونلەردىن باشقا كۆرۈنۈش كۆزىگە كۆرۈنمىدى. "ئۇرۇش نەقەدەر سەلتەنەتلىك، شۆھرەتلىك ۋە قىزىقارلىق ئىش-ھە! دەپ ئويلىدى ئايپاشا، — ئۇرۇش قوزغىتىشنى ئويلاپلا، ھەممىنى پارا-كەندىچىلىككە سېلىپ ئۆمرى ئۆتكەن ئۇرۇشخۇمار كاتتىلارمۇ بولغانغۇ..." ئۇنىڭ ئارزۇلىرى يەنە قانات قاقتى، ئايپاشامۇ ئۇرۇش قوزغىيالىسا، مىليون كىشىلىك چوڭ ئوپېراتسىيىلەردە سەنگون، ياق، ئايال باش قوماندان بولسا قانداق ياخشى بولار ئىدى، شۆھرەت-ئابروي دېگەنلەر ئۇنى كۆمۈۋېتەرمىدىكى. ئۇرۇش دېگەنىنىڭ ئۆزى چۆچەكلەردىكى تىللا ياغىدىغان دەرەخكە ئوخشاش ھېكمەتلىك نەرسە، غولىغا ئېسىلىپ سىلكىپلا بەرسىڭىز بولغىنى، شۆھرەتمۇ، ئىناۋەتمۇ، سۆلەتمۇ، مەنسەپمۇ، بايلىقمۇ تىللادەك تۆكۈلگىنى تۆكۈلگەن، تۆكمەيدۇ، يۆتمەيدۇ، دەرەخزاردىكى ياپراقلار ئارىسىدىن يەرگە تۆكۈلگەن كۈن شولىسىنىڭ سانسىزلىقى ۋە ئالتۇنرەڭلىكى ئۇلارغا مىسال بولالايدۇ. ئۇنىڭدىن تېخى تالانتمۇ يېغىپ قېلىشى مۇمكىن، مانا مەسىلەن، بىرنەچچە توملۇق رومانىنى ئەمدىلا يېزىپ تۈگىتىپ، نەشرىياتقا تېخى بېرىپ ئۈلگۈر-مىگەن قېرى يازغۇچىلاردىن بىرەرىنى تېپىپ، "ۋاڭلا" قىلىپ مىشەك مانتىسى يېگۈزۈۋېتىش كېرەك، رومان ئايپاشانىڭ نامىدا چىقىۋېرىدۇ. ئۆلگەن ئادەم سۆزلىيەلەمتى، سىرىنى بىلىدىغان بىرەر ئادىمى ئەرز قىلىسىمۇ ئاقتۇرالامتى، ياكى بولمىسا ياخشىراق بىرەر يازغۇچىنى ئۆيىگە قاماپ قويۇپ ئۆزى ئۈچۈن ئەسەر يازغۇزسىمۇ بولىدۇ، ياشراق بولسا ئاشنىسى، چوڭراق بولسا خىزمەتچىسى ۋەھاكازا. يەنىلا ھەممە ئامەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئۇرۇش، ئۇرۇش. ئۇنىڭ

كېلىپ ئايپاشانىڭ پۇتلىرىنى سۆيۈشكە باشلاشتى، سۆيۈشلەر ئۈزۈندىن ئۈزۈنغا داۋاملاشتى، شتاب ئىچىنى "پەرىشتىمىز باش قوماندان بولۇپ مۇرادىمىزغا يەتتۇق... سىلىگە چەكسىز سادىق بولىمىز، چەكسىز ئىشىنىمىز، چەكسىز ئېتىقاد قىلىمىز، چەكسىز چوقۇنىمىز" دېگەن ئاۋازلار قاپلىدى.

— ماڭا مەڭگۈ ئەگەشسەڭلار گۇناھىڭلاردىن كېچىمەن! — دېدى ئايپاشا كەڭ قورساقلىق بىلەن باش قوماندانلىققا ياراشقۇدەك كېرىلىپ تۇرۇپ.

— سىلىگە چەكسىز ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز! — دەپ تووۋلاشتى سەنگۈنلەر بىردەك ۋارقىراپ. بۇ ئاۋازدىن شتاب تىترەپ كەتتى، شتاب توگۇل ئايپاشانىڭ قۇلاق پەردىسىمۇ، يۈرەك پەردىسىمۇ تىترەپ كەتتى، ئىسسىق بىر ئېقىم تىترەك بىلەن تەڭ تەۋرەپ دولقۇنلىنىپ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارىدى، چەكسىز ھۇزۇرلۇق تۇيغۇسى ئۇنى شاراب ئىچكەن چاغلىرىدىكىدەك مەست قىلدى.

— ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، جاناپلار، مەندىن ئىجازەت! — دېدى ئايپاشا ئاپتوماتنىنى سول قولىدا ساڭگىلىتىپ تۇتۇپ، ئەمدى خەتەرلىك پەيت تامام ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى، سەنگۈنلەر ئارقىمۇ-ئارقا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، ئايپاشا ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ داھىيانە قول ئىشارىتى قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. سەنگۈنلەر قاتار تىزىلىشىپ ئۈنلۈك شوئار تووۋلاشتى:

— ياشىسۇن ئايپاشا، تۈمەنمىڭ يىللار ياشىسۇن!

— ئايپاشانىڭ بالىلىرىغا، نەۋرىلىرىگە، چەۋرىلىرىگە سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز!

سەنگۈنلەر ۋاپادارلىق ئىزھارلاپ ئۇسۇل ئوينىشى مۇمكىن ئىدى،

شۇ چاغدا ئايپاشا شۇنداق چاپسان ۋە چاققان بىر ھەرىكەت قىلدىكى، ئۇنى ئادەم بالىسىنىڭ كۆزى ئىلغا قىلالمايدۇ، ئەقىل تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتىشەلەرمىكىن - تاڭ؟ ئۇ كۆز قارىچۇقى قىمىرلىغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئىشكىتىكى جىسەكچىنىڭ ئاپتوماتىنى تارتىپ ئالدى، باش قوماندان بولغان ئېرىگە قارىتىپ شۇنداق "تاتات"لىتىپلا بىر دېسكا ئوق ئۈزدى، باش قوماندان كىنولاردىكى بەختسىز ئەسكەرلەردەك قورسىقىنى تۇتقىنىچە تولغىنىپ بېرىپ يەرگە دۈم چۈشتى، قايتا قىمىرلىمىدى.

— مىدىرلىماڭلار جاناپلار! — دېدى ئايپاشا ئاپتوماتىنى سەنگۈنلەرگە تەڭلەپ قاشلىرىنى ئويىنىتىپ، ئۇنىڭ خېنە قويغان ئىككى بارمىقى تەپكە ئۈستىدە تەييار تۇراتتى، — ھازىردىن باشلاپ باش قوماندان مانا مەن، بويسۇنمىغۇچىلار، چېكىنىش تەرەپدارلىرى ئۆز جايىدىلا ئېتىپ تاشلىنىدۇ.

شتاب ئىچىدە چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى، بۇ شۇنداق سۈرلۈك جىمجىتلىق ئىدىكى، ئۆلۈكنىمۇ قورقۇتىدىغان قەبرىستان جىمجىتلىقىنى ئەسلىتەتتى. ئادەمنىڭ تومۇرلىرىدىكى ئېقىۋاتقان قانلىرىنىمۇ تولغۇتۇۋەتكۈدەك ئىدى. ئايپاشاغا ئۆز يۈرىكىنىڭ سوقۇۋاتقان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى، ئۇ ۋارقىرىدى:

— نېمىشقا ئۈنۈڭلار ئىچىڭلارغا چۈشۈپ كەتتى، زۇۋانىڭلار تۇتۇلدىمۇ، ئىپادە بىلدۈرۈڭلار!

— قۇللۇق، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىلە مەڭگۈ خىزمەتلىرىدە بولىمىز! — دەپ يالۋۇردى ئورۇنباسار باش قوماندان يەرگە تىزلىنىپ، باشقا سەنگۈنلەرمۇ دەرھال تىزلىنىشتى. ئۆمىلەپ

ماگسۇن. ئالدىدا باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار ياغدۇرۇلسۇن، بىرىنچى مۇئاۋىن سەنگۈن مەن بىلەن ئۇدۇلدىن، ئىككىنچى مۇئاۋىن سەنگۈن ئوڭ قانات، ئۈچىنچى مۇئاۋىن سەنگۈن سول قاناتتىن ھۇجۇمغا بارىدۇ. مەن ئۇدۇلدىن چايانىڭ كېلىدىن بۇغسام، ئوڭ، سول قاناتلار چايانىڭ ئىككى بېقىنىدىن ئامبۇردەك قىسىدۇ، بىرلىشىپ بىراقلا ھالاك قىلىمىز، پۈتۈن قوشۇن تانكىلار كەينىدىن ھۇجۇمغا بارسۇن، ھازىرقى زاماندا تانكىلار قەدىمكى زاماندىكى ئاتلىقلارنىڭ رولىنى ئويناۋاتىدۇ، مەن چۈشكەن تانكا قوماندانلىق تانكىسى بولىدۇ، ئايروپىلانلارنىڭمۇ قوغدىشى شەرت، ئەڭ يېڭى تىپتىكى تانكا كەلتۈرۈلسۇن.

ئايپاشا سەنگۈنلەرنى ئەگەشتۈرۈپ شتابتىن چىقتى، پەلەمپەي ئالدىغا ئەڭ يېڭى تىپتىكى پارقىراپ تۇرىدىغان بىر تانكا كېلىپ توختىدى، قۇياش تۈركەن خېنىم مۇئاۋىن سەركەردە بىلەن بىللە تانكىغا كىردى. ياخشىلاپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ھەرقانداق ئوق ۋە پارتلاش تەسىر قىلالمايدىغان بۇ يېڭى تىپتىكى تانكىدا ئۆزىنىڭ بىخەتەر ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىپ بۇيرىدى:

— بىرىنچى مۇئاۋىن سەركەردە، ھازىردىن باشلاپ سىز پەقەت بۇيرۇق يەتكۈزگۈچىلىك رول ئوينىسىڭىزلا بولىدى. ئۇنتارقاتقۇغا سۆزلەڭ، ئومۇمىي ھۇجۇم باشلانسۇن!

سىرتتىن يەر-جاھاننى تىترەتكەن گۈلدۈرلەشلەر ئاڭلاندى. بۇ باشقۇرۇلما بومبىلارنىڭ پارتلىشى بولسا كېرەك. كېيىن ماتورلار گۈرۈلدىدى، زەمبىرەكلەر گۈمبۈرلىدى. بايقاش تۆشۈكىدىن تالانىڭ كېچىدە چاقماق چاققاندەك بىر يورۇپ، بىر قاراڭغۇلىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. يەر تەۋرەۋاتقاندەك ئىدى، تۈركەن

بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدە ناخشا ياكى مۇزىكا بىلىدىغانلار چىقماي قالدى. ئايپاشامۇ كەمتەر ئايال، شۇڭا ئۇلارنى بۇنداق ئاۋارىچىلىق-لاردىن خالاس قىلدى، ئۇ ھەتتا ئۆزىنى ئالىي باش قوماندان، ئالىي مارشال، ئالىي داھى دەپ ئاتاپ ئولتۇرمايلا ئاددىيلاشتۇرۇپ «قۇياش تۇركەن خېنىم» دەپلا ئاتاشنى بۇيرىدى، ئەسلىدىكى «تۇركەن خاتۇن» دېيىلىشى كېرەكتى. بىراق ئايپاشا "خوتۇن" سۆزىگە ئۆچ بولغاچقا "خېنىم" سۆزىنى تاللىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى زىياپەت، ئەيش-ئىشرەت تەييارلىقلىرى ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي ھۇجۇم ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بولدى. غەلىبە مۇھىم، غەلىبىنى قانچە بالدۇر قولغا كەلتۇرسە باش قوماندانلىقنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئاخىرقى مەرتىۋىگە شۇنچە بالدۇر كۆز سالغىلى بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئىشنى دۆلەتنى ھەربىيلەشتۇرۇشتىن باشلاش كېرەك، ھازىر جەڭ پۇرستىنى قولدىن بېرىشكە بولمايدۇ، قۇياش تۇركەن خېنىم ئۆزىنىڭ ھۇجۇمچى ئالىي قوماندان، ئالىي مارشال، ئالىي داھىلىقىنى بىر كۆرستىپ قويۇدىغان ئۇلۇغ تارىخىي پەيت مانا ئاخىرى يېتىپ كەلگەن ئىدى.

— ھازىردىن ئېتىبارەن پۈتۈن قوراللىق قىسىملار ماڭا ئىتائەت قىلىدۇ، مېنىڭ تەستىقىمسىز ئارمىيەگە ھېچقانداق ئادەمنىڭ سۆزى ئۆتمەسلىكى شەرت، دۆلەتبېشى ئالدىدىمۇ بارلىق قوراللىق كۈچلەر مېنىڭ ئارقامدا تۇرۇشى شەرت.

— باش ئۈستىگە بەجا! — دەپ توۋلاشتى سەنگۈنلەر، — ئۆزلىرى ئالىي دۆلەتبېشى بولۇشقا مۇناسىپ.

— بارلىق تانكا قىسىملىرىمىزنى يىغىپ ئوڭ، سول ۋە ئۇدۇلغا قىلىپ ئۈچكە بۆلۈڭلار. ئاسماندا ئايروپىلان، يەردە تانكىلار

بۇنى سەزمەي يۇرگەنلىكىمىزنىڭ ئۆزى چوڭ جىنايەت. تۇركەن خېنىم بولسىلا بىزنىڭ قوشۇن ئالەمدە تەڭداشسىز بىردىنبىر غالىب قوشۇنغا ئايلىنىدىكەن. يەر شارىغا قۇياش تۇركەن خېنىم خوجايىن بولۇشقا تېگىشلىك!

مۇئاۋىن سەردار دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋغا ئېلىنىپ بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. نېمىدېگەن تېز، نېمىدېگەن ئۇلۇغ غەلىبە. چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇش دېگەن شۇ.

— ئەمدى مۇھاسىرە چەمبىرىكىنى قىسىش كېرەك! — ئايپاشا ئۆزىنى توختىتالماي قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ بىرسىنىڭ گېلىنى سىقىۋاتقاندەك ھەرىكەت قىلىپ كۆرسەتتى، — مانا مۇنداق قاتتىق سىقىپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈش كېرەك.

كىمدۇر بىرى تۇركەن خېنىمنىڭ قولىنى قېقىۋەتتى. ئايپاشانىڭ قاتتىق غەزىپى كەلدى. قۇياش تۇركەن خېنىمنىڭ يەنى ئالى باش قوماندانىنىڭ قولىنى قېقىۋەتكىنى نېمىسى؟ قانداق جۈرئەت قىلدىكىنا بۇ جوۋايىنىمەك، قايسى ھارامدىن بولغان تەلۋىكىنا؟ بۇنداقلارنىڭ كاللىسىغا ئۇرۇپ، بويىنىنى ئىچىگە قوزۇقتەك قېقىۋېتىش كېرەك. ئايپاشا يېرىلغۇدەك بولۇپ زەردە بىلەن توۋلىۋەتتى:

— بۇ قايسىڭ؟ ھۇ ئۇياتسىز...

بۇ نېمە بولغىنى؟ چۈش كۆرۈۋاتقان ئادەم جۆيلۈپ ئۆز ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەندەك ئىش بولدى. ئايپاشا ئۆزىنى تۆت كوچا دوقمۇشىدا كۆردى، بىر ياش بالا يېنىدىكى ئاغىنىسىگە ئۇنى كۆرسىتىپ ئەيىبلەۋاتاتتى:

— چوپچوڭلا خوتۇن كوچىدىمۇ پۇشۇلداپ ئۇخلاپ ماڭىدىكىنە، چۆلدە قالغاندەك توۋلىشىنى قارا، چوقۇم جۆيلىدى بولغاي!

خېنىم ئولتۇرغان تانكىمۇ قىمىرلىۋىدى، تۇركەن خېنىمنىڭ يۈرىكىمۇ قاتتىق سېلىپ كەتتى، ئىختىيارسىز ئوڭ قولىدا مەيدىسىنى بېسىۋالدى. يۈرىكىمۇ، كۆكرىكىمۇ جايىدا ئىدى. تۇركەن خېنىم تۆۋەن ئاۋازدا پىچىرلاپ دېگۈدەك بۇيرىدى:

— بىزنىڭ بۇ تانكا قوشۇننىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ماڭسۇن. قوماندان ئارقىدا تۇرۇپ كۆزەتمىسە پۈتۈن فرونت ئەھۋالاتىنى تولۇق تىزگىنلىيەلمەيدۇ.

ئوقلارنىڭ تانكا ئۈستىدە ۋىژىلداشلىرى ئاڭلاندى. ئۇلار قانداقتۇ ئۇقتىلى بولمايدىغان جايلاردا پارتلىماقتا ئىدى. تۇركەن خېنىمنىڭ تانكىسى تاشپاقىدەك ئاستا ئۆمىلىدى، پۈتۈن قوشۇن بوراندەك ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

— ئوقلار يامغۇردەك ياغدۇرۇلسۇن! — دەپ بۇيرىدى تۇركەن خېنىم.

مۇئاۋىن سەركەردە بۇيرۇقنى ئۈنتارقاتقۇدا شۇ زامات پۈتۈن قوشۇنغا يەتكۈزدى. ئەتراپتىن ئۇرۇش فىلىملىرىدىكىدەك ۋال-ۋۇل قىلىپ زەمبىرەكلەر ئېتىلىشقا باشلىدى. «كاتيۇشا» توپلىرىمۇ سايراپ كەتتى، يەنە قانداقتۇر توپلار... ئايپاشا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتىيالمايدۇ، ئۆزىمۇ تازا پەرق قىلىپ كېتەلمەيدۇ-دە، ئىشقىلىپ يەر-جاھان ئوت ئىچىدە قالدى. ۋەيلۇن دوزاخنىڭ ئوتىغا ئوخشايدىغان ئوت ئىچىدە. ۋاھ، بۇ بېرلىندىكى جەڭدىنمۇ ئېشىپ كەتتىغۇ، ئەقىل، ماھارەتنىڭ، كۈچ-قۇدرەتنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن مەنزىرىسى ئېچىلدىغۇ. قوشۇن كۆز قاماشتۇرغۇدەك غەلىبىلەردە بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ ئىلگىرىلىمەكتە.

— تۇركەن خېنىم ئەسلىدە تۇغما ئالىي باش قوماندان ئىكەن.

دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىنىغۇ ھەيۋەت دەپ يېزىشقانلىقىنى كۆرگەن، بولار ئۆتكەن ئەسىردىكى ئىشلار. ئۆتكەن ئەسىردە بۇ ياقلاردا ئۇنداق كۆۋ- رۈك سېلىش توغرۇلۇق سۆزلىسە كىشىلەر ئۇنداق ئادەمنىڭ ئەقلىدىن گۇمانلانغان بولاتتى، بۇ يەرلەردە بۇ ئەسىردە بولسىمۇ شۇنچىلىك ھەشەمەتلىك كۆۋرۈكنىڭ بارلىققا كېلىشى ئوڭاي ئىش ئەمەس. كوڭكىلار كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىنمۇ، ئۈستىدىنمۇ، ئۇدۇلدىنمۇ، ياندىنمۇ ئۆتۈپ تۇرىدىكەن، نېمىدېگەن كۆپ كېسىشمە يوللار، بۇ كېسىشمە يوللار ئايپاشانىڭ خىيال يوللىرىدىنمۇ كۆپ ۋە گادىرماچمۇ نېمە؟ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستۈنكى تۆت بۇلۇڭىغا سېلىنغان گۈمبەزلىك راۋاقلار تولىمۇ سەلتەنەتلىك ئىكەنغۇ، نېمىگە ئوخشايدۇ ئۆزى؟ قۇببىلىك قەدىمكى قەلئەگە ئوخشامدۇ-يا؟ ياق! سەپەرگە ئاتلانغان پادىشاھنىڭ ئالتۇن تاجىغا ئوخشايدىغۇ دەيمەن؟ شۇنداق، دەرھەق، خاتاسى يوق، دەل شۇ تاجنىڭ ئۆزى. تاج كىيگەن ئادەم نەقەدەر ئۇلۇغ- ۋار-ھە! مۇنۇ كۆۋرۈكمۇ شۇنداق تاج مۇدېلىنى كىيگەنلىكى بىلەن سەلتەنەت تاپقان-دە. ئايپاشانىڭ خىياللىرى يەنە چىرماشتى. تاج دېگەن زادى نېمە؟ بەزىلەر ئۇنى ئالتۇن، ئالماس، گۆھەر دېيىشىدۇ. بەزىلەر ئۇنى قان-ياشتا بۇلغانغان دېيىشىدۇ، بەلكى ھەممىسىنىڭ بىرىكمىسىدۇر، قان-ياش ۋە تەردە يۇغۇرۇلۇپ جەۋھەرلەنگەن ئالتۇپ، ئالماس، گۆھەرلەردىن ياسىلىپ پۈتكەندۇر، تاج دېگەن ئىنسان ئارزۇلىرىنىڭ بۈيۈك چوققىسى بولسا كېرەك. ئىنسانلار دۇنياغا يارال- غاندىن تارتىپ ئىشلىدى، كۆرەشتى، جەڭ قىلدى. بىر-بىرىنى ئۇردى، ئۆلتۈردى، قىردى، چاپتى. نېمە تالاشتى؟ يەر-زېمىن، ھوقۇق-ئەمەل، بايلىق، شۆھرەت تالاشتى، ھازىرمۇ تالىشىۋاتىدۇ، بۇ نەرسىلەرنىڭمۇ يادروسى بىر ئېغىز سۆزدە ئېيتقاندا مەنپەئەت.

— زامانىمىزنىڭ ئايال دونكىخوتى ئوخشايدۇ! — دېدى ئاغىنىسى قاتتىق ئاۋازدا مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ.

ئايپاشا يەرگە مىخلانغان بۇتتەكلا قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۆز خاتاسىنى سېزىش تۇيغۇسى مېڭىسىگە نەشتەردەك كېلىپ سانجىلدى. ئۇ ئۆزىنى يول چېتىگە ئالماق بولۇپ چامدىۋىدى، يانداپ كەلگەن ۋېلىسىپىت سەل-پەل قېقىۋېتىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئايپاشا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىماق بولۇپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئەرەڭ-سەرەڭ پۇلاڭلاتتى، قېرىشقاندەك ئۆكچىسىنىڭ ناھالىسى سېمونتتا تېيىلىپ كەتتى، كاسىسى يەرگە "جاق" قىلىپ تەگدى. كىمدۇر بىرلىرى كۈلۈۋەتتى، ئايپاشا ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى، مىيىقىدا زورىغا كۈلۈپ قويۇپ، يول چېتى بىلەن تېز-تېز مېڭىپ كەتتى.

ئايپاشا مۇھتاقا ماسلىشىشچان ئىدى، ئۆزىنى چاپسانلا ئوڭشىۋالدى. قىرقىما چاچلىرىنى بىر سىلكىگەن بولۇپلا ئوڭايسىزلىقنىمۇ يوقاتتى. زىلۋا بېلىنى يارىشىملىق تولغىدى، كالتە كىرپىكلىك كۆزلىرىنى ئويناتتى. مۇشۇنداق ئەتىر پۇرىتىپ ئۆتۈشلەردە ئۇ بەزىلەرنىڭ شەھۋەتپەرەسلىك تۇيغۇلىرىنى غىدىقلاشقا ماھىر ئىدى، بەزەنلەر ئۇنىڭغا يەنە ياخشى نەزەرلەردە قاراشقا باشلىدى. دوقمۇشتىن بۇرۇلغاندا ئۆتۈشمە كۆۋرۈك كۆرۈندى، ھايال ئۆتمەي ئۇ ئۆتۈشمە كۆۋرۈككە قاراپ ئۆرلەشكە باشلىدى.

بۇ ئۆتۈشمە كۆۋرۈك ھەققەتەنمۇ چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى، پادىشاھلار دەۋرىدىكى ھېچقانداق كۆۋرۈكمۇ بۇنداق سەلتەنەتلىك بولمىغان بولسا كېرەك، كىمدۇر بىرىدىن لوندۇندا پادىشاھ دەۋرىدە سېلىنغان ھەيۋەتلىك بىر كۆۋرۈك ھازىرغىچە ساقلانماقتا دېگەن گەپنى ئاڭلىغانلىقى ئېسىگە كەلدى. ھە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نىۋا

لىشقا ماھىر بولۇش، كۆز ياش ئۈچۈن قولياغلىقنىڭ چوڭىنى تەييار تۇتۇشنى ئۇنتۇماسلىق ئايال پائالىيەتشۇناسىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى ئاچقۇچ! ئاياللار يالغانچىلىقتىن ئايرىلسا دانىشمەن بولالمايدۇ، ئايپاشا بۇنداق ھۈنەرنى ئېچىۋالغان، ئەزەلدىنلا تىلى باشقا، دىلى باشقا. ئاشۇ خانىشلىقتىن شاھلىققىچە بولغان مۇساپە بىرقەدەممىيۇ، لېكىن ئۇنىڭدا مىڭ خەتەر-ئەلەم بار، ئۆز ئېرى بولمىش پادىشاھنى زەھەر-لەپ ئۆلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەڭ ئىشەنچلىكى بىر ئوكۇل بىلەنلا جېنىنى ئېلىش كېرەك. ئېيتماق ئاسانۇ، قىلماق قىيىن، باي-قىلىپ قالسا تاج كىيىلمەي تۇرۇپلا تاج كىيىلىدىغان باش كېسىلىدۇ. ئايپاشا قولياغلىقنى كۆڭلىكىنىڭ مەيدە قىسمىدىن چىقىرىپ پېشانىسىدىكى تەرنى ئېرىتتى. بىر قولدا جان ئالغاندا بىر قولدا تاج ئالغىلى بولىدىكەن-دە. تاج بىلەن جان، كۆرۈنمەس يىپتا باغلىنىشلىق بولامدىكىن؟ تووۋا، ئاھ، شۇنداقتىمۇ بۇ تاج ۋەسۋەسىسى، شۆھرەت ماراڭلىقى تىرىك تۇرغۇزۇپلا ئادەمنىڭ جېنىنى سۇغۇرۇۋالىدىغۇ، بۇنداقتىمۇ جانغا تەھدىت بار، ئۇنىڭدىن كۆرە ئوتنىڭ تېشىدا كۆي-گەندىن ئىچىدە كۆيگەن ياخشى ئەمەسمۇ؟ نېمىلا بولمىسۇن تاجغا قول سوزۇپ كۆرۈش كېرەك، قولغا ئېلىنىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. ئۇنداقتا قۇرغۇر ئېرى بولمىش شاھنى قايسى ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈش لازىم؟ ئالدى بىلەن ماراقچى قويغان تۈزۈك، ماراقچى ئۇنىڭ قانۇندىن چەتنىگەن بەزى ھەرىكەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئاياللار بىلەن قىلغان بۇزۇقچىلىقلىرىنى يوشۇرۇن سۈرەتكە ئالسۇن، ئايپاشا ئۇنىڭ ئالدىغا ئىشپىيون، جاسۇس، بۇزۇق چوكانلارنى ئەپلەپ ئەۋەتىپ "سەتەڭ ھېيلىسى"دە ئازدۇرۇشنى بىلىدۇ-دە، سۈرەتكە تارتىش كېرەك، قاراڭغۇدا سۈرەت تارتقۇنىڭ يورۇتقۇچى ئىشلىتىلمىسە بولماس. يورۇتقۇ

دېمەك مەنپەئەت تالاشتى، تالاشماقتا ۋە تالىشىدۇ. ئەمىسە تاج دېگەن مەنپەئەتنىڭ چوققىسىمۇ، گۆھىرىمۇ، ھېكمەتلىك ئەگۈشتەرىمۇ؟ ئىنسان ماھىيىتى مەنپەئەتمۇ؟ بولمىسا تاجغا ئېرىشكەن ئادەم ئۇنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟ ئايپاشا كىچىكىدىنلا تاج توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەرگە قىزىقاتتى، ئۇنداق مۇھاكىمىلەرنى نۇرغۇن ئاڭلىغان. ئۆيدە ئېرى بىلەنمۇ شۇ تېمىدا كۆپ سۆزلىشىدۇ، بىراق ئۇلارنى ھەزىم قىلىشقا قۇربى ئەزەلدىن يەتمىگەن. ھازىرمۇ ئاڭلىغان ۋە ئاڭلىمىغان پىكىرلەر لاتقىلىق قايىنامدەك يۆگىشىپ كاللىسىغا بېسىپ كىرىپ گاڭگىرىتىۋەتتى. ئاھ تەقدىر، ئاھ خۇدا، ئايپاشانىڭ دەردىگىمۇ بىر يەتسەڭ ئىدىڭ، ئايپاشاغىمۇ شۇنداق تاج كىيىشنى بىر نېسىپ قىلىۋەتسەڭ نېمە بولار؟ يۈرىكى خوشاللىققا چىدارمۇ، يېرىلىپ كېتەرمۇ؟ تېرىسىگە سىغماي قالارمۇ؟ ياق، ئۇ سەمرىشنى دېمەكچى ئەمەس، ئۇ سېمىزلىكنى ياقتۇرمايدۇ، سېمىزلىك قۇرۇسۇن، ئۇنىڭغا شاھلىق تاجى كېرەك. سەن بېرىش نىيىتىگە كەلسەڭلا بولدى يارەب، يائاللا، سەۋەبنى ئايپاشا ئۆزى قىلىدۇ، ھىممەت خۇدادىن، سەۋەب بەندىدىن، ئايپاشا شەيتاننىمۇ ئالدىيالايدىغان ئايال، ئىشنى دەسلەپتە ياۋاش، گالۋاك بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىشتىن باشلاش كېرەك، ئاندىن سەتەڭلىك ھىيلىلىرىنى ئىشلىتىپ پادىشاھقا يېقىنلىشىش، ئەپلەپ پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ئوغرىلاش، جانكۆيەرلىك قىلىش، ئۇنىڭغا تېگىپ خانىشلىق كارىۋىتىغا ئېرىشىش كېرەك، شۇ چاغقا بارغاندا شاھلىق تاجىغا قول سوزغىلى بولىدۇ. خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ئايپاشانىڭ كۆزلىرى يالتىراپ كەتتى، شاھنى جەلپ قىلىشتا ناز-خۇلقا تايىنىش مۇھىم، ئەلۋەتتە. ئايپاشا ئەزەلدىن يۇمشاق تاكتىكاپەرۋەر ئايال، ئاق كۆڭۈل، بىچارە قىياپەتكە كىرىۋې-

رۇش، ئاندىن قالپاق كىيگۈزۈش لازىم. دۇنيادا ئۆلۈككە قالپاق كىيگۈ-
زۈشتىن ئاسان ئىش بارمىدى. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى ئۆلۈكلەر-
گىمۇ كىيگۈزگىلى بولىدىغان تۇرسا... سىياسىئونلار بۇنداق ئىشقا ماھىر
كېلىدۇ، ئۆلتۈرگەندە ئىز قالدۇرماسلىق كېرەك. ئايپاشا ئېرىنىڭ بىر
سۆزىنى ئەسلىدى. ئۇ. قوينىڭ كۆك پىتى چاققان ئادەم ئۆلىدۇ، شۇنداق
چاغدا ئات گۆشى يېگۈزۈلسە تېخىمۇ ئىتتىك ئۆلىدۇ، دېگەنىدى،
كۆك پىتنى ئالتۇن زىرە قۇتىسىغا سېلىپ ئوردىغا ئېلىپ كىرىش
كېرەك. كېچىسى شاھ ئۇخلاۋاتقاندا ئىشتانچىقىنىڭ ئىچىگە شۇنداقلا
قويۇۋەتسە بولدى، ۋەسسالام. گۇمان تۇغدۇرماسلىق ئۈچۈن شاھنى
بىرەركۈن ئاۋۋال قوي قوتىنىغا بىرەر باھانە بىلەن ئەپكىرىش كېرەك-
كەن-دە، بولمىسا يايلاق سەيلىسىگە ئېلىپ چىقسىمۇ بولىدۇ، بۇمۇ
قاملاشمىسا يوتقىنىنىڭ ئىچىگە چايان سېلىپ قويسىمۇ بولىدۇ. بۇنىسى
قىينىراق، مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ چايان تۇتقۇزۇش، چايانىنى
بوتۇلكىغا قاچىلاپ ئەپكىرىش كېرەك. ياخشىسى قىرىق بوغۇملۇق،
زەھەرگە تولغان سېرىق چايان بولۇشى كېرەك، بۇنداقتا قاتىللىقىنىڭمۇ
ئىزى قالمايدۇ، سېرىق چاياندا تاجىغا يول ئاچقىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ
بوغۇملىرى تەختكە ئېلىپ چىقىدىغان پەلەمپەي بولىدۇ، ئۆزىدىن باشقا
ئادەمنىڭ ئۇ يەرگە چىقىشىغا يول قويماسلىق كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ
باشقا شاھ نامزاتلىرىنى كۆرۈشكە كۆزى يوق، ئايپاشانىڭ كاللىسى
ئېمىدېگەن ئۆتكۈر. ئاھ، ھەقىقى شاھانە كاللا دەڭلار. بەزى دۆلەت-
لەردە ھازىرمۇ ئاياللار پادىشاھ بولۇپ ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدىغۇ، ئايپا-
شانىڭ ئۇلاردىن نەرى كەم، ئۇنىڭدا يەتتە ئەزا، ھۆسۈن-جامال،
ناز-كەرەشمە، پەم-پاراسەت، ھىيلە-نەيرەڭ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى
تولۇق، سېلىشتۇرمىغۇچە بىلگىلى بولمايدۇ، رىقابەت دېگەن مانا شۇنداق

"ۋاللىدا" قىلسا ئىش ئاشكارىلىپ كەتمەمدۇ؟ نېمىلا بولمىسۇن بىر
نەچچە سۈرەت هازىرلاش لازىم، هېچبولمىسا ئىشپىيون خوتۇنلارنىڭ
يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ چۈشكەن سۈرەتلىرىنىڭ كۆپىيەسىنى
شاھنىڭكى بىلەن بىر جايدا قويۇپ بىرلەشتۈرۈپ يۇيۇپ، بىر سۈرەت
قىلىپ چىقارسىمۇ بولىدىغۇ. بۇنداق ۋەقەلەر توغرىسىدىكى ھېكايە-
لەرنى بۇرۇن ئۇ ئاڭلىغان. بىرنەچچە قاتىل، قىمارۋاز، ئەتكەسچى،
جاسۇسنىڭ ئايرىم چۈشكەن سۈرەتلىرىنى شاھنىڭ يەككە سۈرىتى
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تارتىپ، "مانا شاھنىڭ قارا گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ
ۋەتەن سېتىۋاتقانلىقىنىڭ پاكىتى" دېسىلا بولىدىغۇ. "قارانىيەت،
سۇيىقەستچى" دېگەن كونا قالپاقنى كىيگۈزۈپلا قويسا ئىش تامام
ۋەسسالام. ئايپاشا بۇنداق سۈنئىي دېلولارنى پەيدا قىلىشقا، تۆھمەت
قالپاقلىرىنى بىگۇناھ باشلارغا كىيگۈزۈشكە تولىمۇ ئۇستا، بەزىلەرنى
قايمۇقتۇرۇپ ئىمزالىق، ئىمزاسىز خەتلەرمۇ ئۇيۇشتۇرغان، بۇنداق
سېھرگەرلىكنى كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپمۇ قىلالايدۇ. ئەمىسە ئۇلار نېمىشقا
ئايپاشانىڭ قارا نىيەت، سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى بايقاپ
قېلىشىدىكەن؟ نېمىشقا شۇنچىلا ئۆتكۈر، شۇنچىلا سەزگۈر بولۇشۇپتى-
كەن؟ ئانىسىدىن دۆترەك بولۇپ تۇغۇلۇشسۇن-دە! كىم بايقاپ
قالسىلا ئايپاشا دەرھال شۇنىڭغا "قارانىيەت، سۇيىقەستچى" دېگەن
قارا قالپاقنى كىيگۈزۈپ، بۆھتان كالتىكىدە دۇم چۈشۈرىدۇ، مانا بۇ
ئۇنىڭ ئاۋۋال مۇش ئېتىۋېلىش تاكتىكىسى. ئېرىمۇ بۇ جەھەتتە
ئۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ، شۇ چاغدىمۇ ئېرى بىلەن يوشۇرۇنچە ئالاقە
ساقلاش كېرەك. ياردەمچى قىلىپ ھەمكارلاشتۇرسا بولغۇدەك، كېيىن
تىرناقچىلىك مەنسەپتىن بىرنى تاشلاپ بېرىپلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كەت-
مەمدۇ. مۇھىمى شاھنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆلتۈرۈش، ئاۋۋال ئۆلتۈ-

قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ جان دەپ ماقۇل بولۇۋېرەتتى. ئاللاتائالا شاپائەت قىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، سەۋر قىلىش كېرەك، سەۋر-نىڭ تېگى ئالتۇن.

پاھ، تەنتەنە مۇزىكىسىمۇ بۇ؟ نېمانچە يېقىملىق، لەرزان مۇزىكا، بۇ نېمە ئىش؟ بىرەر چاتاق چىقمىغاندۇ؟ "قاچ! قاچ!" دېگىنى نېمىسى؟...

ئايپاشا ئۈستىگە چېچىلغان مۇزدەك سۇدىن ئەندىكىپ كەتتى، خىياللىرى قۇمدەك چېچىلدى، ئويلاپ تۇرمايلا ئۆزىنى چەتكە تارتتى، بىراق كېچىككەن بولغاچقا ئىگىنلىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. سۇ كوڭكىسى يېقىملىق لېكىن بىر خىل رىتىمدىكى تۆگمەس مۇزىكا-سىنى چېلىپ يولغا سۇ پۈركۈپ گۈركىرىگىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. ئەس-ھوشى بارلارنىڭ ھەممىسى چەتلەپ ئۆتۈشەتتى، دىققەتسىزلىك قىلغانلىرىمۇ ۋارقىراپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشاتتى، كۈلۈشەتتى. كىملەردۇر ئايپاشاغا قاراپ كۈلدى، ئايپاشانىڭ ئوغسى قايىندى، بىراق ئامال قانچە؟ ئۇلارنى يامان نىيەتلىك دەپ ئەرز قىلىپ ئاقتۇرغىلى بولمايتتى، ئۇلار ئۇنىڭ بىخەستەلىكىگە كۈلمەكتە ئىدى، ئەگەردە كۆڭلىدىكى خىياللىرىنىڭمۇ يۈزدىن بىرىنى بىلىپ قېلىش-قىنىدا...

ئايپاشا چۆچۈپ ئۆزىنى يولنىڭ تېخىمۇ چېتىگە ئېلىۋىدى، كۆۋ-رۈك سالاسۇنىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سۇنىي يېتىلدۈرگەن چىملىقتىن يۈزىگە سۇ چاچرىدى، بۇ چىملىقتىكى سۇغارغۇچىنىڭ پىرقىراپ پۈركەۋاتقان سۈيى ئىدى. ئايپاشا ئۇ تەرەپكە زەڭ سېلىپ ئۆزىنىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولاي دەپ قالغانلىقىنى بايقىدى. سالاسۇنىڭ ئۇ تەرىپىدە، خېلى تۆۋەندە چىمەنلىك بار، ئۇنىڭ ئۇ يېقى تۈزلەڭ مەيدان،

سىلىشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ئىنسانلار شۆھرەت ئۈچۈن جەڭ قىلىشىدۇ، شۆھرەت دېگەن يۇقىرى - تۆۋەنلىك تالاشماق، ئۈستۈنلۈكنى كۆز - كۆز قىلماق دېمەكتۇر، ئايپاشانىڭ ئالدىدا ئۇ ئاياللار نېمىدى؟ شۇنداق ئەرزىمەس خوتۇنلار شاھ بولسۇنمۇ، ئايپاشا كوچىدا كەشىنىڭ سوڭىغا دەسسەپ سۆرۈلۈپ يۈرسۇنمۇ؟ بۇ قانداق قارىغۇ تەقدىر؟! ئۇلاردىن ئۈستۈن بولغاندىكىن، ئۇ شاھ بولۇشقا تېگىشلىك، شاھلىق ئۈستۈنلۈكنىڭ نىشانى. شۇنداقلا ئۈستۈنلۈكنى ساقلاشنىڭ كاپالىتى، ئۇ ئايپاشا جاھان شاھى بولۇشقا مۇناسىپ، بىردۇنيا ئىككى شاھنى سىغدۇرالمايدۇ، يەر شارىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش شەرت! بۇ ۋەزىپە تارىخىي ھالدا ئايپاشانىڭ زىممىسىگە چۈشۈدىغان بولدى، ئايپاشامۇ ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن تاج تاقىسۇن، ئالتۇن ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ئالتۇن لىگەندە پولۇ يەپ، ئالتۇن پىيالىلەردە شاراب ئىچسۇن، ئالتۇن كەش ياساتقۇزغىلىمۇ بولار، لېكىن ئالتۇن تون، ئالتۇن كۆڭلەك ياساتقىلىمۇ بولارمۇ؟ ياساتقىلى بولغاندىمۇ ئىتەكلىرىنى قانداق كۆتۈر-گىلى، سۆرىگىلى بولار؟! ئايپاشانىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا بەش - ئالتە ۋە بەلكى يەتتە رەۋىش قاتار تىزىلسۇن، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلغۇچىلار رەۋىشلەرنى نەچچە قاتلاپ سۆزلەيدىغان بولسۇن. مەسىلەن، ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغلىرىنىڭ ئەڭ - ئەڭ ئۇلۇغى ۋەھاكازا... كۈنلەر ئەيش - ئىشرەتسىز ئۆتمىسۇن، چۈنكى ئۇ قايغۇ - خاپىلىق، جاپا - مۇشەققەت دېگەنلەر بىلەن ئويىنىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، خۇشاللىق، بەخت بىلەنلا ئويىنىشنى خالايدۇ، ئالدىنقىلىرى بىلەن ئويناشقاندا كىشى ئاسانلا ئاپەتكە يولۇقىدۇ. پادىشاھى ئالەملىكنى بىر قېتىملا بەرسە، ئۇ قىسمەت-تىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا مىڭ مەررە رازى بولار ئىدى. شاھلىق مۇد-دىتى تولغاندىن كېيىن قۇرۇت - قوڭغۇزغا، يىلان - چايانغا ئايلىنىپ

پومزەككە ئوخشاش ئۈچۈپ غەربكە پەسلەپ چۈشمەكتە ئىدى، دەرەخ ئۈچلىرىدا نۇر جىلۋىلىرى تەنتەنە قىلاتتى، ئايپاشانىڭ كۆز ئالدىدىن ھېلقى ئايروپىلان مودېلى كەتمىدى، ئالەم ئايروپىلانىمۇ شۇنداق شەكىلدە بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا راكىتا ئۇلۇنامدىكى؟ سوۋېت ئۇچقۇچىسى گاگارىنمۇ شۇنداق ئايروپىلاندا ئۇچۇپ ئايغا چىققان بولغىيمىدى؟

— مانا ئاچامنىڭ قورۇسىغىمۇ كەلدۇق، ئۇنىڭدىكى گۈللەرنىڭ چىرايلىقلىقىنى بىر دېمەڭ، خۇددى سىزگىلا ئوخشايدۇ، — دېدى مەنسۇر دەرەخلىك ئارىسىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان بىر تۆپىلىككە يامىشىپ. تۆپىلىك ئۈستىدە قاشا بىلەن قورشالغان خېلى ئوبدانلا چوڭ بىر قورۇ-جاي قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئايپاشا مەنسۇرنىڭ ئاچىسىنىڭ تونۇگۇن بالا-چاقىلىرىنى باشلاپ يىراق يۇرتىدىكى ئانىسىنىڭكىگە بىر ئايلىق دەم ئېلىشقا كەتكەنلىكىنى بىلەتتى. مەنسۇر بىر قەدەم ئالدىغا ئۆتۈپ، قولۇپىنى شاراقلىتىپ دەرۋازىنى ئاچتى. قورۇ ئىچى ئاجايىپ يوغان رەڭدار زىلچا يېيىپتىلغاندەك جۇلالىنىپ كەتتى، مەنسۇرنىڭ زورلىشىغا قارىماي، ئايپاشا سۇپىدىكى گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالدى. مەنسۇر ئۆيدىن قاتلىما نان بىلەن ئۈزۈم، تاۋۇز ئېلىپ چىقتى، قورساقنى ئاز-تولا گوللاشقاندىن كېيىن مەنسۇر موخۇركا ئوراشقا تۇتۇندى، ئايپاشا پەي ياستۇققا يۆلەندى.

تۆپىلىكتىن ئەتراپ ئالقاندىكىدەك كۆرۈنەتتى. قۇياش تاغقا باش قويماقتا ئىدى. ئالتۇن نۇر تالالىرى ساناقسىز مەشۇت يىپلاردەك ئەتراپ دەرەخلەر ئارىسىغا قىيپاش تارتىلدى، دەرەخلەر ئاستىدىكى ئالا-بۇلماچ شولىلار يەر ئۈستىدە يېيىتىلغان گۈلدار ئالتۇن داستىخانلارنى شەكىللەندۈردى، ئېگىزدىكى ياپراقلار كونا مىسنىڭ رەڭگىنى

مەيداننىڭ نېرىقى چېتى ئۆسمۈرلەر مەدەنىيەت سارىيى ئىدى، مەيداندا بولسا ھەر تۈرلۈك ئايروپىلان، تانكىلارنىڭ مودېللىرى تىزىقلىق تۇراتتى. ئايپاشا ئايروپىلانغا قىزىقىش بىلەن قارىدى، ئۇ ئۆمرىدە تېخى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ باقمىغانىدى، سالاسۇنغا يۆلەنگىنىچە ئۇزاققىچە ئايروپىلانغا قاراپ تۇردى.

— كۆپ ساقلىتىۋەتتىممۇ نېمە؟ — مەنسۇرنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى، — ئۇ بىرنېمىلەرنىڭ يىغىن دېسە ئاغزى ئېچىلىپلا كېتىدۇ، ئادەتتە ئۆزەممىغۇ يىغىنغا ئامراقلاردىن. يىغىنغا، سىياسى ھەرىكەتكە تايانغاندا نان تېپىپ يېمىسكىمىز ئاسانغا چۈشىدۇ، بىراق بۈگۈن سىزنى بۇ يەردە بۇنچىلا ساقلىتىپ قويغىنىم ئەپلەشمىدى-دە!

— ھېچگەپ يوق، — دېدى ئايپاشا مەنسۇرغا بۇرۇلۇپ قاراپ ھىجىيىپ، — مەن ئايروپىلاننى تاماشا قىلىۋاتاتتىم.

— يۇمشاق يەرگە ئولتۇرغىنىز كەپتۇ-دە، كېيىن خىزمەتكە توغرىلاپ بىر قوندۇرۇۋالمايمەنمۇ، ھى، ھى، ھى...

مەنسۇر ئېگىز بوي، ئۇستىخانلىق، ئورا كۆز، ئات يۈزلۈك كىشى ئىدى، كەسپتە ئىقتىدارسىز، بىلىمى ئېچىنارلىق دەرىجىدە ئاز بولغىنى بىلەن ئۆزى خوتۇنباز، ھاراققا مىجەزى ساز ئىدى. ساختىپەزلىك، خۇشامەتچىلىك، ئاتىكاچىلىق جەھەتلەردىكى ماھارىتىنىڭ خېلىلا پىشقانلىقىمۇ تەققى-تۇرقىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ياندىشىپ كوۋرۇكتىن چۈشۈشتى، ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ بىر ئاز مېڭىشتى، ئەمدى كۆز ئالدىدا بۈككىدە توقايلىق، توقايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈنئىي تاغ پەيدا بولدى، بۇ شەھەرنىڭ قاشاسىز سەيلىگاھى ئىدى، توقايلىققا كىرگەندىن كېيىن ئاشىق-مەشۇقلەر، چىغىر يولى بىلەن دەرەخلىكنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ كېتىشتى. قۇياش ئاسماندىن ئالتۇن

باشلىدى، ئايپاشانىڭ ئېسىگە يەنە ھېلىقى ئايروپىلان كەلدى، بىردىنلا چوڭقايدى، بەھەيۋەت ئالەم ئايروپىلانىغا ئايلاندى، ئاھ، ئادەم ئالەم ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ مارسقا قونسا ـ ھە!... ئۇنىڭ خىيالى يەنە قاناتلاندى:

ــ ئۆزلىرى شاھىنشاھ تۇرسىلا، جانابى ئالىيلىرى، ــ دېدى باش ۋەزىر ئايپاشاغا نەسىھەت قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ــ تېخى ئادەمزات ئايىغى يەتمىگەن مارسقا چىقماقچى ئىكەنلىرى مۇۋاپىق ئەمەس.

بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغان ئايپاشا پادىشاھلىق نىشانى بولغان ئالتۇن دەستىلىك قىلىچىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە توغرىسىغا قويۇپ ئالتۇن تەختتە ئولتۇراتتى، ئۆپچۆرىسىدىكىلەرگە سىن كۆزى بىلەن قاراپ چىقتى، ئەتراپىدا ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى، دانىشمەنلىرى، شاقاۋۇلباش، ياساۋۇلباشلىرى، تۇنقاتار، پەرمانچىلىرى قاتار تىزىلىپ ئولتۇرۇشاتتى، كۆپچىلىك مىڭ قۇلاق بولۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلگەنىدى، ئايپاشانىڭ كۆڭلى سۆيۈندى:

ــ ئادەمزات چىقالمىغان ئېگىزلىككە كۆز سېلىشقا ئامراقمەن، ئادەملەردىن ئۈستۈن تۇرۇشنىلا ئويلايمەن.

ــ دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى بىلەن ئويىنىشقا بولمايدۇ ئالىيلىرى، سىلىنىڭ تەقدىرلىرى دۆلەتنىڭ تەقدىرى تۇرسا...

ــ ھايالشىماي تېزلا قايتىمەن، ــ دېدى ئايپاشا قەتئىي تەلەپپۇزدا، ــ مارس دېگەن ئالەم مۇنبىرى، ئۇ يەرگە چىققان تۇنجى ئادەم مەن بولۇشقا تېگىشلىك. بۇ خەۋەرنىڭ ئۆزىلا يەرشارىنى تىترىتىۋېتىدۇ، ئالەمنى تىترىتىۋېتىدۇ، تارىخنى تىترىتىۋېتىدۇ. مەن مارستا تۇرۇپ پۈتكۈل ئالەمگە يۈزلىنىپ ناخشا ئېيتماقچىمەن، شېئىر ئوقۇماقچىمەن، بۇ مېنىڭ شاھانە ئاۋازىم ئالەمگە تارقىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى

ئالدى. قىز-يىگىتلەر پاناھ جايلارغا، قېرىلار، باللار ئۆيلىرىگە، قوشلار ئۇگىلىرىغا قايتماقتا، پېتىۋاتقان كۈن بىلەن خەيرلىشىۋاتقان بۇلۇت ھاياجانلىنىپ قىزاردى، ھىجران دەردىگە چىدىيالمىدى بولغاي، ئۇپۇققا ئوت قويىۋەتتى، تىترەپ يىغلىدى، كۆزلىرىدىن ئاق-قىنى ياش ئەمەس، قان بولسا كېرەك، ئۈستىبېشىنى قانغا بويىۋەتتى، ئاندىن ئاستا-ئاستا ھالسىزلاندى، قارايدى. تاغنىڭمۇ دەسلەپ تەس-كەي تەرىپى، كېيىن ئېتەكلىرى قارايدى، قارلىق چوققىلار بولسا تېخىچە يورۇق ۋە ئالماستەك سۈزۈك ئىدى، ئېگىز ئاسماندا بۇركۈت ئەگىيتتى، پەرلىرى ئالتۇن يالىتىلغاندەك ۋال-ۋۇل چاقناپ قالاتتى. ئەتراپىدا ئانچە-مۇنچە ئاق بۇلۇت پارچىلىرى ئاق ياغلىقتەك لەي-لەيتتى، ھەممە نەرسىگە تاج تاقىغان كەچكى نۇر چاپسانلا غايىب بولۇشقا باشلىدى. كۆلەڭگىلەر سوزۇلۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆملەپ ئۆتتى، يېشىللىقمۇ جىلۋىسىنى يوقىتىپ قارايدى، تاغلارنى بىردەمدىلا بىر قەۋەت قويۇق كەچكى مانان قاپلىدى، ئەتراپ ئاستا-ئاستا قاراڭغۇلاشتى، جىمىلىققا چۆكۈپ باردى، سۇدىن، يەردىن يېنىك ھور كۆتۈرۈلدى، گۇگۇمنىڭ يېقىملىق نەپىسى سېزىلدى. ئايپاشا مەنسۇرغا ياندىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇ نەزىرىنى يىراقلاردىن ئېلىپ ئەتراپتىكى گۈللەرگە تىكتى، بۇ گۈللەر چۆپلەر ئېچىدىكى ياۋا گۈللەر بولۇپ، ئاق، سېرىق، قىزىل، كۆك، بىنەپشە... كۆپتىن كۆپ رەڭدە ئىدى، گۈل-گىياھ، چىمەنلەر خۇش پۇراق تارقىتاتتى، گويا ئەتراپقا كۆزگە كۆرۈنمەس پەرىزاتلار توپى كېلىشىپ ئەتىر، ئەنبەر چاچقاندەك ئىدى. بىلىنەر-بىلىنمەس مەستخۇش شامال گۈل-چىمەنلەر ئۈچىنى تەۋرىتەتتى، دىماققا پەرىزاتلارنىڭ ئىپار تىنىقلىرىنى يەتكۈزەتتى، بىر ھەرە قاناتلىرىنى كېرىپ غوڭۇلداپ ئۇچۇپ بىر گۈلنى ئايلىنىشقا

— ھە، "ئالتۇن يۇلتۇز"نى دەۋاتىلىغۇ دەيمەن، تەخسىر، — دېدى پەن-تېخنىكا مىنىستىرى تېخىمۇ ھەيرانلىق ئىچىدە، — ئۇ تېخى يېقىندا بايقالغان يۇلتۇز، ئۇنىڭدىكى ئالتۇن زاپىسىنىغۇ تۈگىمەس دېيىشكە بولىدۇ، بىراق ئۇ بەكمۇ يىراقتا، ئۇنىڭغا يەتكىلى بولمايدۇ.

— "كۆرۈنگەن تاغ يېقىن" دېگەن ماقال بار بىزدە، — دېدى ئايپاشا، — ئالەم ئايروپىلانىنى تەييارلاڭلار!

— خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا بولمايدۇ، پادىشاھى ئالەم، — دېدى ۋەزىردەررۇ يەرگە تىزلىنىپ يالۋۇرۇپ، — سىلى يەر ۋە كۆكنىڭ تايانچى، خەلقنى ئويلىسىلا، دۆلەتلىرىنىڭ سايىسى بېشىمىزدىن كەم بولمىسۇن.

— ئالتۇن ئالدىدا باشقىلارنى ئويلايدىغانمۇ كىمىش بولارمىدى، قاپاقباش، — دېدى ئايپاشا مەغرۇرانە كۈلۈمسىرەپ، — سىناپ باقىمەن، چىققىلى بولمىسا قايتامدىمەن، شۇ خەۋەرنىڭ ئۆزىلا ئالەمشۇمۇل ئۆلمەس خەۋەر دېمەكتۇر. 70 ئەۋلاتقىچە داستان قىلىشقا ئەرزىيدۇ، سازچىلار سازغا، ناخشىچىلار ناخشىلىرىغا قېتىپ نامىمنى يادلىسۇن، شۆھرىتىم ئالەمنى كېزىپلا يۈرسۇن. چىقالىساققۇ ئەپكەلگەن ئالتۇن بىلەن يەر شارىنى بىراقلا سېتىۋالغىلى بولىدۇ، ياق، ئالدى بىلەن ئالتۇن يۇلتۇزدا ۋە يەر شارىدا ئۆزۈمگە ئالتۇن ھەيكەل ئورناتقۇزىمەن، ئاندىن ئىشقىۋازلارغا ئالتۇندىن ساراي سالدۇرىمەن. بولدى، سىلەر بىلەن تىل چاينىشىپ ئولتۇرىدىغانغا بۇ بىيىپ بازىرى ئەمەس، ئوردا، تەييارلىق قىلىڭلار.

ئايپاشا ئوردا كېڭەشنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كەينىگە بۇرۇلدى-دە، ھەرەمخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

— بۇ ئالەم ئايروپىلانى دېگەن نىمانچە چوڭ نەرسە، گۇرۇلدىشىدىن

پەيتى. جاھان سۈنئىي ھەمراھلىرىنىڭ ئۇلاپ تارقىتىش رولى شۇنىڭ بىلەن تارىخقا ئالتۇن ھەلدە ئۆچمەس قىلىپ يېزىلدۇ.

خۇشاللىق، ھاياجاندىن ئايپاشانىڭ تىزلىرىغا تىترەك ئولاشتى، ئۇ ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بولمىسا مانا كۆرۈۋاتىسىلەر. بىزنىڭ بۇ ياقلاردا ھازىر ناخشا-شېئىرلار كاساتلىشىۋاتىدۇ. ماڭا بازار بېرىشمەيۋاتىدۇ، ياللانما ئوبزورچىلىرىمىز تولىمۇ چالا ساۋات بىرنېمىلەر ئىكەن، ماختاپمۇ، كۆچەپمۇ يەردىن ئېگىزرەك كۆتۈرەلمەيۋاتىدۇ. بۇنىڭغا چىدىغىلى بولمايدۇ.

— سىلىنىڭ شېئىرلىرى يارقىن، لېكىن بەزەن شۆھرەت سەۋدالىرىنىڭ ئۇزۇن، لاۋزا يېزىلغان شېئىرلىرى، شالغۇت شوئارلىرى ھۆرۈن خوتۇنىنىڭ پايتىمىسىدەك ھەممىلا يەرنى سېسىتماقتا. ئۇلارنىڭ ئەخلەتلىرىنى سۈپۈرۈپ تازىلاش كېرەك، پادىشاھى ئالەم. بىراق مارستا چىقسىلا بولمايدۇ، — دېدى پەن-تېخنىكا مىنىسترلىكىنىڭ مىنىستىرى ئەدەب بىلەن، — مارسنىڭ ھەممە يېرىدە ئوت يېنىۋاتقانلىقى بايقالماقتا، سىلىنىڭ جانلىرىغا كېلىدىغان خەۋپ-ئاپەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئېيتمىساق بولمايدۇ.

— بەزىدە ئوت كېتىشمۇ كۆڭۈل ئاچىدۇ، مەنمۇ ئوتتىن قورقمايتىتىم، ئوت بىلەنمۇ ئوينىشىدىغان شاھ ئىدىم. ئالىي ئېگىزلىكتىكى ئالىي شۆھرەت يولىدىمۇ ئۆلۈمدىن قورقامدىكەن كىشى. خەير، يۈزىڭىزلارنى قىلىپ، يالۋۇرۇشىڭىزلارنى ھېسابقا ئېلىپ، بۇ پىلاندىن ۋازكېچەي، دۆلىتىمىزنىڭ مىليونلىغان خەلقى مېنىڭسىز يېتىم بولمىسۇن، باش پاناھسىز قالمىسۇن. بىراق مەن ھامىنى ئالەم بوشلۇقىغا بىرچىقماي قويمايمەن. ھېلىقى پۈتۈنلەي ئۇيۇل ئالتۇندىن شەكىللەنگەن بىر يۇلتۇزنىڭ گېپى بولىۋىدىغۇ، مىنىستىر ئەپەندى، ئىسمى نېمىدى؟

ۋەزىرلەرنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشمۇ كېرەككەندۇق، ئۆزەممۇ شۇنداق بولۇشنى تۇيغانىدەك قىلىۋىدىم" دەپ ئويلىدى. يۈرىكىگە تەڭداشسىز قورقۇنچ كىردى. قانداقتۇر تەگسىز بىر قاراڭغۇلۇق، چوڭقۇرلۇق دەم تارتىۋاتقانىدەك ئىدى، كىسلاروت ئەسۋابى نەدە قالدىكىنە؟ ھاۋا يېتىشمەيۋاتسا كېرەك، نەپەسى قىسىلدى، گېلى بوغۇلغاندەك بولدى. ئۇ جان ئاچچىقىدا تېپىرلىدى، بىرئاز ئوڭشالغاندەك بولۇۋىدى، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ چىرقىرىۋەتتى. بىراق ئاۋازى تېخى تۈزۈك چىقمايلا غايىبتىن كەلگەن سېمىز، دىقماق، گۆشلۈك بىر قول ئاغزىنى مەھكەم ئېتىۋالدى. ئەجەپ ئىش، ئايپاشا بۇ باشقا پىلانىتلاردىن كەلگەن ئادەممىدۇ دەپ ئويلاپ بولغۇچە تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇ مەنسۇرنىڭ ئاۋازى ئىدى:

— ئەپپەتى بۇزۇلمىغان نارىسىدە قىزدەك چىرقىرىغىنىڭىز نېمىسى؟ ئەتراپتا سەيلىچىلەر بار، ئويات بولىدۇ، شۈك يېتىڭ!

ئايپاشا يۈزىگە مەنسۇرنىڭ ئىسسىق تىنىقى ئۇرۇلغانلىقىنى سەزدى. ئارقىدىنلا مەنسۇر قوپال ھەرىكەتلىرى بىلەن لەۋلىرىنى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە باستى. ساقال-بۇرۇتلىرى كىرپە تىكىنىدەك سانجىلدى، ئايپاشا يەنە تىنالماي تېپىرلاشقا باشلىدى. ئۇ باياتىن مەنسۇرنىڭ ئۆزىنى قۇچىقىدىن قىڭغايتىپلا كۆرپە ئۈستىگە بېسىۋالغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندى. مەنسۇر زوقىقا تولغان شېرىن سەزگۈ ئىچىدە ئىدى. "ئالەمنى سۇ باسسا ئۆردەكنىڭ قاپتىلىغا كەلمەس" دېگەندەك، بۇلەنتى سېسىق ئېيىق ئۆز نەپسىنىڭ كويىدا مەست بولۇپ، ئايپاشانىڭ قانداق دەۋر بولگۈچ مۇھىم خىياللار سۈرۈۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولمىغانىدى. بۇ نېمىدېگەن خورلۇق، ئاسماندا ئۇچۇۋاتىمەن دەپ ئويلىسا، يەردە خەقنىڭ تېگىدە خورلىنىۋاتقان بولۇپ چىقسا...ھەي، بۇ قۇرغۇر

يەر تىترەپ كېتەمدۇ نېمە؟ — دەپ ئويلىدى ئايپاشا ئالەم كېمىسىنىڭ ئورۇندۇقىغا جايلىشىۋېتىپ، — مەيلى، ئايپاشا ئالەم بوشلۇقىغا چىققان تۇنجى ئايال بولۇپ قالغۇسى، يەنە كېلىپ ئايال پادىشاھ دەڭلار!

ئالەم ئايروپىلانى قاتتىق گۈركىرىدى، چايقىلىشقا باشلىدى، ماتورلىرىدىن قىپقىزىل رەڭلىك يالقۇنلارنى چاچرىتىپ شىددەتلىك سىلكىنىشتە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

— ئاللىقاچان كىسلاروت يوق بوشلۇققا چىقتۇق، — دېدى ئۇچقۇچى ئايپاشاغا قاراپ، — نۇردىن تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتىمىز.

ئايپاشا مانا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ كىسلاروت كىيىمى كىيىۋالغانلىقىنى، ئەسۋاب ئارقىلىق نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق ئۇزۇن ئۇچتى، بەلكى بىر كۈن، ئىككى كۈن ئۇچقاندۇ، ئايروپىلان دېرىزىسىدىن قول يەتكۈدەك جايدا ئالماس يۇلتۇزلار كۆز قىساتتى. دېرىزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنى نېمە؟ تەخسىگە ئوخشايدىغان نەرسىغۇ، ئۇچار تەخسە دېگىنى شۇكەندە، ئوھ، ئەسلىدە ئولتۇرۇشقا تېگىشلىكى شۇ ئۇچار تەخسە ئىدى، ئۇنىڭدا ئالەمدىكى باشقا ئىنسانلار دۇنياسىغا بارغىلى بولاتتى.

بىردىنلا ئايروپىلان تېنى دەھشەتلىك چايقىلىشقا باشلىدى، ئۇچار تەخسە ئايروپىلانغا تەھدىت سېلىۋاتقانمىدۇ؟ ئايروپىلان ئىچىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئايروپىلان تىزگىنلىنىشتىن مەھرۇم بولدىمۇ-نېمە؟ ئايپاشا رول تەرەپكە قول سوزماق بولۇۋىدى، ئېغىر بىر نەرسە كېلىپ ئۇرۇلدى، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۇ ئايروپىلان بىلەن بىللە چەكسىز بوشلۇققا غۇلاپ كەتتىمۇ ياكى ئايروپىلاندىن ئاجرىلىپ چۈشۈپ موللاقلىدىمۇ، ئاڭقىرالمىدى، ئەيتاۋۇر، ئۆزىنىڭ غۇلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. "ئاپلا، ئەجەللىك خەۋپ، قۇتۇلۇش يوق،

# قىمىرلىغان لەۋلەر

ئەمەت تاماكا ئىسىنى يېيىلىپ كېلىۋاتقان ياز گۈگۈمىنىڭ قوينىغا قاتتىق پۈۋلىدى، ياپما قاپاقلىق كۆزى بولسا سول تەرەپتىكى چاتقالدىن ئۈزۈلمەيتتى. چاتقاللىقتا گۈللۈك چىت كۆڭلەك كىيگەن غۇنچە بويلۇق بىر قىزنىڭ ئېگىزرەك بىر يىگىت بىلەن گىرەلىشىپ تۇرغىنىغا خېلى ۋاقىت بولغان ئىدى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىدى. ياشلىقتىكى ھەۋەسلىرىنىڭ كەچمىش يىللارنىڭ كۆللىرى تەكتىدە قالغان چوغلىرى قايتىدىن يېلىنجىدىمۇ ياكى باشلىقنىڭ ئۆيىدە ئىچكەن باياتىنقى ئىككى رومكا ھاراقنىڭ كارامىتىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى تۇتالمىدى. تاماكا قالدۇقىنى چۆرۈۋەتتى، قانسىز لەۋلىرىنى شوراپ چىشلىدى-دە، دەلدۈگۈنۈپ ئۇلار تەرەپكە چامدىدى. تۆت-بەش قەدەم مېڭىۋىدى، ئۇنىڭ تەرەپتىكى دەرەخلىك ئارىسىدىكى چىغىر يولدىن بىرى پاكار، بىرى ئېگىز كەلگەن ئىككى لۈكچەك چىقىپ قالدى. ئەمەت ئۇلارنى كۆرۈپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. ئاغزىدا ئاچچىق تەم سېزىلگەندەك قىلغاچقا چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ يەرگە "چىرت" قىلىپ تۈكۈرۈۋېتىپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. ھېلىقى لۈكچەكلەر مەستمۇ ياكى جېدەلنى سېتىۋالىدىغان ئۇششۇقلاردىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئىككى تاقلاپلا ئەمەتنىڭ ئالدىنى توردى:

— توختا ھەي مۇشۇك ياپىلاق! تۈكۈرگەن ئاغزىڭنى كۆرۈپ

قىسمەتنى، بىراق بۇنىڭمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق، ئاسمانغا بەرىبىر يەردىن كۆتۈرۈلىدىغۇ. يۈكسەكلىككە خورلۇق، جاپا تارتماي يەتكىلى بولامدۇ؟ "ئالمەن دېسەڭ ئاۋۋال بەر" دېگەن ماقالمۇ بار. دۇنيادا بەدەلسىز ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە يوق، شۇڭلاشقا ئايپاشا بۇنداق بەدەل تۆلەش خورلۇقلىرىغا كۆنگەن. مانا بۇ شۇنداق دۇنيا، ئايپاشا مەنسۇرنىڭ ھاياجانلىق ھەرىكەتلەر ئىچىدە ئۈزلۈكسىز پىچىرلاۋاتقانلىقىنى سەزدى:

— بۇ شېرىن ئىش، سۆيۈملۈكۈم، بۇنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ، ئۆيدىكىلەرگىمۇ پايدىسى، خاسىيىتى كۆپ. ئالدى بىلەن ئەرلىرىنى مەنسەپ ئورۇندۇقىغا، ئاندىن ئۆزلىرىنىمۇ... ۋاي جانىغا شىپا ئاي بالىخان، سىلى نېمىدىگەن سۆيۈملۈك-ھە! سۆيۈملۈكنى سۆيمەسلىك گۇناھ..

1987-يىل ئىيۇل. ئۈرۈمچى.



نۇر قايتتى. ئۆمىلەپ، ئىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا، تىزىغا بىرنەرسە ئۇرۇلۇپ شاراقشىدى، ئېگىلىپ قاراپ پۇرلىشىپ يەرگە چاپلىشىپ كەتكەن كونا گېزىت پارچىسى ئىكەنلىكىنى كۆردى. شوخراق كەلگەن ئاشىق-مەشۇقلار پومداقلاشقان بولسا كېرەك. ئەمەت ئوڭ قولىنى گېزىتكە سوزدى، قولى تېگىشى بىلەنلا چاڭگىلىدا ئىككى سوملۇق بىر تىزىنىڭ سىقىمداقلىقىنى بايقىدى، بۇ پۇلنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى، گېزىتنى ئۆرۈپ تارتقاندا قولىغا چىققانمىدۇ، ياكى لۈكچەكلەردىن تاياق يەپ يىقىلىۋاتقاندا قولى ئۇلارنىڭ يانچۇقىدىن سۇغۇرۇۋالغانمىدۇ؟! بوپتىلا، ھەرھالدا ئۇ يەرگە يىقىلسا بىر سىقىم توپىنى بولسىمۇ سىقىملاپ قوپىدۇ ئەمەسمۇ، دادىسى شۇنداق ئۆگەتكەن. ئۇ ئۆسمۈرلۈكىدىلا يانچۇقچىلار توپىغا قوشۇلۇپ بارماقلىرىنى چېنىقتۇردى، يىراق ئۆتمۈش بولۇپ كەتكەن شۇ يىللاردىكى يۇمۇردەك قىزىق بىر ئىش ئېسىگە چۈشتى. يېشى كىچىك بولسىمۇ خېلى بوي تارتىپ قالغان چاغلار ئىدى، بىر قېتىم كىنوخانا ئالدىدىكى كەچلىك يانچۇقچىلىقتىن ئازراق ئولجىغا ئېرىشىپ بايۋەتچىلەردەك گېدىيىپ قايتىۋاتاتتى، تار بىر كوچىنىڭ ئەگلىمىسىدە ئىككى بۇلاڭچى يول توسىدى، مەيدىسىگە تېرەلگەن پىچاقلار غۇۋا چىراغ يورۇقىدا يالتىراپ كەتتى، بۇلاڭچىلارنىڭ ئاۋازى ئۆلۈمدەك ۋەھىمىلىك، سوغۇق ئىدى:

— جانغا تۇردۇڭمۇ، مالغا؟

ئەتراپتا ئىنسى-جىنىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى، گۆرىستان جىملىقى يۆرەكنى سىقاتتى، ئەمەت ھودۇقماي، تەمترىمەي تەمكىن جاۋاب بەردى:

— بەش كوي بەرسەڭ ئېيتىپ بېرىمەن!

باقىمىز.

قۇش ئۇچۇپ ئۆتكەندەك شەپە چىقتى، ئەمەتنىڭ بېشىدىكى شلەپىسى پىرقىراپ ئىككى مېتردەك يەرگە بېرىپ چۈشتى. ئەمەت-نىڭ خۇنۇك كۆزلىرى ھەيرانلىقتا چەكچەيدى. لوكچەكلەر ئۇنىڭدىن بىر يېرىم مېتردەك نېرىدا ھىجىيىشىپ تۇراتتى.

— پاھ! پاھ! مايمۇننىڭ ساغرىسىدەك قىزىل ئىكەنغۇ بۇنىڭ بېشى! — دېدى پاكارراق كەلگەن لوكچەك شېرىكىگە قاراپ كۈلۈپ، — ئېشەك غاجىلىۋەتكەنمۇ نېمە؟

— ياق، — دېدى ئېگىز بويلۇق لوكچەك مەسخىرە ئاھاڭدا، — ئۇنىڭ بېشىدىكى تۈكلىرىنى جەزمەن ھازازۇل خوتۇنى يۇڭدىۋەتكەن گەپ!

— ھا! ھا! ھا!...

ئۇلار بىرھازا كۈلۈشتى، ئاندىن ھېلىقى پاكار لوكچەك ئەمەتكە قاراپ دېدى:

— كالا سۈيدۈكى يالاشقىلا يارايدىغان قېرى تايغاندەك تۇرۇ-سەنۇ، چىشلىرىڭنىڭ ماغدۇرى كەتمىگەنمۇ-قانداق؟ ھىجىيىپ باققىنا قېنى!

ئەمەتنىڭ كۆزلىرىدە چاقماق چېقىپ ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەڭ چاپان كىيگۈزۈلگەن قارانچۇقنىڭكىگە ئوخشايدىغان گەۋدىسىنىڭ قانداقسىگە ھاۋادا پۇلاڭلىغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى، دۈمبىسى قېرى قارىياغاچنىڭ قوتۇرغۇلىغا زەرب بىلەن تەگدى-دە، كەينىگە قايتىپ دوملاپ، ياۋا گىياھلار بىلەن قاپلانغان بىر ئازگالغا چۈشتى. دەرمانى قۇرۇپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، بىرھازا شۇنداق قىمىرلىماي ياتتى. "ئۆلگەن بولسام كېرەك" دەپ ئويلىدى ئۇ. كېيىن كۆزلىرىگە

ھاراقنى تاشلىغىنىغا ئون يىل بولۇپ قالدى، مېڭە قان تومۇرلىرى قېتىشىۋاتىدۇ، يۈرىكىمۇ، بۆرىكىمۇ ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر-مۇنچە مۇھىم ئەزالىرىمۇ ئاجىزلاپ كەتتى. قورققۇدەك ئاجىزلاپ كەتتى. يىلىكى ئۈزۈلەي دەۋاتسا كېرەك. شۇڭا ئۇ ئادەتتە ئاساد-لىقچە ھاراق ئىچمەيدۇ. باشلىقلارنى ئۆيىگە چىللىغاندا ياكى ئۆزى باشلىقلارنىڭكىگە بۈگۈنكىدەك ئەپلەپ كىرىپ قارشى ئېلىنمىسىمۇ بېزىرىپرەك ئولتۇرغاندا ئىچىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ساداقەت گەپ-لىرىنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ بىر ئىككى قەدەھ قېقىۋالىدۇ، شۇنىڭغىمۇ تەڭشىلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ تەڭشىكى شۇنداق بالدۇر تۆۋەنلەپ كەتتى. باشلىقىدىنمۇ ئوبدانلا ئىچەتتى، ھاراق كۆپ قېتىم سەتلەشتۈردى، لېكىن سەتلىكىنى ياپقان چاغلىرىمۇ ئاز ئەمەس. يايلاققا چىققاندا مەست بولۇپ قېلىپ، بىر جىلغىدا ئىنەككە ئېسىلىپ دەرت تۆكۈۋاتقاندا، كىشىلەر كۆرۈپ قېلىپ بىر سەتلەشتى. ئايالىنى بەزىلەر تويدىن بۇرۇن باشلىقى ھوشۇرجانغا چاپلاپ گەپ تارقىتىشتى. شۇ غەمدە توي كېچىسى ئەمەت جىقراق ئىچىۋېلىپ ھوجرىغا كىرىۋىدى، ئايالى ھىيلە ئىشلەتتىمۇ، ھاراقنىڭ نەيرىڭىگە كەتتىمۇ ياكى راستىنلا ساق چىقتىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى، كېچىلەپ يۈگۈرۈپ ھوشۇرجاننىڭكىگە بېرىپ: ”كەچۈرسىلە، كىشىلەر بىزنىڭ خوتۇننى سىلىگە چاتسا، ئىشىنىپ سىلىگە ئۇۋال قىپتىكەنمەن، ئەمدى قىز ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى“ دەپ، قايتا-قايتا تەزىم قىلىپ كەچۈ-رۈم سورىدى، ۋاقتىدا قايتىپ كەتسىمۇ ھېچ ئىش بولماس ئىدى، ھوشۇرجاننىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن دەپ مەستلىكتە ۋارقىراپ سۆزلەۋېرىپ-تىكەن، قوشنىلار ئويغىنىپ چىقىپ يەنە سەتلەشتى. نام چىقارغۇسى كېلىپ، بىرسىنىڭ ئەسىرىنى كۆچۈرۈپلا ئېلان قىلدۇرۇۋىدى، بىر

بۇلاقچىلار دەسلەپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى، كېيىن ئۆزلىرىگە كېلىپ، قورساقلىرى ئاغرىغۇچە كۈلۈشتى.

— دۆڭ ئېرىقلىق ئوخشىمامسەن؟ يارايسەن ساختىپەز، — دېيىشتى ئۇلار ئەمەتنىڭ ئىڭىكىنى كۆتۈرۈپ، — بۇ شەھەرگە كېلىپ ئۇچراتقان بىرىنچى كىشىمىز سەن ئىدىڭ. ھەييار چىقتىڭ، چوڭ بولساڭ ئاتاڭغا قىلتاق قويىدىغان ئالىگەدەن بولغىدەكسەن، بار يولۇڭغا، ئادەم سۆرەتلىك شەيتان بول!

ئۇلار شۇنداق دەپ ئۇنى قويۇۋېتىپ، ئۆز يولىغا راۋان بولۇشتى. ئەمەت شۇلارنى ئويلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى. كېيىن ئۇ چوڭ بولدى، رەڭۋازلىق قىلىپ يۈرۈپ كىچىكرەك بىر ئەمەلگىمۇ ئېرىشتى، كېيىن نېمە ئۈچۈندۇر ئاغدۇرۇلدى، لېكىن بارماق ھۈنەرنى تېخى ئۇنتۇمىغان ئوخشايدۇ.

ئەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ، جايىدا ئاستا ئايلىنىپ، ئۇچىسىدىكى توپىلارنى قاققاچ ئەتراپقا ئوغرىلىقچە نەزەر سالدى. نە لوكچەكلەر، نە ھېلىقى قىز - يىگىت كۆرۈنمەيتتى. ئاپلا، ئۇلار كېتىپ قالغان بولمىغىيدى دېگەن خىيال ئۇنى باغچا دەرۋازىسى تەرەپكە ئىتتەردى. ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپلا يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دەرەخ ئارىلاپ كېتىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆردى، تېز - تېز مېڭىپ يېقىنلاشقاندا يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى، بۇلار شۇ قىز - يىگىت ئىدى. ئۇ نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا قەدىمىنى ئاستىلىتىپ قارا كۆرە ماڭدى.

قارلىق چوققىلاردىن كەلگەن يېنىك شامال ئەمەتنىڭ كالىلىسىدىكى قىسىۋاتقان چەمبەرنى بوشىتىپ، كېچىنىڭ سالقىنلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى، ئېغىر كالىلىسى بىرئاز يەڭگىللىدى. مانا ئەمەتنىڭ

تۇتمىسا خەق ئۆگىنىۋالىدۇ، ئېسىگە، ئۆزىنى دانىش ھىسابلايدىغان بىر ساددا باشلىق كەلدى. سىنىپىي قوشۇنىنى تازىلاش ھەرىكىتى ئاخىرلاشقان، ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى ئىشلىنىۋاتقىنىغىمۇ ئىككى يىل بولۇپ قالغان، ساددا باشلىقنىڭ پىچىقى تازا كېسىۋاتقان چاغلار ئىدى. ئەمەت ئۇنىڭ قولتۇقىغا كىرىشكە باشلىدى، ھە، راست، كونا باشلىق ئالمىشىپ بولغۇچە يېڭى باشلىقنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىشقا ماھىر بولغانلىقتىن كىشىلەر ئۇنىڭغا "ئەمەت قولتۇق" دەپ لەقەم قويۇپ قويغان. ئۇنىڭ قىرىق ئىككى نوختىسى بولۇپ، خېلى-خېلى باشلىقلارغا نوختا سالالايتتى. ئۇ ساددا باشلىقنى بىر كۈنى ئۆيىدە ئەرزىمەس تارتۇق بىلەن يەنە بىر كېچە قوندۇرۇپ قالدى، ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق، باشلىقنىڭ كەيپىمۇ چاغ ئىدى. ئەمەت پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئەدەب بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— تەخسىر، كېچە بىر چۈش كۆرۈپتىمەن.

— "چۈش دېگەن تۈلكىنىڭ پوقى" دېگەن ماقال بار، قىغ-قىغ...— باشلىق خىرىلداپ كۈلدى.

— ياق، ياق، خاسىيەتلىك چۈش دېسىلە، شۇنداق چۈشكى، ئادەتتىكى ئادەملەر ئارزۇلىسىمۇ مىڭ يىلدا بىر كۆرەلمەيدۇ، ئۆزلەگە مۇناسىۋەتلىك جەھەتلىرى بار.

— خوش؟

— خەلق مەيدانىمىكىن، ئەتراپىمدا لەكمىڭ-لەكمىڭ ئادەم مىغىلدايدۇ، دەريا-دېڭىزدەك قايناي‌دۇ. سىلى رەئىس مۇنبىرىدە تۇرۇپتىلامىش، قاراپ تۇرسام، مەركەزدىن كەلگەن كاتتا چوڭام مەردانە قەدەملەردە ئالدىلىرىغا كېلىپ قوللىرىنى سىقىپ كۆرۈشتى. ئاندىن، ئاندىن، يائاللا، ئويلىسام ھازىرمۇ يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك

قىزىلكۆز تۇتۇۋېلىپ يەنە سەتلەشتى. بۇنى ھېلىقى قىزىلكۆزنىڭ ئۆزىمۇ كۆچۈرمىكەشلىك قىلىۋېتىپ بايقاپ قالغانىكەن، شۇ قېتىم ئ ئەيىبىنى ھاراققا يۆلەپ ئاران قۇتۇلدى. ھاراقنىڭ زىيىنىغۇ ئا بولمىدى. ئەمەتنىڭ ئەزەلدىن باشلىقلارغا داستىخىنى كەڭرى ئىدى داستىخانغا سېھىر بېغىشلايدىغان ھاراققا يۈرىكىنى سىققۇدەك جىق پۇل كېتىدۇ، بۇ زىيانىنى ھۆكۈمەت زىياپەتلىرىدىن بىرەر بوتۇلكا ھاراق ئالغاچ كېلىپ تولۇقلاپ ماڭسىمۇ دال بولالمىدى. بەزى دۈشمەنلىرى "چىرايىڭ سارغىيىپ قاپتۇ، ئۆيۈڭگە باشلىق كۆپ بېرىۋاتامدۇ؟" دەپ چېقىپمۇ ئالدى، بولمىسىچۇ، زىيان كىمگە تاتلىق ئىكەن. ئىشنى ھاراقسىز، زىيانسىز ئەپلەپ كەتكەن جايلىرىمۇ كۆپ. باش قاتۇرغانلارغا خۇشامەتنىڭ سەنئىتى ئازمىدى. مانا مەسىلەن: پۇت-قوللىرىنى يەرگە تەككۈزمەي پايپېتەك بولۇپ يۈرۈپ قۇللۇق قىلىش سەنئىتى، ئىغۋا-ئەپسانىلار توقۇپ، كۈشكۈرتۈش ئەپسۇنلىرى ئوقۇپ چېقىمچىلىق قىلىش سەنئىتى، خەقنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىنىش سەنئىتى... بۇنىڭدىكى يولۋاس يېتىلەپ ئوۋ ئوۋلاش تەدبىرىدىن بىر كارامەت ئېيتساق، ئۇ خەقنىڭكىگە ئۇچۇر بېرىپ قويۇپ، باشلىقنى باشلاپ بېرىپ، باشلىق بىلەن ئۆزىنىڭ قورسىقىنى، ساھىبخانىنىڭ كۆڭلىنى توقلايدۇ، بىر چالمىدا ئۈچ توشقاننى ئوۋلايدۇ. يەنە مەسىلەن: "تاشنى ئالغاندا سىقىپ ياغ چىقىرىۋېلىش سەنئىتى"، بۇنىڭدىكى "كۆلەڭگىنى جىڭلاپ سېتىش تەدبىرى"دىن بىر كارامەت ئېيتساق، ئۇ ئۇيقۇنىمۇ، چۈشىنىمۇ باشلىقلارغا سوۋغا قىلىپ ياكى ئۆلچەپ سېتىپ پايدىكەشلىك قىلىدۇ. نازىنىنلارنى توغرىلاپ بېرىپ، نېرۋىلىرىنى تىنچلاندۇرۇشتەك ئۇيقۇ سوۋغا قىلىشلارغۇ سىر تۇتمىسىمۇ بولىدىغان كونىراق ئۇسۇل. بىراق، چۈش ھېكمىتىنى مەخپىي

ئەمەت مەنسەپ نامىنى ئەمدى ئېنىق ئېيتىشتىن تىلىنى تارتتى. بەك يۇقىرى بولۇپ كەتكەندە ئىشەنمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، بولۇپمۇ سىياسىي خاتالىق يۈز بېرىشى ياكى ھازىر شۇ مەنسەپتە ئولتۇرىۋاتقانلارنىڭ قۇلاقلىرىغا يېتىپ قېلىپ پالاكەت تېرىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ مانا شۇنداق قۇم سانايدىغان ئادەم.

— ۋاھ، شۇنچە يۇقىرى مەرتىۋە دېگىن! سۇمۇ ئاققان ئېرىقتا ئاقىدۇ ئەمەسمۇ، دېگىنىڭ كەلسۇن. لېكىن - زە، ھېلىقى... سىنىڭ چۈشۈڭگە ئايان بولغىنى نېمىشقا باشقا..

— چۈش ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ، دوستىغا سادىق ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولارمىش. ياق، ياق، پەرۋەردىگارا... — ئۇ بىرىنچى جۈملىدىلا خاتاغا يول قويغانلىقىنى بايقاپ سۆزدىن توختاپ قالدى. بولمىسا باشلىق "مېنىڭ چۈشۈمگە نېمىشقا ئايان بولمىدى، كۆڭلۈم ئاق ئەمەسمىكەن" دەپ سوراپ ياكى ئويلاپ قالمامدۇ، — ياق، بۇ ئەسلى مۇنداق، باشلىققا سادىق ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ چۈشىگە ئايان بولغىنىدۇر.

— سادىق ئىكەنلىكىڭگە ئىشەندىم.

— ماشائاللا، بېشىم بىلەن قوللۇق تەقسىر. ھېلىقى، ھېلىقى چۈشۈمدىمۇ شۇنداق، مەن جانابلىرى سەلتەنەتىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرۇپتىمەن، ئۆزلە پەقىرنىڭ، سىلىنى دەپ تارتقان چەكسىز رەنجۇ - مۇشەققەتلىرىنى ئۇنتۇماي، ماڭا قاراپ قول ئىشارىتى قىلىپ قاللا ئەمەسمۇ! مەن ئالدىلىرىغا ئۇقتەك بېرىپ، توققۇز تەزىم بىجا كەلتۈرۈپ تىزلىنارمىشمەن، مازايى ماشايىقىغا تىزلانغاندەك دېسىلە، خانىمىمىزمۇ ئۆزلەگە كۆز تىكىپ ئىگىلەرمىش. سىلى يۇمشاق ئاياقلىرىنى بېشىمغا تەككۈزۈپ قويغانتىلە، كارامەت

سوقۇپ كېتىدۇ. چوگام سىلىگە ئىككى قوللاپ بىر قىلىچ تەقدىم قىلىۋاتىمەندۇ! دەستىسىگە ئالتۇن، غىلىپىغا ياقۇت بېزەكلەر ئورنىتىلغانمىش، قوللىرىغا شۇنداق ئالغان زاماتىلا بېزەكلەر ۋال-ۋۇل قىلىپلا چاقناپ كەتتى. ئايھاي، توۋا، ئاللا كارامىتىڭگە ئاپىرىن! قىلىچنى غىلاپتىن شۇنداق سۇغارغانىدىلە، ئالماس قىلىچ ئىكەن، بىسلىرى يالتىراپ نۇر چاچتى، قارىسام ئالماس قىلىچ ئاقىرىپ ئېتىۋاتقان تاڭدەك پارلىدىدى، قات-قات نۇر دولقۇنلىرى تارقاتتى، پۈتۈن مەيدان كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. ئادەملەر مۇنبەر ئالدىدىن چېكىندى، بىردىنىلا مۇنبەر شاھانە تەختكە ئۆزگىرىپ قالدى، قاياقتىندۇر ھەيۋەتلىك قوشۇن ئۇندىن بولۇپ سەپ تارتىپ پارات باشلىۋەتكۈدەك. "قارا" دېگەندەك بولدى، شۇنداق قارىغۇدەك بولسام، ئۆزلەنىڭ شەپكىلىرىدە ئالتۇن كاكار، مۈرىلىرىدە ئالتۇن پاگون، ھەممىۋا يەرلىرى تۈگەل جاۋاھىرات بىلەن بېزەلگەن، ئاق پەلەي كەيگەن قوللىرىدا ئالماس قىلىچ يال-يال يالتىراۋاتىمىدۇ! يارەببىم، ئامەتمۇ كەلگەن يەرگە كېلىدىكەن ئەمەسمۇ، ئۆزلە پارات قوبۇل قىلىۋېتىپلا.

— شۇنداقمۇ تېخى، ئۇ نېمىسى؟

— ئاللانىڭ كەرىمى كەڭ. بۇ ئامەت، بۇ سەلتەنەتتىن بېشارەت، مەرتىۋىلىرى تاغدەك ئۆسىدۇ دېگەن سۆز.

— مەن ھازىر مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، ئۆسسەم جىڭ باشقارما...

— جىڭ باشقارما باشلىقلىقىغا شۇنچىلا سەلتەنەتلىك چۈش نەدىكەن؟ كەم دېگەندىمۇ مۇئاۋىن نازىر، ياق، ياق، بۇمۇ تۆۋەنلىك قىلىدۇ، جىڭ نازىر... ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرىراقتۇر بەلكىم...

مەيدىسىدىن بولسىمۇ ھەۋەس قاچمىدى. ئىشقىۋازلىقىنىڭ ئوتى پۈتۈنلەي ئۆچۈپ كەتمىدى. ئۇ بوينىنى سوزۇپ ھاراق كېكىردى، كۆز ئالدىدا سۈيدۈك ھىدلاۋاتقان تۇپاق كېلىپ كۈلۈمسىرىدى. پەيتى كەلسە ئۇمۇ ئاشۇنداق قىلالايدۇ. ئاھ، ياشلىق، نەگە يوقالدىڭسەن؟ قەددى ـ قامەت، كۈچ ـ ماغدۇر، ئەي بىۋاپالار، سىلەر زادى نەدە؟ ئېسىگە قانداقتۇر بىر شەھۋانى ناخشا كەلدى، ئاستا غىڭشىدى. بۇ ناخشىنى ئۇ تالاي غىڭشىغان، مۇشۇ ناخشىنى غىڭشىپ، ئۆزىدىن چوڭ خوتۇنلار بىلەن تولا ئىچ ـ پەش تارتىشىپ يۈرۈپ، چوقىسىنىڭ چاچلىرى قالمىغان. ئاھ يىللار، نېمانچە چاپسان ئۆتىدىغاندۇ؟ مانا ئەمدى ئۇنىڭ سەككىز بالىسى، توغرىراقى سەككىز قىزى بار بولدى. خوتۇنى ئۇنىڭغا بىرەر ئوغۇلمۇ بولسا تۇغۇپ بەرمىدى، ئۇ ھەمىشە يالپاق يۈزىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ھومايغىنى ھومايغان. كۆزلىرىمۇ بېلى بېسىلغان چاپاقنىڭكىدەك پولتىيىپ، ئەينەك ساقىدەك پارقىراپلا تۇرىدۇ. رىسىدە قىز ۋاقتىدىغۇ بۇنچىلا ئىسكەتسىزمۇ ئەمەستى، ئويۇنچىلىقتا ئاز ـ تولا نامى چىقىپ قالغاندا، بىر كۈنى ياتىقىدا تولغان ساغرىلىرىنى تولغاپ، بەدىنىنى يېرىم يالىڭاچ كۆرسىتىپلا ئۆزىنى مەپتۇن قىلىۋالغىنى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئەسلىدە ئۇ ئەمەتنى كۈن پېتىۋاتقان چاغقا توغرىلاپ، جىددىي ئىش بار دەپ ياتىقىغا چاقىرغانىدى. ئەمەت ياتاققا كىرىپلا ئەندىكىپ تۇرۇپ قالدى، ياتاقتا شۇ خېنىمدىن باشقا ھېچ كىم يوق بولۇپ، دېرىزىدىن كىرىۋاتقان كەچكى شەپەقنىڭ رەڭدار نۇرى يانتۇ تۇرۇپ ئالدىرىماي كۆڭلەك ئالماشتۇرۇۋاتقان قىزنىڭ بەدىنىدە جىلۋە قىلىپ، خىيالىي گۈزەللىك پەيدا قىلغانىدى. ئۇ ئەمەتنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ نازلىنىپ، كۆڭلىكىنى كۆكسىگە باستى،

يۈز بېرەرمىش، قارىسام ئاياقلىرىغا تېسىلغىنىمچە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈ-ۋاتقۇدەكمەن. مەن دەرھال "بېشىمنى بىر سىلاپ قويىدىلا، تايغان ئىتلىرىدەك مەڭگۈ ئارقىلىرىدا سوكۇلدايمەن. ھەرقانداق مەنپەئەت ۋە لەززەتنى سىلىگە ئۆتۈنۈمەن!" دەپ ۋارقىرىغۇدەكمىشمەن، ئۆز ئاۋازىم ئۆزەمنى ئويغۇتۇۋەتمەسمۇ، كېچىنىڭ قالغان يېرىمىنى باشلىرى ئۈستىدە ئەگىۋاتقان دۆلەت قۇشىنى ئويلاش بىلەن ھاياجاندا كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدۈم.

ئۇزۇن ئۆتمەي ساددا باشلىق ئەمەتنى بۆلۈمچە باشلىقى قىلىپ ئۆستۈردى، ئۇنىڭ ئەپسۇن ۋە پىتنە-ئەپسانىلىرىغا ئالدىنىشتىمۇ ياكى تالاي يىللىق خۇشامەت كۈلپەتلىرىنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر پايدىسى تەگدىمۇ، ئەيتاۋۇر، كەسىپتىكى ناچارلىقىغا قارىماي ئۇنىڭ ئورنىدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشلار بولدى. بىر يىلدىن كېيىن ساددا باشلىققا سىياسىي ھەرىكەت ئۇتى تۇتىشىۋىدى، ئەمەت ئۇنىڭغا "خۇراپاتلىققا چوقۇنىدۇ"، "چۈشكە ئىشىنىدۇ، ئۆسۈشىنىلا چۈشەيدۇ"، "يۇقىرىغا يامىشىدۇ"، "قارانىيەت سۇيىقەستچى" دېگەن قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ، تۆھمەت كالتىكىدە راسا دۇمباللىدى، داستىخىنىنى بولسا يېڭى كەلگەن باشلىققا كەڭرى يايدى، خېنىممۇ يېڭى باشلىققا قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ھېجايدى، بەللىرىنى تولغىدى. لېكىن ئەل قىساسى مىنەلھەق دېگەن ماقال ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، قىساس تۇتتىمۇ- قانداق، قىسمەت چاپسانلا يۈز ئۆرۈۋالدى، ئۇنىڭغىمۇ پالاكەتنىڭ پايتىمىسى تېگىپ، ئۆز ئورنىدىن دومىلاپ چۈشتى. ئاھ، قىسمەت دېگەن شۇنداق رەھىمسىز ئىكەن، يېشىمۇ بىر يەرلەرگە بېرىپ قالدى، چەككەن جاپاغا تۇشلۇق نە مەرتىۋە، نە شۆھرەت تەگمىدى. ئەمەت ھەممىدىن بىزار بولدى، ئۈمىدسىزلەندى، چۈشكۈنلەشتى، ياخشى بىر يېرى،

قېتىم ئۇ يۇرتىغا خىزمەت بىلەن بارغانىدى. بازاردا شۇنداق كەيىپ كېتىۋاتقاندا بىر كوچا چوكىنى ئۇچراپ قالدى، ئەمەت بۇ "كەكلىك" نى بېزەڭلىك قىلىپ يۈرۈپ ئەرزانىراق قوشلىدى. ئۇ تېخى ھازىر-قىدەك كېچە ئەمەس، كۈندۈز، چۈشتىن بۇرۇنقى چاغ ئىدى. كەكلىكنى كەينىگە سېلىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگىلا باردى، ئۇچەيسىمان كوچىدىكى بۇ قورۇدا ئەمەتنىڭ چوڭ قىزى مۇھەببەتتىن باشقا ئادەم يوق ئىكەن. مۇھەببەت تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ مومىسىنى يوقلاپ كەلگەنىدى، ئۇ قىز ئۇ چاغلاردا ئون بىر ياشلار چامىسىدا ئىدى. ئەمەت چوكاننى باشلاپ ئۆيگە كىرىۋېلىپ، مۇھەببەتكە ئىشىك باققۇزدى. ئۆيگە ھېچكىمنى يېقىن يولاتماسلىقنى بۇيرىدى. بىچارە مۇھەببەت دادىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشىككە سىرتىدىن قۇلۇپ سالدى، قولىغا سۈپۈرگە ئېلىپ قورۇ سۈپۈرۈۋاتقان قىياپەتكە كىردى. ئۇ بۇنداق ئىشنىڭ تېگى تەكتىنى بىلىپ كۆنگەنتى، شۇڭا غەيرىلىكمۇ ھېس قىلمىدى، بىراق قورۇنى ناھايىتى ئۇزاق سۈپۈرۈشكە توغرا كەلگەنلىكتىن زېرىكتى، خىيالغا بېرىلدى. ئەمەت بولسا ئۆز قىزىنىڭ ھىمايىسىدە چوكان بىلەن قۇربى يەتكىنىچە بىر يايرىدى، بالا ئەسقاتتى دېگەن شۇ-دە! ئۇشتۇمتۇت ئەمەتنىڭ خىيالى بۆلۈندى، ئۇ پايلاپ كېلىۋاتقان قىز-يىگىت يول قاسىنىقىدىكى دەرەخزاردىن چەتتىكى ئوچۇقچىلىققا چىققان ئىدى. بۇ كىچىككىنە ئوچۇقچىلىقتىن ئۆتسىلا قېلىن چاتقال توقايلىقى بار ئىدى. ئەمەت ئۇلارنىڭ خالىي جاينى نىشانلىغانلىقىنى بىلدى. ياخشى بولدى، شۇ يەرگە بېرىشسىلا مەنمۇ نېسىۋەمدىن قۇرۇق قالمايمەن دەپ ئويلىدى. ئۆزىنى بىر تاغ تېرىكىنىڭ دالدىسىغا ئالدى. قىز-يىگىت چاتقاللىققا يېتىپ باردى، قاراڭغۇلۇققا كۆلەڭگىدەكلا سىڭىپ كەتتى. ئەمەت بىر

ئەمەت بولسا ئاشىقى بىقارارلىقتا يېرىم ھوشىدىن كەتتى، مانا شۇ
يېرىم بىھوشلۇق ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئۇل، ئائىلىسىگە دەرۋازا
بولغان. ئۇنى قىزلا تۇغدۇك دەپ ئەيىبلەۋېرىش ئادىللىق بولماس
بەلكىم. ئەمەتنىڭمۇ ئوغۇل تېپىپ قالسام ئەجەپ ئەمەس، دەپ
يېمىگەن دورىسى، قازدۇرمىغان ئورىسى قالمىدى، گۇاڭشى
قوڭغۇزلىرىدىن تارتىپ تەكلىماكاننىڭ ئوق يىلانلىرىغىچە، ھىندىستان
گىياھلىرى، ئوردىنىڭ مەخپىي رېتسېپلىرىدىن تارتىپ بوغا مۈڭگۈزى-
گىچە بەرىنى ئىشلىتىپ كۆردى. لېكىن يەنىلا ئوغۇل تاپالمىدى.
مازايى-ماشايىقلارغا بېرىپ ئۆمىلەپ، يۈزىنى قارا تۇپراققا سۈرتۈپ
يىغلاپمۇ باقتى، قەبرە تۆشۈكلىرىگە قول تىقىپ قولىغا ئىلىنگەنلىكى
نەرسىلەرنى — چالما، قوڭغۇزلارنى چايناپمۇ باقتى، لېكىن ھېچقايسى
ئۈنۈم بەرمىدى. ئاھ، تەقدىرنىڭ ئۈستىدىن تۆھمەت چاپلاپ ئەرز
خېتى يازغىلى بولمايدۇ-دە، بولغىنىدا ئىدى، ئاغىنىلىرىنى سەپەرۋەر
قىلىپ ھەش-پەش دېگۈچىلا بىرلەشمە ئىمزالىق تۆھمەت خەتلىرىنى
قاتۇرۇپ تەييار قىلىۋېتەتتى. نېمە ئامال؟ بۇ بەختسىزلىك چوڭ
قايغۇ بولۇپ ھاياتىغىمۇ، قەلبىگىمۇ بۆسۈپ كىردى. پېشانىسىگە
پۈتۈلگەننى كۆرمەكتىن باشقا نېمە ئىلاج؟ بىراق ئۇ باش قاتۇرۇپ
بۇنىڭغىمۇ يول تاپتى. "بىر قىزى بار بەگزادە، ئىككى قىزى بار
خانزادە" دېگەن ماقالنى يادىغا ئېلىپ كۆلۈمسىرىدى. سەككىز قىزى
بارغا قانداق ماقال تۈزۈش كېرەككىن؟ سۈت ھەققىدىن تارتىپ بىر
بىرلەپ يۈلۈپ ئېلىش كېرەك، كىم بىلىدۇ، تويلۇق جابدۇقلار بىلەنلا
كۆمۈلۈپ كېتەمدۇ تېخى! ئۇلاردىن پەم بىلەن نەپ ئېلىش،
پايدىلىنىش كېرەك. بۇ ئىشنىغۇ ئۇ خېلى يىللار ئىلگىرىلا باشلىۋەت-
كەنتى. بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇنقى بىر ئىش ئېسىگە چۈشتى: شۇ

سەتتكى ئىكەن، مەنمۇ نېسىۋەمنى ئالاي دەپ ئالدىراش ئىزىغا چۈشتى، ئۇنىڭ تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا بۇنداق سەۋرچانلىق بىلەن قىلغان ئوۋدا ئەپلەشسە پۇل خەجلەش كەتمەيدۇ، تېخى قىزدىن ئازراق بىر نەرسە يۇلۇۋالغىلىمۇ بولىدۇ، ھېلىقى يىگىت ئۇزاپ كەتتى، مۇش يېيىش خەۋپىمۇ يوقالدى.

قىز ھارغىن قەدەملەردە كېتىۋاتاتتى، بەدەنلىرى بوششىپ ئىزىلىپ كەتكەندەك روھسىز كۆرۈنەتتى. ئەمەت قەدەملىرىنى ئىتتىكلىتىپ ئارقا تەرەپتىن يېقىنلاشتى. قاچۇرۇپ قويمىغۇدەك ئارىلىققا كەلگەندە بوش ئىسقىرتتى، ياش كۆرۈنۈش ئۇچۇن شلەپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، بارمىقىدىن قاس چىقاردى.

قىز ئۇركىمىدى، كەينىگە قىيا بۇرۇلدى-دە، رازىمەنلىك بىلەن قەدىمىنى ئاستىلاتتى. ئەمەت خۇشال بولۇپ كەتتى. ئىش ئوڭغا تارتىۋاتاتتى، دەرھال يوغان-يوغان چامداپ يېقىنلاشتى-دە، ئادەتلەنگەن گەپكە ئېغىز ئاچتى:

— خانقىز، مەنمۇ يالغۇز، قورقىسىڭىز ھەمراھ بولاي.

قىز بارمىقىنى قارسىلدىتىپ توختىدى، نېمىدۇر ئويلىغاندەك دەققە تۇردى-دە، كەينىگە قارىماق بولۇپ بويىنىنى ئوڭغا بۇرىدى. ئەمەت بۇنداق پەيتلەرنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇستا، بۇ قېتىممۇ دادىل ۋە چاققان كەلدى، بىر ئاتلاپلا قىزنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتتى-دە، ئوڭ قولى بىلەن بەلدىن قارمىدى.

— پۇل دېگەننى چېكىڭىزگە گۈلدەك قىستۇراي، خېنىمەي، بېشىڭىزدىن ئۆرگۈلسۇن، جېنىمەي، — ئەمەت بىر سوملۇق پۇلدىن بىرنى قىزنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ، ئاستىلا يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى.

ئاز ساقلاپ ئىشىنىڭ دەل ئۈستىدىن چۈشمەك بولدى، بىر تال تاماكا ئوراپ چەكتى، هاراقنىڭ ئېزىتقۇلۇقىمۇ ياكى ئۈگىدەك باستىمۇ، سەل جىمىپ قالدى، كاللىسى ئۈشتۈمتۇت سەگەكلەشتى، قانچىلىك ئولتۇرۇپ قالغانلىقى نامەلۇم ئىدى. مۈدۈرۈپ قوپۇپ چاتقاللىققا ماڭدى. پىچىرلاشقان، شاراقلىغان ئاۋازلارنى ئاڭلىدى، تۇيدۇرماي يېقىنلاشتى، قىزنىڭ ئۈستىبېشى قالايمىقان ئىدى، ئەمەت ئۇلارنىڭ ھېلىلا ئېرىقتىن قوپقانلىقلىرىنى پەملىدى، كۆڭلىگە سۇ يۈگۈردى. بىراق يېقىنلىششىش خەتەرلىك ئىدى، يىگىت قىزنى سۆيدى، سۆيۈشۈش ئاۋازى قۇلاقلىرىغا مۇش ئۇرغاندەك ئاڭلاندى، ھەسەتخورلۇقى، ھايۋانى نەپسى قوزغالدى، قولىغا ئىلىشكەن تاشنى ئېلىپلا ئېتىپ ۋارقىراپ ئۇلارغا تاشلانماقچى بولدى، ياشلىقىدا خالىي جايلاردا نومۇس سودىگەرلىرىنى شۇنداق ئۇركۈتۈپ، قېچىشقا ئۈلگۈرمىگەن ياۋا سەتەڭلەردىن بىكارغا پايدىلانغان چاغلىرىمۇ بولغان ئىدى. بىراق بۇ قېتىم ئۇنداق قىلىشقا توغرا كەلمىدى، كۈتۈلمىگەندە يىگىت ئىسقىرتىپ قويۇپ قىزنى تاشلاپ ماڭدى. قىز ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈۋىدى، يىگىت ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى دېدى، ئەمەت "ئەتە كەچ يەنە..." دېگەن گەپلەرنىلا ئاران ئاڭلىيالىدى، قىزنىڭ قولىغا شاراقلىتىپ پۇلدەك بىر نەرسە تۇتقۇزدى-دە، چوڭ يولغا چىقىپ كېتىپ قالدى. قىز كەينىگە ياندى، يەردىن زىننەت سومكىسىنى ئېلىپ پۇلنى سالدى، چاتقاللارنى ئارىلاپ ئالدىرىماي ماڭدى. چاتقاللىقنىڭ يول چېتىدىكى دەرەخلەرگە تۇتۇشىدىغان جايىغا چىقىپ كەتمەكچى بولسا كېرەك. يات كۆزلەرگە چېلىقىپ گۇمان تۇغدۇرۇشتىن ھەزەر ئەيلەۋاتقىنىنى قارا، ھۇ قاقباش، تۈلكىنىڭ بالىسى. ئەمەت ھەممىنى چۈشەندى. تاپتىن چىققان كوچا

كىرىۋاپسەنغۇ ياسىنىپ" دېگەن گەپلەر چىقىپ كەتتى.

— ئاپام يېقىندا تاپقان پۇلىغا ئېلىپ بەرگەن بولامدۇ، — دېدى مۇھەببەت تىرنىقىنى تاتىلاپ.

ئارىغا گۆرىستان جىملىقى چۈشتى. مۇھەببەت قول ياغلىقىنى چىقىرىپ يۈزىنى توستى، ئۇنىڭ ئىككى يەلكىسى سىلكىندى. ئەمەتنىڭ بېشىغا توقماق تەككەندەك بولدى، ئۇنىڭ كاللىسى گاراڭشىپ سۇغا چىلاشقان تۆشۈك كاۋۇدەك ئېسىلدى. مەڭزى كۆيگەندەك قىزىدى. ۋۇجۇدىنى ئازابلاۋاتقان زادى نېمە تۇيغۇ؟ بىئاراملىقمۇ، جىددىيلىكمۇ، قورقۇنچمۇ؟ ياق! خىجىللىق ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كۆزىگە دەرھال جېدەلخور كۆكەمە خوتۇنى كۆرۈندى. ئەمدى ئۇ نېمە دەر، بېشىغا نېمە دەرد-ئېسەلەرنى سالار؟ غەم-غۇسسە، چىگىش ۋەھىمە، رەسۋاچىلىق تۇيغۇلىرى ئەمەتنىڭ ئاجىز تېنىنى غاجىماقتا ئىدى.

سارىسمىگە چۈشكەن ئەمەت قارانچۇقتەك قېتىپ قالغان ئىدى، پۈتى ئاستىدىكى زېمىن چايقىلىۋاتقاندەك، چۆكۈۋاتقاندەك قىلاتتى، لەۋلىرى قىمىرلايتتى، لېكىن ئاۋازى چىقمايتتى. قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغانمىكىن-يا؟ ياق! ئۇ ئۆزىنى ئۇخلاۋاتقاندەك، چۈش كۆرۈۋاتقاندەك سەزدى، يۈرىكى ئاغرىشقا باشلىدى، سانجىلىپ قىسىلدى. ئۇنىڭغا ئەتراپنى ئوراپ تۇرغان قارلىق تاغ تىزمىلىرى كېچىلىك شەھەرنى چەمبەردەك قىسىپ مىجىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

1989-يىل ماي، ئۈرۈمچى.

— ۋايجان! — قىز يېنىك يۇلقۇندى. ناز قىلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ ئۈلگۈردى ئەمەت. ئۇ دەرھال سول قولىدا قىزنىڭ بويىندىن گىرەلەپ، بىر تارتىپلا قۇچاققا يىقىتىپ سۆيمەك بولدى، بۇنداقتا قىز تېپىرلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەيتتى. لېكىن ئالدىغا سوزغان تۇمشۇقىغا ئىسسىق لەۋلەر ئەمەس، قاتتىق شاپىلاق تېگىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى، قىز ئارتىسلاردەك چەمبەر ھاسىل قىلىپ بىر پىرقىراپلا بوشاندى. ئەمەت قىزنى قانداقسىگە قويۇۋەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي، ئاغرىغان تۇمشۇقىنى ئالدىراپ سىلىدى. ھېچۋەقەسى يوق، بەزىدە كەكلىكلەر شۇنداق تەپكىلەپمۇ، تومۇچۇقلار چوقۇلاپمۇ قويىدۇ ئەمەسمۇ.

— غەمزە ئوقى ئاتتىڭىزغۇ، خۇلقىڭىزدا مېنى مەستلەر قاتارىغا قاتتىڭىزغۇ! — دېدى ئەمەت بىر شائىردىن ئاڭلىۋالغان ئىككى مىسرا بېيىتنىڭ ۋەزىنلىرىنى بۇزۇپ. ئۇ قايتا بېزەڭلىك قىلماق بولۇپ، قىزنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراش ئۈچۈن، بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈۋېدى، سوزغان قولى ئۆلۈكنىڭكىدەكلا سالپىيىپ چۈشۈپ، ئاغزىدىن چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن گەپلىرى گېلىغا تىقىلىپ قالدى.

— نېمە قىلغىنىڭىز، بۇ دادا؟!

ئۇنىڭ ئالدىدا چوڭ قىزى مۇھەببەت ئانىسىدەكلا سوغۇق تەلەتتە ئۇيدەك گۈلىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ قىزىنىڭ سوغۇق كۆزلىرىدە مەسخىرە، مەنسىتمەسلىك، ئۆچمەنلىك نۇرلىرى چاقنىغانلىقىنى كۆردى. ئەمەتنىڭ قارامتۇل چىرايى تاتىرىپ كەتتى. يۈرىكى تۇنجى قېتىم گال پىچاقتا كېسىلىۋاتقاندەك چىدىغۇسىز ئاغرىدى، نېمە دېيەرىنى، نېمە قىلارىنى بىلمىدى، پەقەت ئاغزىدىن ئىختىيارسىز ھالدا: "بۇ كىمنىڭ كۆڭلىكى؟ مەن كۆرمىگەنلا سىياققا

# پوۋېستلار

# سېھىرلىك ھەيكەل

بۇ ھەيكەل غەمگۈزار ئادەم گويا كى،
تۇرىدۇ ئىنسانلار بەختىگە غەم يەپ.
قارايدۇ ئۇپۇققا، قۇياشقا قانماي،
ھاياتنى، ئۆلۈمنى پۈتىدا دەسسەپ.

— ئىجادىيەت دەپتىرىمدىن

شەپقەت ئاخىرى بۇ ئۈچ ھەيكەلنى ياساپ پۈتتۈردى، كىچىككىنە بولسىمۇ ۋىجدان بۇرچىنى ئادا قىلدى...

قاباھەتلىك چۈش ئەستىن ئاسان چىقمايدۇ. بۇ — ئادەملەرنىڭ دائىم شۇنداق چۈش كۆرۈۋەرمەيدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. شۇنداق، چۈشتەك پاجىئەلىك بىر ۋەقە شەپقەتنىڭ يۈرىكىدە جاراھەت قالدۇرغان، شۇ جاراھەتتىن تامچىغان قانلار بۇ ھەيكەللەرنى قاتۇرۇپ چىققان ئىدى. ۋاقىت قاناتلىق لاچىندەك ئۇچقۇر بولىدۇ. يىللارنىڭ ئۇزاق يوللىرىدا، ھاياتنىڭ ئۇڭغۇل - دوڭغۇل مۇساپىلىرىدە تالاي ۋەقەلەر ئۇنتۇلۇش چاڭگىلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. لېكىن قاباھەتلىك چۈشتەك ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ، چاپسان غايىب بولغان ئۇ كۆڭۈلگە ئېغىر ئازار بەرگەن شۇ ۋەقەنىڭ قالدۇق ئاغرىقىدىن ئۇ ھازىرمۇ قۇتۇلغىنى يوق. ئۆتكەن ۋە ئۇنتۇلغان شۇ قايغۇ - ئازابلار، ئاققان ۋە قۇرىغان قان - ياشلار پات - پات قايتىدىن پەيدا بولۇپ، ئۇنى قىيناپ تۇرىدۇ. شەپقەت خېلى يىللاردىن بېرى ناھىيىلىك

ئۇ ئەڭ ئاددىي ئادەملەرنىمۇ ھاياتنىڭ ئالاھىدە سورۇنىغا قويدىمۇ، بولدى، باشقىچە كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

مالىماتاڭ يىللار، غەۋغالىق تۇرمۇش، تەلۋە ياشلىق، ئىزتىقۇ يوللار، نادانلىق، ياۋايىلىق-ياۋۇزلۇقلار، ۋەسۋەسە، پۇشايمان، ھاقارەتلىك ئېغىر مۇساپە، دەپسەندە بولغان ئۆمۈر تارىخ بېتىدە نومۇسلۇق، يىرگىنچلىك قارا داغلارنى قالدۇردى. بۇ ۋەقە سادىر بولغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئەلەم كۆرسىشى قىزىغان مەزگىللىرى دەل شۇنداق ئاپەتلىك چاغلار ئىدى. كەچمىش، دۇنيا، قىسمەت نېمىشقا شۇنداق سىرلىق؟ ھايات نېمىشقا شۇنچە چىگىش، شۇنچە ئادالەتسىز، رەھىمسىزدۇ؟ ئامەت بىلەن ئاپەت نېمىشقا شۇنچە قارىغۇ، تۇتۇرۇقسىز، يۈزسىزدۇ؟ شەپقەت قانچە ئويلاپمۇ بۇلارنىڭ تېگى-تەكتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىدى. ئۇ ئۆز ئىرادىسىدىن سىرت بىر كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قۇدرىتىدىن قۇتۇلماقنىڭ مۈشكۈللۈكىنى ھېس قىلدى. ئادەملەرنىڭ تەقدىر دېگىنى مۇشۇ سېھىرلىك كۈچ بولسا كېرەك، ئەتىمالىم. شەپقەتنىڭ ئېسىگە تەقدىرنىڭ كۆكتال يېزىسىدىكى ئاشۇ قېتىمقى رەزىل ئىغۋاگەرچىلىكى چۈشىسىلا، يۈرىكى ئۆكسۈپ بوغۇلۇپ قان يىغلايدۇ.

شەپقەت شۇ پاجىئەگە چېتىشلىق بولغان بۇ ھەيكەللەرنى ئاخىرى ياساپ پۈتتۈردى، يىگىرمە يىل كېيىن بولسىمۇ ۋىجدان قەرزىنى ئادا قىلدى...

## 1

شۇنداقمۇ ئادەملەر باركى، ئۇلار ھاياتلىقىنى، يورۇقلۇقىنى بىر-

مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەۋاتىدۇ. يېزىدىكى ھاياتى يىراق ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالدى. ئۆتمۈش خەتلىرى ئۆچۈپ، سۈرەتلىرى خۇنۇكلەشكەن، سىرى چۈشۈپ، مۇقاۋىسى قىرچىلىپ تىتىلىپ كەتكەن كونا رەسىملىك كىتابقا ئوخشايتتى. شەپقەت ئۇنى ۋاراقلاشنى خالىمايتتى. لېكىن ھازىرقى كەسپى بولغان ھەيكەلتىراشلىق ياكى رەسسامچىلىق بىلەن ھەپىلەشكەندە، مۇزىكا ياكى مۇنازىرىلەرنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ كۆزىگە ئىختىيارسىز ساۋۇت بىلەن ئابدۇغوپۇرنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتى ھەيكەلدەك ئېگىز ۋە روشەنلىكتە كۆرۈنگەندەك بولاتتى. ئۆزى يالغۇز بىكار قالغان چاغلىرىدىغۇ ئۇلارنىڭ سېمىز-ئۇرۇق گەۋدىلىرى، ئىسسىق-سوغۇق چىرايلىرى، جىمغۇر-كاسكا مىجەزلىرىمۇ نامايان بولاتتى. ساۋۇت سىپايە-سالماق، ئابدۇغوپۇر قوپال، ئالدىراڭغۇ قەدەملەردە يېقىنلىشاتتى. بەزىدە ساۋۇتنىڭ قوللىرى كۆكرىكىدىن تۆۋەنرەك، ئابدۇغوپۇرنىڭ قوللىرى بېشىدىنمۇ ئېگىزرەك بوشلۇقتا ئۇنىڭغا قاراپ سوزۇلۇشقا باشلايتتى. يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسىپ، يۇلۇپ ئالماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. شەپقەت تۈگۈلەتتى، چېكىنەتتى، تىترەيتتى، بەزىدە يۈزىدە ئۇلارنىڭ تىنىقىنى سەزگەندەك بولاتتى. ئۇ بۇنىڭ ۋىجدان ۋە ئەخلاقنىڭ ئەيىبلىشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئازابلىناتتى، بەدەنلىرى تىكەنلىشەتتى، قارا تەرگە پېتىپ، ۋارقىراپ تاشلىغان كېچىلىرىمۇ بولاتتى.

ساۋۇت بىلەن ئابدۇغوپۇر ئەسلىدىغۇ ئۇلۇغ-مەرتىۋىلىكلەردىنمۇ، جىن-شاياتۇنلاردىنمۇ ئەمەس، ئاجايىپ-غارايىپ تەرەپلىرىمۇ يوق، ئاددىي كۆرۈنىدىغان ئادەملەردىن ئىدى. ھاياتتا بۇنداق ئادەملەر پات-پات ئۇچراپ تۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنىمۇ ئاسانلىقچە قوزغىمايدۇ. بىراق قىسمەت دېگەن شۇنداق سېھىرلىك نەرسە،

تۆتەكلەردە، قارا بۇلۇتلاردا توسۇماقچى بولۇۋاتقانلىرىغا قارىماستىن، ھەممىلا يەردە ياز پەسلى بەرق ئۇرماقتا ئىدى. يەنىلا گۈللەر ئېچىلماقتا، قۇشلار سايرىماقتا، سۇلار ئاقماقتا، ھايات ياشنىماقتا، قۇياش يەنىلا قۇدرەتلىك، ئادىل ۋە سېخى ئىدى. ھېچقانداق ئادەمگە بويسۇنمايتتى، ھېچكىمدىن، ھېچقانداق نەرسىدىن نۇرىنى ئاياپ تۇرمايتتى. دۇنيانىڭ گۈزەللىكى يوقالمىغان، يوقىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق بۇ ئەلدىكى ئادەملەر دۇنيانىڭ گۈزەللىكىگە، سېخىلىقىغا، مېھرى-مۇھەببەتلىك، ئىناق، تىنچ، زامانىۋى تۇرمۇشىغا قىزىقمايۋاتاتتى. بەلكى داۋالغۇشقا، بۆلۈنۈشكە، توپ-توپ ئىتلاردەك بىر-بىرىنى تالاشقا خۇمار بولۇپ قالغان ئىدى. كىملەردۇر خام گۆش يەپ، ئۆڭكۈرلەردە ياشايدىغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى جەننەت كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ۋەسۋەسىگە سالاتتى. ئۇلار قايمۇققان، ئەسەبىيلەشكەن ئىدى. بىر-بىرلىرىنىڭ كانايلىرىدىن ئېلىشاتتى. قورساقلىرىنى يېرىشاتتى. كۆزلىرىنى ئويۇپ، مېڭىلىرىدىن تۈڭلۈك ئېچىشاتتى، قانلىرىنى چېچىشاتتى. ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ئەۋجىگە چىققان، كۈرەش، قىرىش شوئارلىرى ھەممىلا جايغا ھۆكۈمران ئىدى. يەردىنمۇ، ئاسماندىنمۇ پوروخ ھىدى كېلەتتى.

“كەلكۈن” چىلەر تەشكىلاتىنىڭ ئۈچىنچى جەڭگىۋار ئەترىتىنىڭ شتابى ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش دادۈي ئىشخانىسىنىڭ قورۇسىغا جايلاشقان ئىدى. دەرۋازا ئالدىدىكى كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنلۇق ئۇزۇن ئورۇندۇقىغا بىر پۇتىنى قويۇۋالغان شەپقەت تىزى ئۈستىدىكى فوتو سۈرەتكە قاراپ تۇراتتى. قۇياش يىراقتىكى ھەرە چىشلىق تاغلارنىڭ چوققىلىرىغا يېقىنلىشىپ قالغان بولۇپ، كۆلەڭگىلەر ئۇزۇرۇۋاتقان چاغ ئىدى. كەچكى قۇياشنىڭ تېخى ئۆتكۈرلىكىنى تامام يوقاتمىغان قىزغۇچ

بىردىن قىزغىنىدۇ. نەپ ۋە ئۈستۈنلۈك تالىشىپ، ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيان ئاتا بوۋىلىرىنىمۇ، ئۆزلىرىنىمۇ بېقىپ كېلىۋاتقان يەرنى تىلغايدۇ، بۇزىدۇ، بۇلغايدۇ. ھاياتلىقنى، يېشىللىقنى قۇرۇتىدۇ، كۆيدۈرىدۇ، ھالاك قىلىدۇ، قۇياشنى، يورۇقلۇقنى توسۇۋېلىشقا، يېپىۋېلىشقا ئۇرىنىدۇ. ئۇلار يەرنى، ھاياتنى ئادالەتسىز دەپ قاغىسا، قۇياشنى قىشتا توڭدۇردۇڭ، يازدا كۆيدۈردۈڭ دەپ تىللايدۇ. ھەتتا قۇياش بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىدۇ، ئۇنىڭ نامىنىمۇ بىر-بىردىن قىزغىنىدۇ، ئۆزلىرىنى قۇياشقا ئوخشىتىپ ماختاشنى تەلەپ قىلىدۇيۇ، ئۆزگىلەرنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويمايدۇ، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، يەرمۇ، يورۇقلۇقمۇ، ھاياتمۇ يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرىدۇ. غۇم ساقلىمايدۇ، ئۆچ ئالمايدۇ. ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسە، دەپ كەچۈرۈۋەتسە كېرەك، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئادەملەرنى بېقىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. سىلاپ-سىيپايدۇ، باغرى يۇمشاق ئاتا-ئانا بالىلىرىغا قىلغاندەك، ھەممىلا ئادەمگە تەڭ-باراۋەر مېھرىبانلىق قىلىدۇ. يۇقىرى-تۆۋەن، يىراق-يېقىن، دوست-دۈشمەن، قابىل-ناقابىل، چىرايلىق-سەت دەپ ئايرىمايدۇ. دۇنيا مانا شۇنداق غەلىتىلىك، ئادالەتسىزلىك بىلەن تولغان. بەلكىم بۇ تەبىئەتنىڭ "ئىنسانپەرۋەرلىكى" دۇ... ئەگەر ھەممە ئىش ھەممە ئادەمنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولغاندا، بۇ دۇنيا قانچىلىك ئۆرە تۇرالايتتىكىن-تاڭ؟ ھېلىمۇ ياخشى، قانۇنىيەت ئىرادىغا بويسۇنمايدۇ. تەبىئەتنىڭ بۇ تەڭداشسىز ئۇلۇغ دانالىقىغا رەھمەت! بۇ ئەلدىكى شەھەر-يېزىلاردا مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى بولۇۋاتقىنىغا، ئەلەم كۈرىشىنىڭ زەمبىرەك ئوقلىرى يەرنى تىلغاپ، يېشىللىقنى، ھاياتنى بەربات قىلىپ، قۇياشنىڭ يۈزىنى ئىس

ئىنگە نازۇك ھەرىكەتتە ئىدىكى، كىشىدە خۇددى سازتارلىرىنى ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەت يۈرىكىنىڭ مۇجەسسەملەشكەن تارلىرىنى سىرىلىۋاتقاندەك، دۇنيا نىرۋىلىرىنىڭ مەركىزى تالالىرىنى تىترىتىپ، ھىكمىتىنى ئېچىۋاتقاندەك سەزگۈ ئويغىتاتتى. پۈتۈن ئالەم ھازىرلا تىترەپ، يېنىك چايقىلىدىغاندەك، نازۇك، قۇدرەتلىك تىلسىم بىر مۇقامنى ياڭرىتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ھەممىلا جاي سىرلىق ئاھاڭلارغا تولۇۋاتقاندەك، گويا ھەممىلا نەرسىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغاندەك ئاجايىپ سەلتەنەتلىك مۇزىكا دۇنياغا مۆجىزە سۈپىتىدە يارىلىۋاتقاندەك ئىدى. شەپقەت ھەيكەلدىن بىر خىل نازۇك ئۇلۇغۋارلىقنى ھېس قىلدى. شەپقەت شەھىرىن ئەمما ئۆتكۈر شاراپ ئىچىۋالغان ئادەمدەك مەستخۇش، شىركەيىپ بولۇپ قالدى. بىردىنلا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغىسى، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق رەھىمسىزلىكلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغۇسى كەلدى. ھەيكەلتىراشنىڭ بۇ ئاجايىپ كەشپىياتى شەپقەتنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرماقتا، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا دولقۇن قوزغىماقتا ئىدى. سۈرەتتىكى ھەيكەلنىڭ چىرايى ئۇنىڭغا تونۇشتەك، ئۇ قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلاتتى. بىراق ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەسلىيەلمىدى. دەرۋەقە، شەپقەت كىچىككىدىنلا گۈزەل سەنئەتكە قىزىقاتتى. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدا ئامېرىكا، ياۋروپا سەنئەتكارلىرىغا ئائىت بەزى ماتېرىياللارنىمۇ كۆرگەن. بۇ ھەيكەلنىمۇ ئۇ كۆرگەن سۈرەتلەرنىڭ بىرەرسىدىكى ئۇلۇغۋارلارنىڭ ئوبرازلىرىدىندۇ، بەلكىم. ئۇ ياۋروپالىقلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ دۆلەت، مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىۋالمايدىغۇ، ئاخىر. ھازىرقى مۇھىم گەپ بۇ ھەيكەلنى قانداق چېۋەر قوللارنىڭ ياسىغانلىقىدا قالدى. بىزنىڭكىلەرمۇ شۇنداق مۆجىزە يارىتالارمۇ؟ چەت ئەللەردىن

نۇرىدا سۈرەت قەغىزى كۆزنى قاماشتۇرغىدەك پارقىرايتتى.

سۈرەت ئالتە سۇڭ چوڭلۇقتا ئىدى. ئۇنى باياتىن مەتتوختى شتابقا كىرىپ كېتىۋېتىپ ماشرەڭ پوپكىسىدىكى ئارخىپ خالتىسىدىن چىقىرىپ، كۆرگەچ تۇرغىلى شەپقەتكە بەرگەن ئىدى.

بۇ — بىر ياۋروپالىقنىڭ ئۆرە تۇرۇپ، ئالدىغا سەل ئېگىشكەن هالدا ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقان هەيكىلىنىڭ سۈرىتى ئىدى. لېكىن بۇ سۈرەتنى بەدىئىي ئەسەر دېمەك قىيىن. چۈنكى ئۇنىڭدا تارتقۇچىنىڭ نە بەدىئىي ماهارىتى، نە بەدىئىي تەسەۋۋۇرىدىن ئىزنا كۆرۈنمەيتتى. تارتقاندا بەدىئىي زوق ئويغىتىشتىن كۆرە، ماددىي پاكىت تەييارلاش كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك. نۇر ياخشى تەڭشەلمىگەنلىكتىن رەڭ ئېنىق ئەمەس، كۆرۈنۈش غۇۋا، ئالا-بۇلىماچ بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ سۈرەتتىكى هەيكەل ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان سېهرى كۈچكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭدىن قەدىمكى گرېك هەيكەللىرىنىڭ گۈزەللىكى، نەپىسلىكى چىقىپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. هەيكەلنىڭ كىيىم مودىسى 18-ئەسىردىكى ياۋروپا ئالىي كىيىم مودىلىرىدىن بولسا كېرەك. سىپتا، يارىشىملىق ئىدى. ئېگىز، غەيۇر قامىتى هاياتىكىدەك شۇنداق هەقىقىي كۆرۈنەتتىكى، بەئەينى تىرىك ئادەمنىڭ ئۆزىلا ئىدى. چىرايىدىكى ئۆزىگە خاس ئىپادە روهلۇق، ئويچانلىق، مۇڭ ۋە جەزبىلىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرى كۆڭۈلنى يورۇتالايتتى. ئۇلاردىن سەهەردە ئۆرلەۋاتقان قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدەك سېهرلىك نۇر چاچراپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، ئىسكىرىپكىغا تېرەلگەن ئىڭەكى، چىڭ يۇمۇلغان چىرايلىق ئاغزى ئىچكى سىرلىرىنى دۇنياغا سۆزدە ئاشكارىلاشتىن هەزەر ئەيلەۋاتقاندەك ئىدى. كامالچە تۇتقان قول شۇنداق نەپىس، يوشۇرۇن قۇدرەتكە

ـــ قايسى ساۋۇت؟
ـــ ساۋۇت لوپ ـ لوپچۇ، سىلەر نازارەت قىلىۋاتقان ئىككى تۇتقۇننىڭ سېمىزرەكى ـ يا، ئاينا...
ـــ ياقەي، ـــ دېدى شەپقەت بېشىنى چايقاپ، ـــ ئۇ مىس ـ مىسنىڭ مۇنچىلا گۈزەل ھەيكەلىنى تېپىپ ساقلىغۇدەك پەممۇ، جىگىرىمۇ يوق.
ـــ كاللا دېسە پاقالچاق دەيدىيا، ما گادا‌ي، ئۇنى ساقلىغانلا ئەمەس، تېخى ئۆزى ياسىغان دەۋاتىمەن.
ـــ بىكار گەپ، ـــ دېدى شەپقەت كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ـــ بۇ چۆچەكنى ئۇششاق باللارغا ئېيتىپ بەرسىلەمۇ ئىشەنمەس. ئۆزلىرى دائىم يالغاننىمۇ ئەقىلگە سىغقۇدەك قىلىپ توقۇش كېرەك، دەيتتىلىغۇ.
مەتتوختى پوپكىسىدىن بىر لوپا ئەينەك چىقىرىپ، سۈرەتنىڭ ئۈستىگە توغرىلىدى.
ـــ زەڭ سېلىپ قارا، ئەخمەق، ھەيكەلنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدىكى ئۇششاق خەتنى كۆرەلەۋاتامسەن؟
دەرۋەقە، ئەينەك يۈزىدە ھەيكەل ئاپتورىنىڭ گادىرماچ ئىمزاسى ئاران پەرق قىلغۇدەك كۆرۈندى. ئاندىن چۇمۇلە پۇتلىرىچىلىك چوڭايدى، شەپقەت داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. لوپا ئەينەك ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ كۆزىگە يېقىنلاشتى. ئاخىرى ئىمزا ناھايىتى روشەن كۆرۈنگەن بوشلۇقتا توختىدى، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ساۋۇت لوپ ـ لوپىنىڭ پوچۇركىسى ئىدى.
ـــ كۆرەلەۋاتامسەن؟
شەپقەت ئۈنچىقمىدى. كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ باقتى. ئىمزا

ياكى ئىچكى ئۆلكىلەردىن ھەر خىل سەۋەبلەردە بۇ ياقلارغا كېلىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ھەيكەل ھازىر نەدىدۇ؟ ئۇنى بۇلار نېمىشقا سۈرەتكە تارتىدىكىن؟ مەتتوختىدەك سەنئەت بېغىغا بۆكى چۈشۈپ كەتسە پۇل بېرىپ ئالدۇرىدىغان ئادەمگە ئۇ نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدىكىن؟

— ئۆمرۈڭدە سۈرەت كۆرمەپمىدىڭ؟ — دېدى مەتتوختى يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ شتابتىن قايتىپ چىققانلىقىنى شەپقەت تۇيمىغان ئىدى، — بۇ دېگەن جىنايەت دەللىلى.

— قالتىس ھەيكەل ئىكەن. سەنئەت بايلىقىمۇ جىنايەت بولامدۇ؟

— ئەجنەبىنىڭ زەھەرى يۈرىكىڭگە ئۆتۈۋاتامدۇ نېمە؟

شەپقەت سۈرەتنى كۆزىگە تېخىمۇ يېقىن ئەپكېلىپ سىنچىلاپ قارىدى. ھەيكەل توغرىدىن توغرا يۈرىكىگە قادىلىپ قاراۋاتقاندەك بولدى. سۈرەتتىكى مۇھىتىمۇ، كەيپىياتىمۇ بىرخىل سۈرلۈك تۇيغۇ پەيدا بولغاندەك قىلدى. شەپقەت كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان ۋەھىمىنى سېزىپ مەتتوختىدىن سورىدى:

— چەت ئەللىكنىڭ ھەيكىلىنىڭ بىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟

— سەن ساراڭ بولدۇڭمۇ نېمە بۈگۈن؟ — دېدى مەتتوختى شەپقەتكە گۇمان نەزىرىدە قاراپ، — ماۋجۇشىنىڭ ھەيكىلىدىن باشقا ھەيكەلنى ساقلاشنىڭ ئۆزىمۇ بىر جىنايەتقۇ! بۇ ھەيكەل ئابدۇغو- پۇرنىڭ مۇئەللىمچىلىك مەكتىپىدىكى ئۆيىدىن تېپىلىپتۇ، ساۋۇت ياساپ، شۇ يەرگە تىقىپ ساقلاپتىكەن بولغاي، بىزنىڭكىلەرنىڭ دىتى بار، ئۇلار ھەيكەلنى ئاۋۋال سۈرەتكە تارتىۋاپتۇ، ئاندىن چېقىپ تاشلاپتۇ، سۈرەتنى مانا جىنايى پاكىت سۈپىتىدە پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن بىزگە ئەۋەتىپتۇ.

مۇز داۋاننى نېمە دەيتتى؟
— مۇزات.
— ھە شۇنداقراق، ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ مۇزات دېگەندەك قىلىۋىدى. نېمە دېيىشسە دېيىشمەمدۇ، بىزگە مۇھىمى بۇ نوپۇزلۇق سېستىق زىيالىينى ھازىرقى ۋەزىيەتتە كۆككە كۆتۈرۈشتىكى كىشىلەرگە ئېيتقىلى بولمايدىغان غەرەز... بۇنى، بۇنى ھەم، ۋاقتى كەلگەندە...
مەتتوختى گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمىدى. سۇرەتنى ئاۋايلاپقىنا پوپكىغا جايلاشتۇردى. شەپقەت بۇرۇلۇپ مەتتوختىغا قاراپ قويدى-دە، پىدالنى دەسسەپ ۋېلسىپىت ئۈستىگە قوندى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، مۇلايىم يىگىت ئىدى. بۇرنى قاڭشالىق، ئۆسكىلەك قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرى خىيالچان ئىدى. كۈلسە مىسكىن تۇيغۇ بېرەتتى. مەتتوختى بىرنەچچە ماڭدام يەرگىچە يۈرۈپ يېتىشىپ، بۆكتۈرمىگە مىنگىشىۋالدى. ۋېلسىپىت تار يېزا يولىدا شىرىلداپ مېڭىپ كەتتى.
قۇياش مەغرۇر چوققىلارغا بېشىنى قويدى. شەپەقنىڭ گۈلنەپشە رەڭ نۇرلىرى يول قاسنىقىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىدا جىلۋە قىلاتتى. ئىككى تەرەپ ئېتىز ئىدى. كۆممە قوناقلار تۇتەكتەك كۆتۈرۈلۈپ يېشىل مەنزىرە ھاسىل قىلىۋاتاتتى. بۇغدايلىرى ئورۇۋېلىنغان ئېتىزلىقلار يالىڭاچ پارقىرايتتى. ئاندا-ساندا خامان دۆۋىلىرىمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. بەزى ئېگىز ئورۇنلىرىغا چامغۇر، تېرىق، كۆممە قوناق تېرىش ئۈچۈن ئوغۇت بېرىلىۋاتاتتى. توپىلىق يوللاردا تاغار ئارتىلغان قوتۇر ئېشەكلەر شىداق پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ قاشاڭلىق قىلاتتى. ئۇلارنى ھايداۋاتقانلارنىڭ ئاجىز گەۋدىلىرى زورۇقۇپ دېگۈدەك قىمىرلايتتى. قاپ يۈدىگەن

يەنىلا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، "چۈش كۆرۈۋاتمىغاندۇرمەن" دەپ ئويلىدى. لەۋلىرىنى چىشلەپ بېقىۋىدى، ئاغرىدى. بۇ ئىمزا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايۋاتاتتى. بىراق بۇنىڭ خىيالەن ئەمەس، رېئاللىق ئىكەنلىكىنى تەستىقلىغاندەك، مەتتوختىنىڭ ئاۋازى يەنە ياڭرىدى:

— شۇنداق، گېپىمگە ئەمدى ئىشەنگەنسەن! مە، ئاچقۇچنى، ۋېلىسىپىتىمنى ئال، مەنمۇ سىلەر تەرەپنى يوقلاپ ئۆتمەن، يۈر، ھازىرچە بۇ ئىشنىڭ ھورىنى چىقىرىشقا بولمايدۇ، ھېچكىمگە تىنما.

شەپقەت مەتتوختىنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىۋېتىپ غودۇڭشىدى:

— ساۋۇت لوپ-لوپنىڭ قولىدىن شۇنداق كارامەت ھۈنەر كېلەرمۇ؟

— قولىدىن ھۈنەر كېلىش-كەلمەسلىك مۇھىم ئىش ئەمەس، قولىدىن ئىش كەلمىسىمۇ ياۋاش بولسىلا بولدى. تالانتلىق، بوينى قاتتىق ئون ئادەمدىن تالانتسىز، ياۋاش بىر لۆم-لۆم ئەلا. بىزدە شۇنداق سىياسەت بار. قانچىكى ياخشى ھۈنەرنى ئەكسىيەتچىل ئىشلارغا ئىشلەتسە، جىنايەت شۇنچە ئېغىر بولىدۇ. ھەممە يەردە ئادەملەر ئۇلۇغ داھىمىزنىڭ مۇقەددەس ھەيكىلىگە چەكسىز مۇھەببەت، چەكسىز ساداقەت، چەكسىز ئېتىقاد بىلدۈرۈپ، چەكسىز چوقۇنۇۋاتسا، ماۋۇ چۈپرەندە بىر ئەجنەبىنىڭ، بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلىقىنىڭ سېسىق ھەيكىلىنى ياساپ چىققىنىنى قارا. ھېيىقماي قارشىلىشىپتۇ، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ...

— ئۇ كىمنىڭ ھەيكىلى؟

— بۇرژۇئا سەنئەت نوپۇزلىقىنىڭ دېيىشىدۇ، سېرىق سازلارنىڭ پىرى، مىراپ دەمدۇ، مۇرات دەمدۇ، توختا، ئاقسۇدىكى ھېلىقى

كېرەك، ئاچقۇچ كېرەك ئىدى. بۇنداق يول ۋە ئاچقۇچنى بىر يېتىمەككە كىم بېرەتتى؟ دادىسى بولغان بولسىمۇ ئامال بولارمىدىكى؟ ئۇ قەھەتچىلىك يىللاردىلا دادىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ناھىيىسىدە چوڭ ئاچارچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەن، چوڭ قىرغىنچىلىق بولغان ئىدى. كوممۇنا داشقازىنىنىڭ بىر چۆمۈچ ئۈمىچىمۇ، ئەسكى تونۇرنىڭ كۆكتات ئارىلاشتۇرۇلىدىغان يېرىم زاغرا نېنىمۇ مۇقىم ئەمەس ئىدى. زاپخوزغا، ئامبارچىغا ياكى كىچىك ئەترەت بېشىغا قادىلىپ قارىسىلا ۋە ياكى ساقسىز بولۇپ قېلىپ ئىشقا سۇسلۇق قىلسىلا "نورما" توختىتىلاتتى. ئاچتىن ئۆلگەن-تىرىلگىنى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى. ھەركۈنى دېگۈدەك يېرىمى ئۆرۈلگەن ياكى قىيشايغان ئۆيلەردىن كىملەرنىڭدۇ ئىششىپ ئېسىلىپ كەتكەن جەسەتلىرىنى ئېلىپ چىقىشاتتى. يۇيۇپ- تاراپ كۆمۈپ قويۇشاتتى. يېزا چېتىدىكى قەبرىستانلىق كۈن ساناپ تۆت تەرەپكە قاراپ كېڭەيمەكتە ئىدى. شەپقەتنىڭ بىچارە دادىسى ھەركۈنى ئىشتىن چۈشۈپلا يىرتىق خالتىنى قولتۇقلاپ ئەترەت ئامبىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بويۇن قىساتتى ياكى مايماق چېلەكنى كۆتۈرۈپ داشقازانغا تەلمۈرەتتى. ساقراق چېلەكمۇ يوق ئىدى. چۈنكى، ئۆيلەردىكى بارلىق قازان- قومۇچ، سەرەمجان، توخۇ، قوي- ئۆچكىلەردىن تارتىپ ھەممىسى ئۇپچا ھېسابىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان، ئەترەتكە ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى. نورمىلىق تاماق ئالماق، شەھەر ئالماق ئىدى. شەپقەت ھازىرمۇ دادىسىنى ئويلىسىلا كۆز ئالدىغا چىرايى ساماندەك سارغايغان غېرىب دېۋانە كېلىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى ئەسلى تەمبەل، باتۇر، ئىشچان ئادەم ئەمەسىدى. كېچىنى- كېچە، كۈندۈزنى- كۈندۈز دېمەي شۇنچە ئىشلەيمۇ

خوتۇن-قىزلار ئېغىر چامداپ مىسلداپ مېڭىشاتتى. بۇ يەردىكى
ئاياللارنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنىڭ قاپ كۆتۈرۈشتىن بالا ياتقۇسى
تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئادەملەر توپا چىراي، جولدۇر
كېپەن ئىدى. ئادەمدىن كۆپرەك كۆلەڭگىنى ئەسلەتتى. ئۇلار
ھارغىن، ئېچىرقىغان ئىدى. ھەركۈنى يۇلتۇز تارقىماستا ئىشقا
چىقىپ، يۇلتۇز چىققاندا ئىشتىن چۈشەتتى. ئۆيلىرىدە ھاسا تايىنىپ
يۈرگەن چاشقانلارمۇ بۇغداي ئۇنى كۆرەلمەيتتى. قوناق يارمىسى،
تېرىق ئۇنى ئاران يېتىشەتتى. ئوتۇن يوق ئىدى. ئېتىز باشلىرىدىن
تېرىۋالغان كۆتىچەك، مەدەك، يانتاق، چاۋالار بىلەن ئوماچ-
يوبدانلىرىنى قايىنغۇدەك قىزىتاتتى-دە، ئىچىپلا يوتقانغا
كىرىۋېلىشاتتى. چۈنكى جىن چىراغقا ماي يوق ئىدى. "كانايىنى
ياغلىغىلى ياغ يوق تۇرسا، سۇنايغا ياغ نەدە" دېيىشەتتى دېھقانلار
زەردە بىلەن. ئۇلار گۆش-ياغ بىلەن يىغلاپ كۆرۈشكۈدەك
بولۇشقان. پىشقان تاماقنىڭ تەمىنىمۇ ئۇنتۇشقا باشلىغان ئىدى.
شەپقەت ئۇلارغا ھېسداشلىق، ئىچىنىش نەزەرى بىلەن قاراپ
قويدى. ھاۋادىن بۇغداي پۇرىقى كېلەتتى. دوقمۇشلاردا ئۆزۈندە
تاملىرى، تاختايلىرى قەد كۆتۈرۈپ، مۆكچەيگەن گەۋدىلەر بىلەن
ئاجايىپ سېلىشتۇرما ھاسىل قىلاتتى. مەتتوختى ئۆيلىمىگىنى بىلەن
شەپقەت بۇ يۇرتداشلارنىڭ ھالىنى ئويلىماي قالمايتتى. چۈنكى
ئىسىنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ-دە!

شەپقەت مۇشۇ يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۇ تولۇق ئوتتۇرا
مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" باشلىنىپ كېتىپ
ئوقۇشقا بارالمىدى. قېرى ئانىسىدىن باشقا يار-يۆلەكى بولمىغاچقا،
بىرەر جايغا ئىشچىلىققىمۇ ئىلىنەلمىدى. "ئارقا ئىشىك"كە يول

"توپا ئالساڭ ئالتۇن، كۆل ئالساڭ كۈمۈش بولسۇن!" دەپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلاتتى. ئاتا دۇئاسىنى ئۇلۇغ دېيىشىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ دۇئا قىلىدىغان ئاتىسىمۇ قالمىغان ئىدى. شەپقەت ئامالسىز ئۆز مەھەللىسىدە "زىيالىي ياش" ئاتىلىپ كەتمەنىنىڭ سېپىنى تۇتتى. شۇ يىللىرى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا تەقدىرداش بولغان تەڭتۇشلار ئازمىدى؟ بۇ ۋىلايەتنىڭ ئۆزىدىلا مىڭلاپ، ئونمىڭلاپ بار ئىدى. شەپقەتنى يېزا خەلق ئەسكەرلىكىگە قاتناشتۇرۇشتى. كېيىنرەك كەلكۈنچىلەر ئاممىۋى تەشكىلاتى ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ ئۇنى قوينىغا ئالدى. ئۇنىڭ قاتناشقان ئەترىتى ئۈچىنچى جەڭگىۋار ئەترەت دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنى پۇتى چاققان دەپ خەۋەرچىلىككە، يۈگۈر-يېتىمگە سېلىشاتتى. بۈگۈن ئۇ شتابقا خەت-چەك، ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى ۋە ماۋجۇشىنىڭ يېڭى ئىزناكلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن كېلىپ، مەتتوختى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئىدى، ھەيكەل ۋە ساۋۇت ھەققىدىكى پاراڭ ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

ساۋۇتنى ئۇ بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى تېخى تونۇمايتتى. شۇ كۈنى كەلكۈنچىلەرنىڭ تايانچى قوشۇنى "ئالغا" ئىشلەپچىقىرىش دادۈيى جايلاشقان كەنتكە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىغان ئىدى. دەسلەپ يەرلىك توپلار ئوت قۇيۇنى ئويناتتى. كېيىن مىلتىق-نەيزىلىرىنى ئالدىغا قىلىپ تۇتۇشۇپ دەۋرەپ بېرىشتى. يېزىدىكى "يالقۇنچىلار" لەخمىلەرگە بېكىنىۋېلىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇ چاغلاردا ھەممە ئاممىۋى تەشكىلاتلار ھەر كۈنى دېگۈدەك "لەخمە ئۇرۇشى" دېگەن فىلىمنى كۆرۈپ، لەخمە ئۇرۇشىنى مەشىق قىلاتتى. كۈن بويى داۋاملاشقان جەڭدە يېزىنى ئالالمىغان كەلكۈن-

نېمىشقا چاپىنى تىزىدىن ئاشماي، گېلىغا نان تاپالماي قۇرۇپ قورايدەك بولۇپ قالدى؟ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ تاماق تەگمىگەندە ئۇلار ئوت- چۆپلەرنى قاينىتىپ يېيىشتى. ئاچلىقتا چىدىمىغان كىچىككىنە شەپقەت خام چامغۇر، پىيازلارنى تېرىۋېلىپ غاجىلايتتى. ئۇچەيلەر ئاچلىقتىن كۇركىرايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئەل قاتارى شامال كېسىلگە گىرىپتار بولۇپ سارغايدى. يېرىم جان بولدى، قورساقلىرى كۆپۈپ، ئىششىقا باشلىدى. ئۇ ئىشتىن قالغاچقا ئاشلىق نورمىسى توختىتىلدى. شەپقەت مەكتەپتىن كېلىپلا ئېتىزغا چىقىسىمۇ، ئۇنى "كىچىك ئاقنانچى" دەپ ئانچە ھېسابقا ئېلىشمايتتى. شۇ كۈنلەردە مەھەللىدە قوشنا كەنتتىكىلەرنىڭ سۆگەكنى ئۇن قىلىپ تارتىپ يەۋاتقانلىقى توغرىسىدا پاراڭ تارقالدى. شەپقەت ئۆيدىكىلەرنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئامالسىز سۆگەك يىغدى، پالتىدا چېقىپ پارچىلىدى، تۈگمەنگە ئاپىرىپ تارتىپ ئۇن قىلدى. ئانىسى سۆگەك ئۇنىدىن نان پىشۇردى، بۇنى يەپ ئاچلىق ئازابىنى يەڭگىللەتكەندەك بولۇشتى، بىراق چوڭ تەرەتتى كەلمەي، ئىتنىڭ كۈننى كۆرۈشتى. دادىسى قورساق ئاغرىقىدا ھاجەتكە چىققان جايدا يىقىلدى، ئۇنىڭ دادىسى شۇنداق پاجىئەلىك ھالدا ئۆلۈپ كەتتى. ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ جەينامازدا ئولتۇرۇپ، شەپقەتكە ئاللادىن شاپائەت تىلەيدىغان دادىسى ئۆلۈپ كەتتى. ھەر قېتىم ئۇن ياشلىق شەپقەتنىڭ مەكتەپتىن قايتىپلا ئاچ قورساق ئېتىزغا ئىشقا چىققانلىقىنى كۆرگەندە، بىچارە دادىسى ھەم ئازابلىنىپ ھەم خۇشال بولۇپ يىغلاپ تۆكۈلۈپ كېتەتتى. "ئاللا ئىنساپ بەرگەن ئوغلۇم، ئاللا ئۆزى ساڭا مەدەتكار بولسۇن"، "چىققان دۆۋەڭنى ئېگىز، مەرتىۋەڭنى يۇقىرى قىلسۇن!"،

لارنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئورمىغا ئېلىپ چىقىشتى، ئورمىچىلارنىڭ ئاساسى قوشۇنى قېرى- چۆرە، خوتۇن- بالىلار ئىدى. قىران يىگىتلەر ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيدىغان كۆز قاراشلارنى تالىشىپ، بىر- بىرىنى قىرىش ئۈچۈن تەرەپ تەشكىلاتلىرىغا قاتنىشىپ كەتكەن، بەزى دېھقانلار پاراكەندىچىلىكتىن، نامراتلىقتىن پىتراپ كەتكەن، يۇرتنى تاشلاپ، تىرىكچىلىك ئىزلەپ ھەر ياققا بېشىنى ئېلىپ كېتىشكەنىدى. شەپقەتنىڭ ئەترەتداشلىرىمۇ تۈزۈك ئەمگەك قىلمايتتى، تەشكىللىگۈچى، ھەيدەكچى بولۇۋېلىشاتتى، ئېتىزغا چىقىدىغانلىرىمۇ ئاز ئىدى. شەپقەت بىلەن ئەركىن بۇ ئىككى تۇتقۇننى ئورمىچىلار سېپىنىڭ چېتىدىرەك ئىشلىتەتتى، تۇتقۇنلار ئىشقا خام ئىكەن، ئابدۇغۇپۇر گەپ ساتمەن دەپ بارمىقىنى كېسىۋالدى. ساۋۇت بىردەم ئىشلە- ئىشلىمەيلا بېلىنى ئالالمىدى. ئىچى ئاغرىغان شەپقەت بىلەن ئەركىن ئىنسانى كۆيۈنۈشتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەسسىسىنىمۇ ئورۇشۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۈچىنچى كۈنگە بارغاندا ئۇلارمۇ كۆنۈكۈشكە باشلىدى. دەم ئېلىش بولغاندا، يەنىلا ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاپ، سۇنايلىنىپ يېتىشتى- يۇ، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئابدۇغۇپۇر ئورنىدىن تۇردى. بۇغداي ئۈنچىسى تېگىدىن كونا ماش رەڭ چاپىنىنى ئېلىۋىدى، ئىچىدىن قاتتىق مۇقاۋىدىن ياسالغان شاھمات تاختىسى چىقتى. بۇنى ئاخشام ساۋۇت ياسىغان، شەپقەتلەر كۆرۈپمۇ ئۈن چىقمىغان ئىدى. ساۋۇت بىلەن ئابدۇغۇپۇر شاھماتنى بىر قوللا ئوينىيالىدى. ۋاقىت زىق بولغاچقا ئوغاقلىرىنى قولىغا ئېلىشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ناگان- ناگاندا كەچلىك تاماقتىن كېيىن شاھماتقىمۇ ئاز- تولا چول تېگىدىغان بولۇپ قالدى. ساۋۇت

چىلەر كەچكە يېقىن لەخمىنىڭ بىر-ئىككى ئېغىزىنى تېپىۋېلىشتى،
ئۈستەك سۈيىنى شۇ يەرگە باشلىۋېتىشتى. يېرىم كېچىگە بارغاندا
يالقۇنچىلار چىداش بېرەلمىدى. ئۇۋۇسىنى سۇ باسقان تۇلۇم چاشقان-
لاردەك تۆشۈكلەردىن سەكرەپ چىقىشتى. كەلكۈنچىلەر يېزىنى
قورشىۋالغان ئىدى. جەڭ قانلىق بولدى، لېكىن پۇقرا دېگەن هامان
پۇقرا، ئۇرۇشنى هەربى قوشۇندەك قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئوقلار
نۇرغۇن ئېتىلغان بولسىمۇ، تالاپەت بەك كۆپ بولمىدى، تاڭغا يېقىن
يالقۇنچىلار قورشاۋنى يېرىپ چىقىپ كەتتى. كەلكۈنچىلەر يېزىغا
كەلكۈندەك يامراپ كىرىشتى، كوچىلار پاتقاق، ئۆيلەر ئۆرۈلگەن
ئىدى، بىر ئەسكى تاملىقتىن يالقۇن تەشكىلاتىنىڭ ساۋۇت هەم
ئابدۇغوپۇر دېگەن ئىككى ئادىمىنى تۇتۇۋالدى. بۇ ئىككىسى
دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپىنىڭ دېهقانچىلىق
مەيدانىدىن ئۇرۇك سېتىۋالغىلى كەلگەن ئىكەن، ئۇلار ئەسلىدە
مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ بېشىدىلا "شالتىقى
بارلار" قاتارىدا مەيدانغا "ئەمگەكتە چېنىقتۇرۇش" قا چۈشۈرۈلگە-
نىدى. دەسلەپتە ئۇلارنى شتابقا ئاپىرىپ سوئال-سوراق قىلىشتى.
"ئۇچۇغداشتى"، كېيىن هەددىدىن تاشقىرى ياۋاشلىقىنى كۆرۈپ،
"ئەسىر ئالماشتۇرۇش" تا ئەسقېتىپ قالار دېيىشىپ، رەنىگە تۇتۇلغانلار
هېسابىدا ئۇچىنچى جەڭگىۋار ئەترەتكە ساقلاشقا بېرىشتى. بۇ
ئەترەت دەريانىڭ شەرقىدىكى كۆكتال كەنتىدە تۇراتتى. ئۇلار هەم
شۇ يەردىكى قىرغاق مۇداپىئەسىگە، هەم ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل
ئىدى. بۇ تۇتقۇنلارنى رىجىمدە ئىشلىتىش شەپقەت بىلەن ئەركىنگە
تاپشۇرۇلدى.

بۇغداي ئورمىسى مەزگىلى ئىدى، شەپقەتلەر ئەتىگەندە تۇتقۇن-

مەيلى قانچە تۆۋەنلەتمىسۇن، ناخشا ئېيتقاندەك ئەمەس، يۈرىكى يىغلاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ يۈرەك بۇلدۇقلاپ، قايناپ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريامۇ ياكى گۈركىرەپ، يالتىراپ يېنىۋاتقان يالقۇنمۇ، بىلىپ بولمايتتى. بۇ يۈرەك ئۆزىگە ئالەمچە مۇھەببەتنى يوشۇرغان ئاجايىپ ھېس-تۇيغۇلار، رەڭدار خىياللار ماكانى بولسا كېرەك، گويا بارلىق سىرنى ئاشكارىلىماقچى، ئىچىدىكىنى بىراقلا تۆكىۋەتمەكچى بولغاندەك تىترەيتتى. ئۆز يارىنى، ئۆز ئېلىنى پۈتۈن قەلبى، ۋۇجۇدىدىن چىن سۆيىدىغان، ۋاپادار سۆيگۈنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدىغان كىشىلا ناخشىنى شۇنداق يۈرەكتىن چىقىرىپ ئېيتالايدۇ. ئاسماندىكى ئاي ئۇنى چۈشىنىۋاتقاندەك پارقىراپ قارايتتى. ھەتتا ئابدۇغۇپۇرنىڭ پىلموت ئاتقاندەك ئۈزۈلمەي چىقىۋاتقان ئاۋازىمۇ بىر پەسكە توختاپ قالاتتى...

— مىجەزىڭ غەلىتىلا ئادەم-دەسەن، — دېدى مەتتوختى شەپقەتكە قاراپ، — مۆرىمەمسەن، گەپ قىلغاچ ماڭ.

— گېپىم بولمىسا...

ئالدى تەرەپتە ئۈزۈلدە مۇنارى كۆرۈندى. بۇ ئاچالغا يېقىنلاشقانلىقنى بىلدۈرەتتى. دەرۋەقە ئۇلار ھايال ئۆتمەي چاسىغا كېلىشىپ سولغا بۇرۇلۇشتى، بۇ ياقنىڭ يولى ئەگرى-بۈگرى، كاتاڭ ئىدى. ۋېلسىپىت سىلكىنىشكە باشلىدى.

— گەپلەشكەچ ماڭساق يول قىسقىرايدۇ، — دېدى مەتتوختى، ئۇنىڭ ئاۋازى چايقىلىشتىن تىترەيتتى، — سەنمۇ ساۋۇتتەك ئاغزى بار، تىلى يوق بىرنەرسىمۇ-قانداق؟ نېمە ئويلاۋاتىسەن؟

— ھېلىقى ھەيكەلنىڭ سۈرىتى سىلىگە جىددى كېرەكمۇ-ئەمەسمۇ؟ — سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى شەپقەت.

شاھماتتىن كۆرە، سازغا ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ قېرى بىر دېھقاندىن ئىككى دۇتار ياساپ بېرىش بەدىلىگە ئالغان ئۇجمە ياغىچىنى تىلىپ، ئۆزىگە بىر دۇتار ياسىۋالدى. شەپقەت بازاردىن تار ئەكىلىپ بەردى. دۇتار پەيزى چىقتى. ئەتراپىغا ئادەم ئولىشىۋالسا، ئۇ بىر-ئىككى پەدە ئۇيغۇرچە "سۆز ئۇزۇندە" ئاھاڭلىرىغا چېلىپ قوياتتى. ئاندىن ئاستىلا بېرىپ، شاھماتقا قول سۇناتتى. يات ئادەم قالمىغاندا ياكى كېچىلىك ئورمىدا خالىي يەرنى تاپقاندا، دۇتارنى سايرىتىۋېتەتتى. تارغا بۇلبۇل قونغاندەك، كاككۇك پەريات ئۇرغاندەك بولاتتى. دۇتارنىڭ جېنى بار ئادەمدەك ئاھ ئۇرۇپ، ئىچ-ئىچىدىن بوغۇنۇقۇپ مۇڭ تۆكۈشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، كىچىكىدىن دۇتارنى مەڭسىتمەي گىتارغا ھەۋەس قىلىدىغان شەپقەتمۇ ھەيران قالدى، تەسىرلەندى، كۆزىدىن ياش ئاققانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. بۇ مۇزىكىلار ئۇنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالغان، ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇن مۇڭ ۋە ھۇزۇر تۇيغۇسى قوزغاتقان ئىدى. ساۋۇت ئايىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇزاق-ئۇزاق چالاتتى، ئەمما ئادەتتە ناخشا توۋلىمايتتى. "سېرىق ناخشا" ئوقۇدى دېگەن قالپاقتىن قورقىنىمۇ ئەمەس، "سېرىق ناخشا" ئېيتقان ھالەتتىمۇ شەپقەتلەرنىڭ ئانچە كارى بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۆزىغۇ تېكىستلەرنى بەكمۇ كۆپ بىلمەيتتى. ئەمما بىلىدىغانلىرىغا پۇختا ئىدى. بۇ تېكىستلەرنىڭ بەزىلىرى پۈتۈنلەي يېڭىلانغان، كىملەردۇر ئۇلارنى قايتا يازغان ئىدى، مانا شۇنداق ناخشىلارنىڭ بىرى "ئەۋرىشىم" ئىدى. دەرتمەن تەبىئىي ئاۋازدا بۇ ناخشىنى ئېيتقاندا قايغۇلۇق كېچىدىكى ھەسرەتلىك مۇھەببەتنىڭ ھەرخىل ھالەتلىرىنى، كۆرۈنۈشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيتتى. بۇ ناخشىنى ئېيتقاندا ئۇ ئاۋازىنى

ئىدى. ئۇنىڭدىكى كۆركەملىكنى، تەمكىنلىكنى، ئۇلۇغۋارلىقنى تەسەۋۋۇر قىلماق قىيىن، تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ھەيكەل قىمىر قىلمايتتى. ۋېلسىپىت بولسا توختىماي جالاقلايتتى. ئالدى تەرەپتە كۆك گىرۋەكلىك چوڭ ئەينەك كۆرۈندى. بۇ دەرەخ ۋە قومۇشلار بىلەن قاپلىنىپ خېلى يەرگىچە سوزۇلغان كۆل ئىدى. يول كۆلنى ئەگىپ ئۆتەتتى. نەم ھاۋادىن چىرىگەن ئوت-چۆپلەرنىڭ ۋە قارا لاينىڭ ھىدى كەلدى.

— بىرەر ئۆردەك ئېتىۋالمايمىزمۇ؟ — دېدى مەتتوختى ۋە جاۋاپ كۈتمەيلا ۋېلسىپىت ئاستىلىغاندا سەكرەپلا يەرگە چۈشۈۋالدى. تاپانچىنى چىقىرىپ قۇلۇپىنى ئاچتى. ئۇلار ۋېلسىپىتنى دەرەخلەر ئارىسىغا قويۇپ، كۆل بويىغا كېلىشتى. دەرەخلەرنىڭ ئېگىلگەن شاخلىرى ۋە قومۇشلار ھاراقتەك سۈزۈك كۆل سۈيىگە چىلىنىپ مەست بولغاندەك يېنىك ئىغاڭلايتتى. كەچكى نۇر كۆل سۈيىنى گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ئاسمان سۇنىڭ تەكتىدىن چۆكۈپ كەتكەن زۇمرەتتەك كۆرۈنەتتى. كۆل ئىچى جىمىرلاپ سۇسلىشىۋاتقان، پەيدىنپەي خىرەلىشىۋاتقان كۈمۈش دۇنيا ئىدى. ئۇلار ئۇ ياق-بۇ ياقنى چۆگىلەشتى. شەپقەت بىرئاز بولسىمۇ يالغۇز قېلىشنى، كۆلنىڭ جىملىقىدىن بەھرىمەن بولۇپ نېرۋىلىرىنى تىنچلاندۇرۇشنى خالايتتى. بىر بېلىق كۆل يۈزىگە سەكرەپ چىقىپلا غايىب بولدى. قۇيرۇقى سۇ چاچراتتى. ئۆردەكنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. گۇگۇم قاراڭغۇسى ئۇپۇقتىن يامراپ سىلجىپ كەلمەكتە. چاپسانلا قاراڭغۇلۇق پەردىسى يېپىلدى، يىراقتىكى كۈجۈم-كۈجۈم مەھەللىلەردىن توپ-توپ بۆرىلەرنىڭ كۆزلىرىدەك پىلىلداپ يورۇقلار كۆرۈندى. مەتتوختى ئالدىرىدى:

— تازا قىزىقسەن-دە، — دېدى مەتتوختى ھەيرانۇ-ھەس بولغانلىقىنى يوشۇرمىغان تەلەپپۇزدا، — ئەنىزىگە ئائىت نەرسە كېرەكسىز بولامدۇ؟ ئەنزە تەكشۈرۈش ئىشلىرى مېنىڭ قولۇمدىن ئۆتۈدىغان تۇرسا.

— ئۇ، سىلىدە تۇرىدىكەن-دە؟

— ئەمىسە ساڭا بېرىۋەتسەم بولامتى؟

— ھەپتە-ئون كۈن كۆرۈپ تۇرسام ياكى بىرەر نۇسخا كۆپەيتىپ بەرسىلە بولاتتى.

— بولمايدۇ، كىچىك بالىدەك كۆرگەنلا نېمىگە قىزىقامسەن؟ ھەيكەلتىراش بۇلاي دەۋاتامسەن-يا؟ كۆيۈپ قالدىڭمىكى دېسە، ئۇ قىزنىڭ ھەيكىلى ئەمەس. قىز سۈرىتى ئۇچراپ قالسا چوقۇم بېرىمەن.

مەتتوختى تەنە ئارىلاش كۈلدى، ئۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى، تېگى-تەكتىنى چۈشەندۈرۈشنى خالىماي، گەپنى چاقچاققا يۆلەپ تۈگەتمەكچى بولۇۋاتاتتى.

شەپقەتنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى سۈرەت يەنە پەيدا بولدى. خۇددى يېقىنلا جايدا، رولنىڭ ئالدىدىلا ھاۋادا جىلۋە قىلدى. لېكىن ئەمدى ئۇ رەڭسىز سۈرەت بولماي، بەلكى سۈزۈك ئاسمان ئاستىدىكى يورۇق بوشلۇقتا تۇرغان ھەيۋەتلىك ھەيكەل ئىدى. ھەيكەل تەدرىجىي سىلجىپ، ئۇدۇلدىكى ئۇپۇق سىزىقى ئۈستىدە توختىدى، چوڭايدى، ئەمدى ئۇ سېرىق چاچ، ئاق بىرىليانت تەنلىك ناھايىتى زور گىگانت ھەيكەلگە ئايلانغان ئىدى. بېشى كۆككە تاقىشىپ، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. چاچلىرى كەچكى شەپەق نۇرىدا ئالتۇن يالاتقاندەك پارقىرايتتى. كۆرۈنۈشى مۇلايىم ھەم جىددىي

لەردە ئىنساپ قالمىدى، نامازنى تەرك ئېتىدىغان بولۇۋالدى، بۇنىڭغا خۇدايى تائالا غەزەپلەنسە دەرھەق، ھېلىغۇ قەھەتچىلىك، نامراتلىق بىلەن جازالاۋېتىپتۇ، ۋابا ئېۋەتىپ قىرىۋەتىسمۇ ھەق. بەزى جايلارغىغۇ ئېۋەتتى...

ئابدۇغۇپۇر ئۆزۈن تىلىنى چىقىرىپ، ئېڭىكىنى مىدىرلىتىپ قويۇشتىن باشقا ھېچنېمە دېيەلمىدى.

— گەپدانلىقنى بولدى قىلىڭلار ھەي، يولداش مەتتوختى كەلدى! — دېدى شەپقەت.

مۇنازىرە توختىدى. ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، مەتتوختى كەمتەرلىك قىلدى بولغاي، ئۇنىمىدى. بىرەر قۇر كۆرۈشۈپ قويغاندىن كېيىن بىردەم شاھمات كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، شاھمات يەنە باشلاندى.

مەتتوختى بۇ مەھەللىگە يېقىندىن بېرى كۆپرەك كېلىدىغان بولۇپ قالدى، ئادەتتىمىغۇ مۇشۇنداق "ئارىلاشلار"غا تايىنىپ قورساق باقاتتى. ئۇ مۇئامىلىدە سىپايە ئادەم ئىدى. ھاياجانلانغاندا سۆزنىگە ئۆز يۇرتىنىڭ شېۋىسىنى ئارىلاشتۇرىۋالاتتى، تىلىنى قۇشقاچچوقۇۋال-غاندەك كېكەچلەپرەك قالاتتى. ئادەتتە تۇتقۇنلارنىڭ دەم ئېلىۋاتقان-لىقىنى كۆرسىمۇ ئەيىبلەپ كەتمەيتتى، بۇگۇنمۇ ئويۇنغا دەۋەت قىلدى. ئابدۇغۇپۇرنىڭ شاھماتنى پالاكەت ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە چىدىيالماي ئارىلاشتى:

— ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ دېۋەك ۋات-ۋاتنى، — دېدى ئۇ قوللىرىنى ھاياجان بىلەن ئۇۋۇلاپ يۇمشاق ئاۋازدا، — ئاتنى ئويناتسىپ، پىلنى ئۇرماسەن دەيمەن! ھاي، قايدا بى گادىيا بۇ....

مەتتوختىدا يېزا مەنسەپدارلىرىغا خاس سالاپەت بار ئىدى.

— بولمىدى، يۇر ماڭايلى!

## 2

شەپقەتلەر سابىر بوۋاينىڭ ئۆيىدە تۇراتتى، بوۋاينىڭ ئۆيلىرىمۇ، هويلىسىمۇ كەڭ-كۇشادە ئىدى. ئۆينىڭ ئالدىنى رەيھانگۇل، گۇلياسمەن، ئەتىرگۇل، سەبدە، هەشقىپىچەكلەر بىزەپ تۇراتتى. سۇيى ئۇزۇلمەيدىغان ئېرىق قورۇنىڭ كوچا تېمىغا يېقىنراق جايىنى كېسىپ ئۆتەتتى. ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپى قېلىن سۆگەتلىك بولۇپ، سۆگەتلەر ئاستىغا چوڭ يەرلىك كارىۋات قويۇلغانىدى. ئۆينىڭ كەينى تەرىپىدە كىچىكرەك باغ بار ئىدى. باهاردا چېچەكلەرنىڭ خۇش پۇرىقىغا، يازدا مېۋىلەرنىڭ شېرىن هىدىغا تولاتتى.

ئۇلار يامغۇر سۇيى ۋە هاۋا چاقلىرى بۇزۇۋەتكەن تارغىنا يولنى بويلاپ كەلدى. بىر ئەسكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بوۋاينىڭ قورۇسىغا يېقىنلاشتى. دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كېلە-كەلمەيلا قورۇدىن ئابدۇغوپۇرنىڭ چاڭىلداپ سۆزلەۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ كارىۋات ئۇستىدە ئەركىن بىلەن شاهمات ئوينىغاچ مۇنازىرىلىشىۋاتقان بولسا كېرەك. لېكىن دەرۋازىدىن كىرىپ ئۇلار باشقىچە ئەهۋالنى كۆردى. ئابدۇغوپۇر كارىۋاتتا يانپاشلىغان بوۋايغا قاراپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ زاغرا نانىڭمۇ يېتىشمەيۋاتقانلىقى، قەهەتچىلىكنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ، خۇدانىڭ نامىغا تىل تەككۈزىۋاتقان ئىكەن، بوۋاي پۇرژۇنا تېپىۋەتكەندەك بىر سىلكىنىشتىلا قوپۇپ ئولتۇردى. نەشتىرىنى سانجىپ دەككە بەردى:

— تولا سۆزلىگەننىڭ ئەقلى كەم بولىدۇ، بالام. هازىر ئادەم-

ئادەم، يا پەمى بار، يا ئامتى. يېزىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ بۇ يەردىكى بىر ئاق كۆڭۈل ئادەمنى ئالداپ يۈرۈپ گوڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىگە زاپخوز بولۇپ ئورۇنلىشىۋالدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنى باشلىقلىقا چېقىپ دۈم چۈشۈردى. ئاڭغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ ئىشلىرى تېخىمۇ ئوڭغا تارتتى. ۋىلايەتلىك "دېھقانلار قوماندانلىق شتابى"نىڭ مۇھىم بىر كاتتىبېشى ئۇنىڭغا يۇرتداش چىقىپ قالدى. مەتتوختى ئۇلارنىڭ بۇ ياقلارغا تور باغلاپ يىلتىز يېيىشىغا كۈچەپ ياردەم قىلدى. بۇ جەرياندا لى لۇەنشېنىڭ كۆزىگىمۇ ئىسسىق كۆرۈنۈۋالدى. ياپىلاق يۈز، پاناق بۇرۇن، توڭكاي چىش، مۇز تەلەت بۇ ئادەمنىڭمۇ سوۋغاتنى كۆرگەندە چىرايى ئېچىلىدىكەن، تىرناق بىلەن بىر تاتىلاپلا ئاچقاندەك يىرتىق كۆز-لىرىمۇ جىن چىراغدەك پىلدىرلاپ كېتىدىكەن، مەتتوختى ئۇنىڭ جاڭ شۇجىنى قولغا ئالدۇرۇۋېتىشىگە چوڭ ياردەم قىلدى. جاڭ شۇجى ناھىيىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇئاۋىن سېكرېتارى بولۇپ، مائارىپنى تۇتقاندىن بېرى نۇرغۇن نەتىجىلەر ياراتقان ئىدى. ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكىمۇ كۆپ كېلەتتى، مەتتوختى ئۇنىڭ ياخشى ئادەم-لىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ شۇنداق قىلدى. ئامال قانچە، سىياسىي كۈرەش شۇنداق بولىدۇ-دە! لېكىن بۇ لى لۇەنشېمۇ يىلاننىڭ پۇتىنى كۆرەلەيدىغان قۇۋ نەرسە ئىكەن، پايدىلىنىشنى پايدىلىنىۋالدى-يۇ، نەپ بەرمىدى، ھوقۇق بەرمىدى. مەتتوختىنىڭ ئىككى يۈزلىمە، كالۋاراق بولۇشىغا قارىماي، كېيىنرەك بولسىمۇ ئۈچىنچى جەڭگىۋار ئەترەتنىڭ ئىككىنچى مۇئاۋىن كاتتىبېشىلىق ئورنىغا ئېرىشكەنلىكى، دېھقانلار شتا-بىدىكى ھېلىقى مۇھىم باشلىقنىڭ ئۇنىڭ يۇرتدىشى چىقىپ قالغانلىقى-دىنلا بولدى. مەتتوختى بېشىغا كونا شەپكە، ئۇچىسىغا ئۆڭگەن كۆل رەڭ

ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشاتتى، ئاسانلىقچە چىرايىدىن خاپىلىق، قايغۇ ئالامەتلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ ئەسلىدە ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، بىراق نەپسانىيەتچىلىكى ئۇنى بىر قېتىم ئوبدانلا پۇتلىشۋەتتى. ئۇ مەكتەپ تەجرىبىخانىسىنىڭ سايمانلىرىنى ئوغرىلاپ ساتماقچى بولۇۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت قولغا چۈشتى. ئىچى تارلارنىڭ بىرەرسى تاپ باستۇرۇپ پايلاپ يۈرگەن بولسا كېرەك. بالا كەلسە قوشلاپ كېلىدىكەن، يەنە شۇنداق ئىچى قارا كۆرەلمەسلەردىن بىرنەچچىسى سۈيىقەست قىلىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىستىلىدىكى قالاقلىقلىرىنى پاش قىلىۋەتتى. بۇ كەمگىچىغۇ مەتتوختى بۇنداق قالاقلىقتا ھە دېسىلا باشقىلارنى ئەيىبلەيتتى. ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ تۇتۇق بەرمەي كەلگەن، يامانىراقلىرىدىن بىر-ئىككىنى تۆھمەت چاپلاپ بولسىمۇ موللاق ئاتقۇزۇۋەتكەن ئىدى. بۇ دۆرەم قارا باستى، مەست بېرىپ ھاۋاخان ئىسىملىك بىر ئاشنىسىنىڭكىدە ئۇخلاپ قالغاندا بۇ ئۆلمىگۈرلەر باستۇرۇپ كىرىپ، يوتقاننىڭ تۆت بۇرجىكىنى بېسىپ تۇرۇپ تۇتۇۋالدى، تانغاقلىق تاكتىكىسىمۇ كارغا كەلمىدى. نېمىدېگەن خەتەرلىك قارانىيەتچىلەر- ھە! مەتتوختى شۇنىڭ بىلەن كۆكتال يېزىسىغا تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىلدى. تېخى ئەمگەك تەربىيىسىگە ئەۋەتىلىشكە قىل قالغىنىنى دېمەمدىغان، يارەببىم! بىراق ئۇ شورپا سېلىش، سوۋغات بېرىش، كۆڭۈل ئېلىشقا تولىمۇ ئۇستا، مۇناسىۋەتلىك باشلىقلىرىنىڭ بوسۇغىسىنى چۆگىلەشتە ئىتتىمۇ ھەيران قالدۇرالايدۇ- دە! بۇ ماھارەتلەر خىسلىتى ئۇنى ئۇنداق شەرمەندە- شەرمىسارلىقتىن ساقلاپ قالدى، ئۇ خۇشلۇقىدا يوشۇرۇنچە موللا چاقىرتىپ ياغ پۇرىتىپ، قىرائەت قىلدۇردى. مەتتوختى ھەرھالدا ئىشنىڭ ئېپى- جېپىنى بىلىدىغان

نازنىن ئىدى، يوتىسىدا يوغان يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغان سىياھتەك قاپقارا ئۆرۈمە چاچلىرىنىڭ قىزىل قوغدىنغۇچىلارنىڭ قايىچىلىرىدىن قانداق مۆجىزە بىلەن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. قەلەم قاشلىرى ئاستىدىكى قويۇق بوستان كىرپىكلىرى كېپىنەك كۆزلىرىگە سايە تاشلاپ تۇراتتى.

بوۋاي يامىنى ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ ئايرىم ئولتۇرۇپ ئىچتى. چىشلىرى قالمىغاچقىمىكى، يامىغا ئامراق ئىدى. بىراق ئۇ ھېچقاچان تاماقنى ئارتۇقچە يېمەيتتى، ئوتتۇرا قورساق بولغاندىلا توختايتتى. قاتتىق ھەرىكەت قىلمايتتىيۇ، تىنىمسىز ھەرىكەت قىلاتتى. ئەنە شۇنداق ياشاپ 120 يىلنى باشتىن ئۆتكۈزگەنىدى. ئۆز ئۆمرىدە ئونلىغان پادىشاھلارنىڭ تەخت ئالماشقانلىقىنى كۆرگەن ئىدى، نەچچە ئون قېتىملىق ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشلىرىنى بىلەتتى. ئۇ ئۇيغۇر تارىخىنىڭ يېقىنقى بىر ئەسىر ۋە يەنە چارەك ئەسىردىن بۇيانقى شىددەتلىك بوران-چاپقۇنلىرىنىڭ تىرىك گۇۋاھچىسى ئىدى. شۇڭلاشقا كاتتىلارنىڭ سۆزلىرىمۇ، خىلى-خىلى سىياسى ھەرىكەتلەر، جۆملىدىن نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتمۇ ئۇنى ھاياجانلاندۇرمايتتى. بولار بىلەن ئۇنىڭ چاتىقى يوق ئىدى. بەزىدە تېخى ئاچچىق-ئاچچىق گەپلەرنىمۇ قىلىپ قوياتتى. "باقى دۇنيانىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ياتقان مەندەك بىر يالاڭتۆش قېرى دېھقاننى نېمە قىلاتتىڭ" دېگەندەك، كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپمۇ قوياتتى. قېرى ئادەم دېگەن دۇنيانىڭ مېھمىنى، سابىر بوۋاينىڭ بولسا، بىر ئەمەس، ئىككىلا پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئىدى. بىراق ۋىجدانسىز ئادەملەرنىڭمۇ ئۇنى گۆرنىڭ ئىچىگە ئىتتىرىۋېتىشكە قولى بارمايتتى، ئۇ قېرىغانسېرى ۋات-ۋات، جېدەلخور بولۇپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن، بىر خىل

خادىنى چاپان كىيىۋالاتتى، ئىشتىنىنىڭ پۇچقاقلىرى ئۇششۇقىنى ياپالمايتتى. پۇقرالار ئارىسىدا يۈرگەندە، كۆپ ھاللاردا ئىككى قولىنى بېلىگە تىرىۋالاتتى. ئۆز ھوقۇقىغا نامزاتلىق تەھدىتى سېلىشى مۇمكىن بولغان ئادەملەرنى ئۇچراتقاندا، ئۇلارنىڭ بارلىق ياخشى پەزىلەتلىرىگە، ئارتۇقچىلىقلىرىغا كۆز يۇماتتى. يامان تەرەپلىرىنىلا كۆرەتتى، قۇسۇر ئىزلەيتتى، كۆپتۈرۈپ تەشۋىق قىلاتتى، شاخلىتىپ قىلنى پىل قىلىۋېتەتتى، "زۆرۈر" بوھتانلارنىمۇ چاپلايتتى، بولۇپمۇ يۇقىرى باشلىقلارغا تەكرار چۈشەندۈرۈپ يامانلايتتى. شۇنىڭدىمۇ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىيالمىسا شورپا ئىچكۈزۈپ، ياڭاق چاققۇزۇپ تۇرۇپ چاقاتتى. ئۆزىدىن ئۈستۈنرەك باشلىققا ئۇچرىغاندا، مەتتوخ-تىنىڭ يۈزىدە خۇشامەتكويلۇق كۈلكىسى چاپلاپ قويغاندەك سائەتلەپ قېتىپ تۇراتتى، ئەمەلدار بولسىلا مازىنىمۇ ساز دەپ ماختاۋېرەتتى. ئالتۇندەك قىممەتلىك، پەرىشتىدەك تېپىلماس دانا ئىكەنلا دەپ جاۋىلداپلا كېتەتتى، بىراق كەينىدە ئۆزى بىلگىنىنى قىلاتتى. باشلىقلار بىلەن سۆزلەشسە قورسىقىغا، پۇقرالار بىلەن سۆزلەشسە كۆزىگە قاراپ سۆزلەيتتى. باشلىقلار بىلەن خوشلاشقاندا ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە قوياتتى. دەرىجىسىگە قاراپ ئۈچ قېتىمدىن توققۇز قېتىمغىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلاتتى. كەينىچە شوخشۇپ، ئاندىن يېنىچە مېڭىپ چىقىپ كېتەتتى.

شاھمات تازا قىزىغاندا، ساھىبجامال ئۇلارنى ئۆيگە كىرىپ غىزالىنىشقا چاقىردى. مەتتوختى "رىسقىم تارتقان ئىكەن-دە" دەپ قويدى. ساھىبجامال يېڭى بۇغداينى ياغۇنچاقتا تارتىپ، ياما تەييار-لىغان ئىدى. ئۇ سابىر بوۋاينىڭ ئەۋرە قىزى بولۇپ، يېنىدىكى بىردىنبىر ھەمراھى ئىدى. بۇ قىز ئىسمىغا لايىق جىسمى بار، زىلۋا

سورىدى.

— مۇزات ئەمەس، مۇزارت، — دەپ تۈزەتتى ساۋۇت ئاسمانغا قاراپ. ئەگىم ئاي ئۇپۇققا ئېسىپ قويۇلغان كۈمۈش ئورغاقتەك سۈس پارقىرايتتى. كۆك قەرىدە جىمىرلىشىپ تۇرغان يۇلتۇزلار سوغۇق كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇ يەنە نېمىدۇ دېمەكچى بولۇۋىدى، ئابدۇغوپۇر گەپنى تارتىۋالدى:

— ۋولفگان ئامادېئۇس مۇزارتنى دەۋاتامسىلەر؟ ئۇ 1756 - يىلى ئاۋستىرىيەدە تۇغۇلۇپ، 1791 - يىلى 35 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۈچ يېشىدىن باشلاپ رويال ۋە ئىسكىرىپكا ئۆگەنگەن. ئالتە يېشىدا پۈتۈن ياۋروپانى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن. دۇنيا مۇزىكا پېشىۋالىرى، ئىجادىيەت پىرلىرى ئىچىدە مۇزارت ”تەڭداشسىز ئەۋلىيا بالا“ دەپ نام ئېلىپ شۆھرەت قازانغان. ئۇ 600 پارچىدىن ئارتۇق مۇزىكا ئەسىرى ئىجاد قىلىپ، دۇنيا مۇزىكا تارىخىدىكى ئۆلمەس كومپو-زىتورغا، ئۆچمەس چولپانغا ئايلانغان.

— بولدى قايتىپ ئۇخلايلى! — دېدى شەپقەت گەپنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ. ئۆزى ئاستا سۇغۇرۇلۇپ ئارقىدا قالدى. يېزىنىڭ قاراڭغۇ يوللىرىغا ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى.

شەپقەت ئاسانلىقچە ئۇخلىيالمىدى، مۇزارتنىڭ ھەيكىلىنى، ساۋۇتنى، ئابدۇغوپۇرنى ئويلىدى. ھاياتنى، توقۇنۇشلارنى، نۆۋەتتىكى ھەق - ناھەق، ئاق - قارا ئايرىلىشىپ كەتكەن ئاخىرى كۆرۈنمەس مالىمانچىلىقنى ئويلىدى. ئۇ بەدىئىي تالانتنى چوڭ بىلەتتى. لېكىن ئۆز يېنىدا ئۇخلاپ ياتقان ساۋۇت لوپ - لوپنىڭ ھەيكەلتىراشلىقتا شۇنچىلا ئاجايىپ تالانتى بارلىقى ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئىدى. شەپقەت ھەيكەلتىراشلىققا كىچىكىدىنلا

يوشۇرۇن مېھرى ئىسسىقلىقمۇ بار ئىدى. مانا شۇنداق مېھرگە ئېرىشكەنلەرنىڭ بىرى ساۋۇت بولۇپ چىقتى. ئۇلار ئاسانلا ئىچەكىشىپ كېتىشتى. ساۋۇت بوۋايدىن بىر ئېغىز گەپ سوراپ قويۇپلا، بىرەر سائەتكىچە ئۇنىڭ چىقارماي تىڭشايتتى. بوۋاينىڭ توختىماي كاسىلدىۋېلىشىغا ھالاقىت بەرمەيتتى. كۆلىدىغان جايلاردا ھۇزۇر قىلىپ كۈلەتتى، بەلكى ئارىلاپ چاي دەملەيتتى، مېۋە ئاقلاپ ياكى يۇيۇپ بېرەتتى. بوۋاي بىر نەرسىلەرنى شۇمشۇكە كىرنىشكەندە، تالاغا چىقىپ يىرىقنى يىغىن قىلىپ كىرەتتى، سۇ ئەپكىلەتتى، ئوتۇن ياراتتى، ئوزۇق-تۈلۈك، كەم-كۈستىلىرىنى غەملەيتتى. ساھىبجامال تاماقنا تۇتتۇنغاندا، ساۋۇت ئوت قالايتتى. غىزادىن كېيىن بىردەم-يېرىمدەم دۇتار چالاتتى. بوۋاي جان دەپ تىڭشايتتى. مۇقاملارغا، قەدىم پەدىلەرگە چېلىشقا زورلايتتى. ساۋۇت كۈلۈپ قوياتتى، كېچىلىرى ئەل ئايىغى تىنجىغاندا، بوۋاينىڭ باغرى چىلاشقۇچە چېلىپ بېرەتتى. بەزىدە ساھىبجامال دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتاتتى. قىزنىڭ ئاۋازى تەبىئىي، يېقىملىق، مۇڭلۇق ئىدى. تىترىگەن ئاۋازىدىن ھەسرەت تۆكۈلەتتى. تىڭشىساڭ يۈرەك ئۇرۇشۇڭ توختاپ قالغاندەك بولاتتى. ساۋۇت ئۇنىڭ ناخشىسىغا ئاشىق ئىدى. دۇتارغا پەيزى تۇتقاندا ساھىبجامالغا ئەركىلىتىش نەزىرىدە قارايتتى، "سازغا جان بەرسىڭىزچۇ جانان قىز" دەۋېتەتتى.

غىزادىن كېيىن مەتتوختى تۇتقۇنلارغا ئوبدان كۆز-قۇلاق بولۇشنى شەپقەت بىلەن ئەركىنگە جىكىلەپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇخلاشقا تەرەددۇتلانغاندا شەپقەت ساۋۇتلار بىلەن بىللە سىرتقا چىقتى. پەيتىنى كەلتۈرۈپ ساۋۇتتىن "مۇزات"نىڭ كىملىكىنى ئاستا

ئىدى. ئۇ شەھەرگە كىردى، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەڭ مەيدان پەيدا بولدى. ئۇ يېقىنلىشىۋىدى، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا بەھەيۋەت مۇنار كۆرۈندى. تۇرپان مۇنارىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېگىز بۇ نېمە مۇناردۇ؟ سىنچىلاپ قارىۋىدى، مۇنار ئەمەس، ھەيكەل بولۇپ چىقتى. ئۇ ھەيكەلنى بىردىنلا تونۇدى. بۇ مۇزارتنىڭ ھەيكىلىغۇ! ھەيكەل دېگەنمۇ شۇنداق چوڭ بولامدۇ؟ يەرشارىدا بۇنداق چوڭ ھەيكەلدىن يەنە بىرى بولمىسا كېرەك. توۋا، بۇ ھەيكەلنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىنىۋاتقىنى نېمە؟ مۇزىكىغۇ! شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە قۇدرەتلىك مۇزىكىنىڭ بىر ھەيكەلنىڭ يۈرىكىدىن چىقىپ ياڭراۋاتقىنى نېمىسى؟ ئۇنىڭدىكى يۈرەك ئادەتتىكى يۈرەك بولمىسا كېرەك، يالقۇندۇ، گۆھەردۇ، خىسلەتلىك ئالتۇندۇ، بەلكىم. پاھ، ھەيكەلنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى لامپۇچكىمۇ، يۇلتۇزمۇ؟ نېمانچە چاقنايدۇ؟ بۇ مۇزارت دېگەن كىشىنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى ئەسلىدىلا بىر جۈپ يورۇق يۇلتۇز بولسا كېرەك. توۋا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چۆلىدىكى بىر چوڭ شەھەرگە ياۋروپالىق بىر نامدارنىڭ كارامەت ھەيكىلىنى ياساش كىمنىڭ ئەقلىگە كەلگەندۇ؟ كىمنىڭ قولىدىن كەلگەندۇ؟ شەپقەت بۇ خىسلەتلىك ھەيكەلتىراشنى دەرھال ئىزدەپ تېپىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن ئۇ دۇنياغا داڭلىق ئوغۇزخان، ئەپراسىياپ، بۇغراخان-دەك ھەربىي سەركەردىلەرنىڭ، مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر ناۋايىدەك مەدەنىيەت سەردارلىرىنىڭ ھەيكەللىرىنى ياساپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ھە، يەنە ئابدۇغۇپۇر دائىم تىلغا ئالىدىغان مۇزىكىشۇناس سۇجۇپ، مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىلارنىمۇ ئويلىشىش كېرەك. شەرق ۋە غەربىنىڭ رەڭگا-رەڭ مەدەنىيەتلىرى يىلتىزلىغان بۇ ماكاندا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان

مەپتۇن ئىدى. ئۇنىڭغا ساۋۇت بۈيۈك ئادەمدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ساۋۇت قانداقتۇ سىرلىق پەردىلەر بىلەن قاپلانغاندەك تۇيۇلدى، بۇ پەردىلەرنىڭ ئاستىدا ئالىيجاناب ھېس- تۇيغۇلار، چاقناپ تۇرغان تالانت، كارامەتلەر باردەك ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ كارامەتلەرنى مەشئۇم بىر خەۋپ ئەگىپ يۈرەتتى. ياخشىسى غەم- ئەندىشىنى ئۇيقۇ بىلەن ئەستىن چىقىرىش كېرەك. لېكىن كۆزى ئۇيقۇغا ئىلەشكەندىن كېيىن شەپقەت قالايمىقان چۈش كۆردى: چۈشىدە ئۇ تەكلىماكاندىكى قۇمغا كۆمۈلۈپ ياتقان تىلسىم شەھەرلەرنى، ئاسارە- ئەتىقىلەرنى، قەدىمكى مەدەنىيەتنى ئىزدەپ كېتىپ بارارمىش، بۇنداق شەھەرلەر توغرىسىدا ئۇ كىچىككىدە چوڭلاردىن كۆپ ئاڭلىغان. بىراق ئىزدەپ بارغۇدەك ئەپلىك پۇرسەت بولمىۋىدى، مانا ئەمدى شەپقەت قەبرىلەردەك زومچەك- زومچەك يېتىشقان چەكسىز قۇم بارخانلىرىنى كېزىپ، تىزىغىچە قۇم كېچىپ يۈرمەكتە. ئاندا- مۇندا يۇلغۇن تۈپلىرى، توغراق توقايلىرى كۆزگە تاشلىنىپ قالىدۇ. قىزىق ۋە يۇمشاق قۇم ئۇنى چارچاتتى بولغاي، پۇتلىرى تاش ئېسىپ قويۇلغاندەك ئېغىرلاشتى. ئۇ ئىسسىپ كەتتى؛ ئۇسساپ كەتتى. سۇ يوق، سۇ بولسا بۇ يەرلەرمۇ چۆلگە ئايلانمايتتى- دە، سۇسىز ھاياتلىق قۇرۇيدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىچۇ؟ شەپقەت قورقۇشقا باشلىدى، ئاللاغا يالۋۇردى. سۇبھانالللا! تەك- لىماكاننى تىلسىمات دېيىشكىنى راست ئىكەن. مانا شەپقەتنىڭ ئالدىدا مەرۋايىتتەك سۈزۈك سۇ لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان دەريا كۆرۈندى، دەريا يېنىدا زۇمرەتتەك يېشىل بوستان پەيدا بولدى. ئۇ بوستانغا كىردى، بوستاننىڭ ئوتتۇرىسىدا شەھەر پەيدا بولدى. غەلىتە ئىش، بۇ شەھەر يېرىم قەدىمكى، يېرىم زامانىۋى تۈستە بولۇپ، ھەيۋەتلىك ۋە گۈزەل

ئۆرۈلسا، بىر قانىقىپ ھاۋاغا ئۆرلەيتتى. ساۋۇت جان ئازابىدا تىپىرلايتتى. شەپقەتكە قاراپ ئۈنسىز قول سوزاتتى. شەپقەت چىداپ تۇرالماي ۋارقىرىۋەتتى. ھەيكەلگە قاراپ يۈگۈردى. تۇۋا دەيدىغان ئىش، مۇزارتنىڭ ھەيكىلى شەپقەتنىڭ ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك سىلكىندى، جان كىرگەندەك راۋۇرۇس قىمىرلىدى. ئاندىن قوللىرىنى سوزۇپ ساۋۇتنى ھاۋادا پۇلاڭلاۋاتقان پېتى تۇتۇۋالدى. سىرتماقنى ئېلىپ تاشلىدى. ساۋۇتنى ئېگىز كۆتۈردى. ئەجۇز-مەجۇزلەر پەستە ئامالسىز قېلىشىپ پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇشاتتى، قى-چۇ قىلىشاتتى. ھەيكەلنىڭ بويى توختىماي ئۆزىراشقا، ساۋۇتمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. شەپقەت ئۇلارغا قول سوزۇپ توۋلايتتى، يىغلايتتى، كۈلەتتى... ئاۋازى سىرتىغا چىقىپ ئويغىنىپ كەتتى، ئالاقزادىلىككە چۈشتى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەنسىزلىك كىرىۋالغان ئىدى. ئۇيقۇسى قاچتى، كۆز ئالدىغا يەنە ساۋۇت بىلەن ئابدۇغوپۇر كەلدى.

ياۋاش ياۋاشنىڭ قايىشى. شەپقەت بىلەن ئەركىن ساۋۇت ۋە ئابدۇغوپۇرنىڭمۇ ئۆزلىرىدەكلا ياۋاشلىقىنى بىرىنچى كۆرۈشتىلا بايقىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ قويۇۋېتىلىسمۇ ئۆز تەشكىلاتلىرىغا قايتىپ بارمايدىغانلىقىغا ئىشىنىشتى، قايتىپ بېرىشىسمۇ قورال كۆتۈرۈشكە يارىمايدۇ دەپ قاراشتى. ساۋۇت قاش-كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا بوي يىگىت ئىدى. خام سېمىز بولغاچقا "لوپ-لوپ" دېيىشەتتى. ئاسان ھاسىرايتتى، ئابدۇغوپۇر ياغاق يۈز، تار يەلكە، ئىنچىكە پاقالچاق، قاتما بويلۇق، ئاۋاق، ئېگىز ئادەم ئىدى. كۆن چۈشمەيدىغان جايدا ئۆسكەن زەئىپ قومۇشقا ئوخشايتتى. يىگىت ھەممە قۇۋۋىتىنى تىلىغىلا سەرپ قىلاتتى. ئاغزى-ئاغزىغا

نەپسى، سەلتەنەتلىك، سېھىرلىك بۇ ھەيكەل زادى قانچە خىل مەدەنىيەت بىرىكمىسىنىڭ، يۇغۇرۇلمىسىنىڭ مەھسۇلاتىدۇ؟ ئۇنىڭدا قانچە مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ ئالامەتلىرى باردۇ؟
شەپقەت يېقىن كېلىپ كۆرۈپ، ئىنقلاپ، ھېسابلاپ باقماقچى بولۇۋىدى، چۆشلەردىكىدىنمۇ، ھېكايىلەردە تەسۋىرلەنگەندىكىدىنمۇ ئۇشتۇمتۇت ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى، قۇيۇن چىقتى. توغرىراقى ئاسماندىن تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن قارا قۇيۇن پىرقىراپ چۈشۈپ كەلدى. قۇيۇن ئىچىدىن ئادەم سۈرەتلىك ئەجۇز-مەجۇزلەر چىقتى. يەر تەۋرەپ ئەتراپ ئىس-تۈتەككە تولدى. ئەسكى ۋە يېڭى نۇسخىدىكى ئۆي ئىمارەتلەر بىردەك غۇلاپ چۈشتى. شەپقەتنىڭ كۆزلىرى ئالا-چەكمەن بولدى. ئۇ كونا ۋە يېڭى مەدەنىيەتنىڭ بىر يولى خاراب بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتە ئىدى. بېشى چۆگىلىتىپ قويۇۋەتكەن ئادەمنىڭكىدەك قايدى. ئۇ چايقىلىپ يىقىلدى، قوپتى، سەندىرەكلىدى، يەنە يىقىلدى، يەنە قوپتى. لېكىن ھەيكەل قىيا تاشتەك مەزمۇت قەد كېرىپ تۇرماقتا ئىدى. ئىس-تۈتەكلەر ئىچىدىن ھېلىقى ئادەمسىياق مەخلۇقلار چىقىپ كەلدى. چىرايلىرىمۇ چالا ئۆكلەنگەن كاللىدەك ئىسلىشىپ، تۈتەپ تۇراتتى. گەۋدىلىرى ئۇزۇن قارا كۆسەيلەرگە ئوخشايتتى. كۆزلىرىلا قىپقىزىل ئىدى. ئۇلار قوللىرى كەينىگە قايرىپ باغلانغان ساۋۇت لوپ-لوپنى داقرىتىپ سۆرەپ كېلىشتى، ماش رەڭ تاندىن سىرتماق ياساشتى، ئاندىن سىرتماقنىڭ بىر ئۇچىنى مۇزارت ھەي-كىلىنىڭ بوينىغا مەھكەم قىلىپ چىگىشتى-دە، ساۋۇتنى سىرتماققا بويىندىن ئېسىشتى، ياخشى ئېسىلمىغاچقا، ساۋۇتنىڭ گەۋدىسى يۇقىرى-تۆۋەن پۇلاڭلاپ قالدى، پۇتلىرى بىر پەسلەپ يەرگە

ئىپتىخارلىق تەلەپپۇزىدا، — مەن تەھرىرلىگەن ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالە شىنگراپتا بېسىلىدىغان ئەدەبىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان... كېيىنچە ئەدەبىي تەھرىر بۆلۈملىرى ياكى تارىخ تەتقىقاتچىلىقىدا ئىشلىمەكچىمەن..."

دەسلەپكى كۈنلەردە ئابدۇغوپۇرنى كۆرۈپ شەپقەتمۇ، ئەركىنمۇ بىر ئاز غەلىتىلىك، گاڭگىراش ھېس قىلغانىدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا كۆنۈكۈپ قېلىشتى.

— شەپقەت بالىجان، — دېگەن ئىدى ئابدۇغوپۇر تۇنجى ئۇچرىشىشتىلا شەپقەتكە تىكىلىپ، — سىزنى بەك ئويۇنچى دېيىشىدىغۇ، باش شتابتىكى قادىر مۇھاپىزەتچى سىزگە سالام ئېيتتى، ماشىنىست ئاشىنىسى ئۇنى بەك سېغىنىپتۇ، دەيدۇ.

شەپقەت قولاقلىرىغىچە قىزاردى، لېكىن ئۈنچىقمىدى، قادىر بۇيرۇقدار لى لۇەنشېنىڭ ئىككىنچى مۇھا- پىزەتچىسى ئىدى. ئەقلىي يېتىلىشى كەمتۈكرەك. "ساراڭ" دېگەن لەقىمى بار، ئىت خۇيلۇق ئادەم ئىدى. گەپنى چۈشكۈرمەكچى بولۇۋاتقاندەك ئاسمانغا قاراپ، ئەندىكىپ ئۈزۈك- ئۈزۈك چۇكۇلداپ قىلاتتى. غالجىر مىجەزلىك بولغاچقا، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خۇمار ئىدى. لى لۇەنشې باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئادەم ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ چىقاتتى، ۋەزىپە ئۆتىگەندە ئۇنىڭ غالجىر ئىتتەك ساراڭلىقى تۇتاتتى، ئۇ يىرتقۇچقا ئايلىناتتى. قادىر ساراڭ نېمىشقىدۇر شەپقەتتىن ماشىنىست ئايال بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ گۇمانلىناتتى، كۈنلەيتتى. مانا ئەمدى بۇ لاۋزا چاقچىقىنى بولارغىچە يېيىپتۇ- دە!

شەپقەت شۇ كۈنى چۈشىن يەۋالغاندەك يۈردى، ئۇ ھەرقانداق

تەگمەي سۆزلەيتتى. لاۋزىراق قىلىقلىرىمۇ بار ئىدى. نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنى ئېيتىمەن دەپ سوزۇپ- بۇزۇپ تەمىنى قويمايتتى. يۇمۇرلۇق چاقچاق قىلىمەن دەپ نەزەرىيەگە ئۆتۈپ كېتەتتى. خەق كۈلمىسە، ئۆزى كۈلۈپ تېلىقىپ قالاتتى. سۆز- لىگەندىكى قول- بويۇنلىرىنى سوزۇپ سەكرىمەك بولۇۋاتقاندەك تۈگۈلدىغان ھالىتى ئۈچۈنمۇ ياكى ئىنچىكە بېلىنى تىكلەپ، ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، شىلتىپ لاپ ئۇرىدىغانلىقى، "بىر چېكىپلا ئاغدۇرىۋېتىمەن"، "بۇرۇتۇمنى سانجىپ ئۆلتۈرىۋېتىمەن" دېگەندەك سۆزلەرنى ئاغزىنى قىيشايتىپ، شالىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ ئېيتىشقا خۇشتارلىقى ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۇنى "ياچمۇەگ" دېيىشەتتى. بۇ لەقەمدىن ئۇ رەنجىمەيتتى، بويىنىنى زىراپىدەك ئۇزۇن سوزۇپلا قوياتتى. لېكىن "شۆلگەيچى"، "غۇلاچلاپ شۆلگەي تارتىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ" دېگەنلەرنى ئاڭلاپ قالسا، شۇنداق پارتلاپ، تىترەپ سۆزلەشكە باشلايتتىكى، تۈكۈرۈك چاچراندىلىرى تۆت مېتر يەرگىچە يېتىپ بارالايتتى. ئۇنى بەزى دۈشمەنلىرى "يىڭنە يىگەن ئىت"، "قوتۇر كاسكا تايغان" دەپ تىللىغان چاغلىرىمۇ بولغان. لېكىن بۇ ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن ھادىسە، چۈنكى يېغىرى ئېچىشىپ، نېرۋىسى جىددىيلىشىپ كەتسە، تۇتقاقلىق كېسىلى تۇتۇپ يىقىلىپ قالاتتى، ئاغزىدىن كۆپۈك كېلەتتى. ئۇ سۆز ئۇرغۇلىرىنى قەستەن لەڭمەن سوزغاندەك سوزاتتى، بۇنى كەسپى ئۇبزورچىغا خاس خىسلەت دەپ بىلەتتى. دەرۋەقە، ئېغىز ئۇبزور- چىلىقىدا قېرى ھەۋەسكارلاردىن ئىدى. سۆزنى "شائىرلار تەلەپپۇزىدا، قەھرىمانلار قىياپىتىدە سۆزلەيمىز" دەپ ماختىنىپمۇ قوياتتى. "تەھرىرلىكنىمۇ مەخسۇس ئۆگەنگەنمەن، — دەيتتى ئۇ

كەچكۆزدىكى توڭغان قاقىرنىڭ تۆكۆلۈپلىشىنى ئەسلەتتى، كىشلەرنىڭ كۆلكىسىنى تېخىمۇ قىستايتتى. بىراق ئۇنىڭ قائىدە-ئىنتىزامچانلىقىنى ھېچكىم دورىيالمايتتى، "ساداقەت ئۇسۇلى"نى سەترەك قىلىپ بولسىمۇ ئەستايىدىل ئوينايتتى. يول ماڭغاندا ئۇچرىغان ھەربىر ئادەمگە ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ پۆكۆلۈپ سالام قىلاتتى. ئاندىن ماشىنا ئادەمدەك تېزلىكتە ئوڭ قولىنى ئالدىغا ئۇزارتاتتى-دە، "ياشىسۇن ماۋجۇشى!" دەپلا قول ئېلىشاتتى، تاكى قارشى تەرەپ "تۇمەن مىڭ يىل ياشىسۇن!" دېگەندىن كېيىن قولىنى بوشىتاتتى.

ئابدۇغوپۇر دۇنياغا سۆزلەش ئۈچۈنلا يارالغاندەك ئىدى، ئاغزى ئۇخلىغاندىمۇ ئارام ئالمايتتى، چۈشەكەپ ئاللىنېمىلەرنى شۇۋىرلايتتى. بىرەر رومكا ھاراق ئىچىپ قالسىغۇ بىرسائەتتە پۈتۈن بىرشەھەرنىڭ ئادىمىنى بەزدۇرىۋېتەتتى، ئۇ ئەركىن بىلەن قىلىدىغان كۆندىلىك مۇنازىرىنى قولدىن بەرمەيتتى. تۈن نىسپىدىن ئاشقۇچە تۆكۈرۈك چاچرىتىپمۇ ھارمايتتى، تەن بەرمەيتتى. ئەركىننىڭ تاغىسى ئارخىلوگ ئىدى، بۇنى بىلىپ قالغان ئابدۇغوپۇر شۇنچىلىك كۆپ سوئاللارنى ياغدۇراتتىكى، بۇ سوئاللارغا ئەڭ ياخشى تارىخچى، ئارخېئولوگ، ئېرقشۇناسلارمۇ دەماللىققا جاۋاب تېپىپ بېرەلمىگەن بولاتتى. قىزىپ كەتكەندە ئابدۇغوپۇر ئاغزىنى قويۇپلا بېرەتتى، كىنايە، سەت گەپلەرنىمۇ ئاياپ ئولتۇرمايتتى. دەتالاشتا ئۆزى مۇھىم چاغلىغان نوقتىلارغا كەلگەلدە، شۇنچىلىك دەھشەتلىك قىياپەتكە كىرەتتىكى، كىشىنىڭ قورقۇسىنى كەلتۈرەتتى، پۈۋلىسە ئۇچۇپ كەتكۈدەك تۇرغان بۇ ئاجىز بەندىنىڭ شۇنچىلا ئاچچىقىنى ئادەتتە قەيەرگە يوشۇرۇپ يۈرەلەيدىغانلىقىغا ھەتتا كۆپنى كۆرگەن بوۋايىڭىزمۇ ئەقلى يەتمەي

سورۇننى سەتلەشتۇرىدىغان رەزىللىك ئۆلگىسى بولمىش قادىر "ساراڭ"غا مىڭ لەنەت ئوقۇدى، ئابدۇغوپۇرنىڭ بۇ تېتىقسىزلىقىمۇ ئۇنىڭغا ياقمىغان ئىدى. بىراق ئابدۇغوپۇر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن دەپ چاپلىشىپلا ئالدى، شۆلگەي چاچرىتىپ يۈرۈپ ئاخىرى كەچقۇرۇندىن باشلاپ شەپقەت بىلەن چىقىشىۋالدى.

ئابدۇغوپۇر سۆزلىرىگە روسچە، لاتىنچە، خەنزۇچە ئاتالغۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپراق سۆزلەيتتى. ئەركىن دەسلەپتە ئۇنىڭدىن، سىز ئۇيغۇرچىغا پىششىق ئەمەسرەكمۇ-نېمە؟ دەپ سوراپ قويۇۋىدى، ئابدۇغوپۇر قايناپلا كەتتى، شۇندىن باشلاپ ھە دېسىلا ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىدىغان بولۇۋالدى. كېيىنرەك ئەركىن ئۇنىڭ ئۆزىنى بىلىملىك قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، كارى بولمايدىغان بولدى. ئابدۇغوپۇر كىچىككىدە بىر قوشنا دۆلەتتىكى تۇغقىنىنىڭكىدە ئازراق تۇرغاچقا ئانچە-مۇنچە چەت تىل ئۆگىنىپ قالغان يېرىمۇ بار ئىدى. خەنزۇچىنى ئۆزلۈكىدىن بىر ئوبدانلا ئىگەللىۋالغانلىقىمۇ ئۇنىڭ خېلىلا تىرىشچان ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى چاغدا يېزا تەشۋىقاتىغا كۆپ ئېۋەتىلگەن بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ يەرلىك مەشرەپلەرگە كۆزلىرى پىشىپ قالغان ئىدى. ئابدۇغوپۇر باللىق دەۋرىنى شىمالدا ئۆتكۈزگەن، ئەقلىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ پۈتۈنلەي شەھەردە ياشىغان، شۇنداقتىمۇ جەنۇب سەنەملىرىگە، ئۇسسۇللىرىغا ئاز-تولا دەسسىيەلەيدىغان بولغان ئىدى. لېكىن ياغاچتەك ئۇزۇن قوللىرىنى ئىككى يېنىغا كېلەڭسىز ھەرىكەتلەندۈرۈشلىرى ئورۇق تۆگىلەرنىڭ ئارقا پۇتلىرىنى ئارۋاڭ-سارۋاڭ قىلىشلىرىغا ئوخشايتتى، مۇرىسىنى قورۇشلىرى

ئوردىدا بولىدۇ، بۇ ئاتام زامانىدىن تارتىپ شۇنداق، ئوردىنىڭ چوشى — پادىشاھلارنىڭ چوشى، بۇ چوش بۇزۇلسا بالا تاشىدۇ، خۇدا ھەر بەندەڭگە پاناھ بول، چوشى بۇزۇلغانلارنى...

بوۋاينىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى كوتۇلداشقا ئايلىنىپ كەتتى، ئابدۇغوپۇر داڭ قېتىپ قىمىرلىيالماي قالدى.

## 3

سابىر بوۋاي ھەركۈنى سۇبھى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇراتتى، قىش كۈنلىرى كەيپى چاغ ۋاقىتلاردا چۆلگە ئوۋغا چىقاتتى، توشقان، قىرغاۋۇل، تۈلكىلەرنى قارا باستۇراتتى. ياز بولسا دەريا بويىغا بېلىق تۇتقىلى باراتتى، ساھىبجامال كەيندە سايىسىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى. بوۋاي تىمەن ئىدى، ئۇششاق قەدەملەردە ئۇزۇن يوللارنى مېڭىۋېتەتتى. ئەۋرە قىزىغا ئاسانلىقچە ئىغىرى چۈشمەيتتى. بۇگۈنمۇ ئۇلار بېلىق تۇتۇشقا چىقتى، جەڭگەل - جېدەلدىن يىراقراق بولۇش ئۈچۈن دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى تەرەپكە كېتىشتى. لايقا دەريا ئېغىر، تۇتۇق كۆرۈنۈشتە لۆمشۈپ ئاقاتتى، شىددەتلىك ئېقىم تار جايلاردا باشنى قايدۇرغۇدەك ئىتتىك ئېقىپ بوغۇلغاندەك ھۆركىرەيتتى، كەڭ جايلاردا ئازادلىققا چىققاندەك ئۇھ تارتىپ ياۋاشلاپ تىنچلانغاندەك يېيىلاتتى، تۈگمەس ناخشىدا ۋادىنى ئەللەيلەيتتى. ئۇلار سۇ قايناپ ئاقىدىغان بىر يارلىۋىگە كېلىشتى، يارنىڭ قىلىچ بىلەن چېپىلغاندەك تىك كۆكسىدە ياۋا قۇشلار ئۇۋا سالغان كامالار سان - ساناقسىز كۆزلەردەك قارىيىپ چەكچىيىپ تۇراتتى. بۇ يەردە دەريا "ئوغۇزخان" دەپ شۆھرەت قازانغان قەدىمكى سەركەردىنىڭ ئالتۇن

قالاتتى.
كۆپ سۆزلەيدىغانلار كۆپ سۆزلەيدىغانلارنى ياقتۇرمايدۇ. سابىر بوۋايمۇ ئابدۇغوپۇرنى ياقتۇرمايتتى، چىشىغا تېگىپ قويغاندا، تىل توقمىقىدا پات ـ پات دۇمبالايتتى. ئالدىنقى كۈنى ئۇ ئۆزۈن قارچىغا بۇرنى ئاستىدىكى زەمبىرەك ئاغزىنى بوۋايغا توغرىلىۋىدى، ئاتقان ئوقلىرى قايتىپ ئۆز بەدىنىدە پارتلىدى. ئابدۇغوپۇر ئەلەم كۆرىشنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار قوزغىدى دەپ ئەز-ۋەيلىگەن ئىدى، بوۋاي ھاسىسى بىلەن ئۇنى شۇنداق باپلاپ نۇقۇدىكى، ئابدۇغوپۇر ئىتتىك كەينىگە داجىغاندا، يەردىكى شاپاققا تېيىلىپ ئۇرۇقچىنىڭ ئۇستىگە ئولتۇرۇپ قالدى. بوۋاي كۈلمىدى، ھاسىدا جۇنۇپ تۇرۇپ دېدى:
— ماڭا قارا، ھوي ئاغزىنى سېغىزخان ئاچقان، ئۆپكىسىنى جىن قاققان ۋالاقتەككۇر! ئىلاھىم تىلىڭنىڭ ئۇچىنى چايان چاققاي. مەن سەھرالىق قارا تۇرۇك بولساممۇ، ئەزبىرائى، خۇدا ھەققىدىكە خىيانەت قىلمايمەن، پۇقرانىڭ قورسىقى تويسۇن دېگەنلەرگە قارا چاپلاپ كۇلا كىيگۈزمەيمەن. موماڭلارنى كۇلاچى ئالغانمىدى ـ نېمە؟ ياخشى مەنسەپدارلارمۇ جىققۇ، سەن دېگەن بۇ كالتەكۋازلىقنى پۇقراغا كۆيۈنۈدىغان ئەمەلدارلار قوزغىمىغان، سۇ باشتىن لاي، بۇنداق جېدەلگە قارا قورساق، قارا يۈرەك تەلۋىلەر ئامراق بولىدۇ، ئۇلار ھوقۇق خۇمارى تۇتقاندا جىمىنى مالىماتاڭ قىلىدۇ، ئەجەل يېقىنلاشسىغۇ كۇللى جاھانغا ئوت قويۇۋېتىشتىن يانمايدۇ. جىمى جاننى قىرىۋەتكۈسى، دۇنيانى چېقىپ ئۆزى بىلەن گۆرگە بىللە ئېلىپ كەتكۈسى كېلىدۇ. بۇ كالتەكۋازلىق شۇنداق قىرغىنچىلىققۇ، ئۇرۇشقۇ، بالايىئاپەتقۇ! پۇقرا ئارىسىدىكى ئاپەتنىڭ يىلتىزى

قاراپ ئولتۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭدا قىرىلارغا خاس بولغان كەچمىش-كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەشكە ئامىراق خۇي يوق ئىدى. دولقۇنلارنى توختاۋسىز دوملىتىپ ئۆتۈۋاتقان ئېقىنلارمۇ ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمۈر ئېقىنىنى ئېسىگە سالالمايتتى. بۇۋاي ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى، سۆزلىمەيتتى، پەقەت دەريا ئانىنىڭ مەڭگۈ تىنماس ئانىلىق ساداسىنى تىڭشايتتى، دەريانىڭ تىلىنى ئانىسىنىڭ تىلىدەكلا پىششىق بىلەتتى، ئاققان سۇلاردىكى ھايات كۈيىنى، شارقىراشلاردىكى تۈرلۈك-تۈمەن ئاھاڭلارنى چۈشىنەلەيتتى. ئۇلاردا غەمكىن، يىغا، دەرتلىك نالە-پەرياتلار بار ئىدى. ئۇلاردا قايغۇ-ئازاب، ئىزتىراپ، پۇشايمان، ئۈمىد، ئىرادىمۇ جىلۋە قىلاتتى. بەزىدە باتۇرلارنىڭ ئۇرانى، غالىبلارنىڭ قىقاس-چۇقانلىرىمۇ ياڭرايتتى. ئېقىنلار بۇۋايغا يۇرۇش مۇقاملىرىنى تووۇلاپ بېرەتتى، پۈتمەس ھاياتى داستانلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. دولقۇنلار سېھىرلىك تولغىناتتى. قىزلاردەك نازلىنىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئېتەك يېيىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى، باللاردەك كۈلەتتى، ئالتۇن قوڭغۇراقتەك سادا بېرەتتى، سىلكىنىپ تەۋرەپ ساپايى چالاتتى، چايقىلىپ گارمۇن تارتاتتى. دولقۇنلار يەنە مېھرىبان ئانىدەك پىچىرلايتتى، تۈگىمەس سىرلىرىنى تۆكەتتى، ئەركىلەيتتى، شوخلۇق قىلىپ قوغلىشىپ يۈگۈرۈشەتتى. بەزىدە مۆڭگىلىناتتى، بەزەن دەرغەزەپكىمۇ كېلەتتى، قەھرلەنگەن پالۋانلاردەك ۋارقىرايتتى، تۈرۈلۈپ كېلىپ قۇدرەتلىك كۆكسىدە زەرب بىلەن ئۇرۇپ، قۇم قىرغاقنىڭ ئالىقايىسى جايلىرىنى سۇغا شالاپلىتىپ يىقىتاتتى.

چارەك سائەت ئۆتتى. ساھىبجامال ئوك تەرەپنى شەرەتلىدى، بۇۋاي چەتتىكى بىر قارماق يىپنىڭ لىڭشىۋاتقانلىقىنى بايقىدى،

سادىقىدەك ئەگمە ھاسىل قىلىپ بۇرۇلاتتى، دولقۇنلار ئالدىراش بىر-بىرىگە ئۇرۇلاتتى، تاغ قاپتاللىرىدەك قاتلىنىپ، مىنگىشىپ، بەھەيۋەت زور قايناملارنى ھاسىل قىلاتتى، قىيانى قورقۇتماق بولغاندەك يۇرەكنى تىترىتىپ ھۆركىرەيتتى، قاتتىق، شارقىرايتتى، ئاندىن يەنە پەيلىدىن يېنىپ كەڭلىككە ئاستا-ئاستا يەلپۈگۈچتەك قانات كېرەتتى، سالماق بىلەن تەۋرىنىپ يىراقلارغا يول ئالاتتى.

ئۇلار يارنىڭ چېتىدىرەك جايدىكى بىر قىيپاش چىغىر يول بىلەن سۇ بويىغا قاراپ پەسلىدى، ئۈچ توپ قېرى سۆگەت بىر-بىرىگە چىرمىشىپ، كاللەكلىشىپ تۇرغان جايدا توختاشتى، بۇ سۆگەتلەر دولقۇنلارنىڭ ئۆزلىرىنى بىر-بىرلەپ يىمىرىپ كېتىشىدىن قورقۇپ قۇچاقلىشىۋالغاندەك، غۇجمەكلىشىۋالغاندەك ئىدى. ئانا دەريا ئوغلىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا ئىچ ئاغرىتسا كېرەك، بوۋاينىڭ ئالدىغا دولقۇنلار قاتارىدىن كارۋان ئەۋەتىپ سالام قىلدى، ئانىلىق تىنىقىدىن مەيىن شامال ئەۋەتىپ بوۋاينىڭ مەڭزىنى سىيپىدى، ساقاللىرىنى تارىدى. سۆگەتلەرنىڭ ياپراقلىرى چاۋاك چالدى، ساڭگىلىغان شاخلار دولقۇن بىلەن ئوينىشىپ، يالتىراق سارغۇچ كەھرىۋا مارجانلارنى چاچتى، بۇنىسى ساھىبجامال ئۈچۈن بولسا كېرەك. بوۋاي سۇغا قاراپ كۆلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى، بۇ ئۇنىڭ سالامغا جاۋاب قايتۇرغىنى ئىدى، لەيلىگۈچلۈك قارماقلىرىغا سازاڭ ئىلىندۇردى، بەلگىلىك ئارىلىق قالدۇرۇپ، بىرنەچچە جايغا قارماق تاشلىدى، ئاندىن ساھىبجامال ئېلىپ كەلگەن ئەسكى كۇرستا ئولتۇرۇپ سۇغا كۆز تىكتى. بېلىق تۇتۇشتا ئۇنىڭ كۆزلەيدىغىنى بېلىقتىن كۆپرەك، سۇغا مۇشۇنداق خىيال سۈرمەي ئۇزاق-ئۇزاق

كىچىكرەك تۆپىلىككە چىقىپ ئولتۇرۇشتى، ئابدۇغوپۇرمۇ گەپ قىلغۇسى كېلىپ لىپىلداپ كېتىۋاتقان گېلىنى قىرىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ قاتارىغا قېتىلدى. بۇ يەردىن ئەتراپنى خېلى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى، باغرى كەڭ دالا سارغۇچ گىلەمدەك تاۋلىنىپ ياتاتتى، يېنىك شامال يەلپۈگەندە بۇغداي، لويلا، يانتاق، پىچان، ئاپتاپپەرەسلەر قوشۇلۇپ دولقۇن ياسايتتى، كۆزلەرنى چاقنىتاتتى، دىماققا ئېتىز پۇرىقى بىلەن لاي سۇ ھىدى ئارىلىشىپ ئۇرۇلاتتى. بۇ يەردىن دەريامۇ ئالىقاندىكىدەكلا ئېنىق كۆرۈنەتتى، دەريا ئۆركەشلەيتتى، قايناپ-تاشاتتى، ئۇلۇغ تەۋرەپ شارقىرايتتى، كۆپۈكلىنىپ قىرغاققا ئۇرۇلاتتى. ساۋۇتمۇ، ئابدۇغوپۇرمۇ بىر مەھەل مەپتۇن بولغاندەك دەريانى كۆزەتتى، ئۇلار بۇ دەريانىڭ نەدىن باشلىنىپ نەگە كېتىشىنى بىلەتتى. ئابدۇغوپۇر دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىگە نەزەرتاشلىدى، دەريا قۇم باسقىنىدا بېسىلىپ ياتقان چۆللەر قويىنىغا قاراپ چېپىشنى جىددەللەتەتتى، بارا-بارا ئاپتاپتا جىمىرلىغان ھاۋا ۋە نۇر ئارىلاشمىسىدا ئېرىيتتى. ئۇپۇقتىكى چېكىگە كۆز يەتمەس تىلسىم سەرەپلەر قويىنىغا كىرەتتى، سىڭەتتى، ئاخىرى غايىپ بولاتتى. ئابدۇغوپۇر ئۆز نەزىرىيەلىرىنى شۇ ئېقىمغا ئوخشاتتى. ساۋۇت تۆپە تەرەپكە قارىدى، ئۇ ياقتا، يىراقلاردا ئاق بۇلۇتلارغا يۆگىنىپ يالتىراق كۈمۈش لېچەك تاقىۋالغان ئاسمانپەلەك مۇزلۇق چوققىلار تىك تۇراتتى، بۇ مەڭگۈلۈك قارلىق چوققىلار ئۆزلىرىنىڭ دەريالارغا ئانا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەندەك، كۈن نۇرىدا كۆزنى چېقىپ پارقىرايتتى. ئۇلار ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئانىلار بولۇشقا مۇناسىپ، ئۇلار مىليون يىللار مابەينى شۇنداق يورۇق ۋە سوغۇق يۈكسەكلىكتە قار، مۇز، شىۋىرغانلار ئازابىغا چىداپ، كۆكسىدىن ئادەملەرگە، جاندار-

قولىنى شىلتىدى، ساھىبجامال شۇ زامات پەرىزاتنىڭكىدەك يېنىك قەدەملەردە بېرىپ، يىپنى ئادەتلەنگەن ئىنىق ۋە كۈچلۈك ھەرىكەتتە ئىرغىتىپ تارتتى، بۇرنىدىن ئىلىنگەن جەينەكتەك يوغان بىر بېلىق قۇملۇق سايازغا ئۇچۇپ چۈشتى، پىلتىڭلاپ سەكرەشكە باشلىدى. ساۋۇت يەردىن ئۇنگەندەك پەيدا بولدى، مۈشۈكتەك تىۋىشسىز سەكرەپ بېرىپ بېلىقنى قارماقتىن ئاجراتتى، ساھىبجامالغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ چېلەككە سالدى.

— پاھ، بۈگۈن ئىشنىڭ كارى بېلىق شورپىسى دەڭلار، بېلىق ئەقىلنى تازىلايدۇ، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز بېلىققا خۇيىما ئامراق ئىدى، بىر چاغلاردا تەكلىماكان دېڭىز ئىدى... چورتان، ئالتۇن بېلىق —...، — دەپ تولۇقلىدى ئابدۇغوپۇر جاراڭلىق نۇتقىنى باشلاپ، — لاي سۇدىن شۇنداق چوڭ بېلىقنى شۇنداق ئاسان تۇتقىلى بولىدىكەن، بەزىلەرنىڭ ھاياتىمۇ سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇشقا ئامراقلىقى بىكار ئەمەسكەن-دە، دەريادىمۇ پەلسەپە بار، ماڭا قارا ئەركىن، مانا بۇ...

— تىش، — دېدى بوۋاي بىر تېرە بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ئابدۇغوپۇرغا بۇرۇلۇپ قەھرى بىلەن، — بېلىقلىرىمنى قاچۇرىۋېتىسەن، ھۇ زەھەر قېپى ياچىۋەگ، ئىلاھىم كۆزۈڭنى قاغىلار چوقۇغاي، يوقال بۇيەردىن...!

ئابدۇغوپۇر تىلىنى چايناپ، جايىدا تۇرۇپلا قالدى، نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ بوۋايدىن قورقاتتى. ئۇلار بۈگۈن سەھەردىن باشلاپ مۇشۇ ياقتىكى بۇغدايلارغا ئورغاق سالغان، توختىماي ئورۇپ، مۇشۇ يار بېشىغا كېلىشكەن، ئەمدى ئازراق ئارام ئالماقچى بولۇشقانىدى. كېلىۋاتقانلار ئارقىسىغا يېنىشتى، بىر ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

دۇنيانىڭ ئۆزىدەك غوڭغۇلدىدى، ئۇ لەۋلىرىنى چىشلەپ زېھنىنى كونكرېت مەسىلىگە يىغىشقا تىرىشتى. شۇنداق، دەريامۇ ئادەمگە ئوخشايدۇ، بىراق دەريا ئويغاق ئادەمگە، تىنىمسىز ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۆزگىلەرگە، مىللىتىگە، ئىنسانىيەتكە نەپ بېرىدىغان ئادەملەرگە، ئۇلۇغ ئادەملەرگە ئوخشايدۇ. ئادەملەر ئۆلسە، ئەۋلادى ياشىغاندەك، دەريا قۇرىسا، باشقا يەردىن يېڭى دەريا تۆرىلىپ، يەر يېرىپ ئۆزىگە يول ئېچىپ ئاقىدۇ، شۇڭلاشقا زېمىن ياشىنىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ساۋۇت خىيال بىلەن بولۇپ، مەتتوختىنىڭ كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالغان ئىدى، ئۇ ئۆز خىيالىدىن كۈلدى. چۈنكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئابدۇغۇپۇرغا تەئەللۇق ئىش قارىلاتتى. ئابدۇغۇپۇر ئاللىقاچان ئەركىنگە ھۇجۇم باشلاپ، دەتالاشنى قايتا قوزغىۋەتكەن ئىدى. مۇنازىرە ئىرق ۋە مىللىي باراۋەرلىك مەسىلىلىرى ئۈستىدە شىددەتلىك داۋاملىشىۋاتاتتى، ئابدۇغۇپۇر كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى بېگىز قىلىپ، ئوڭ قولىنى ئالدىغا سوزاتتى، شىلتىيتتى، ئۇنىڭ ئاغزى قۇرۇپ، كالپۇكلىرىنى گەز باغلاشقا باشلىدى.

— ئىرقنى، مىللىي باراۋەرلىكنى تەتقىق قىلىشنى، — دەيتتى ئۇ ئۆزلۈكسىز كۆچىنىپ ۋارقىراپ، — ئەكسىيەتچىلىك دېيىشنىڭ ئۆزى ئۇچىغا چىققان ئەكسىيەتچىلىك، زوراۋانلىق.

— ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە، — دېدى مەتتوختى، ئۇ بۈگۈن نېمىشقىدۇ ئادەتتىكى سىلىق-يۇمشاقلىقىنى يوقاتقان ئىدى، — بۇنداق تەشۋىقاتلار كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئويۇنى، ئۇلار ئىرق، مىللىي باراۋەرلىكنى تەتقىق قىلىڭلار دەپلا ئاممىنىڭ دىققىتىنى قۇرۇق دەتالاشقا بۇرايدۇ، ئۆزلىرى كاپىتالىزم

لارغا، زېمىنغا سۈت بېرىپ كەلمەكتە، ئۇلار ئاسمان گۈمبىزىنىمۇ يەلكىلىرىدە كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك مەغرۇر كۆرۈنەتتى، قارلىق تاغلار دەريالارغا، دەريالار بولسا يېشىللىققا، ھاياتقا مەنبە ئىدى. دەريالار بولمىسا بىپايان يۇرتلار قۇم، تاشلىق، شورلۇق دەشتلەرگە ئايلىنىپ كېتەتتى، ئورمان، يايلاق، بوستان دېگەنلەر ئۆتمۈش رىۋايەتلىرى بولۇپ قالاتتى، گۈل چېچەك دۇنياسىنىڭ چىراي كۆرستىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ساۋۇت دەريانىڭ كېچە-كۈندۈز ئاقىدىغانلىقىنى، ئەسىرلەپ، مىڭ يىللاپ ئاقىدىغانلىقىنى ئويلىدى. قارلىق تاغلار مېھرى بولمىش شۇ دەريادىن ياشنىغان يۇرتتا تالاي ئادەملەر تۇغۇلدى، ياشىدى، ئۆلدى، يوقالدى. ئەۋلاتلار ئۈزلۈكسىز ئالماشتى، ئىنسان ئۆمرى ئېقىۋاتقان سۇغا ئوخشايدۇ، ئېقىپ بېرىپ بىر يەرگە سىڭىپ يوقىلىدۇ. تەبىئىكى ساۋۇتنىڭ ئۆمرىمۇ دەريادەك ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ، ساۋۇتتىن ئىلگىرى ئاققان دەريا ساۋۇتتىن كېيىنمۇ ئېقىۋېرىدۇ، ھالبۇكى دەريانىڭمۇ قۇرۇيدىغان-ئۆلىدىغان كۈنى بار، تاغنىڭمۇ يىقىلىدىغان چېغى بار. ئەمىسە زېمىن ھەممىگە مەڭگۈلۈك ئانىمۇ؟ زېمىننىڭمۇ، يەرشارىنىڭمۇ ھالاك بولىدىغان ۋاقتى بارلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەسقۇ؟ ئۇنداقتا ئالەمنىڭ ھەممىگە مەڭگۈلۈك ئۆلمەس يۆكسەك ئانا ئىكەنلىكى تەھقىقمۇ؟ ئالەمنىڭ ئانىسى يوقمۇ؟ ئالەمنىڭ تۆرىلىشى بار، يوقىلىشى يوقمۇ؟ ئالەم يارىلىش، تەرەققى قىلىش، ھالاك بولۇشتىن ئىبارەت ھاياتلىقنىڭ تۆمۈر قانۇنىيىتىنىڭ سىرتىدا تۇرامدۇ؟ ئالەم قانۇنىيەتلىرىنى قانداق كۈچ قانداق بەلگىلىگەن؟... ساۋۇتنىڭ پىكرى چىگىشلىشىپ كەتتى، بېشى چىڭقالدى، ۋاگىشىپ يېرىلغۇدەك بولدى، شۇ

— قويۇڭلار بۇ كازراپلارنى، — دېدى مەتتوختى قىزىرىپ تېرىكىپ، — بىز سىنىپى مەنپەئەتنى تالىشىمىز، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق تەنلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسىمۇ پرولېتارىياتقا نېمە پايدا؟ مىللى مەسىلە تېگى- تەكتىدىن سىنىپى كۆرەش مەسىلىسى، مىللىي باراۋەر- لىكمۇ شۇنداق. بىزگە لازىمى ئىشچىلارنىڭ ھەنىنىۋاغا رەھبەرلىك قىلىشى، كۆرەش، دۇنياغا كۆرەش ئوتىنى يېقىۋېتىش، كونا دۇنيانى كۆيدۈرۈۋېتىش، دۇنيانى ئوتتا تاۋلاش، جىن- شەيتانلارنى باستۇرۇش، ئۇلارغا سۆز ھوقۇقىمۇ بەرمەسلىك، ھېچقانداق ھوقۇق بەرمەسلىك! قۇرۇق نەزەرىيەلەرنى چۆرۈۋېتىڭلار، بىز جان ئالتىمىز. زىيالىي بىلەن تالىپ دېگەن بىر گەپ، تالىپلارنى تارىختىن بۇيان تىرىك كۆمۈپ كەلگەن، سېسىق زىيالىيلار ھايتاق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېتىشقا تېگىشلىكلىرىنى ئېتىپ، تىرىك كۆمۈشكە تېگىشلىك- لىرىنى تىرىك كۆممىگىچە زادى بولمايدۇ. بولمىسا قۇرۇق بىلىمگە تايىنىپ قوسۇر تاپىدۇ، ئاقساقاللىق قىلىپ خاپا سالىدۇ، ھايات- ماماتلىق كۆرەش دېگەن شۇ...

ئۇ گەپنى ئۈزۈپلا شەپقەتنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ نېرىراق جايغا ئېلىپ باردى، كېتىۋېتىپ "بۇ كاسكا زىيالىيلار بۇغداي بىلەن ئارپىنى ئايرىيالمايدۇ، يا تېرىقچىلىق، يا ھۈنەرۋەنچىلىك، ھېچبىر ئوقەتمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ، ھالىغا باقماي كۆرەڭلەپ كېتىشكىنىنى" دەپ ئويلىدى، توختاپ شەپقەتكە ھومايدى، ئادەتتىكى خاراكتېرىغا يات قوپال ئاۋازدا كۆزىگە قان تولغان يىرتقۇچتەك ھۆركىرىدى:

— بۇ سېسىقلار نېمانداق قۇترايدۇ؟ نازارەتنى كۈچەيتىڭلار، كالتەكتە ئايىماي دۇمبالاڭلار، كۆزىگە ئۆلۈم تاتلىق كۆرۈنسۇن!

— ئۇلار ئۆلۈۋالىدىغانلاردىن ئەمەس.

يولىغا ماڭىدۇ.
— بۇ تازا ئىلمىي بولماي قالدى، — دېدى ئەركىن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بۇنداق دېيىلگەندە...
— بۇ جۆيلىگەنلىك، — دەپ ئەركىننىڭ سۆزىنى تارتىۋالدى ئابدۇغوپۇر چالۋاقاپ، — كاپىتالىزىم بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنلا، ئىرق ۋە مىللى باراۋەرلىك مەسىلىسى مەۋجۇت ئىدى، نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا كىشىلەر بۇ مەنپەئەتنى تالاشقان. نەچچە مىڭ يىلدىن ئاۋۋالقى ئۇرۇقداشلىق جېدەللىرى بۇنىڭ باشلىنىشى ئىدى.
مەتتوختى ئەسلىدە مەمەدان ئىدى، بىلەرمەنلىك قىلىشقا ئابدۇغوپۇرنىڭ يول قويمىغانلىقى ئىززىتىگە تەگكەچكە، ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولدى. گەپلىرىگە ئۆز ئانا شېۋىسىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەي ۋارقىراپ كەتتى:
— پارتىيە ھەممىۋاغا رەھبەرلىك قىلىدۇ، پارتىيە تارىخقىمۇ رەھبەرلىك قىلالايدۇ، بىزنىڭ پارتىيە ئىشچىلارنىڭ پارتىيەسى، ئىشچىلار سىنىپى بارلىققا كېلىشتىن ئاۋۋالقى ئىشچىلارنىڭ جىمىسى بىكار گەپ.
— ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ۋە بەختسىزلىكى ئىشچىلار سىنىپى بارلىققا كەلگەن كۈندىن تارتىپ باشلانغان دەڭا، — دېدى ئابدۇغو-پۇر مەسخىرە ئاھاڭدا.
— ھە، ئەلۋەتتە شۇنداق.
ئابدۇغوپۇر قورسىقى ئاغرىغۇچە قاقاقلاپ كۈلدى.
— سەن ئۇنى ئىلەشتۈرمە، — دېدى ئەركىن ۋارقىراپ، — ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ۋە بەختسىزلىكى ئىنسانىيەت بارلىققا كەلگەن كۈندىن تارتىپ باشلانمامدۇ؟!

ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىياغىچە، شىمالدا سىبىرىيەدىن تارتىپ ئىدىل يەنى ھازىرقى ۋولگا دەرياسىدىن جەنۇبتا...

— بەس، ئاڭلىمايمەن! — دېدى ئەركىن قولىدا قۇلاقلىرىنى ئېتىۋېلىپ، — جۇغراپىيە ساۋاتلىرىنى تالاشماقچى ئەمەسمەن، سەن قائىدە ئۇقمايدىكەنسەن!

مۇنازىرە بارغانسېرى ئەۋجگە كۆتۈرۈلدى، شەپقەت قولىدىكى ئورغىقنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، چۆجە-خورازلار، ھەۋەسكار ئالىملار، ئەمدى ئىشقا چۈشەيلى. باشنى ئاغرىتماڭلار!

4

شەپقەتنىڭ تۇمانلىق مېڭىسىدە توختىماي چاقماق چاقاتتى، ئۇ خېلىدىن بېرى كەينىدىن توپان بالاسى، قارا بوران قوغلاۋاتقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ مەيدىسى ئاغرىپ، دېمى كېسىلىشكە ئاز قالدى. شتابتىن چىققاندا سىمىلداشقا باشلىغان يامغۇر ئەمدى كۈچىيىپ كەتتى، شەپقەت دەسلەپتە يامغۇرنىڭ بوران-توپلارنى بېسىۋېتىشىنى ئويلاپ خۇشالمۇ بولغان، ئەمدى بولسا يامغۇر تامچىلىرى يۈزىگە تاراسلاپ ئۇرۇلۇپ، يولنى كۆرۈشكە كاشال قىلىۋاتاتتى. دەممۇدەم تىنىجىق شامال سوقۇپ قويىدۇ، كۆڭلى ھاۋادىنمۇ پەرىشان، يول تاللىماي قوناقلىقنىڭ قىرلىرى بىلەنمۇ يۈگۈرۈۋەرگەچكە ئىشتان پۇچقاقلىرى لاي بولۇپ سۈزمە خالتىلىرىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى، دەسسەپ تۇرغۇدەك ھالى قالمايۋاتاتتى، ھارغىنلىق گېلىنى، قورقۇنچ يۈرىكىنى سىقاتتى. كىچىكرەك بىر

— ئۇلارنىڭ جېنى بىزگە ئامباردىكى زاپاس مالدەك كەپ.

— ئىككى ئېغىز گەپ تالاشقانغىمۇ شۇنچىۋالا پەيلى بۇزۇۇقلۇق كېتەمدۇ باشلىق، — دېدى شەپقەت كۇلۇپ، — تىللىرىغا تاش.

ۋارقىرىغان بوم ئاۋاز سۆھبەتنىڭ بېلىگە تەپتى، ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى، سابىر بوۋاي قارماق ساپلىرىنى دولىسىغا قويۇپ ۋارقىراپ، تىللاپ بۇ ياققا كېلىۋاتاتتى، چېلەك كۆتۈرگەن ساھىبجامال كەينىگە ئەگىشكىلىك ئىدى. چۇقاندىن بېلىقلىرى ئۇركۇپ قاچقاچقا، بوۋاي غەزەپتىن ئورۇن يۆتكەشكە ماڭغان بولسا كېرەك، ئالدى بىلەن ۋالاقتەككۇر ئابدۇغۇپۇرنى ئەدەبلەپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇمىغان ئوخشايدۇ.

بوۋاي ئابدۇغۇپۇرنىڭ قېشىغا باردى، قوللىرىنى يۇزىگە جۇنۇپ بىر نېمىلەرنى دەپ تىللىدى، ئاندىن ئەۋرە قىزىنى ئەگەشتۇرۇپ، دەريانى بويلاپ تۆۋەنكى ئېقىم تەرەپكە مېڭىپ، كۆزدىن غايىب بولدى. مەتتوختىمۇ بىردەم گۆشۇيۇپ تۇرۇپ كېتىپ قالدى، شەپقەت قايتىپ كەلگەندە مۇنازىرە تېخى داۋاملىشىۋاتاتتى.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ سويمەك، — دەيتتى ئەركىننىڭ گەپ تاپالماي تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇغۇپۇر ئۆز يۇرتى پەدىسىگە ئۆچكە مەرىگەندەك ئاۋاز چىقىرىپ كۇلۇپ، — ئاكاڭ قارىغاي رۇسچە، خەنزۇچىنى ئىچىۋالغانمەن، تارىخچىمەن، ئەدەبىياتقا باشى دېگىنە، تاۋارىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىنىسكىسىمەن. تاغاڭ ئارخېئولوگ بولسىلا سەن ھەممىنى بىلىپ كېتەلمەيسەن، تاغاڭ مەشەدە بولسىمىغۇ مېنى شەكسىز ياقىلايتتى. قۇملۇقلاردىن تېپىلىۋاتقان قەدىمكى قەبرىلەر، قورۇغان ۋە مۇميالانغان جەسەتلەر مېنىڭ كۆز قارىشىمنىڭ توغرىلىقىنى ئۇزلۇكسىز ئىسپاتلاۋاتىدۇ. شەرقتە كورىيەدىن تارتىپ غەربتە

بۇرۇقتۇم بولۇپ يۇرۇشەتتى، خەلق ئىگىلىكى گۇمران بولۇش گىرداۋىدا تۇرىۋاتاتتى، ھەرقانداق جان ئىگىسى تىرىكچىلىكنىڭ ئامالى قالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى، ھەممىلا ئادەمنىڭ نېرۋىسى بۇزۇلغاندەك ئىدى. نېرۋا تاللىرى قۇرۇق پەيدەك تارتىشىپ سەپرا مىجەز بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇستى-ئۇستىلەپ قىلىنىۋاتقان كۇشكۇرتۇشلەر ئۇلاردىكى "ساددا ھېسسىيات" دەپ ئات قويۇلغان تەلۋىلىكنى قوزغايتتى. بۇ تەلۋىلىك قوزغىلىپ غالجىرلىققا ئايلانسا، باشقىلار ئۇلارنى بالاغا تىقاتتى، شۇڭلاشقا تېگىپلا كەتسە ئوت ئالىدىغان مىلتىق دورىسىغا، پارتلايدىغان يانارتاغقا ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىرەر كادىر، بىرەر زىيالى ھەتتا ئادەتتىكى دېھقان بولسىمۇ "گېزەندە" دەپ تاشلاپ بېرىلدىمۇ، كالللىرى قىزىيتتى، كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلاتتى، ئاق-قارىسىنى سۇرۇشتۇرۇپ يۇرمەيلا پۇتۇن ئەلەم ۋە غەزەپلىرىنى شۇنىڭدىن ئالاتتى. تىل، مۇش ۋە تېپىكلەردە ئانىسىدىن ئىنسان بولۇپ تۇغۇلغىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلغۇزىۋېتەتتى، ئەبەدىي قوپالماس قىلىۋېتىشتىنمۇ يانمايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ قان تولۇپ كەتكەن ۋەھشى كۆزلىرىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالىدۇ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ بالىسى بولسىمۇ، دادىسى، ھەتتا ئانىسى بولسىمۇ، ئاياپ تۇرمايدۇ، ئۇلارنىڭ پارتلىغان ۋۇلقاندەك دەھشەتلىك غەزەپلىرى شۇنداق قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەرنى پەيدا قىلالايدۇكى، بەئەينى قىيامەت قايىم بولىدۇ. شەپقەت ئالاھىزەل بۇنىڭدىن ئۇچ ئاي ئىلگىرى شۇنداق "پۇخادىن چىقىش" يىغىنىدىن بىرنى كۆرگەن. چەكتىن ئاشقان شوئارلارنىڭ قۇترىتىشى، ھازازۇل ئاكتىپلارنىڭ ئوت قويرۇقلۇق قىلىشلىرى ئارقىسىدا، شۇ قېتىممۇ دېھقانلارنىڭ غەزىپى پارتلىغان ئىدى. ئەسەبىيلىشىپ، غالجىرلاشقان

توغراقزارلىقتا كەلگەندە، ئىختىيارسىز دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ قالدى. مېڭىسى بىردەم ئارام ئالسا ياخشى بولاتتى، بىراق بەدىنى ئارام ئالسىمۇ، مېڭىسى ئارام ئالدىغاندەك ئەمەس، مېڭىسىدە چاقماق چاقاتتى، كۆزلىرىدە ئوتلار ياناتتى، كۆز ئالدىدا قايچىلىشىپ بىر چاقناپ، بىر ئۆچۈپ تۇرغان نۇر قىلىچلىرى ئارىسىدىن بىردەم شىتاب، بىردەم ئەترەت باشلىقى كۆرۈنۈپ يوقىلاتتى، قولىقى تۈۋىدە ئەترەت باشلىقىنىڭ "بۇ تۇتقۇنلارنى دېھقانلارغا تاشلاپ بېرىش كېرەك، قانغۇدەك كۆرەش قىلىپ پۇخادىن چىققۇالسۇن!" دېگەن بۇيرۇقى ياڭرايتتى. بۇ بۇيرۇقنى ئۇ باياتىن شەپقەتنى شتابقا چاقىرتىپ يەتكۈزگەن ئىدى. ئەلۋەتتە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا مەتتوختى يېتەكچىلىك قىلىدۇ، بىراق تۇتقۇنلارغا شەپقەت نازارەت قىلىۋاتقانلىقتىن بولسا كېرەك، ئۇنى خەۋەرلەندۈرۈشكەن ئىدى. شەپقەت بۇ بۇيرۇقنىڭ ئارقىسىدىكى يوشۇرۇن غەرەزنىڭ سۈرلۈك كۆلەڭگىسىنى كۆرگەندەك بولدى. چۈنكى ئۇ بۇنداق "دېھقانلارنىڭ پۇخادىن چىقىشى"نىڭ پۇت - قولى يوق بالا - قازاغا يولۇقۇش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بۇ گۇناھكارنىڭ بوينىغا ئۆلۈمنامە ئېسىلدى دېگەن سۆز ئىدى. دېھقانلارنىڭ جەۋرى - جاپا، دەرت - دەشنام ئىچىدە ئەبجىقى چىققۇاتاتتى، ئۇلار ھازىر موھتاجلىق، ئاچ - يالىڭاچلىق، مەجبۇرىي ھەقسىز ئەمگەك، ئېتىز بېشى كۆرەش يىغىنلىرى، بىرلەشمە جەڭلەر، جانغا قادالغان ھاشارلار، قانلىق ئەلەم يىغىنلىرىدىن جاق تويغان، ئۇرۇقلاپ قاخشالدەك بولۇپ قالغان ئىدى. يىل بويى جان قېقىپ ئىشلەپ ئاخىرى قۇرۇق نومۇر يېزىلغان كېرەكسىز دەپتەرنى چاڭگاللاپ لېۋىنى چىشلەپ قالاتتى، ئۆچمنى ئالدىغان جاي تاپالماي

ئۇ، جان- جەھلى بىلەن يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. قوغلىغۇچە-
لارنىڭ بەزىلىرى توشقان قوغلىغاندىكىدەك قولىدىكى توقمىقىنى
ئۇنىڭغا ئاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىبېشى تونۇغۇسىز دەرىجىدە چاڭ
توپىغا مىلەنگەن ئىدى، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلاتتى، باش- كۆزىنىڭ
يېرىلغان جايلىرىدىن قان تەپچىپ، سىرغىپ ئاقاتتى، پۈتۈن
بەدىنىدىن تەر قۇيىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ تەقدىرى ياخشى
بولمىدى، ھەر يىگىرمە- ئوتتۇز چامدام ئارىلىقتا ئۇنى بىردىن
يىگىت كۈتۈپ تۇرغان ئىدى، ئۇ يۈگۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن
ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئالمىشىپ ئۇنى قوغلاپ ئۇراتتى. بۇ ھال
تەنتەربىيە مەيدانىدىكى كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنى
ئەسلىتەتتى، بىراق ئۇنىڭدىن كۆپ دەرىجىدە ۋەھشى، ياۋايى،
ياۋۇز ئىدى. ئۇ چارچىسىمۇ، قوغلىغۇچىلار چارچىمايتتى، ئۇنىڭ
يېزىنى توختىماي ئايلىنىپ يۈگۈرۈشى شەرت ئىدى. كىمدۇر كانايدا
"ئورغۇلۇق ياۋنى سۇر- توقاي قىلىپ" دەپ ئۈنلۈك شېئىر ئوقۇپ
تۇراتتى. "سۇر- توقاي قىلىش" تاكى ھېلىقى ئادەم دۈم چۈشۈپ
ئورنىدىن قايتا تۇرالمىغۇچە داۋاملاشتى، ئۇ ھالسىزلانغان، ئاغزى-
بۇرنىدىن قان كەتكەن ئىدى. يىغىندىكىلەر تارقىلىشقاندىن كېيىن،
خەلق ئەسكەرلىرى ئۇنى بىرتاغار ئوغۇتنى سۆرىگەندەك سۆرەپ
ئاپىرىپ، كالا قوتىنىغا تاشلاپ قويۇشتى. شۇ يەر ئۇنىڭ تۇرالغۇسى
ئىدى، ئۇ شۇ يىقىلغان پېتى قايتا ئۆرە بولالمىدى. ئەتىسى ئۇنىڭ
ئۆلۈپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى، تەكشۈرۈشلەردە ئۇنىڭ "ئۆزىنى
ئۆلتۈرىۋېلىش ئارقىلىق ئىنقىلابى ئامما بىلەن داۋاملىق قارشىلاشقان-
لىق" تەك چېكىدىن ئاشقان جىنايىتى ئېنىقلىنىپ يەكۈنلەنگەن بولدى.
سىنىپى دۈشمەنلەرنىڭ ئۆلگۈچە مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەيدىغانلىقى

دېھقانلار ئېچىرقىغان يىرتقۇچلاردەك ۋەھشى ئەلپازدا ئولجىسىغا تاشلىنىشتى. بۇ ئولجا شەھەردىن "ئۆزگەرتىش"كە چۈشۈرۈپ بېرىلگەن "كونا ئوقچى" كادىر ئىدى، دېھقانلار ئۇنىڭ گېزىتخانىدا ئىشلىگەن "ماقالە ـ كىتاب يازالايدىغان ئەكسىيەتچى يازغۇچى" ئىكەنلىكىدىنلا چالا ـ پۇلا خەۋەر تېپىشتى، ئۇلارغا شۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ ئاشاتتى. ئۇلار ئۇنىڭ بېشىغا قەغەز كولا كىيگۈزدى، تىللاپ يۈزىگە تۈكۈردى، قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ، قارلىغاچ قانىتى قىلىپ باغلاپ كۆرەش قىلىشتى، بۇ "رېئاكتىۋ ئۇچقۇغا ئولتۇرغۇزۇش" دەپ ئاتىلاتتى، ئاندىن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى تونۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن چېچىدىن قارماللاپ، بېشىنى كەينىگە قايرىشتى، قاپاقلىرىنى يېرىپ ئېچىپ، مۇشتۇملىرىنى كۆرسىتىشتى، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلا شىددەتلىك مۇشت ۋە پەشۋا مۆلدۈرى ئاستىغا ئېلىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەتراپلارغا مەشھۇر بولغان "سۇرتوقاي قىلىش" يەنى "قوغلاپ زەربە بېرىش ئۇسۇلى"نى ئىشقا سېلىشتى. كىمدۇر ئۇنى سۆرەپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ كەينىگە زەرب بىلەن بىرنى تەپتى، "يېزىنى ئايلىنىپ يۈگۈر!" دەپ بۇيرىدى. تىل ـ تاياقتىن گاراڭ بولۇپ قالغان ھېلىقى ئادەم كۆرسىتىلگەن تەرەپكە قاراپ جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئادەملەر يوپۇرۇلۇپ قوغلاپ كېتىشتى، گۇناھكار مۈدۈرۈمەسلىككە تىرىشاتتى، ئەگەر مۈدۈرۈپ كېتىپ يىقىلىپ دەرھال تۇرالمىسا، قوغلىغۇچىلار كېلىپ قېلىپ تاياق ئاستىدا قالاتتى ـ دە، ئاسانلىقچە قوپالمايتتى. يىقىلمىغان ھالەتتىمۇ كىم قوغلاپ يېتىۋالسا ئۇنى يەتكەن يېرىدە ئۇرۇپ يىقىتاتتى، تۇرالمىسا سۆرەپ تۇرغۇزۇپ يۈگۈرتەتتى. قوغلىغۇچىلارنىڭ توختاۋسىز كالتەكلىشىدىن ساقلىنىش، ئازراق تاياق يېيىش ئۈچۈن

ھېچكىم ھېچكىمنى بوزەك قىلمايدىغان ھەقىقەتپەرۋەرلىك ئورنىتىلىشىنى تىلەيتتى، ھەرقانداق ياۋۇزلۇققا ئاق كۆڭۈللۈككى يول قويمايتتى، ئادەملەرگە ئازار بېرىشتىن ۋىجدانى ئازابلىناتتى. ئەپسۇسكى بۇ ئاق كۆڭۈللۈك، بۇ ئازاب پەقەت ھېسداشلىق، ئېچىنىش، يوشۇرۇن نارازىلىق ياكى بىرنەچچە ئېغىز سۆزدە ئىپادىلەنگەن يۇمشاق قارشىلىق بىلەنلا چەكلىنەتتى، ئۇ ھېچقاچان قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىشتەك جۈرئەتكە، جاسارەتكە ئىگە بولۇپ باقمىغان. شتابتىكى بۈگۈنكى ئۈچرىشىشتىمۇ ئاساسەن شۇنداق بولدى. ئازراق پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ھەر قېتىمقىدىن قاتتىقراق بىرنەچچە ئېغىز سۆزدە نارازىلىق بىلدۈرۈشكە غەيرەت قىلدى. ئەترەت باشلىقى قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ دېدى:

— مەن يېقىنقى بىر ۋەقەنى ئېيتىپ بېرەي، سىز ئويلاپ بېقىڭ: بىزنى قوللىغان ھاكىمنى يالقۇنچىلار كېچىدە تۇتۇپ كېتىپتۇ، قاراڭغۇ ئۆيگە ئەپكىرىپ يالىڭاچلاپ، تۇرۇستىكى لىم ياغاچقا بارماقلاپ ئېسىپتۇ. ئاندىن نۆۋەتلىشىپ سىم قامچىدا پوخادىن چىققۇچە ساۋداپتۇ، دۈمبىسىنى پىچاقتا قوغۇن تىلغاندەك تىلىم-تىلىم قىلىپ قانغا بويىۋېتىپتۇ. قاسساپلارنىڭ كانارىدىكى تۆمۈر تاغاقتا تارىغاندەك يول-يول تىلىۋەتكەن گۆشلىرىنى كۆرگەنمىدىڭىز، دەل شۇنداق قىلىۋېتىپتۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ۋەھشى ئادەم قاسساپلىرى ھاكىمىمىزنىڭ قارىغۇسىز دەرىجىدە تىتما-تالاڭ بولغان دۈمبىسىگە باشتىن-ئاياغ ماتا چاپلاپتۇ. بىر كېچە-كۈندۈز تۇرغۇزۇپ، جاراھەت ماتا بىلەن بىرىكىپ قاتقاندىن كېيىن، ماتانى بىرچەتتىن تۇتۇپ كۈچەپ تارتقان ئىكەن، ھاكىم ئاغىمىز دات-پەريات كۆتۈرۈپتۇ،

ھەققىدە ئامىۋى تەرىبىيە ئېلىپ بېرىلىدى. ئۇنىڭ جەسىدى پاكىت سۇپىتىدە سۇرەپ تاتقۇشلىنىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، يېزا چېتىگە كۆمۈۋېتىلدى. ئەتىكى "پۇخادىن چىقىش" يىغىنىنىڭ بۇ ئىككى تۇتقۇنىنىڭ بېشىغىمۇ ھېلىقى مەرھۇم كۆرگەندىن بەتتەر پاجىئەنى سالىدىغانلىقى ئايدەك ئېنىق ئىدى. شەپقەتنىڭ كۆز ئالدىدا شتاب يەر تەۋرىشىدە تەۋرەۋاتقاندەك، ئەترەت باشلىقى چايقىلىپ، سەندىرەكلەپ، ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا سوقۇلۇۋاتقاندەك كۆرۈندى، يەنە ھەممە نەرسە غايىب بولدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، يامغۇرلۇق ئېتىزلار تۇتەك ئىچىدە ئاقۇش ھورغا پۈركىنىپ كۆز يېتىم يەرگىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇ ئېسىنى تەستە يىغدى، بىراق كۆڭلىدىكى ۋەھىمە، ئەندىشە تارقالمىدى. تېز-تېز ماڭدى، لېكىن ئاياقلىرى بىرنەچچە قېتىم بىر-بىرىگە پۇتلاشتى، بېشى ئايلىنىپ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە چۆگۈلەيتتى، دەسسەپ تۇرغان يەرمۇ كۆمتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئىدى. ئۇ توختاپ يۈزىنى ئاسمانغا قىلىپ يامغۇرغا تۇتتى، شارقىراپ چۈشۈۋاتقان يامغۇرنىڭ سۈيى يۈز-كۆزىنى بىردەم يۇيغاندىن كېيىن، كاللىسى بىر ئاز سەگىگەندەك بولدى، مەستەك دەلدەڭشىپ يەنە ئالغا ماڭدى.

شەپقەت يالقۇنچىلارنىڭمۇ ياخشى كۆرمەيتتى، بىراق قاراپ تۇرۇپ ئۇلارنى قىيناشقا، جان ئازابىدا تولغىنىۋېزۇپ ھۆزۈر ئېلىشقا چىدىمايتتى. ئۇ شەخسنىڭ ھوقۇقىنى، كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى ھۆرمەتلەشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلاردىن ئىدى. ئادەم دېگەن يەر-يۈزىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە، ئەڭ كاتتا بايلىق، ئۇلۇغ مۆجىزات، ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى ئېتىراپ قىلىش لازىم دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئالەمدە

خاس بوشاڭلىقى ئۆزىنى كۆرسەتتى. چىرايى تاتاردى، سارغايدى، ئۇ دەلدەڭشىپ ئاغرىق ئادەمدەك ئورنىدىن تۇردى، تىك تۇرالماستىن تامغا يۆلەندى، چىشلىرى كىرىشكەندەك، بەدىنى دىرىلدىگەندەك بولدى، پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ ئالمان-تالمان ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئۇ ئەركىن قاتارلىق سەپداشلىرىغا يەتكۈزدۇ، كېچىچە تېگىشلىك تەييارلىقلار كۆرۈلدۇ، ئەتە ئەتىگەندە مەتتوختى كېلىپ دېھقانلارنى توپلاپ "پۈخادىن چىقىش"نى باشلايدۇ. دېھقانلار بالا-قازانىڭ قارىسىنىڭمۇ ئۆزىگە يۇقۇپ قېلىشىدىن قورقىدۇ، دېھقانلارنىڭ نەزىرىدە پالاكەت باسقانلار بىلەنلا كەتكىنى تۈزۈك، تەقدىرمۇ تاللايدۇ-دە، ئاخىر. دېھقانلار ئۇلارنى ئۆزلۈكىدىن تۇتۇپ چىقىشنى يوققۇ، كىم ئۇلارغا تەتۈر پېشانە بولسۇن دەپتۇ، ئۇنداق پايتىمىسىنى تەتۈر يۆگىگەنلەرنىڭ كۆرەر كۈنى قىيامەت، ياتار جايى قاراڭغۇ گۆر بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ، ئۆزلىرىگە شامال دارىمىسىلا بولغىنى. شەپقەتنىڭ كۆزىگە ساۋۇت بىلەن ئابدۇغۇپۇرنىڭ ئىتلار قوغلىغان توشقانلاردەك ئۇي-دوڭغۇللارغا قارىماي بەدەر قېچىۋاتقان، كەينىدىن دېھقانلارنىڭ ئۇر كالتەك-سۇر كالتەك قىلىپ ۋارقىرىشىپ قوغلاپ كېتىۋاتقان مەنزىرىسى كۆرۈندى. ئاھ، نېمىدىگەن دەھشەت، ئۇ ئۆيگە قايسى يۈزى بىلەن كىرەلەر، ئىچىگە ۋەھشى ياۋايىلىق يوشۇرۇنغان بۇ قىسقىغىنا دەھشەتلىك خەۋەرنى سەبداشلىرىغا قايسى ئاغزى بىلەن يەتكۈزەر؟ ئاق كۆڭۈل، ئاق ساقال بوۋايىغا، بۇلاق كۆز، نازۇك ساھىبجامالغا نېمە دەيدۇ؟ ئۇ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالىغۇدەك ھالدا ئەمەس ئىدى. شتابتىن ئۆزىنىڭ قانداق يۈگۈرۈپ چىققانلىقىنى، ئىشىك ئالدىدا تېيىلىپ، يىقىلىپ يەنە قانداق تۇرغانلىقىنى، ئۇدۇل

دۇمبىسىنىڭ ھەممە تېرىسى بىراقلا سويۇلۇپ چىقىپتۇ، قىپقىزىل گۆشتىن قان دەسلەپ تەپچىرەپ، كېيىن سىرقىراپ ئېقىپتۇ. ھاكىمىمىز، ئاكىمىز، جان-جىگىرىمىز، نۇر يۈزلۈكىمىزنىڭ جېنى مىڭبىر ئازابتا چىقىپتۇ. مەن شىمالدىمۇ بولغان، ئادەملەر شىماللىق-لارنىڭ قىشتىكى ئىت ئۆلتۈرۈشىنى ۋەھشىلىك دەيتتى. ئۇلار كېتىۋاتقان ئىتنى ئۇزۇن ساپلىق تۆمۈر ئىلمەكتە بۇرنىدىن ئىلىۋېلىپ، بىرلا تارتىپ تېرىسىنى پۈتۈن پېتى سويىۋېلىپلا، ئۆزىنى تىرىك يالىڭاچلاپ قويۇۋېتىدىكەن، يالقۇنچىلارنىڭ قىلغىنى ئۇلارنىڭ-كىدىنمۇ ئۆتە ۋەھشىلىك ئەمەسمۇ؟!

بۇ پاجىئەنى ئاڭلاپ، شەپقەت ئەس-ھۇشىنى تامامەن يوقۇتۇپ قويدى. ھاكىم ئۆلۈمنىڭ ئېچىنىشلىق بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئۇ بەزىلەردىن ئاز-تولا ئاڭلىغان، لېكىن بۇنداق تەپسىلى ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ لەۋلىرى ئاران قىمىرلىدى:

— ۋەھشىلىك!

— ئۇلارنىڭ بۇ ئوتتۇرا ئەسىرچە ۋەھشىلىكىگە بىز قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرىمىزمۇ؟

— ۋەھشىلىككە ۋەھشىلىك بىلەن قارشى تۇرۇش ئاقىلانىلىق بولماس.

— يۈزدە-يۈز ئاقىلانىلىق!...

شەپقەت يەنە نېمىدۇ دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، ئەترەت باشلىقىنىڭ كۆزلىرىنىڭ سۆرۈنلىشىپ، رەھىمسىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. گېپىنىڭ ئاخىرى چىشلىرىنىڭ ئارىسىدا قالدى، قارشىلىشىشقا قۇربى يەتمىدى، ئاق كۆڭۈللۈكتىكى، ئۆزىگە

قىزىل لاتا باغلانغان ئۇزۇن خەنجىرىنى چىقىرىپ بىر ئۇرۇپلا شىرەگە سانجىدى، قاتتىق بىر ۋارقىراپ بولۇپ، ئېمىشقىدۇر ئاۋازلىق يەل قويۇۋەتتى، يىغىن ئەتراپىدىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى. چۈنكى بۇ يەرلىكلەر ئاممىۋى سورۇندا بۇنداق قىلىشنى ئەدەبسىزلىك، مەدەنىيەتسىزلىك دەپ بىلەتتى. كۈلكىگە لى لۇەنشىنىڭ ئاچچىقى كەلدى بولغاي، گېلىنى قىرىپ تۈككۈردى، "ئاناڭنى...!" دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ، يېنىدىكى ئورۇندۇقنى بىرلا تېپىپ تاراقلىتىپ ئۆرۈۋەتتى. ۋاراڭ-چۇرۇڭ، قايناشقا باشلىغان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك شىپپىدىلا بېسىلدى. لى لۇەنشى مەردانە نۇتقىنى توسالغۇسىز داۋاملاشتۇرۇۋەردى، بۇ قىلىقلار شەپقەتنى سەسكەندۈردىمۇ ياكى بۇ ياقلارغا يات ئادەت بولغاچقىمۇ، شەپقەتنىڭ ئېسىگە چوڭقۇر ئورناپ قالغان ئىدى. كېيىنرەك شەپقەت لى لۇەنشىنىڭ ئاددىي ئادەم ئەمەسلىكىنى چۈشەندى. ئۇ ئەسلى ۋىلايەتلىك دارىل مۇئەللىمىننىڭ بوغالتىرى ئىكەندۇق، كېيىن خىيانەتچىلىكى پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپتۇ. سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئاخىرلاشقاندا، كۆكتال كەنتى قاراشلىق گۇڭشېنىڭ پارتكوم سېكرېتارى بولۇپتۇ. كەنتتە دېھقانلارنى تىللاش، ئۇرۇش، قارىغۇ ئۆيگە قاماپ ئۇر-ئۇر قىلىش، ئېرىنى ھاشارغا ئەۋەتىۋېتىپ خوتۇنىنى بوزەك قىلىشتەك قەبىھلىكلەرنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى شۇ مەزگىلگە توغرا كېلىدىكەن. ئۇنى ھازىر "كەلكۈن" تەشكىلاتىنىڭ باش بۇيرۇقدارى، دېھقانلار قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن بۇيرۇقدارى، يەنە تېخى ۋىلايەتلىك خەلق قوغداش گۇرۇپپىسىنىڭمۇ ئەزاسى دېيىشىدۇ، ئېتىش-چېپىش ھوقۇقى قولىدا. ئۇ بىكارغا ئىسمىنى "دۇنيانى قالايمىقان قىلغۇچى" دېگەن مەنىنى بېرىدىغان "لى لۇەنشى"گە ئۆزگەرتمە-

كەلگىنچە ئېرىقلارنى ئاتلاپ، زىرائەتلەرنى دەسسەپ، چاتقاللارنى قايرىپ ئۆتۈپ يۈگۈرگەنلىكلىرىنى بىلمەيتتى. سۆھبەتتىن كېيىنكى ئىشلاردىن ئېسىدە قالغىنى يامغۇرنىڭ شارىلدىشى بىلەن پاتقاقنىڭ شالاپلىشىلا ئىدى. بۇ ئوڭدىكى ئىشلارمۇ ياكى چۈشىدىكىمۇ، پەرق قىلالمايتتى، چۈشى بولۇشىنى، بۇ چۈشتىن بۇرۇنراق ئويغىنىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بەلكىم بۇ ئىسسىتمىسى ئېشىپ قالغانلىقتىن ئوڭدا كۆرۈلۈۋاتقان قارابېسىش بولۇشى مۇمكىن، ئادەم دېگەن ئاغرىپمۇ قالىدىغۇ.

يامغۇر توختىماي ياغاتتى، سوغۇق شامال يۈزىگە ئۇرۇلاتتى، شەپقەت ئىچىگە بىر تىترەك كىرىۋالغانلىقىنى سەزدى. ساۋۇتلارنىڭ جان تالىشىپ ئازابلىنىشىنى كۆرۈشكە ئۇ قانداق چىدايدۇ؟ ئۆزى قول سېلىپ قىينىشىپ بېرىشى كېرەكمىش تېخى. ئۇ — شەپقەت ئۆمرىدە ئادەم تۇغۇل بىرەر قوچقاچنىمۇ تۇتۇپ، قىيناپ باقمىغان تۇرسا، بۇنداق قىيناقنى خالاشنىڭ ئۆزى بىر روھىي رەسۋاچىلىققۇ. قارا يۈرەك رەھىمسىزلەرگە مىڭ لەنەت! ئۇلاردا نېمىشقا تېرىقچە ئىنساپ، تېرىقچە ئىنسانلىق يوقتۇ پەرۋەردىگارا...؟. ھەي، بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماسلىقنىڭ بىرەر ئامالى بولارمىدى؟ ئۇنى بۇيرۇقدار لى لۇەنشى شەخسەن ئۆزى چۈشۈرگەن تۇرسا، ئۇ ئارىلاشقان ئىشنى رەت قىلغىلى كىمنىڭ ھەددى ئىدى؟! لى لۇەنشىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن يىغىن ئېسىگە كەلدى، ئۇ نەچچە مىڭ دېھقان قاتناشقان سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئىدى. شەپقەت مۇنبەرگە يېقىن جايدا ئولتۇراتتى، لى لۇەنشى ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى توغرىسىدا يەرنى تېپىپ، شىرەنى مۇشتلاپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، جان-جەھلى بىلەن سۆز-لەيتتى. بىر چاغدا ئۇ ماڭقىسىنى ئىچىگە تارتىپ يۇتتى-دە، دەستىسىگە

جىنايەتلىرىمۇ پاش بولۇپتىمىش، مەتتوختى ئۇلارنىڭ جىنايى ماتېرىياللىرىنى ئالغىلى باش شتابقا — لى لۇەنشىنىڭ قېشىغا كېتىپتىمىش. چۈمۈلىگىمۇ ئازار بېرىشتىن قورقۇدىغان بۇ ئىككى توخۇ يۈرەك ئاسماننى ئۆڭدا، يەرنى دۈمدە قىلىۋەتكەندۇ، تايىنلىق. شەپقەت مېيىقىدا سوغۇق كۈلۈپ قويدى. ئۇلار ئائىلە كېلىپ چىقىشلىرىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتقانىدەك قىلىۋىدى، ھەقچان "ئىتنىڭ كۈچۈكى"، "چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر"، "ۋەتەن خائىنى"، "نەق ئەكسىلئىنقىلابچى" دېگەندەك مودىغا ئايلانغان ماتېرىياللار تېپىلىشقا باشلار، شەپقەت مۇنداق ماتېرىياللارنىڭ قانداقىسىگە چاپسان پەيدا بولۇشلىرىنىمۇ تولا كۆرۈپ چۈشىنىپ كەتكەن. بۇنداق پاكىتلارنىڭ تېپىلىشى چاپسان، ئىشەنچلىكلىكى مۇتلەق، سالمىقى چەكسىز بولاتتى، مەڭگۈ ئاغدۇرۇلمايتتى... "يارەببىم ئاللا، گۇناھلىرىمغا مىڭ تەۋبە، بىر چارىسىنى قىل!" دېدى ئۇ ياقىسىنى چىڭ سىقىملاپ ئاسمانغا قاراپ، ئاندىن دەلدۈگۈنۈپ يەنە ماڭدى. ئۇنىڭ پۈتۈن يۈرەك-باغرى ئەلەم-زەرداپقا تولۇپ كەتكەن ئىدى، شەپكىسىدىن ساقىۋاتقان سۇ تامچىلىرى مەڭزىدىن سىرغىپ ئاقاتتى، ئۇنىڭ بۇلار بىلەن كارى بولغىدەك ھەپسىلىسى قالمىغان ئىدى. ئۇ باشقا نەرسىلەرنى ئويلاشقا زورلىنىپ باقتى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر قىزنى ئويلىماقچى، ئۇنىڭ خۇمار كۆزلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكچى بولدى، كەلتۈرەلمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا يىراقتىن، ئېغىر قورغۇشۇن بۇلۇتلار باسقان ئۈپۈقنىڭ نېرىسىدىن، گۈلدۈرماما سادالىرى ئارىسىدىن ئەترەت باشلىقىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى:

— ئۇلار جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم! — دەپ توۋلايتتى ئەترەت باشلىقى بوم ئاۋازدا دېۋىدەك ھۆركىرەپ، — يالقۇنچى

گەن ـ دە! ئۇنىڭدا شۇنداق ئالەمنى مالەم قىلىشتەك يۈكسەك نىيەت، ئۇلۇغۋار ئىرادە بار، ئۇنىڭ نامى شۇ قەدەر قۇدرەتلىككى، ئاڭلىسىلا يىغلاۋاتقان باللارمۇ يىغىسىدىن توختايدۇ. ئۇنىڭ گېپىنى يىرغىلى، شەپقەتتە ئاتىنىڭ كاللىسىدەك يۈرەك بارمىدى؟ شەپقەتتەكلەر ئۇنىڭ بىرتال مويىغىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۇ تۈگۈل ئۇنىڭ، يۈزى داپتەك يوغان، سېمىز خوتۇنىمۇ ئۆزىنى مۇشۇ ئۆپچۆرىدىكى بارلىق خوتۇن زاتىنىڭ سەركىسى ھېسابلايدۇ، تېرىسىگە پاتماي ئۆردەكتەك ئېغىناق-لاپ، ۋاقىلداپ ماڭىدۇ. بۇنداقلارغا خۇدا ئۆزى تەڭ كەلمىسە بەندە تەڭ كېلەلەمتى؟ كىشىنىڭ قىساسى كىشىدە قالماس، ئايىنىڭمۇ ئونبەشى قاراڭغۇ بولسا، ئونبەشى يورۇق بولىدۇغۇ، تەقدىر ئۆزى تەڭشەر... ئى خۇدا، يامغۇرنى بولسىمۇ ئۈزۈلدۈرمە، چېلەكلەپ تۆكۈۋەرگىن، ئاسمانىنىڭ تۈۋىنى تېشىۋەتسەڭمۇ مەيلى، ھېچبولمىغاندا شەپقەت ”ئۆپكەمگە سوغۇق تەگدى“ دەپ يالغان يۆتىلىپ يېتىۋالىدۇ، كۈرەش يىغىنى دېگەن تۈتەك پەردىسىگە يوشۇرۇنغان ئەتىكى جازا مەيدانىغا بارمايدۇ، نېمە قىلسا ئۇلار ئۆزلىرى قىلىۋالامدۇ، ئۇ ئارىلىشىپ قالمىسىلا، گۇناھقا شېرىك بولمىسىلا بولدى. چەتتىن كۆرگۈچى بولسىمۇ ياخشىراق ئىدى، ياق، ياق، كۆز بىلەن كۆرۈشكىمۇ تاقىتى يەتمەيدۇ. ئى تەقدىر پەلەك، ئادەم بىلەن قېرىشمىساڭ نېمە بولار؟ يامغۇر تورلىرى ئارىسىدىن شەپقەتنىڭ كۆزىگە بىردىنلا ئابدۇغوپۇر بىلەن ساۋۇت كۆرۈنگەندەك بولدى، ئۇلار نېمىشقىدۇ قوللىرىدا يوغان بىر ھەيكەلنى كۆتۈرۈۋالغان ئىدى، ئابدۇغوپۇرنىڭ ئاغزى بېسىلماي مىدىرلايتتى. بىراق ئاۋازى، چىقمايتتى... بىچارىلار، شەپقەت ئەتە ئەتىگەندە جازا مەيدانىغا بارمىغان بىلەنمۇ، ئۇلار ئوخشاشلا پاجىئەگە دۇچار بولىۋېرىدىغۇ. ئۇلارنىڭ شۇنچە نېمە گۇناھى بار ئىدى، ئېغىر

غۇپۇرنىڭ ئىزدىنىش تىرىشچانلىقلىرى بىرتىيىن بولماقتا، بىھۇدە خاراب قىلىنماقتا! تالانتلىق، بىلىملىك بولۇش گۇناھمۇ؟ ئىقتىدارسىز، بىلىمسىزلەر نېمىشقا قەدىرلىنىدۇ؟ نېمىشقا دۇنيادا ئەقىللىقلار بەختسىز، دۆت-كالۋالار پېشكەلسىز بولىدۇ؟ ئابدۇغۇپۇر دائىم تەكرارلايدىغان "ئەقىللىقنى ئاپەت باسار، ئەقىلسىزنى ئامەت" دېگەن يەكۈننى بىر قانۇنىيەت دېيىشكە بولامدۇ؟ بىرەر مىللەت، بىرەر دۆلەت زادى قانداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ تالانتلىق، بىلىملىك ئادەملىرىنى كېرەك قىلماي چۆرۈۋېتىدۇ، دەپسەندە قىلىدۇ؟ قانداقتۇ شەخسلەرنىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرىنىڭ قىساس قۇربانى قىلىپ بېرىدىغان بولۇپ قالىدۇ؟ قىساس، قىساس! ئۇ قايسىدۇر بىر كىتابتىن ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى لېۋ. تولستوينىڭ "قىساس ئېلىش ياۋايىلىقتۇر" دېگەن سۆزىنى ئوقۇغانلىقىنى ئەسلىدى. بۇ سۆز ئۇنىڭ ئېڭىغا قاتتىق تەسىر قىلىپ، يۈرىكىگە ئورناپ قالغانىدى. شۇنداق، شەپقەت قىساس ئېلىشنى تەشەببۇس قىلمايدىغان ئادەم. لېكىن قىساس ئالغاندىمۇ، ھېچ بولمىغاندا نىشان، گەدىنىدە قىساس بار ئادەم بولۇشى كېرەكتە. قىساس! شەپقەت قوللىرىدا قولاقلىرىنى مەھكەم ئەتتى، بىراق "قىساس...!" دېگەن سادا بېسىلمىدى، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولدى. ئۇ قولاقلىرىنى چىڭ ئەتكىنىچە، جېنىنىڭ بېرىچە يۈگۈرۈشكە باشلىدى، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بۇ لەنىتى ئاۋازدىن بىردەمگە بولسىمۇ مېڭىسىنى قۇتقۇزۇش كېرەك ئىدى.

## 5

ئۇ قاش قارايغاندا ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

باندىتلار، تۈنۈگۈن كېچە بىزنىڭ "سەكرەش" ئىشلەپچىقىرىش دادۇ-
يىمىزگە باستۇرۇپ كىردى، بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، ئۆيلەرگە ئوت
قويۇپ، بىر مەھەللىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋەتتى، ئىككى نەپەر باتۇ-
رىمىزنى ئۆلتۈردى، بىر كىچىك بالا كۆيۈپ كەتتى، تۆت ئادەم يارى-
لاندى. تېخىمۇ قەبىھ بولغىنى شۇكى، ئۇلار بىزنىڭ ئەسىرگە
چۈشكەن بىر ئادىمىمىزنى قىيناپ ئۆلتۈردى. بىزنى قوللىغان ھاكىم-
نىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇۋالدى. بىزمۇ ئۇلارنىڭ رەڭگە تۇتۇلغان
بۇ ئىككى ئادىمىنى ئەدەبلەپ "ساۋاق" بېرىپ قويمىساق بولمايدۇ،
قىساس ئالمىساق بولمايدۇ، قىساس!...

شەپقەتنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە «قىساس» دېگەن سۆز تەكرارلىنىشقا
باشلىدى. دەسلەپتە ئاستا-ئاستا تەكرارلىنىپ، كېيىن بارغانسېرى
كۈچىيىپ، يامغۇرنىڭ شارقىرىشىنى بېسىپ كەتتى، گۈلدۈرمامىنىڭ
گۈلدۈرلىشىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. گويا ھەممىلا يەر، جىمىكى كائىنات
"قىساس!" دەپ توۋلاشقا باشلىدى. ئاھ، قىساس، قىساس، كىمدىن
ئېلىنماقچى بۇ قىساس؟ قويدەك ياۋاش ئىككى ئىنساندىنمۇ، بىلىملىك
ئىككى مۇئەللىمدىنمۇ؟ ئۈمىدلىك سەنئەتكار ۋە تەتقىقات ھەۋەس-
كارىدىنمۇ؟ ھەيكەلتىراشلىق، كۈيشۇناسلىق، نەزەرىيىچىلىك مەدەنىيەت
تەرەققىياتىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم ئامىل ۋە
بەلگە ھېسابلانمامدىكەن؟ مىللەتنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىشەنچىسىنى ئاشۇ-
رۇشتا رول ئوينىمامدىكەن؟ شەپقەت بىرەر ئادەمنىڭ شۇنچىلىك
بىلىمگە، ئىقتىدارغا ئېرىشىشى ئۈچۈن قانچىلىك ئەقىل-پاراسەتكە،
جاسارەتكە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى تەخمىنى بىلەتتى، قانچىلىك
ئەجىر، جەۋرى-جاپا مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى
خىرە قىياس قىلالايتتى. ساۋۇتنىڭ يۈكسەك بەدىئىي تالانتى، ئابدۇ-

كىن؟ ياق! بۇنداق رەھىمسىزلىكنى قىلىشقا ئۇنىڭ يۈرىكى چىدىمايدۇ. ھېچنېمىگە ئارىلاشمىغانمۇ تۈزۈك، ۋەزىيەتنى نېرى-بېرى قىلالايدىغان ھوقۇقىمۇ يوققۇ؟ ئۇنىڭ مېڭىسى قارىمۇقارشىلىقلار بىلەن تولغانىدى. يارەببىم، ھەر ئىشنىڭ يولىنى ئۆزەڭ قىل!

شەپقەت كىيىم ئالماشتۇرۇپ بولۇپ بىرئاز ئۇخلانغاندەك بولدى. ئاللىقاچان غىزا يېيىلىپ بولغان ئىدى، ساھىبجامال ئۇنىڭ تامىقىنى ئىسسىتىپ كىردى. تاماق بىر قاچا ئوماچ بىلەن يېرىم زاغرا ئىدى، ئۇ مىڭ بىرمۇشەققەتتە ئوماچنىلا ئىچەلىدى، گېلىدىن بىرنەرسە ئۆتمەيتتى. يەنە بىرئاز ۋاقىت شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى، شەپقەتنىڭ يالغانچىلىق، ساختىپەزلىككە يات تەبىئىتى ئاخىرى يەنە ئۆزىنى كۆرسەتتى، ئۇ تىلى بارماي تەسلىكتە ئەتە ئىككى تۇتقۇننىڭ چوڭ يىغىندا كۆرەشكە تارتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۆزىگە گويا ئاغزىدىن سۆز ئەمەس، ئوت چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. گېپىنىڭ ئاخىرىنى قايغۇ-ئازاب ئىچىدە پىچىرلاپ توختىتىپ، يىغلىۋېتەيلا دەپ قالدى.

ئۇنىڭ ئاۋازىلا ئەمەس، ئۆزىمۇ تىترەۋاتاتتى، ئۇ بۇ كۆرەش يىغىنىنىڭ پەردىسى ئارقىسىدا قورقۇنچلۇق خەۋپ يوشۇرۇنغانلىقىنىمۇ پۇرىتىپ ئۆتتى. ئۆي ئىچىدىكىلەر تىمتاسلىق ئىچىدە قېتىپ قالغاندەك ئولتۇرۇشاتتى، پەقەت پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بۇ ئۇشتۇمتۇتلۇقتا بولغان ئەجەبلىنىش ۋە سوئال ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ ئاشۇ مەتتوختى دېگەننىڭ قىلغان ئىشى، گەپتە ئۇتتۇرۇپ قويۇپ ئۆچ ئېلىۋاتىدۇ، ناكەس نەرسىكەن، — دېدى ئابدۇغوپۇر ئۇغىسى قايناپ، — سوئال سوراق قىلىمىز دەپ سۆرەپ يۈرۈشتى، ئىشلىتىمىز دەپ يىلىكىمىزنى قۇرۇتتى، ئەمدى بۇ يەنە نېمە گەپ؟ بىز قاچانغىچە ئۇلارنىڭ دۇمبىقى بولۇدىكەنمىز، ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە

ئۆي ئىچى سوغۇق ئىدى، سابىر بوۋاي سۇپىنىڭ تۆرىدىكى يىرتىق كۆرپە ئۈستىدە يانپاشلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ساۋۇت دۇتار تەڭشەۋاتاتتى. ئابدۇغۇپۇرنىڭ ئاۋازى يەنىلا چاڭىلدايتتى. هاۋا يامان بولغاچقا ئۇلار ئىشتىن بالدۇرلا چۈشكەنىدى. ئابدۇغۇپۇر ئەركىن بىلەن مۇنازىرلەشكەچ شاھمات ئويناۋاتاتتى. بىر ئۇرۇقنى يۆتكەپ قويۇپ، چارەك سائەت سۆزلەيتتى. سۆز بۇنىڭدىن بەش-ئالتە مىڭ يىل ئىلگىرىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرمەدەنىيىتى ئۈستىدە باراتتى. شەپقەت بوسۇغىدىن ئاتلاپلا تۇرۇپ قالدى. ساۋۇت بىلەن ئابدۇغۇپۇرنى كۆرۈپ يۈرىكى ئىچىشىپ كەتتى، يان ئۆيدىن چىققان ساھىبجامال ئۇنىڭ چىرايىنىڭ قانسىراتقان ئۆپكىدەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى، بىرەر كىلىشمەسلىككە ئۇچرىغاندىمۇ ياكى سوغۇق تەككۈزۈۋالغاندىمۇ دەپ پەرىشان بولدى. "ئىگىنلىرىنى يەڭگۈشلىۋالاملا"، "ئوت يېقىپ بېرەيمۇ؟" ۋە هاكازا دەپ كۆيۈپ پىشتى. لېكىن شەپقەت ئۈنچىقمىدى، پەگادا خېلىغىچە زۇۋان سۈرمەي تۇتقۇنلارغا قاراپ تۇردى، تۇتقۇنلارنىڭ بولسا پەرۋايى پەلەك ئىدى. شەپقەتنىڭ كۆز ئالدىدا ئەترەت باشلىقىنىڭ مۇز يېغىپ تۇرغان چىرايى يەنە پەيدا بولدى. بۇلارنى بۇگۈن كېچە قاماش، ئەتە ئەتىگەندە...

شەپقەت كېسەل ئادەمدەك ئېغىر ئۇھ تارتتى، ساھىبجامال ئېلىپ چىققان كىيىم-كېچەكلىرىنى كۆتۈرۈپ يان ئۆيگە ماڭدى. دېمىسىمۇ هۆل كىيىمدە توخۇئەت بولۇپ كەتكەنىدى، بىراق پۇتلىرى ئىختىيارىدا ئەمەستەك ئۆزىگە ياخشى ئىتائەت قىلمايتتى. هېلىقى بۇيرۇق قىزىق پىچاقتەك يۈرىكىنى قوچۇيتتى، كۆكرىكىنى تۆگمەن تېشىدەك بېسىپ مۇجۇيتتى. قانداق قىلسۇن؟ شۇم خەۋەرنى بۇلارغا ئېيتسۇنمە-

شەپقەت ساۋۇتقا قارىدى، جىن چىراغ يورۇقىدا ساۋۇتنىڭ يۈزىدىكى نۇر پارقىرايتتى. لېكىن بۇ نۇر قاراڭغۇلۇقتىكى يانغىننىڭ نۇرىدەك دەھشەتلىك ئىدى. شەپقەت ئۆتقۇنلاردىن بىرەر قەتئىيرەك سۆز، ئەپچىلرەك چارە، كەسكىنرەك قارار چىقىشنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ قارشىلىق بىلدۈرۈشىنى، قاچماقچى بولۇشىنى، ياكى ئورنىدىن تۇرۇپلا تاشقىرىغا ئېتىلىشىنى ئىچىدە تىلىدى. ئەگەر ئۇلار قاچقان بولسا شەپقەت راستىنلا توسمىغان، قوغلىمىغان بولار ئىدى، بىراق ئۆتقۇنلاردىن ئۇنداق شەپە كەلمىدى. شەپقەتكە ئۇلارنىڭ يۈزلىرى چۈشۈنۈكسىز، چىرايلىرى بىرخىل تىلسىمغە ئوخشاش كۆرۈندى، بۇ ئۆيدىكى ھەممە نەرسە بىرتىلسىم چۈشتەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇلار تۈزۈكرەك گەپ قىلسا، ھەرىكەت قىلسا بولاتتى، تەشەببۇسكارراق، جۈرئەتلىكرەك بولسا بولاتتى، "قوينى سويسىمۇ پۇت ئاتىدۇ"، بولار ئادەمغۇ ئاخىر! شەپقەتنىڭ جېنى ئازاب ئوتىدا كۆيمەكتە ئىدى.

— ئەسىرلەرنى خارلاشقا بولمايدۇ، دېگەن سىياسەت بار، — دېدى ئابدۇغوپۇر، — غەم قىلىپ باش ئاغرىتمايلى، ھېچنېمە قىلالمايدۇ، تىللاپ، يەنە تاشلاپ قويىدۇ، دەسلەپ قولغا چۈشكەندىمۇ شۇنداق قىلىشمىغانمىدى؟

— ھەمىشە بىرخىل ناخشا ئېيتىلىۋەرمەس، يېڭى پەدە چىقارمىكى، — دېدى ساۋۇت، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

بالا - قازا كۆزگە كۆرۈنمەي، قاناتلىرىنى كېرىپ باش ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. زەڭ قويۇپ تىڭشىسا تىۋىشىنى بايقىغىلى بولاتتى، ئۇ بۇ ئىككى ئۆتقۇنغا ئۇزۇن تىرناقلىق قارا چاڭگىلىنى سوزۇپ يېقىنلاپ كەلمەكتە، لېكىن بۇلار بالىلارچە بىپەرۋالىقتا، غېمىدە

تەپسە بولامدۇ؟

— بۇ بىر پالاكەت، — دېدى ئەركىن خۇرسىنىپ. ئەركىننىڭ دادىسى ئىلگىرى مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئامبارچىسى بولۇپ قورساقنىڭ، كىچىك ئەترەت بېشى بولۇپ ھوقۇقنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتقان. خەقنىڭ كېلىنىمۇ، جېنىنىمۇ، مېلىنىمۇ قىينىغان. ئازراق ئاشلىق ياكى ئاسان-لىق بېرىش بەدىلىگە تالايلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنىڭ ئىسكەتىنى ئالغان، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە ئاغدۇرۇلۇپ، تاياق يەپ قان قۇسۇپ ئۆلگەنىدى. بىراق "ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق" چىقىۋەرمەيدىكەن. ئەركىن ياۋاش، تۈز كۆڭۈل، ئەخلاقلىق بالا بولدى. بىلىم ئېلىشقا، ئىزدىنىشكە زوقمەن چىقتى.

— پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆگىلەۋاتىدۇ، — دېدى سابىر بوۋاي، — بۇ جاھاندىنمىغو ئەزەلدىن ئاقىللارغا كۈن يوق، كالۋالارغا ئۆلۈم...

— راست گەپمۇ بۇ شەپقەت؟ — دېدى ئابدۇغۇپۇر بوۋاينىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ گۇمانسىرىغان ئاھاڭدا، — ياق، ئۇنداق رەھىمسىز كۆرەشكە تارتقۇدەك بىزنىڭ نېمە جىنايىتىمىز بار؟ كۆرەش قىلسىمۇ ھېچنېمە قىلالماس، ھەددىمىدى؟ — لېكىن ئۇنىڭ نەپسى بوغۇلغاندەك بولدى.

— بىر ئامال قىلىڭلار بالىلىرىم، — دېدى سابىر بوۋاي ئاچچىقىنى بېسىشقا تىرىشىپ، — قاپقانغا چۈشكەن كېيىكتەك ئۇۋۇچىنى كۈتۈپ يېتىۋېرىشكە بولمايدۇ، بۇ دەيۈزلەرنىڭ يۈرىكىدە چايان قوز-راپتۇ، — بوۋاينىڭ يۈز مۇسكۇللىرى ئەسەبىيلەشكەندەك تىترەپ كەتتى. ساھىبجامال بىر ئاھ ئۇردى-دە، بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەردىن خىرەلەشكەن كۆزلىرىنى ئالقانلىرىدا يېپىۋالدى.

تۇرۇشىدەك يۇمشاق مەتتوختىدىكى بۇنچىلا ئۆزگىرىشنى ھېچكىم كۈتمىگەن ئىدى. بوۋاي غەزەپكە پايلىماي بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى، تازا بىر ھازا تىلى كالۋالاشتى. جاھانغا پاتماي قالغان مەتتوختىنى يەتمىش پۇشتىغىچە تىللىدى، خۇدايىم بىلىپ ئىشەككە مۈڭگۈز، ساڭا چوڭراق ھوقۇق بەرمىگەن، بويىنىڭ سۇنۇپ ئۆلەرسەن، دەپ قارغىدى. پەلەكنىڭ چاقى ئوڭمۇ چۆگىلەيدۇ، سىڭمۇ قان يىغلايدىغان كۈنۈڭ بولىدۇ دەپ ئاگاھلاندۇردى. مەتتوختى ئۆز مەنسىپىنىڭ پەشتىقىدا تۇرۇپ ھومايدى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قويدى. شۇندىن كېيىن ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى.

ساھىبجامال ئاراتام ئۆيگە كىرىپ ياتتى. شەپقەت بوۋاينىڭ قېشىغا قىڭغايدى، ئۇ ئۇخلىماي ئۆگدەپ ياتتى، تاڭغا يېقىن ھەرخىل قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆردى. ساۋۇت بىلەن ئابدۇغوپۇر ھەرخىل قىياپەتلەردە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلەتتى. دەھشەتلىك قاراشلىرى بىلەن ئۇنى قىينايتتى. شەپقەت ئۇلارغا بىرنېمىلەرنى دېيىشنى، چۈشەندۈرۈشنى، بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ بىگۇناھلىقى ھەققىدە ئىزاھ بېرىشنى خالايتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىيالمايتتى، ئەيىبلىگۈچى نەزەرلەر بىگىزدەك سانجىلاتتى، تىلىنى زۇۋانسىز قىلىپ قويغان ئىدى. ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆرۈلسىمۇ، كۆزلىرىنى ئىچىپ تۇرۇسقا قاراپ يېتىپ باقسىمۇ، ئۇنىڭ بىچارىلىقىغا ئۈنسىز كۈلۈۋاتقان ئىككى جۈپ كۆز پەيدا بولاتتى، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك گۈپۈلدەپ سوقاتتى، پىچاق سانجىلغاندەك ئاغرىيتتى، ئاخىرى ئۇ ئويغىنىپ كەتتى. بېشى تۆمۈر چەمبەردە قىسقاندەك لوقۇلدايتتى. تۈن نىسپىدىن ئاشقان ئىدى، تالاغا چىقماقچى بولۇپ ئورنىدىن قوپتى. بوسۇغا قېشىغا كېلىپ تۇرۇپلا قالدى، ئىشىك تۈۋىدە

يوقتەك ئولتۇراتتى. ئۇلار بىخۇتىلۇق ئۇيقۇسىدا، بوشاڭلىق گىجىڭ-لىقىدا خاراب بولىدىغان بولدى. بۇ خىيالدىن، بۇ تۇيغۇدىن شەپقەتنىڭ تىنى سىيقىراپ كەتتى.

دەرۋازا تاراقلاپ ئېچىلدى. مەسلىھەت پىشىپ بولغۇچە پۇرسەت قولدىن كەتكەن ئىدى. قادىر سارائنى ئەگەشتۇرۇپ مەتتوختى كىردى، پاراڭ ئۇزۇلدى. ئۆيدىكىلەردە ئېچىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىگە كىرىپ سيگەن قوتۇر ئىشەكنى كۆرگەن ئادەمدە پەيدا بولىدىغان تۇيغۇدەك سەسكىنىدىغان بىر ھېس پەيدا بولدى.

مەتتوختى بۇلارنىڭ بىر چىرايىلىق سۆزلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى. بۈگۈن ئۇنىڭ مىجەزى پەۋ-قۇلئاددە قوداڭشىغان ئىدى، قىلچە سۈلكەت قىلمايلا، تۇتقۇنلارنى بوۋاينىڭ مال قوتىنىغا قاماپ، ئىشىك تۈۋىدە قادىر سارائنى پوسقا تۇرغۇزدى. بۇ ئىشتىن ھەممە ئادەم سارامىگە چۈشتى، زەردىسى قاينىغان ئابدۇغوپۇر ئالدى بىلەن قاغىشلىرىنى مۆلدۈردەك ياغدۇرۇ-ۋەتتى:

— بۇ چىدىماسلىق، كۆكەملىك، يولداش مەتتوختى، مۇنازىرىدە يېڭىلىپ قالغانغىمۇ قوتانغا سولاش كېتەمدۇ؟ ئادەمنى ھايۋان قاتارىغا چۈشۈرگەنلىكقۇ بۇ، ئوغۇل باللىق ئەمەس...

سابىر بوۋاي ئارا تۇرماقچى بولۇۋىدى، مەتتوختى سىلكىۋەتتى:

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، ھۇ ئۆلمىگۈر قېرى، بۇ دېگەن مېھمان چاقىرىش، زىياپەت بېرىش ئەمەس، ئىنقىلاب! پۇتلاشماي سىڭگەن كېپەك زاغرائنى يە!

— جىن-شەيتانلارنىڭ ئۆتكۈنىدۇ؟ — دېدى سابىر بوۋاي تەئەددە بىلەن. ئۇنىڭ چىرايى يىلان چاققاندەك قورۇلدى، پىلە

قاراڭغۇ ئاسماندىن پەرىشتە چۈشكەندەك بولدى. بۇ خۇددى رىۋايەتتىكىدەك، چۈشتىكىدەك خىيالىي تۇيۇلاتتى. ساۋۇت دەقىقە تېڭىر-قاشتىن كېيىن، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ساھىبجامال ئۇستىخانلىرى ئىنچىكە قوللىرىنى ساۋۇتنىڭ مۇرىلىرىگە تەككۈزدى. غۇنچىدەك ئاغزىنى يوغان قۇلىقىغا يېقىن ئەپكەلدى، ئاپئاق پەرىزات نازۇك ئېڭىشكەندەك بولدى، ئەۋرىشىم بەللىرى نازاكەت بىلەن ئېگىلدى، كۆينىكىنىڭ ئېتەكلىرى خىرە شولىدا تىترىدى. ئابدۇغۇپۇرنىڭ بىردىنلا ئىچى تارلىقى كەلدى، ھودۇقۇشنى تەستە باستى. توۋا، بۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنچە يېقىنچىلىق بارلىقىنى ئۇ — ھەممىدە سەزگۈر ئابدۇغۇپۇر قانداق قىلىپ شۇ چاققىچە بايقىماي قالدىكىنە؟ ئېسىگە ساھىبجامالنىڭ پات-پات ساۋۇتنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇشى، بەزىدە دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتقانلىقى كەلدى. ئەسلىدە ئاشىقلار ئاشىق ناخشىسى ئېيتىشقان ئىكەن-دە، كۆزلىرىمۇ ئۇچرىشىدىغاندەك قىلىۋىدى، ئەسلىدە بۇلار ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرگەن ئىكەن-دە، كۆز باغلىغىنىنى قاراڭلار شەيتانلارنىڭ! لېكىن ئابدۇغۇپۇرنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قۇتۇلماق ئاسان ئىش ئەمەس، كېچىككىنى بىلەنمۇ بەرىبىر مانا بايقىۋالدىغۇ، ئەمدى بۇ تەنتەكلەرگە قانداقسىگە دانىشمەنلىك ساۋۇقى بېرىپ قويۇشنى ئابدۇغۇپۇر ئوبدان بىلىدۇ. ھى، ھى، ھى،... بىراق ئۇنىڭ خىيالىنى قادىر ساراڭنىڭ چىرقىراق ئاۋازى بۇزۇۋەتتى. قادىر ساراڭ ساھىبجامالنى ئالدىراتماقتا ئىدى. ساھىبجامال چاپاننى ساۋۇتقا تۇتقۇزدى. ئالدىغا چۈشۈۋالغان ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرىنى بويۇن سىلكىپ ئارقىسىغا تاشلىدى-دە، كەينىگە شۇخشۇپ چىقىپ كەتتى، ئىشىك تاراقلاپ يېپىلدى، قوتان قاراڭغۇلۇققا چۆكتى.

مەتتوختى خەلق ئەسكەرلىرى ئەترەت بېشىغا ئەتە تۇتقۇنلارغا
يوشۇرۇن قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەرنى جىكىلەۋاتاتتى. ئۇلار پىچىرلاپ
دېگۈدەك سۆزلىشىۋاتقان بولسىمۇ، شەپقەت ھەرھالدا گەپنىڭ
ئاساسى مەزمۇنىنى ئۇقالىدى، مەتتوختى بىلەن ھېلىقى ئادەم دەرۋا-
زىدىن چىقىپ قاياققىدۇر كېتىشتى. ياخشىلىق قىلىشقا ھەم نىيەت ھەم
جۈرئەت كېرەك. شەپقەت ئاخىرى جېنىغا جاپا، بېشىغا بالا كېلىشىنى
گەدەنگە ئېلىپ، تەشكىلات ئىنتىزامىنى بۇزۇشقا بەل باغلىدى،
ساھىبجامالنى چاقىرىپ چىقىپ مەسلىھەتلەشمەكچى بولدى.

سۇبھى كۆتۈرۈلۈشكە ئاز قالدى. ئۆيدىكىلەرنىڭمۇ، قوتاندىكىلەر-
نىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچتى. نامەلۇم بىر ئەنسىزلىك، ۋەھىمە قوتاندىكى-
لەرنىڭ يۈرەكلىرىنى سىقاتتى. تونجۇقتۇراتتى، ئابدۇغوپۇر
قاراڭغۇ قوتاندا قورققانسېرى قاتتىقراق ۋارقىراپ سۆزلەيتتى، بىراق
گېپىنى ئىڭشايدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. ساۋۇت ئۈنچىقماي ئالدىغا—
نەگىدۇر تىكىلىپ ئولتۇراتتى. قوتان ئىشىكى تۈۋىدە توساتتىنلا
ساھىبجامالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ساۋۇتنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغان
چاپىنىنى ئەپكىرىپ بەرمەكچى بولۇۋاتاتتى. قاراۋۇل قادىر خېلىغىچە
كىرگۈزمەي ماڭقىسىنى تارتىپ، ئوڭ-تەتۈر توۋلاپ ساراڭلىق
قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ كەم ئەقىل جاھىل كاللىسىمۇ گۈزەللىك نۇرلى-
رىغا ۋە ساھىبجامال پۈرلاپ تۇتقۇزغان ئون سوملۇق بىر قەغەزنىڭ
قۇدرىتىگە ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمىدى، يۇمشىدى، جىنىنىڭ ئوتى-
دەك پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئاغزىنى ھاڭقايتى-
قىنىچە ئۆزىمۇ سەزمەي ساھىبجامالغا يول بەردى.

ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلدى، جىن چىراغ شولىسىدىكى يېرىم قاراڭ-
غۇلۇقتا ساھىبجامالنىڭ ئاق كىيىمىدىكى نازۇك گەۋدىسى كۆرۈندى.

ئابدۇغۇپۇرغا لى لۇەنشىنىڭ چەكچىيىپ تۇرغان كۆزلىرى كۆرۈنـ-
گەندەك بولـدى. بوغۇزىغا ئاللىقانـداق بىرنەرسە كېلىپ تاقالـدى.
يۈرىكىنىڭ قېتىدىكى جان ئالغۇچى قورقۇنچ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارقالـ-
ماقتا ئىدى، ئۇ ۋەھىمىـنى قوغلـماق بولغاندەك، ئۇڭ قولـى بىلەن
تىلىـنى تەڭ چىقىرىـپ ئالدىغا سوزدى. ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالـدا
ئاۋازى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى:
— ياق، ياق، بىز ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغان، ئۇجۇقتۇ-
رالمايدۇ، ھەركىم ئىختىيارىچە كاللا كەسسە بۇ دۆلەت نېمە
بولماقچى؟ قانۇن يوقمۇ؟ قانۇنسىزمۇ دۆلەت بولامدۇ؟ بۇنداق قىلىش
پارتىيە پىرىنسىپلىرىغىمۇ، ماركسىزم نەزەرىيىسىگىمۇ، ماۋ زېدۇڭ
ئىدىيىسىگىمۇ خىلاپ، ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس، بۇ قىپقىزىل
نامەردلىك، ئەڭ ۋەھشى ئىستىبدات دۆلەتلەردىمۇ...
— تىلىڭنى يىغ! — دېدى ساۋوت بوش ئەمما بويرۇق ئاھاڭىدا
سەنلەپ، ئۇ شۇ تاپتا ئابدۇغۇپۇرنىڭ ئۆزىدىن ئالتە-يەتتە ياش
چوڭ ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇغاندەك ئىدى، — چەت ئەللىرىگىدىنمۇ، كاتتا
نەزەرىيەلىرىگىدىنمۇ ئۇجۇقتۇرۇلىشىڭ نەق ئىش، قىز، قىچىڭلار
دەيدۇ، قانداق قىلىمىز، ۋاقىت قىس، گەپ قىل.
ئابدۇغۇپۇر بىرھازاغىچە لام-جىم دېمىدى، ئاندىن "قانىتىمىز
بارمىدى، نەگە قاچالايتتۇق، باشقا كەلگەننى كۆرەيلى" دەپ
غىڭشىپ يەنە جىمىدى. ئابدۇغۇپۇرنىڭ مەيدىسى تار بولغىنى بىلەن
خىيال دەرياسى كەڭ ئىدى، ئانىسى، ئۇششاق باللىرى ئېسىگە
كەلدى. كۆكرىكىنى بىرسى پالتا بىلەن چېپىپ تۆشىنى ئاجرىتىۋاتـ-
قاندەك، كانىيىدىن تۇتۇپ بىرسى ئۆپكىسىنى سۇغۇرۇۋاتقاندەك قاتـ-
تىق ئاغرىق سەزدى. پۈتۈن بەدىنى تېلىپ، سىيقىراپ، زىلـزىلىگە

— سەن بۇ بۇلبۇلگۈيانى قاچان قولۇڭغا قوندۇرۇۋالدىڭ، لەنتى لوپ ـ لوپ؟ — دېدى ئابدۇغۇپۇر دىۋەيلەپ كېلىپ، — سېھىرگەرلىك ھۈنىرىڭمۇ بارمۇ نېمە؟ مېنىڭ كۆزۈمنى غەلەت قىلغىلىمۇ تاس ـ تاس قاپسەن تېخى...

— چاقچاقنى قويۇپ، جان قايغۇسى قىلىڭ، ئەپەندى، — دېدى ساۋوت تەمكىن ئاۋازدا پىچىرلاپ، — ئەتە جېنىمىزغا قەست قىلىشمە- دىغان ئوخشايدۇ.

— كىم دەيدۇ؟ ھېلىقى ئەخمەق قىزمۇ، ئۇ گۆدەك نېمىنى بىلەتتى؟!

— ئۇ شەپقەتتىن ئاگاھلاپتۇ.

— باياتىنقى كونا گەپلەر، شەپقەتمۇ يۈرەكسىز ادە نەرسە، قىلنى پىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

— ياق، ئۇ ھېلىراقتا مەتتوختى خەلق ئەسكەرلىرى ئەترەت بېشىغا شۇنداق بىر يوشۇرۇن بۇيرۇق يەتكۈزۈۋاتقاندا ئاگاھلاپ قاپتۇ. بۇ بۇيرۇقنى لى لۈەنشى چۈشۈرگەنمىش.

— ئىشەنمەيمەن، بىزنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، بىز نېمە گۇناھ قىلغان؟ لى لۈەنشىنىڭ دادىسىنىڭ گۆرىنى ئېچىۋەتكەنمىدۇق؟!

— لى لۈەنشىنىڭ خىيانىتىنى ئۆز ۋاقتىدا مىنىڭ ئاكام ئىنقلاپ چىققان ئىكەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بېشىدىكى چوڭ مۇنازىرىدە سىز ئۇنى مات قىلغان. جېدەللىشىپمۇ قاپتىكەنسىلەر، ئۆيىڭىزگە يوشۇرۇقلۇق موزارتنىڭ ھەيكىلىنىمۇ ئىمسقىلاپ يۈرۈپ تېپىۋاپتۇ. بىزنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىمىزنى لى لۈەنشى شۇ ھەيكەل مۇناسىۋىتى بىلەن يېقىندا بىلىپتۇدەك، كونا ـ يېڭى ئاداۋەتنى بىراقلا قوزغالغان ئوخشايدۇ.

ئالدىدا بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغاندەك كۆرۈندى، ئۇنىڭ مېڭىسى تورمۇزلىنىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ تۇتقاقلىق كېسىلى تۇتۇپ، قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئويلاشتىن توختىدى، يەنە بىر ئازدىن كېيىن زوۋانى ئېچىلىپلا كەتتى، ئۇنىڭ ئۆلۈشكە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، توغرىراقى ئىشىنىشتىن قورقاتتى. قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، ئىپلاسلىق، رەزىللىك ئىكەنلىكىنى چوڭ-كىچىك پرىنسىپلار يېقىدىن ئىسپاتلايتتى. روسچە، خەنزۇچە ئاتالغۇ-ئىبارىلارنى ئىشلىتەتتى. بەزى ئۇلۇغلارنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىللەر كەلتۈرەتتى. ساۋۇت لام-جىم دېمىدى، ئابدۇغوپۇر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، بىراق سۆزلىرى جۆيلۈشكە ئوخشاشقا باشلىدى، باغلاشمىدى، قالايمىقانلاشتى، باش-ئايىغى يوقالدى.

يىراقتا، ئېگىز ئاسماندا تورغايلارنىڭ چۇۋۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ تاڭنىڭ بەلگىسى ئىدى. قورۇدا ئوپۇر-توپۇر باشلاندى. مەتتوختىنىڭ بىرسى بىلەن پەس ئاۋازدا بۇقۇلداشقىنى ئاڭلاندى:

— يىغىننى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىڭلار، ئاكتىپلارغا قاۋۇل، قارام يىگىتلەردىن تاللاڭلار، ئەزمىلىك قىلىشمىسۇن.

— ئىشنى قوغلاپ يۈرۈپ جايلاشقىمۇ قالدۇرمايمىز، دەسلەپكى نوخىلا ئېلىشتىلا...

— كېيىن ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي غەزىپىنى باسقىلى بولمىدى دەپلا قۇتۇلۇش كېرەك، ئامما ئۇلۇغ، كىم ئاممىۋى ھەرىكەتكە قارشى چىقسا، شۇنىڭغا ياخشى ئاقىۋەت يوق. تەييارلىقنى ئۆزىڭىز تەكشۈرۈپ چىقىڭ. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە پۈتۈن يېزا ئاھالىسى دەريا تەرەپتىكى يالغۇز ئۈجمە ئاستىغا يىغىلسۇن.

كەلدى، سوزۇنچاق يـۈزى تارتىشىپ كەتتى، قورقۇنچ ۋە قايغۇ تۆمۈر تىرناقلىرىدا ئۇنى مۇجىدى، ئۇ دۇنياغا سىغماي قالغاندەك ئىدى، بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا شۇنداق تارلىق قىلماقتا. ئۆلۈم راستىنلا شۇنچە يېقىنمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئەدەبىياتچى، تەتقىقاتچى، تارىخچى بولۇش خىياللىرى قاراڭغۇلۇققا سىڭگەن كۆلەڭگىدەك يوق بولامدۇ؟ خىيال تۇرماق ئۆلۈكنىڭ نەدە قىلىشىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ تېخى، دەسسەپ، خورلاپ چەيلىشەر بەلكىم. ئۇنىڭ مۇزلاۋاتقان بەدىنى تىكەنلەشتى، ئۇ ئۆلۈشنى خالىمايتتى، ئۆلۈم دۇنياسى ھەممە ئەقىل ئىگىلىرىگە ئوخشاش ئۇنىڭغىمۇ سۈرلۈك، دەھشەتلىك كۆرۈندى. بۇرۇنغۇ ئۆز بېشىغا كەلمىگەندە ھېچگەپ ئەمەستەك تۇيۇلاتتى، ئەمدى يېقىنلىشىۋىدى، پۇت-قولى دىرىلدىدى. ئۆلۈم دېگەن يوقلۇق دېگەن سۆزغۇ، كونىلارنىڭ "بارلىقتىن يوقلۇققا سەپەر قىلىمىز" دېگىنى شۇ جەريانغۇ، ئۆلۈش ئەبەدىل-ئەبەتكە يوق بولۇش دېگەن-لىك. كاشكى تەتقىقات ياكى ئىجادىيەتتە ئاز-تولا نەتىجىسى قالغان بولسىمۇ، نامى بىر مەزگىل ساقلىنارمىدىكى؟ ھېچبولمىغاندا نامىنى بالىلىرىغۇ يادلار، ئۇنىڭ باللىرى بارغۇ، بىراق ساقلانسا، يادلانسا نېمە بوپتۇ؟ يادلانمىسا نېمە بوپتۇ؟ نامى ساقلانغانغا، يادلانغانغا ئۇ ئابدۇغۇپۇر يېرىم سائەتلىككە بولسىمۇ قايتا تىرىلەلەمتى؟ كۆزىنى قايتا بىر قېتىم ئېچىشقا بولسىمۇ ياردىمى تېگەمتى؟ ياردىمى تەگمەي-دىغان قۇرۇق ئاتاقنىڭ نېمە كېرىكى! شۆھرەت-ئابروي، مەنسەپ دېگەنلەرنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن نېمە پايدىسى، نېمە قىممىتى قالىدۇ؟ ئۆلگەندىن كېيىن جىمى ئادەم ئوخشاشلا بىر سىقىم توپىغا ئايلىنىدىغان تۇرسا! ئەمىسە بۇ دۇنيا نېمىگە ئەرزىيدۇ؟ ھەممىسى قۇرۇسۇن، ھەممىسىگە لەنەت! بىردىنلا ئابدۇغۇپۇرغا پۈتۈن دۇنيا ئۆز جېنى

ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ماختاشلارنى ئاڭلاپ قالدى. ساۋۇتنىڭ ئۆز
كۆشەندىسىنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ يىغىن تۈگىگەندىن
كېيىن، ئۇنى مەخسۇس زىيارەت قىلدى، كاتىپ لى لۇەنشىنى ئاتاق-
لىق كۈڭشې سېكرېتارى دەپ تونۇشتۇردى، كىشىنىڭ غىدىقىنى
كەلتۈرگۈدەك پۇۋلەپ ئۇچۇردى. لى لۇەنشىمۇ قەدىر-قىممىتىنى
ساقلاشنى بىلىدىغان خاقانلاردەك ئۇڭ قولىنى كۆتۈرۈپ داھىيانە قول
ئىشارىتى قىلدى، ساۋۇت ئۇنىڭ "ئارتۇقچىلىق"لىرىنى ئاكىسىدىن
ئاڭلىغاچقا ۋە كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقاچقا، ئۇنچىقمايلا باش لىڭشىتىپ
ھۆرمەت بىلدۈردى. لى لۇەنشى قايتار چاغدا ئۆز ھەيكىلىنى ياساپ
بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇستەل ئۇستىگە قويغۇدەك قىلىپ ياسالسىلا
بولىدىكەن. لېكىن ساۋۇت تەكەللۇپ بىلەن رەت قىلدى، لى لۇەنشى
پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇۋالدى، شۇنىڭدىمۇ ساۋۇت "پېقىرنىڭ
قولىدىن ئۇنداق كاتتا ئىش كەلمەيدۇ، ھۆددىسىدىن چىقالمايدىكەن-
مەن" دەپ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن
ئۆتە-ئۆتمەيلا لى لۇەنشى ئۇنىڭ تېگى-تەكتىنى ئۇقۇۋاپتۇ. ساۋۇت
ئۇنىڭ بەزى سورۇنلاردا "بۇ لايچىنىڭ لاي پېپىقى ئۆز جېنىغا
قادىلىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدۇ" دەپ يۈرگەنلىرىنىمۇ ئاڭلىغان. ھالا
بۈگۈن لى لۇەنشىنىڭ ئىشىكى تۆت چىشلىق بولۇپ، گۈلقەقەلىرى
ئېچىلىپ كەتكەندۇ. ئۆزىمغۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەك مىنگەن قىياپىتى-
دىكى رەسىملەرنى سىزغۇزۇشقا ئامراقلىقى بىلەن داڭ چىقارغان ئادەم
ئىدى، ئاپدۇغۇپۇرمۇ چوڭ مۇنازىرە ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن دەل
مۇشۇ مەسىلىدە مۇنازىرىلىشىپ قالغانىدى. لى لۇەنشى ئىچكىرىدىن
ئېقىپ كەلگەن بىر چالا رەسسامنى ياللىۋالدى. ئىشەك مىنىپ
ئۆزۈندە كىتابچىسىنى كۆتۈرۈۋالغان، ئىشەك مىنىپ بېلىگە قاپاق

قەدەم تىۋىشلىرى چىقتى، كېيىن ئۇلار يىراقلاپ كەتتى بولغاي، ئاۋازلىرى ئاڭلانماي قالدى.

— بۇلار راستىنلا قان ئىچىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئابدۇغۇپۇر "لەسسەدە" بوشىشىپ ئۈمىدسىزلىك بىلەن. قاراڭغۇدا ئۇنىڭ ئاۋازى يىغا تۇتقان ئادەمنىڭكىدەك تىترەپ كەتتى، — بىز ئەسكى ئىش قىلمىغان تۇرساق، قويدەك ياۋاش بىگۇناھ بەندە تۇرساق...

— قوينىمۇ گۇناھى بولغانلىق ئۈچۈن سويىمايدۇ - دە، — دېدى ساۋۇت دۈمبىسىنى ئابدۇغۇپۇرنىڭ تىترەك ئولاشقان دۈمبىسىگە تىرەپ ئولتۇرۇپ. ئابدۇغۇپۇرغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىمۇ، ياكى ھازىر ئۆزىگىمۇ يۆلەك كېرەك بولۇۋاتامدۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئۇ قاراڭغۇلۇقتا تىكىلگىنىچە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، لەۋلىرىنى جوپلەپ، بوش چىشلىدى. قوتانمۇ، تالامۇ، پۈتۈن دۇنيا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى.

شۇ ھالەتتە ساۋۇت ئۇزاقتىن - ئۇزاق سۈكۈت قىلدى، لېكىن ئۇ قېچىشنىڭ، قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئويلاۋاتقىنىمۇ يوق ئىدى، مېڭىسىگە ھەرخىل خىياللار ئىشەنگۈسىز تېزلىكتە كىرىپ چىقاتتى. كۆز ئالدىدا ياۋا توڭگۇزدەك قۇتراپ توپا پۇرقۇتۇپ كېلىۋاتقان لى لۇەنشى پەيدا بولدى. ئىككى ياققا دىڭگىيىپ تۇرغان ئىنچىكە بۇرۇتى توغرىسىغا چىشلىۋالغان پىچاقتەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ ساۋۇتقا يېقىنلىشىپ قالغاندا، تۇشتۇمتۇت چىپپىدىلا توختاپ ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدى. بۇ ھەيكەلگە قاراپ، ساۋۇتنىڭ ئېسىگە 65 - يىلدىكى بىر ئىش چۈشتى. ئۇ چاغلاردا ساۋۇت ھەيكەلتىراشلىقتا خېلى ئات كۆتۈرگەن ئىدى، لى لۇەنشى ناھىيىگە بىر يىغىنغا قاتناشقىلى كېلىپ،

شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق تۇتۇشۇپ قالغان، شۇنىڭدىن ئېتىۋا-رەن لى لۇەنشىنىڭ بۇلارنى چايناپ پۇركۇۋەتكۇسى كېلىپ يۇرگە-نىدى. مانا ئەمدى لى لۇەنشى بۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇ-ۋېرىشىنى تاماملاشنىڭ پەيتى كەلدى دەپ ھېسابلىغان ئوخشايدۇ. بۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىشىنى ئۇزىگە خاتىرجەمسىزلىك، ئاۋارىچىلىق، خاپىلىق، بالايى-ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ئوخشايدۇ.

ساۋۇتنىڭ قولىقى تۇۋىدە ناخشا بولۇپ ئەسىرلەرنى ئاتلاپ ياشاپ كېلىۋاتقان بىر كۇپلېت قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق قوشىقى ياڭرىغاندەك بولدى:

ھەر بالالار كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ باشىغا.
سايدا تۇگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىدا.

بۇ ھەقىقەتقۇ، تەقدىرنىڭ بۇ يېرىلمەس ئاچچىق ھەقىقىتىنى شۇنداق راۋان، ئاددىي، لېكىن ئالتۇن مىسرالارغا يىغىنچاقلىيالىغان قانداق دانىشمەن بولغىيتتىكى؟ ئادەم دۇنياغا جاپا تارتىش ئۇچۇنلا كېلەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆتكەن ئۆمرىدىكى بەزى ئىشلار ئۇزۇك-ئۇزۇك سىنئالغۇ سۇرەتلىرىدەك، كۆز ئالدىدىن ۋال-ۋۇل قىلىپ ئۆتتى. ئۇ نۇرى ئۆچۇۋاتقان، قاراڭغۇلۇق دېڭىزىغا خىرەلىشىپ چۆكۇۋاتقان كەل-گۇسىگىمۇ نەزەر سالدى. ئۇنىڭدا ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيدىغان سىرلىق، سېھىرلىك چىگىش ئارزۇلارنىڭ ئاجايىپ شېرىن، رەڭدار ئالىمى بارلىقىنى كۆردى. گويا ھاياتلىقنىڭ سىر ھېكمىتى شۇ جايدا ھەقىقىي

ئېسىپ، ئۆشىنىسىگە خورجۇن ئارتىپ، دومبىرا چېلىپ كېتىۋاتقان
ئۇيغۇر دېھقىنىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈنگەنلا جايغا سىزغۇزدى، ئاسقۇزدى.
پۈتۈن گۇڭشېنى شۇنداق رەسىمدە چىتلىۋەتكىلى، ناھىيىگە كېڭەيتە-
كىلىمۇ تۇردى. بوياقمۇ، رەخمۇ، قەغەزمۇ، تاختايمۇ، تاملارمۇ
يېتىشمىدى. دېھقانلار ئىچىدە غولغۇلا قوزغالدى: بۇ ئىسراپچىلىقمۇ،
ئىتتىپاقسىزلىقمۇ-قانداق؟ نېمىشقا ھەممىلا جاي رەسىم دېڭىزى
بولۇشى كېرەككەن؟ بىزدە ئۇنچىلا كۆپ پۇل يوق، بىركۈنلۈك ئىش
ھەققىمىز ئاران بەش تىيىندىن ئايلىناتتىغۇ؟ نېمىشقا رەسىملەردە
ھە دېسىلا ئىشەككە ئۇيغۇرنى مىنگۈزۈشىدۇ. ئىشەكتە ئولتۇرغان
ئادەممۇ قاپاق بىلەن خۇرجۇننى مۇرىسىگە ئارتامدىكەن؟ دومبىرا ئۇيغۇر
سازى ئەمەسقۇ! مۇشۇنچىلىك ئىشلارنىمۇ بىلمەيدىغان تۇرۇپ، رەسىم
سىزىپ نېمە قىلماقچى؟ ھەممىلا ئىشەككە مەخسۇس ئۇيغۇرلارنىڭلا
مىنىشى شەرتمىكەن؟ ئۇيغۇرلار ئەتىۋارلىماق توگول، ئۇنى ھارام
دەيدىغان تۇرسا! ئىشەك دېگەن دۇنيانىڭمۇ، جۇڭگونىڭمۇ ھەممىلا
يېرىدە بارغۇ؟ ھەممە مىللەت مىنىدىغان ھايۋانغۇ؟ بولۇپمۇ لى لۇەنشى
يېڭى كەلگەندە ئۆز يۇرتىدا ئىشەكنىڭ تولىمۇ ئېزىزلىنىدىغانلىقىنى،
بۇ يەردە بىكارغا ئىشەك گۆشىنىڭ لوق يېرىنىمۇ يېيەلىگەنلىكى
ھەققىدە ئائىلىسىدىكىلەرگە ماختىنىپ خەت يازغانلىقىنى بىر مەزگىل
سۆزلەپ يۈرگەن ئىدىغۇ. ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر-
دىنمۇ ئەمەس. يىراق تارىختا، چارۋىچى مىللەت بولغان چاغلىرىدىمۇ
ئات مىنەتتىغۇ، ھېلىمۇ كۆپلىرى ئات مىنىدۇ، موتسىكلىت مىنىدۇ،
ۋېلسىپىت مىنىدۇ، كوڭكىلاردا، پىكاپلاردا، ئۇچقۇرلاردا ئولتۇر-
دىغۇ...؟! بۇ غولغۇلا تېشىلىپ چىققاندا، لى لۇەنشى چالۋاقىدى،
كۆكۈيۈن چاقىغان ئىشەكتەك چىچاڭشىپ كەتتى. ئابدۇغۇپۇر مانا

ئۆزگەرتىشنى كۆزلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشتى. دەسلەپ ئاددىي ئەسكەر، كېيىن تۆۋەنرەك ھەربىي ئەمەلدار بولدى، جەڭگە قاتناشتى، يارىلاندى، يەنە جەڭگە قاتناشتى. ئۆمرىنىڭ جۇش ئۇرغان ياشلىق مەۋسۇمى جەڭگاھلاردا ئوق، قىلىچ، چاقماق، گۈلدۈرمامىلاردا شان تاپتى. ساۋۇتنىڭ مېڭىسىدە ئاتىسى ھېكايە قىلىپ بەرگەن ئۇرۇش كۆرۈنۈشلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تىزىلىپ يۈز ئېچىشقا باشلىدى: جەڭنىڭ قۇدرەتلىك كەلكۈنى جەڭگاھنى تىترىتىپ ئەتراپقا قان چاچرىتاتتى، يەر-ئاسماننى ئوت ۋە ئىس-تۈتەك قاپلىدى، ھەممىلا يەردە تۆمۈر پارچىلىرى ۋىڭىلدايتتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ھۇجۇمچى ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ سەپلىرى قىيانلىق دەريا دولقۇنلىرىنىڭ شەكلىنى ئەسلىتەتتى. ئۇلار رەتلىك، باتۇر، تەمكىن ئىدى. كاناي-سۇنايلارنىڭ، ئوق ۋە پارتلاشلارنىڭ قالايمىقان ئاۋازلىرى ئىچىدىكى ئۇررالار، قىلىچلار، ئاتلىقلارنىڭ ئىلگىرىلىشى شىددەتلىك ھەم تەرتىپلىك ئىدى. زەمبىرەك ئوقلىرى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يورۇقلۇق چىقىرىپ پارتلايتتى، پىلىموتلار تىنىماي سايرايتتى، قىلىچلار يالتىرايتتى. دۈشمەن سەپلىرى بېشىدا ئەجەل قۇيۇنى پىرقىرايتتى، ئاتلارنىڭ ئاياقلىرى ئاستىدا كېسىك باشلار پومزەكتەك دومىلايتتى. ئادەملەر ۋە ئاتلارنىڭ ئۆلۈكلىرى دالىنى قاپلىغانىدى، تۈزلەڭلەر تەۋرەۋاتقانىدەك، دۆڭلۈكلەر ئولتۇرۇشۇپ چۆكۈپ كېتىۋاتقانىدەك ئىدى، پۈتۈن دالا دېڭىزدەك قاينايتتى. يەر-جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان قىقاس-سۈرەندە ئىلگىرىلەۋاتقان مەردۇ-مەردانىلار تۆمۈر ئېقىمغا، يانار تاغ ماگمىسىغا ئوخشايتتى، توسۇپ قالغىلى بولمايتتى... ساۋۇتنىڭ دادىسى ئاشۇنداق سەپنىڭ جەڭچىسى ئىدى، ئاشۇنداق ئوتتا تاۋلانغان ئىدى. ئەپسۇسكى، تەقدىرى كۆپ پېش-

مەنىسى بىلەن يېشىلدىنغانىدەك تۇيۇلدى، ۋۇجۇدى تىترىدى....
قوتان يەر بىلەن قوشۇلۇپ سىلكىنگەندەك بولدى، ساۋۇتنىڭ كۆزىگە
ياۋاش، دىلكەش، مېھرىبان ئاتىسى قانغا بويالغان ھالەتتە كۆرۈندى.
ئۇنى "قىزىل قوغدىغۇچى كىچىك باتۇرلار" "چەت ئەلگە باغلانغان
ئۇنسۇر" دەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. دادىسى يېزىغا چۈشۈرۈ-
ۋېتىلگەن، ناھەق قالپاق ئاستىدا ئېزىلگەن چاغلىرىدىمۇ ۋايىسمىغان،
قاتتىشمىغان، ئۇمۇ ئۆيدىكىلەرنى، ئۆيدىكىلەرمۇ ئۇنى ئۇنتۇمىغان،
تاشلىۋەتمىگەنىدى. بىچارە ئادەمنىڭ يېمىگەن تايىقى، ئىشتمىگەن
تىل-ئاھانىتى، كۆرمىگەن كۈنى قالمىغانىدى. تومۇزدا تونۇردەك
ئىسسىقتا تاشلىق سايلىقلاردا كاۋاپ بولۇپ ئىشلىسە، زىمىستان قىشتا،
سۇ كېچىپ مۇز چوقۇيتتى، شىۋىرغاندا توك قازاتتى. يازلىقى زەي
يەردە ياكى يىلانلىق، چايانلىق داللاردا تۈنىسە، قىشلىقى سوغۇق
گەمىلەردە ياكى قار-مۇزلۇق ئۆڭكۈرلەردە پۈتۈن يېتىپ، پۈتۈن
قوپاتتى. پولات تاۋلايمىز دەپ چىقمىغان تاغلىرى، ئوغۇتقا يانتاق
ئەپكېلىمىز، بوز يەر ئاچىمىز دەپ بارمىغان باياۋان چۆللىرى، ھاشاردا
چاپمىغان ئۆستەڭ، ئىشلىمىگەن سۇ ئامبارلىرى قالمىغانىدى. شۇن-
داق كۈلپەت دوزاخلىرىدىمۇ ئۇ ساۋۇتنى ئوتتا كۆيدۈرمەي، سۇدا
ئاققۇزماي چوڭ قىلغان. ھالبۇكى ئۇنىڭ ئۈمىدى، ئىشەنچى بولغان
ئامراق ئوغلى ساۋۇت بولسا ئۇ تاياق توقماقتا پولا بولۇپ پاجىئەلىك
ئۆلگەندە، ھازا ئېچىپ ماتەممۇ بىلدۈرەلمىدى، چۈنكى ئەكسىلئىنقىلاب-
چىلارغا ھازا ئېچىش مەنئى قىلىنغان ئىدى. دادىسى پاراڭچى ئادەم
بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆمۈر يوللىرى ساۋۇتقا مەلۇملۇق ئىدى. ئۇ ئايىسىز
كېچىدەك قاراڭغۇ يىللاردا تۇغۇلدى، يىللىقچىلىق يۈكىنى يۈدۈپ
يىگىتلىك بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى، ئازاب چېكىۋاتقان خەلق تەقدىرىنى

رار، بىر بۆشۈكتىن چىقىپ، يەنە بىر بۆشۈككە كىرگىچە بولغان مۇساپىنىڭ تولىمۇ قىسقا، دەھشەتلىك بولغانلىقىغا چىدىماي دات-پەريات كۆتۈرەر، يۈرىكى زەرداب بولۇپ ئېقىپ پۈتەر. بەختسىز ساھىبجامالنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كېتەرمىكىن؟ كۆز قارىچۇقلىرى ئېقىپ چۈشەرمىكىن؟ بەربىر، ئانىسى، ساھىبجامال نىگارى، ئەل-ئاغىنىلىرى دەريا-دەريا ياش ئاققۇزۇپ، كۆزلىرى قىزىرىپ، ئىششىپ، نۇرلىرى ئۆچكىچە يىغلاپمۇ ئۇنى قايتا تىرىلدۈرەلمەيدۇ. كۆز ياش دېگەن قايغۇ داغلىرىنى يۇيۇۋېتىشكە يارىمايدىغان نەرسە، ھەممىدىن مېھرىبانى، شەپقەتسىزى، غالىبى پەقەت ۋاقىت، ۋاقىت قەبرىلەرنى ئوت-چۆپلەردە بېزەپ كۆڭۈللەرنى ئاۋۇندۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئۇلارنىمۇ توزۇتۇپ، توپىغا ئايلاندۇرۇپ، كۆككە سورۇۋېتىدۇ. قەبرە قالدۇقلىرىنىمۇ قويماي تۈزلىۋېتىدۇ. كەتكەنلەرنىڭ ئىزلىرىنى ئەبەدىيلىككە ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. قايغۇ-ئەلەمنىمۇ ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلدۇرىدۇ، ھايات بولسا ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە داۋاملىشىۋېرىدۇ. ھەتتا دۇنيادا شۇنداق بىر ئادەمنىڭ ياشاپ ئۆتكەنلىكىنىمۇ ھېچكىم ئەسكە ئېلىپ ئولتۇرمايدۇ. بۇ دۇنيا شۇنداق ئۇنتۇغاق، شۇنداق ۋاپاسىز، ئادالەتسىز، ئادەمگىمۇ بىر تال گىياھقا، بىر تال گۈلگە، بىر قۇشقاچقا قىلىدىغان مۇئامىلىنى قىلىدۇ. سولاشتىمۇ، توزىدىمۇ، تىنىقتىن قالدىمۇ بولدى، بۇرۇن مەۋجۇت بولۇپمۇ باقمىغاندەك تۈگىتىدۇ، يوقىتىدۇ، ئۇنتۇيدۇ. بۇنىسىمىغۇ مەيلى، قانۇنىيەتتىن ئاغرىنىغىلىمۇ، قۇتۇلغىلىمۇ بولمايدۇ. قانۇنىيەتكە قارشى تۇرۇشمۇ قىپقىزىل ساراڭلىق. ئەلەم قىلىدىغىنى، يۈرەكنى ئېچىشتۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇنىڭ — مۇشۇ بەختسىز ساۋۇتنىڭ ئەقلى ۋە قان-تەرلىرى سىڭىپ، جەۋھەرلىنىپ پۈتۈپ چىققان ھەيكەللىرى ئۆزىچىلىكمۇ ياشىيالمايدىغان بولدى.

لېكىن چەكسىز قاراڭغۇلۇقتەك سۇرلۇك، تەگسىز ھاڭدەك دەھشەتلىك كۆرۈنىدىغان ئۆلۈم ئۇنى بوراندەك شىددەتتە قوينىغا شۇمۇرمەكتە، دەم تارتماقتا ئىدى. شائىرنىڭ "ئۆلۈمدىن نوچىسى يوقتۇر" دېگەن ھۆكۈمى دەرھەقىقەت. دۇنيا ئۆرە تۇرغاندىن بۇيان، ھېچكىم چۆشەنىپ يېتەلمىگەن ۋە قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بۇ سىرلىق، شەپقەتسىز، مەڭگۈلۈك نەرسىنىڭ دەھشەت سېلىپ يېقىنلىشىۋاتقان سۇرلۇك شەپىسىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدى سەزگەندەك بولۇپ جىمىرلىدى. ئادەمنىڭ ئۆلۈشى — گۈلخانىنىڭ ئۆچۈشى، بۇلاقنىڭ قۇرۇشىدەك بىر ئىش. گۈلخان ئۆچسە كۈل، بۇلاق قۇرۇسا ئازگال قالىدۇ. كېيىن كۈل توزۇيدۇ، ئازگال تىنىدۇ، ئىزنامۇ قالمايدۇ، پەقەت سېرىق توپا قالىدۇ. ئۆلۈش دېمەك دۇنيادا ئەسلا مەۋجۇت بولمىغاندەكلا يوقۇلۇش دېگەنلىكمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرى تارقىلىپ ھاۋاغا سىڭىپ كەتكەن توتوندەك ئۇزۇل-كېسىل تاماملىنىش بىلەن نەتىجىلىنەمدۇ؟ ئارىستوتېلنىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭغا ئۆزى ئىشەنگۈدەك جاۋاب بېرەلمىگەن بولغىيەتى. ئېھتىمال ساۋۇتقا ئەمدى ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلىرىنى قايتا كۆرۈش، ئۇلار بىلەن ئاداققى مەررە خوشلىشىۋېلىشمۇ نېسىپ بولماس. ئەتە ئۇ ئۈمىد-ئارزۇ، قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ، ئەتە ھاقارەت-دۆشكەلەشلەرمۇ، خورلاش-ئازابلاشلارمۇ، ھاياجان-خۇشاللىقلارمۇ.... ھەممە، ھەممىسى بىردىنلا، بىراقلا غايىب بولىدۇ. ھەممە نەرسە ھەتتا ھازىرقى خىياللارمۇ ئۆتمۈش بولۇپ قالىدۇ، ساۋۇتنىڭ ئۆزىمۇ ئەسلىمىدىكى كۆلەڭگىگە ئايلىنىدۇ. بىچارە ئانا ئۇنىڭ قانغا بويالغان كىيىملىرىنى ياشلىرى ئېقىپ تۇگەي دېگەن كۆزلىرىگە تېپىلماس تۇتىيادەك سۈرەر. ئۇنىڭدىكى ئوغلىنىڭ ھىدىنى ئۇ تېخى زاكىدىكى، بۆشۈكتىكى چاغلىرىدىكىدەكلا قانماي پۇ-

لىك ئۆڭكۈر ئۆيلەر قاتارى كۆز ئالدىدا يۈز ئاچارمىش. ئىشىك تۈۋىگە يېقىنلاشقاندا، قولىغا پەلكۈچ تۇتقان ئاتاقلىق قەدىم ئۇيغۇر رەسسامى ۋىسا ئىراساتىكا ئالدىغا چىقارمىش. ساۋۇت مۇشتۇمدەك تۇرۇپ بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى نەدىن ئاڭلاپتىكىنە؟ بىر ئۇيغۇر ھەيكەلتىراش ئۇلارنى بۇ مىڭ ئۆيگە باشلاپ كىرەرمىش، ساۋۇت ھەيكەللەرنىڭ ئاستىغا ئويۇلغان مىلادىدىن كۆپ ئىلگىرىكى يىللارنى كۆرسىتىدىغان رەقەملەرنى كۆرەرمىش. يولباشلىغۇچى ھەيكەلتىراش غەلىتە خەتلەرنى كۆرسىتىپ، بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان پۈتۈكلەر دەرمىش. ساۋۇت بۇ گەپلەرنى چۈشىنەرمىش، ئەجەبلى-نەرلىكى، بىردىنلا ئۇ بوي تارتىپ چوڭ بولۇشقا باشلارمىش. ئۇلار ئايلىنىپ كېلىپ بىر ئىشىكنى ئېچىپ، ئېگىز قىيانىڭ قاق بېلىدىن چىقىپ قالارمىش. پەستىكى چوڭقۇر ھاڭدا شارقىراپ تاغ دەرياسى ئېقىۋاتقانمىش. ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇشقاندا، ئاسماندا ھەسەن-ھۈسەن پەيدا بولۇپ پەسلەپ كېلىپ، ئۇلارغا كۆۋرۈك بولۇپ بېرەرمىش، ئۇلارنى ئۈستىگە ئېلىپ ھەسەن-ھۈسەن كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپتۇدەك. پامىر تاغلىرى ئۈستىگە كېلىپتۇدەك. بۇ چوققىلار پەلەمپەيدەك ئۈستى-ئۈستىگە قاتلىشىپ، ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن ئىكەنغۇ. ئۇلار ئاتۇشتىكى تاغلار باغرىغا چۈشۈپتۇدەك. ھە، بۇ توقسان توققۇز مىڭ مازارنىڭ سەردارى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ يۇرتىغۇ. ماۋۇ تاغنىڭ بوغۇز دەپ ئاتىلىدىغان جايى ئەجەب ھەيۋەتلىك ئىكەن-ھە!... ئۇلار بوغۇزدىن ئۆتۈپ، سايلىق-تا يۇقىرىغا يول ئېلىپتۇدەك. قىيا بېلىدىن ئوخچۇپ چۈشۈدىغان خاسىيەتلىك تەڭگە تاغ سۈيىدىن ئوتلاپ بېقىش كېرەك. بۇ سۇ ئادەمنى ئەقىللىق، كۈچتۈڭگۈر قىلارمىش، بويىنى تېز ئۆستۈرۈپ ئېگىز

ھەيكەللەرگىمۇ ياشاش ئىمكانىيىتى بېرىشمىدى، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىقتا ئۆزىنىڭ شۇ جەھەتتە نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىگە ئىگە مىللەتكە، قەدىمكى مەدەنىيەتكە ئىگە ئەقىللىق خەلققە ئاجايىپ كارامەتلەرنى يارىتىپ بېرىشتەك يالقۇنلۇق ئىستەكلىرى، جۇش ئۇرۇۋاتقان يۈكسەك يوشۇرۇن تالانتى ئەتىياز جۇدۇنلىرىغا يولۇققان چېچەكتەك قىسقا ئۆمۈرلۈك بولىدىغان بولدى.

روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىن ئازابلانغان، كۆپ سۆزلەپ ھالى قالمىغان ئابدۇغوپۇر بىرئازدىن كېيىن جىمىپ قالدى. ئارام ئېلىۋاتامدۇ، خىيال سۈرۈۋاتامدۇ، ياكى ئۈگدەپ قالدىمۇ، ساۋۇت بۇنى ئاڭقىرالمىدى. ئۆزىمۇ كىرپىكلىرىگە ئۈگدەك ياماشقىنىنى سەزمەي قالدى، بىردەمدىلا چۈش كۆردى:

ساۋۇت چۈشىدە بالىلىق دەۋرىگە قايتىپتى. ئۇ بىر توپ بالىلار بىلەن چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنىپ ئويناپ يۈرۈپ، بىرتاغ تۈۋىگە بېرىپ قاپتۇدەك، ئۇلار بەسلىشىپ تاغقا يامىشىپتۇدەك. ساۋۇت چىلىق-چىلىق تەرگە پېتىپ يالغۇز ئۆزى چوققا ئۈستىگە چىقىپتىمىش. بۇنى كۆرگەن بىر پارچە ئالتۇن بۇلۇت ئۇنىڭ ئايىغى يېنىغا كېلىپ، بىر پارچە ئالتۇن گىلەمگە ئايلىنىپ تۇرۇپ بېرىپتۇ. ساۋۇت گىلەمگە ئولتۇرغان ئىكەن، ئالتۇن گىلەم ئۇچۇپ، ئۇنى بىر ھەيۋەتلىك قەدىمكى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ دۇنخۇاڭ مىڭ ئۆيلىرى بار جايمىش. ساۋۇت ئۆيلەرنى ئارىلاپ تام رەسىملىرىنى، بۇت ھەيكەللىرىنى تاماشا قىلارمىش، مېڭىپ-مېڭىپ كورلىغا يېقىن جايدىكى باشئەگىم دەرياسى بويىدىن چىقارمىش. باشئەگىمنىڭ شىمالى يېقىدىمۇ مىڭ ئۆي بار ئىدى دەپ ئويلاپ، شۇ ياققا ماڭارمىش. دەرۋەقە، سان-ساناقسىز ھەيكەل ۋە تام سۈرەتلىرى بار ھەشەمەت-

ئىكەنلىكنى ئۇنتۇغاندەك، كىچىك باللارچە ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

## 6

كۈنلار ئادەم ئۆلتۈرىدىغان كۈنى ھاۋا تۇتۇلدۇ، ئاسمان ھازا تۇتۇدۇ، دېيىشىدۇ. كۆكتال يېزىسىدىكى يىغىن ئۈچۈق سوت ئەمەس، كۆرەش يىغىنى دەپ ئاتالسىمۇ، ئۇنىڭدىكى كىشىلەرگە ئېيتقىلى بولمايدىغان مەخپىي غەرەزنى ئاشكارىلىماقچىدەك، بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق، ئاسماندا قارا بۇلۇتلار قانات كېرىشكەنىدى، ئاندا-مۇندا يامغۇر تامچىلاپمۇ قوياتتى. بوۋاينىڭ قورۇسىدىن تۇتقۇنلارنى ھەيدەپ ئېلىپ چىقىشتى، ئالدىدا ساۋۇت لوپۇلداپ مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەينىدە ئابدۇغوپۇر پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ كېلەتتى. چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان، لەۋلىرى توختىماي تىترەيتتى. چاچ-ساقاللىرى ئۆسكەن، تۇرقىدىن بىر كېچىدىلا ئون ياش قېرىپ كەتكەنىدەك ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدە ئۈچ چامدام ئارىلىق قالدۇرۇپ، ئاپتوماتنى مۈرىسىگە دۈم قىلىپ ئېسىۋالغان قادىر ساراڭ، ئاندىن مەتتوختى، ئەڭ ئاخىرىدا شەپقەت بىلەن ئەركىن كېلىۋاتاتتى. قوتاندىن چىققاندىلا تۇتقۇنلارغا كۆرەش يىغىنىغا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغانىدى. مەتتوختى ئابدۇغوپۇرنىڭ دادىسىنىڭ باستۇرۇلغان پومېشچىك، ساۋۇتنىڭ دادىسىنىڭ ئوكچى، چەتكە باغلانغان ئۇن-ئۇر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئارخىپلارنىمۇ ئېلىپ كەلگەن. بۇلاردىن باشقا ئارخىپ خالتىسى ئىچىدە يەنە مەتتوختى ھېجىيىپ، ساختا قىياپەتتە كىشىلەرنى ئالداپ يۈرۈپ، يوشۇرۇن يىغىپ "پاش قىلغان" مۇھىم

قىلارمىش. بۇ نېمە بولغىنى، ساۋۇت چوكۈيۈپ بىر نەپەستىلا يېگىتكە ئوخشاپ قالدىغۇ. بۇ ياقلار بۇغراخان جەڭ قىلغان قەدىمكى جەڭگاھلار ئىكەن، بۇ يوللاردا تۆگىمەن تېشىغا، ئات ئوقۇرىغا، ئادەم سۆڭەكلىرىگە، ئادەم بېشىغا ئوخشايدىغان غەلىتە تاشلار نېمانچە جىق؟ ئۇلار تاشقا ئايلانغان ئادەملەر قاتارىغا دۈچ كېلىپتۇدەك. يۈزلىگەن تاش ئادەم بىر يەرگە جەم بولۇپ، سۈرلۈك مەنزىرە ھاسىل قىلىپ تۇرغانمىش. توۋا! بۇلار راست ئادەملەردەكلا تۇيۇلىدىكەنغۇ، چىراي-شەكلى قەدىم ئاتا-بوۋىلارنىڭ ئەينەن ئۆزىغو، بۇلار ھەيكەللەر بولمىسۇن يەنە! ئادەم ئۇستىخىنى تاشقا ئايلىنىشقا قانچە ئون مىڭ يىل كېتەتتىكى؟ ھە، ھەيكەل، تاش ھەيكەل، ھازىر يېنىدا ئابدۇغوپۇر بولغان بولسا نەزەرىيەلىرىگە تالاي يېمىرىلمەس پاكىتلارنى تېپىۋالغان بولاتتى-دە، ئەتتەڭ! ساۋۇت ئەمدى بۇلارغا قاراپ تاش ھەيكەل ياساشنى ئۆگىنىۋالدۇ، ھەي، تاش ھەيكەللەر، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تاش ھەيكىلى، ھەيكەل!..

ساۋۇت ئۆزىنىڭ چۈشۈنۈكسىز ئىگرىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى، دەماللىققا قەيەردىلىكىنى بىلەلمىدى. نېمىشقا ئۇ غەمسىز سەبى بالىدىن كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا غېمى چېچىدىن تولا چوڭ يىگىتكە ئايلىنىپ كەتتىكىنا؟ قايتماس بالىلىق دەۋرىگە بولغان سېغىنىش ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا تاتلىق تۇيغۇ پەيدا قىلغان ئىدى، ئۇ يېرىم سائەتتەك ئۇخلىغان ئوخشايدۇ. قوتان ئىچىگە يورۇق چۈشۈپ قالغانىدى، بىردىنلا رېئاللىقنىڭ قانلىق قىلىچى بېشىدا پۇلاڭلاپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا شېرىن چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلدى. ئابدۇغوپۇرمۇ مىدىرلىدى. كۈتۈلمىگەندە ئابدۇغوپۇر ئۆزىنىڭ ئوتتۇز ياش ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ كەتكىنىگە نەچچە يىل بولغان ئادەم

ئايرىلالمايدۇ ۋە بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. مەدەنىيەت ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ، ھالاكەت مەدەنىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ دەۋر قىلىشىدىن دۇنيا ئۆرە تۇرىدۇ. ئىرق مەسىلىسىدىمۇ ئىزدىنىشكە، رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك. بۇ تەرەپبازلىق، بۆلگۈنچىلىك، ياۋايى نادانلىقلار ئاخىرى مىللەتنى ئاممىۋى پاجىئەگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنى چۈشىنەمدۇ بۇ بىچارە قۇرۇتلار، قۇرۇپ كەتكۈر دۆت، ئېشەكباش كاززاپلار، توڭگۇز تۇمشۇقلار...

ساۋۇت لام-جىم دېمەي ماڭاتتى. ئابدۇغوپۇرنىڭ كاللىسىدىن ئامال قىلىپ تىرىك قېلىش ھەممىدىن ئەلا دېگەن خىيال يالت قىلىپ ئۆتتى. ئۇ يەنە يىغلىۋەتتى، قىياپىتى تېخىمۇ ئېچىنارلىق تۈسكە كىردى. بىردىنلا ئېلىشاڭغۇ ئادەمنىڭكىدەك غەلىتە ھەم قورقۇنچلۇق ئاۋازدا يالۋۇرۇپ زار-زار قاقشاپلا كەتتى:

— بىز يامان ئىش قىلمىغانغۇ، بىزنى قويۇۋېتىڭلار، ئۆلتۈرمەڭلار، يولداشلار! ئۆتۈنۈپ قالاي، مەندىن يامانلىق كەلمەيدۇ، مەڭگۇ خىزمىتىڭلاردا بولاي. ھەممىمىز ئوخشاشلا ئادەم، ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، چۆچۈرىدەك باللىرىم بار، ئۇۋالىغا قالىسىلەر، يېتىم قالمىسۇن. بىز ھېچكىمگە چېقىلمىغانغۇ، بىزگە نېمىشقا چېقىلىسىلەر، ئۆلتۈرمەڭلار!

— ئاغزىڭنى يۇم ياپچۇۋەگ، ھېچكىم سېنى ئۆلتۈرمەكچى ئەمەس، — دەپ تووۋلىدى مەتتوختى، — مىلتىق پايىنكىدە چىشىنى تۆكۈۋېتىڭلار بۇ ئىغۋاچى خاپانباشنىڭ.

ئابدۇغوپۇر ئەمدى پاجىئەلىك ئۆلۈدىغانلىقىغا ئىشەندى، ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. گاچا، تەلۋە، قارايۈز، قان يالايدىغان غالجىر ئىتلار دەپ تىللىدى، كېيىن يەنە يالۋۇردى، ھېچكىم گەپ

ماتېرىياللارمۇ بار ئىدى. بۇ ماتېرىياللاردا ساۋۇتنىڭ "دۇتار چېلىپ
ئەكسىيەتچىل سېرىق ناخشا ئېيتقانلىقى"، ئابدۇغۇپۇرنىڭ "ئەكسىيەتچى
سەپسەتىلەرنى بازارغا سالغانلىقى" قاتارلىق "نەق ئەكسىلئىنقىلابى
جىنايەت"لىرىنىڭ پولاتتەك پاكىتلىرى خاتىرىلەنگەنىدى.

دوقمۇشتىن بۇرۇلغاندىن كېيىن، يىراق دەريا بويىدىكى يالغۇز
ئۇجمە دەرىخى خىرە كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھاياجانلىق
ئادەملەر توپى قىمىرلايتتى، يېزا خەلقى يول بويلاپ شۇ ياققا ئاقما-
قتا ئىدى، ئىتلار ھاۋشىپ، ئېشەكلەر ھاڭرايتتى، ۋاراڭ-چۇرۇڭ
يېزىنى كۆتۈرۈۋەتكەن ئىدى. چوڭلار كىچىكلەرنى كۆتۈرۈۋېلىشقان،
يېتەكلىۋېلىشقان، باللار قى-چۇ قىلىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ بىر-بىرىدىن
ئېشىپ كېتىشتى. "دېھقانلارنى پۇخادىن چىقىرىدىغان كۆرەش يىغىنى"
ئۇلارغا شۇنچە قىزىق تۇيۇلۇۋاتقان بولسا كېرەك.

تۇتقۇنلارنى ئېتىز قىرلىرى بىلەن ئېلىپ مېڭىشتى. ئابدۇغۇپۇر
تۇرۇپ-تۇرۇپلا قايناپ قوياتتى. ئۇ بۇ جازانى زادىلا چۈشىنەلمەي-
ۋاتاتتى، ئىدىيىدىن ئۆتكۈزەلمەيۋاتاتتى.

— مەن لى لۇەنشى بىلەنمۇ، سىز بىلەنمۇ گەپ تالاشقان،
مۇنازىرىدە يېڭىۋالدىڭ دەپ ئەدەبلەشمۇ ئادەم قىلىدىغان ئىشمۇ؟ —
دېدى ئابدۇغۇپۇر كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مەتتوختىغا قاراپ، —
ئۇنىڭ سۆزلىرى مەنتىقى تەرتىپىنى يوقاتماقتا ئىدى، — لى لۇەنشى ئىك-
كىڭلارنىڭ تىلى بىر، سىلەرنىڭ كەمسىتىش، ئۆچ ئېلىشىڭلار، سىلەر-
نىڭ تەرەپبازلىق، بۆلگۈنچىلىكىڭلار، ئىچكى ماجىرانى كۈشكۈرتىشىڭلار
مەدەنىيەتسىزلىكىڭ، قالاقلىقىڭ، ياۋۇزلۇقىڭ، ھەقىقىي ياۋايىلىقىڭ
ئاقىۋىتى. ھەي، مەن مەدەنىيەتپەرۋەر يەنى ھالاكەتپەرۋەر ئادەم-
مەن. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى بىر ماڭدام كېلىدۇ، ئۇلار بىر-بىرىدىن

بولسىمۇ، ھازىر مۇشۇنداق رەھىمسىزلىك قىلماي نېمە ئىلاجى؟ ئۆزلىرىدىن كۆرۈشسۇن! بۇلاردەك تېخنىكوم پۈتتۈرگەن، ئەقلىمۇ، بىلىمىمۇ بولغان بولسا ئاللىقاچان چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن بولاتتىم. زىيالىيلار ئەسلىدىلا مەدەنىيەتلىك چەت ئەل جەننەتلىرىگە يارىشىدىغان پەرىشتىلەرغۇ! بىزدە زىيالىيلارنىڭ ئورنى ئەخلەت، قىغ-چىرىندى-لەر بىلەن تەڭ. شۇنداق بولغىنىغۇ مەتتوختىلاردەك سىياسىيونلارغا پايدىلىق، ئۆزەڭدە يوق ياخشى نەرسىگە ئىگە ئادەمنى باش كۆتۈر-گۈزمەسلىك كېرەك. بولمىسا سەندىن ئېشىپ كېتىدۇ، ھۆكۈمرانىڭ بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا پوتلاپ، كالتەكلەپ تۇرۇش كېرەك. سىياسىي كۈرەش دېگەن شۇ. زىيالىيلارنى سېسىق توققۇزىنچى دېگىنى توققۇزىنچى دوزاختا كۆيدۈرۈلىدۇ دېگەن گەپقۇ....“

ئابدۇغۇپۇرنىڭ بولسا جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ تېخىچە بىر نېمىلەرنى دەپ كوتۇلداپ، مىشىلداپ يىغلايتتى. ساۋۇت بۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. كۆڭلىدە ئېيتىپ قالدۇرۇشقا تېگىشلىك تالاي-تالاي سۆزلىرى بارلىقىنى مانا شۇ چاغدا بىردىنلا ھېس قىلدى، ئۇ ئۆمۈر بويى تۈزۈكرەك پاراڭ سېلىپ باقمىغان ئادەم ئىدى. باھار كەلكۈنلىرىدەك بېسىپ كېلىۋاتقان بۇ سۆزلەرنى نەدىن باشلاپ، نەدە تۈگىتىش مۇمكىنلىكىنى بىلەلمىدى. قېشىدا ساھىبجامال بولغان بولسا ئېھتىمال ئىش باشقىچە بولار ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ سۆزلەرنى يىغلاپ سۆزلىسىمۇ تۈگىمەيتتى. ئۇ ئۈنچىقماي بىر ئاسمانغا، بىر يەرگە قارىدى. سۈرۈلۈپ، سوقۇلۇپ لاي سۇدەك ئۆتكەن ئۆمرىنى يادىغا ئالغان بولسا كېرەك، مېڭىسىگە ھايات، كۈرەش، بەخت دېگەن ئۇقۇملار يەنە كىرىۋالدى. تەقدىر ئۇنىڭغا بەرگەن ھاياتنى، ئۆمۈر جەريانىنى

قىلمىدى.

بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ساۋۇت بۇرۇلۇپ ئىلتىماس قىلدى:

— قىيناپ ئويناماي، بىر يولى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ئېتىپ تاشلاڭلار، يولداشلار!

— ئاممىۋى ھەرىكەتكە توغرا مۇئامىلە قىل! — دېدى مەتتوختى سەل-پەل يۇمشاپ، — ئامما ھېچكىمنى بوزەكلىمەيدۇ، قىينىمايدۇ.

شەپقەت بىلەن ئەركىن باشلىرىغا تاياق تەككەندەك پۈكۈلۈپ كەتتى. مەتتوختىمۇ ئۆزىنىڭ بۇ يالغان گەپلىرىگە ھېچكىمنىڭ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلار ئىشەنمىسىمۇ گېپىمدە چىڭ تۇرۇۋشۇم كېرەك دەپ ئويلايتتى. ھەر ھالدا ئۇمۇ ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدىمۇ بەزىدە چىگىش تۇيغۇلار، زىددىيەتلىك خىياللار پەيدا بولۇپ قالاتتى. بۇ ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تەرىپىمۇ بولغانلىقىدىن شۇنداقتۇ، بەلكىم. ئۇنىڭ دادىسىنى باشقىلار ناھەق نابۇت قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ بۇنداق ئېزىتقۇ تۇيغۇ ۋە خىياللاردىن ئۆزىنى قاچۇرالماي قالغاندىمۇ ئىمكانىقەدەر ئۆزىنى-ئۆزى ئاقلاشقا، ئەيىبلەشتىن ساقلىنىشقا ئۇرۇناتتى، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە يۈرىكىنى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەتكەندەك بولاتتى. پوپكىدىكى ئارخىپ خالتىسىغا سېلىقلىق مۇزارت ھەيكىلىنىڭ سۈرىتى، ساۋۇت بىلەن ئابدۇغوپۇرنىڭ بىلىم-ئىقتىدارى خىيالىدىن ئۆتكۈنچى نۇردەك پاللىدە ئۆتتى. "مەندە نېمە گۇناھ — دەپ ئۆزىنى بەزلىدى مەتتوختى-سىياسىي كۈرەش دېگەن شۇ، كىم بۇ ھاماقەتلەرگە شورپېشانە بولسۇن دەپتىكەن؟ چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق. مەتتوختىنىڭ ئورنىدا باشقا بىرسى

ساھىبجامالغا ئېتىلدى:
— ئابدۇغۇپۇر كەينىمدىن ماڭ!
ساۋۇت لوپۇلداپ يۈگۈرۈپ بارغىنىچە قىزنى يېنىكلا ئىتتىرىۋەتتى. شۇ ئارىلىقتا قىز كۆز ئالدىغا قىلالمىغۇدەك تېزلىكتە يۈگەننى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. ساۋۇت يۈگەننى تارتتى-دە، ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان چاققانلىق بىلەن سەكرەپ ئاتقا مىندى. ساھىبجامال خۇددى قاتتىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقاندەك قەستەن دەلدەڭشىدى، چىرقىراپ يەرگە يىقىلدى.
ئات كىشنەپ ئۆز جايىدا ئايلاندى، ساۋۇتنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆكىرۈپ كەتكەندى. تېخىچە داڭ قېتىپ تۇرغان ئابدۇغۇپۇرنى كۆرۈپ ئېتىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ دېۋەتتى:
— بول، ئابدۇغۇپۇر، بول!
ئابدۇغۇپۇر بىر نەچچە ماڭدام ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى، قوللىرىنى كۆتەردىيۇ، ئارىسالدى بولۇپ توختىدى. قاچسام چوقۇم ئېتىۋېتىدۇ، قاچمىسام ئازاب تارتىسامۇ، بېشىم ساق قېلىشى مۇمكىن دېگەن تەلەي سىناش خىيالى بىردىنلا ئۇنى چار يىلاندەك چىرمىۋالدى. گېلىغا يۆگىشىپ بوغدى، تىنىقى پەسلىدى، ئۇ ئېگىز بوتتەك يەرگە چاپ-لاشقىنىچە مىدىر-سىدىر قىلالمىدى. چەكچەيگەن كۆزلىرىدە قورقۇنچ، ھەرىكەتسىزلىك قېتىپ قالدى، ئۇ ئاتقا ئېسىلمىدى. لېكىن ساۋۇت ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ كۈچەپ يۇقىرى تارتتى. ئەپسۇس، كېچىكىشكەن ئىدى. ئۇشتۇمتۇتلۇقتىن دەققە ئېسىنى يوقاتقان، گاڭگىراپ تاشتەك قېتىپ قالغان مەتتوختى بىلەن قادىر سارالڭ ھوشىغا كەلگەن ئىدى. ئالدى بىلەن مەتتوختىنىڭ تاپانچىسى ئېتىلدى. ساۋۇت ئاتنىڭ ساغرىسىغا مىنگ تەستە تارتىپ چىققان

زادى نېمە دېيىش كېرەك؟ ئامەتمۇ، بەختمۇ، ئاپەتمۇ، بالا ـ قازامۇ؟ بۇ زادى ساۋۇتنى قەدىرلىگەنلىكىمۇ، خورلىغانلىقىمۇ؟ ئۇنىڭغا ئەبەدىلئەبەد مەپتۇن بولۇش كېرەكمۇ، لەنەت ئوقۇش كېرەكمۇ؟ ساۋۇتنىڭ چىرايىدا ئاچچىق كۈلكە پەيدا بولدى، يۈرىكى قىسىلىپ تارتىشتى، بېشىمۇ تارتىلغاندەك پەسكە ساڭگىلىدى. كېيىن قانداقتۇر بىر شەپىنى ئاڭلىغاندەك، توغرىراقى تۇيغاندەك بولۇپ، بېشىنى تەستە كۆتۈردى، يان تەرەپتىن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان كۆلەڭگىگە قارىدى. 40 مېترچە نېرىدا ساھىبجامال ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئېتىنى يايتاق يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى. بوينى ئۇزۇن بۇ ئات بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغانىدى. نېمىگە ماڭىدىكى؟ كۆزلەر ئۇچراشقاندا، ساۋۇت قىزنىڭ قايغۇلۇق قارا كۆزلىرىنىڭ ئوت ئالغاندەك چاقناپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ئات كىشنىۋەتتى، ساۋۇت قەلبىنىڭ قەيىرىدۇر چوڭقۇر بىر يېرىدە قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ مىدىرلىغاندەك، قوزغالغاندەك بولغانلىقىنى ھېس قىلدى، بۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىشىنى بىردىنلا ناھايىتى ئېنىق پەملىدى. ساھىبجامالنىڭ ئاخشامقى گېپىنىڭ چىن مەناسىنى ئەمدى تولۇق چۈشەنگەندەك بولدى، ئەقلى سۈزۈلدى، يۈرىكىگە بىر پارچە ئوت چۈشتى. ئۇنىڭدا بىردىنلا كۈچلۈك ياشاش ئىستىكى، ھاياتقا قانماسلىق تۇيغۇسى پەيدا بولغان ئىدى. ئۇ قۇرۇپ كېتىۋاتقان لەۋلىرىنى يالىدى. يەر ئاستىدىن ساھىبجامالغا قىيا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى. مانا ئارىلىق يىگىرمە بەش، يىگىرمە، ئونبەش قەدەمچە قالدى. يەنە بىر ئازدىن كېيىن ساھىبجامال ئۇلارنىڭ ئالدىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ساۋۇتنى غايىبتىن كەلگەن قۇدرەتلىك بىر سىرلىق كۈچ قاتتىق ئىتتىرگەندەك بولدى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت

ئىدى. كۆكرىكى تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكىدەك بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر
پەسلەيتتى. ئۆپكىسى چىڭقىلىپ، بېشى زىڭىلدايتتى. بارلىق كۈچى
بىلەن چىشىنى چىشلەپ چىدىدى، توساتتىن سۇنىڭ شارقىرىغان
ئاۋازىنى ئاڭلاپ توختىدى، ھەرىكەتسىز، جىمجىت تۇرۇپ قالدى.
سۇ تېز ئاققانلىقتىن ئايغىدىكى تىك يار بىلىنمەس تىترەپ
تۇراتتى. يارنىڭ ئاستىدا قايناملار دولقۇننى دولقۇنغا سوقۇشتۇ-
راتتى. لاي سۇ جىگەررەڭ كەھرىۋا مۇنچاقلىرىنى چاچرىتاتتى، ئۇ
بېشىنى كۆتۈردى، ئالدى تەرەپتە، يېقىنلا جايدىكى بوشلۇقتا قارا
بۇلۇتلار يىرتىلغان قارا پەردە پارچىلىرىدەك ساڭگىلاپ قىمىر-
لايتتى. ئارقا تەرەپتىن ۋارقىراپ دەھشەت سېلىپ قوغلىغۇچىلارنىڭ
ئاۋازى يېقىنلاپ كەلمەكتە، يىراقتىن كىشىلەرنىڭ قىيا-چىياسى
ئاڭلاندى. ئۇجمە تۈۋىگە يىغىلغانلارنىڭ بىر قىسمى بۇ ياققا تاماشا
كۆرگىلى چاپقان بولسا كېرەك. ئۇ، بىر نەچچە قەدەم ئالدىغا چام-
دىدى. باش ئۈستىدە ئوقلار ئەجەل ئاۋازىدا ۋىژىلدايتتى. ئايغى-
دىكى قىيا تۈۋىدە كۆپۈك چاچرىتىپ لاي سۇ قايناپ ئاقاتتى. ئۇ
ئارقىسىغا بۇرۇلدى، كۆزلىرىدە غەزەپ، ئېچىنىش، ھەسرەت ئۇچ-
قۇنلىرى يالتىرىدى. كۆز ئالدىدا دەپسەندە بولۇپ قان-يېرىڭغا
تولۇۋاتقان ئانا يەر، قىڭغىر-قىيسىق ئۆيلەر، ئەگرى-بۈگرى مەھەل-
لىلەر، يامغۇرمۇ يۇيۇپ كېتەلمىگەن، چاڭ باسقان مىسكىن دەرەخلەر
تۇماننىڭ ئاقۇش رومىلىغا ئورۇنۇپ، ھازا تۇتۇۋاتقاندەك مۇڭغا پېتىپ،
ئۆمچىيىپ تۇراتتى. كۆزىگە سىڭىپ قالغان شۇ كۆرۈنۈشكە قاراپ،
ئۇ كۈتۈلمىگەندە "خەير-خوش!" دەپ توۋلىدى. قوغلىغۇچىلارنىڭ
ۋارقىراشلىرى جاۋابەن ئەۋجىگە چىقتى. ساۋۇت كۆزلىرىنى چىڭ
يۇمدى، ئادەم قورققۇدەك تېز ۋە شىددەتلىك بىر ھەرىكەتتە قىيادىن

ئابدۇغۇپۇر ئوق يەپ دوملاپ چۈشتى، ساۋۇت ئات بېشىنى يانغا بۇراپلا، يۈگەننى قويۇۋەتتى. ئۆزى دۈمچىيىپ ئاتنىڭ يېپەكتەك يايلىغا يېپىشىۋالدى، قادىرنىڭ ئوقى بوشقا كەتتى. ئات سادالىقتىن چىققان ئوقتەك ئۇچتى، مەتتوختىنىڭ تاپانچىسى ئېتىلدى، يەنە ئېتىلدى، تەگمىدى.

— نېمىگە ھاڭۋاقسەن، ئات! — دەپ زەردە بىلەن توۋلىدى مەتتوختى قېشىدىكىلەرگە قاراپ.

قادىر ساراڭ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېتىشقا باشلىدى، بەدىنى ئاپ-تومات بىلەن تەڭ تىترەيتتى، قارا چىرايى تېخىمۇ قارىداشقا باش-لىدى. شەپقەت ئاسمانغا، ئەركىن يەرگە قارىتىپ بىر پايدىن ئوق ئۈزدى، ئاندىن شەپقەت تىللاپ، تاپانچىسىنىڭ بىر يېرىنى ئوڭلا-ۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى، ئەركىن خوشياقمىغاندەك ئېتىز قىرلى-رىغا قارىتىپ يەنە ئىككى پاي ئاتتى. ئوقى تەگمىگەنىيېرى قادىرنىڭ قاتىللىق تەلۋىلىكى قوداڭشىدى، يۈرىكىدە ۋەھشى ئىشتىياق ياندى، ساراڭلىقى تۇتۇشقا باشلىدى، كۆزلىرى قانغا تولدى. ئاغزىدىن كۆپۈك ئاقتى، ئۇ ئالا-تاغىل ۋارقىرىدى، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، ئوقىنى مۆلدۈردەك ياغدۇرغىنىچە ئەسەبىي ھەرىكەتتە ئالغا يۈگۈردى. چېپىپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاتنى ئاخىرى ئوق موللاقلىتىۋەتتى. ساۋۇت ئاتنىڭ يېنىدىن ئۆمىلەپ قوپتى، يىلان باغرى شەكىلدە يۈگۈرۈپ قاچتى.

— ئەركىن قال، باشقىلار مەن بىلەن قوغلاڭلار! — دېدى مەت-توختى ئالغا تاشلىنىپ.

ساۋۇت بىر يىقىلىپ، بىر قوپۇپ قاچاتتى، سۈرئىتىنى تېز دېيىشكە بولمايتتى. بىرھازادا تىك يار بويىغا يېتىپ كەلدى، ئۇ چارچىغان

ئۇلار ئابدۇغۇپۇرنىڭ جەسىتىنى تاپنى سۆرىگەندەك سۆرەپ دەريا بويىغا ئېلىپ بېرىشتى. يالغۇز ئۈجمىنىڭ يوغان بىر شېخىغا سىمدىن سىرتماق ياساپ، تارتىپ پۇختىلىقىنى سىناپ كۆرۈشتى. ئاندىن ئابدۇغۇپۇرنى بويىندىن شۇ سىمغا ئېسىشتى. ئېسىلغان مۇردىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ كۆرەش يىغىنى ئېچىشتى، تەربىيىلەنگەن ئاكتىپلار ئابدۇغۇپۇر بىلەن ساۋۇتنى ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى دادىلىرى بىلەن بىللە قوشۇپ يەتمىش پۇشتىغىچە تىللاپ قاغاشتى. ھاۋادا ئېسىلىپ تۇرغان ئۆلۈككە تۈكۈرۈشتى. بەزى تۈكۈرۈكلەر قايتىپ ئۆزلىرىنىڭ يۈزلىرىگە چۈشتى، يىغىن زادىلا قىزىمىدى. دېھقانلارنىڭ كۆڭلىدە قورقۇنچ، ئېچىنىش، نارازىلىق ھەرىكەتلەنمەكتە، بارغانسېرى ئۇلغايماقتا ئىدى. ئابدۇغۇپۇرنىڭ ئاغزى قىيشىيىپ، كۆزلىرى ئالايدى، گېپى گېلىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى، ھايال ئۆتمەي كۆزلىرى پۇلتىيىپ چانىقىدىن چىقىشقا باشلىدى، ئۇزۇن بويىنى ئادەم قورققۇدەك ئۇزۇراپ كەتتى، گەۋدىسىمۇ سوزۇلدى. يىراقتىن قارىغاندا ئابدۇغۇپۇرنىڭ ئورۇق، ئېگىز گەۋدىسى ئاسمانغا ئېسىلغان ئۇزۇن سوئال بەلگىسىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ھاۋادا قاڭقىپ گويا ئۆزىنى كۆرەش قىلىۋاتقانلاردىن، مالىمان زاماندىن، پۈتكۈل كىشىلىك دۇنياسى ۋە بىقارار تەقدىرىدىن قورقۇنچلۇق سوئال سورىماقتا ئىدى.

يىغىن قاملاشمىدى، سوۋۇپ كەتتى، ماتەم تۈسى قويۇقلىشىۋاتقاندەك بولدى، بۇنى بايقىغان مەتتوختى دەرھال بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇلار جەسەتنىڭ ئايىغى ئاستىغا ئوتۇنلارنى ئېگىز قىلىپ دۆۋىلەشتى. قادىر ساراڭ قولىغا يوغان چۆمۈچنى ئالدى، ئېگىز كۆتۈرۈپ ئويناتتى، قاقاقلاپ كۈلدى، ساراڭلارچە ۋارقىرىدى. ئاندىن تۇڭدىكى كىرسىننى جەسەتكە ۋە ئوتۇنغا شالاپلىتىپ چاچتى. ئەمدى

ئۆزىنى تۆۋەنگە ئېتتۆەتتى. قول سوزسا يەتكۈدەك يېقىنلاپ كەلگەن مەتتوختى قىيا لېۋىدە ئۆزىنى ئاران توختىتىۋېلىپ، ئېگىشىپ پەسكە قارىدى. بېشى قېيىپ ئالاقزادە بولۇپ كەينىگە داجىدى، بىر ئازدىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، قادىر سارالڭ بىلەن بىللە پەستىكى چوڭقۇر قاينامنى قالايمىقان ئوقىا تۇتتى. لېكىن تىنىك يارنىڭ ئاستىدىن ھېچقانداق باشقا شەپە كەلمىدى، پەقەت سۇ دەھشەتلىك گۈركىرەيتتى.

ئۇلار قايتىپ كەلگەندە، ئابدۇغۇپۇر ئاللىقاچان ئۆزگەن ئىدى، مەتتوختى ئۇنىڭ جەسىتىنى ئاغدۇرۇپ كۆرۈپ، ئەلەم بىلەن تەپتى:

— بۇ بى نېمىنىڭ جېنى ئاغزىدىكى گەپتىنمۇ تېز چىقىدىكەنيا...

ئاممىنىڭ قولىدىن پايدىلىنىپ چاندۇرماي ئۆلتۈرۈش مەخپىي پىلانى بەربات بولغان ئىدى. مەتتوختى ۋېلىسىپىتتە كەنتكە قايتىپ بېرىپ، شتابقا تېلېفون بېرىۋىدى، لى لۇەنشى يەرنى تېپىپ، ئوق تەككەن قاۋاندەك ھۆركىرىدى: "ئۆلۈكنى دەرەخكە ئېسىپ كۆرەش قىلىڭلار، بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈڭلار!" دەپ بۇيرىدى.

بۇ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتكىمۇ، دىنىي قائىدە ـ يوسۇن، ئەمرى ـ مەرۇپلارغىمۇ خىلاپ تەلۋە بۇيرۇق ئىدى، بۇنداق ياۋۇزلۇقنى كۆپنى كۆرگەن بۇ خەلقنىڭ قەلبىمۇ ئاسانلىقچە كۆتۈرەلمەيتتى. لېكىن شۇنداقتىمۇ تەۋەككۈل قىلىنماقتا ئىدى. بۇ تەرەپلەردىكى پۇقرالارنىڭ ئەقلىگىمۇ سىغمايدىغان دەھشەتلىك پاجىئە ئەنە شۇنداق ئەۋجىگە چىقتى. قانغا سېزىك قادىر سارالڭ بىرنەچچە خەلق ئەسكىرىنى باشلاپ بېنزىن ئىزلەپ پاي ـ پېتەك بولدى. تاپالماي ئاخىرى ئىككى تۇڭ كىرسىن ئېلىپ كەلدى.

بىلەن سىپىلگەن كىرسىن كۆيۈپ تۈگىگەندىن كېيىن، گەۋدىسى ئۆسلىشىپ، بىقسىپ يانماي تۇرۇۋالدى، ئاستىدىكى ئوتنۇن دۆۋىسى ھەيۋەتلىك يالقۇنلاردا لاۋۇلداپ، چاراسلاپ كۆيەتتى. بىراق مۇردىدىن پىژىلداپ ماي ئاقاتتى، ئۇنىڭغا يەنە كىرسىن چېچىشتى. ئوت چەمبىرىكى ئۇنى قايتىدىن يۇتتى. ئەمدى مۇردىنىڭ پەيلىرى قىسقىراپ، گەۋدە تارتىشىپ قورۇلۇشقا، تۈگۈلۈشكە باشلىدى. بىراق ئادەمنىڭ تۈلۈگىنى بۇنداق ئېسىپ كۆيدۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى، كىرسىن چېچىشنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاشقا توغرا كەلدى. ئابدۇغوپۇرنىڭ باش-كۆزى تونۇردا ئۆكلەنگەن ئورۇق قوينىڭ كاللىسىغا ئوخشاپ قالدى، يۈزى قازاندەك قارىيىپ كەتتى، قورۇم باسقان، ھىڭگايغان چىشلىرى بىر تەرەپكە قىيشىيىپ، ساڭگىلاپ چىققان تىلىنى مەھكەم چىشلەپ تۇراتتى. ئابدۇغوپۇر كۆرۈلدەپ يېنىۋاتقان يالقۇنلار تەپتىدە ھەر تەرەپكە ئايلىناتتى، پىرقىرايتتى، تەۋرەيتتى، سىلكىنەتتى. شۇ تۇرقىدا گويا تۈت تەرەپكە كۆزلىرىنى قىسىپ قاراپ، ئۆزۈن تىلىنى چىقىرىپ چىشلەپ، ئېمىگىدۇر پۇشايمان يەۋاتقاندەك، "خەپ!" دەۋاتقاندەك، دۇنيانى سۆزسىز مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

شەپقەتنىڭ بىر كۆزى قان، بىر كۆزى ياش ئىدى، مەگزىنى كۆيدۈرۈپ سىرغىۋاتقان قان-ياشلار يەرگە تامچىلاپ، پوپاك توپا ئۈستىدە چېچىلغان مارجانلاردەك دومىلايتتى، يۈرەك تومۇرلىرى چاراسلاپ ئۈزۈلۈۋاتقاندەك ئىدى. كۆز ئالدىدىكى قىيامەت ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ يىرىم ياۋايى يىللىرىدا ئەمەس، بەلكى 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بولۇۋاتاتتى. ئىپتىدائى جەمئىيەتتىكى ھايۋانى ياۋايىلىقتا ئەمەس، بەلكى ئاتوم ۋە ئېلېكترون دەۋرىدە، نۇر ۋە ئۇچۇر

ئابدۇغۇپۇرنىڭ چىرايى تونۇغۇسىز بولۇپ ئۆزگەردى. قانسىز يۈز-لىرى قارىيىپ، كىرسىندە تولىمۇ سەت مايلىشىپ كەتتى. پۈتۈن ئەزايى- بەدىنىدىن ئوتتۇن دۆۋىسىگە كىرسىن تامچىلايتتى.

سەرەڭگىنى مەتتوختىنىڭ ئۆزى ياقتى. ئوتتۇن دۆۋىسى لاپ قىلىپ يېنىش بىلەنلا، ئابدۇغۇپۇر ئوت ھالقىسى ئىچىدە قالدى. يالقۇنلار ئۇچقۇنلارنى چاچرىتىپ، ئۆزۈن قىپقىزىل تىللىرىنى ئاسمان- پەلەككە سوزدى. ئامما دەسلەپتە سېھرلەنگەندەك، ۋەھىمە بىلەن داڭ قېتىپ قاراپ تۇرۇشتى، كېيىن بەرداشلىق بېرەلمىدى، پەريات چەكتى. بىر ئايال قولاق پەردىسىنى يىرتقۇدەك چىرقىرىۋەتتى. قىزلار "تووا!" دەپ ياقىلىرىنى چىشلەشتى. ئاياللار، باللار زار قاقشاپ ھۆكىرەپ يىغ-لاشقا باشلىدى، بىر- بىرلىرىنى ئىتتىرىشىپ، ئۆيلىرىگە قاراپ قېچىشتى. مۇشۇ ئەتراپتىكى خەلقنىڭ تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ ئەڭ ياۋۇز، ئەڭ ۋەھشىي جازا كۆرۈنۈشى دېھقانلارنىڭ يۈرىكىنى پارە- پارە قىلىپ يىرتىپ تاشلىماقتا ئىدى. غۇلغۇلا، ۋاڭ- چۇڭ كۆچەيدى، ئادەملەر ئاكتىپلارنىڭ توسۇشلىرىغا، پوپوزا قىلىشلىرىغا، قوپال ئىتتىرىشلىرىگىمۇ قارىماي تارقىلىپ كېتىۋاتاتتى. ھاۋانى ئادەم گۆشىنىڭ كۆيگەن پۇرىقى — قاڭسىق بۇس قاپلىدى، پۈتۈن يېزا ۋەھىمىگە، ماتەمگە چۆمدى، كىشىلەر ئۆزلىرىنى قاتتىق خورلانغاندەك ھېس قىلىشتى.

شەپقەت بىلەن ئەركىنمۇ ساراسىمىلىكتىن، پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ غىپپىدە غايىب بولماقچى بولۇشۇۋىدى، مەتتوختى بايقاپ قېلىپ توختىتىۋالدى.

بۇ مۇدھىش كۆندىكى ئاخىرقى دەھشەتلىك مەنزىرە شەپقەتنىڭ ئېسىدە ئەبەدىي قالدى. ئابدۇغۇپۇرنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىم- كېچەكلەر

بىلدى. بۇ — ۋىجدان بۇرچى، بۇ — يېڭى ئىرادە ئىدى. ئۆلمىسلا ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بۇرچ، ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك ئىرادە ئىدى. ھەممە نەرسە تەۋرەنسىمۇ ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ئىرادىسى تەۋرەنمەيتتى، بەلكى ئالماستەك سۈزۈكلىشىپ، چىڭىپ ۋە ئۆتكۈرلىشىپ باراتتى.

1986 ـ يىل ئۆكتەبىردە ئۈرۈمچىدە يېزىلدى.
1987 ـ يىل فېۋرالدا ئۈرۈمچىدە تۈزىتىلدى.



دەۋردە بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇلارغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بىراق ئىشەنمىگەنلىكىگە پاكىت يوقلىپ كەتمەيدۇ-دە! شۇ بىر كۈن بىر يىلدەك ئۇزۇن بىلىندى. كۆزلىرى تورلاشتىمۇ-قانداق، تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا ئاسمان گۈمبىزى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۆزىگە مۇزارتىنىڭ ھەيكىلى كۆرۈنۈپ، بارا-بارا ئېگىزلەشكە، يوغۇ-ناشقا باشلىدى. ھەيكەل يېنىدا ساۋۇتنىڭ كېلىشكەن نۇرانە چىرايى، لوپ-لوپراق گەۋدىسى پەيدا بولدى. ئۇلار چايقالدى، بۇ نېمە بولغىنى؟ ئەمدى شەپقەتكە مۇزارتىنىڭ ھەيكىلىنىڭ بويىنغا ساۋۇت ئېسىپ قويۇلغان ھېلىقى چۈشىدىكى مەنزىرە كۆرۈنگەندەك بولدى. بۇ مەنزىرە ئابدۇغوپۇرنىڭ پۇلاڭلاۋاتقان جەسىتىنىڭ ئارقىسىدا، ئاسمانغا ئېسىلغان ھەيۋەتلىك سۈرەتتەك نامايان بولدى. ئاستا-ئاستا بۇ ئۈچ گەۋدە بىر-بىرىگە يېقىنلاشتى، ئۈچمە قېشىغا جەم بولغان شۇ ھالەتلىرىدە ئۈچ ھەيكەلگە ئايلاندى. ھەيكەللەرمۇ، ئۈچمەمۇ كۆككە بوي تارتتى، ئاندىن ھەممىسى بىرلىيانتتىن قۇيۇلغاندەك قېتىپلا قالدى. لېكىن ئۇلارنى پۇرقىراۋاتقان ئىس-تۈتەك قاپلاپ پىرقىرايتتى، بۇ ئىس-تۈتەك يۇلتۇزسىز كېچە رەڭگىدە ئىدى. لاۋۇلدىغان ئوت ھەيكەللەرنىڭ ئاستىدىن ئۆرلىسە، بۇلۇتلۇق ئاسمان ئۈستىدىن سۈر بىلەن باساتتى، بۇلۇتمۇ، ئىسمۇ، ئوتمۇ تەۋرىنەتتى، ھەيكەللەر تەۋرىمەيتتى. ئاستا-ئاستا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ تەۋرىگەندەك بولدى، شەپقەتنىڭ گەۋدىسىمۇ تەۋرەندى بولغاي، ھەممە نەرسە تەۋرىدى. ئۇ كۆزىنى چىمچىقلاتتى، ھەيكەللەر يەنىلا تەۋرەنمەيتتى. بىردىنلا چاقماق چاققاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى، شەپقەت ئۆزىدە ئاشۇ تەۋرەنمەس ھەيكەللەر جەملىنىشىنى ياساپ چىقىش ئىستىكىنىڭ تۇغۇلۇپ، كۆڭلىنى يورۇتۇپ ئۆتكەنلىكىنى

كىچىكرەك مەنسەپدار، چوڭراق سودىگەرلەرنىڭ بەللىرىنى تۇتتى.
كېيىنرەك بەزىدە ئابرويلۇقلارنىڭ، داڭلىقراق ئەربابلارنىڭ بەل-
لىرىنى ئۇۋۇلاش، پۇتلىرىنى سىقىملاش، تىرناقلىرىنى ئېلىپ قويۇش
شەرىپىگىمۇ نائىل بولدى. بۇلار ئۇنىڭ هايات مۇساپىسىنى يورۇتۇپ
تۇرغان ئۇنتۇلماس ئالتۇن دەقىقىلەر. ئاددىي پۇقرالارنىڭ، هەتتا
لۈكچەك، ئوغرى، قىمارۋازلارنىڭكىنى تۇتۇشقا توغرا كەلگەن چاغ-
لارمۇ ئاز ئەمەس. دەسلەپكى چاغلاردا بىر قېتىم چالا مەست بىرى
"ئالقانلىرىڭ خوتۇنۇڭنىڭ كۆكسىدىنمۇ يۇمشاق ئىكەن، ئەزىبرايى"
دېگەندە، هېلىم تىترىكىنى ئاران بېسىۋالغانىدى. خەققە هاجىتى چۈشى-
دىغان تۇرسا، نېمە ئامال؟ بارا-بارا ئاهانەتكىمۇ كۆنۈكتى. جاندىن
ئۆتكۈدەك خورلاشلارغىمۇ چىشىنى چىشلەپ چىدىدى. بەل ئۇۋۇلاش،
پۇت سىلاشقا مىگبىر تويغان، ئەمگەن سۈتى بۇرنىدىن كۆرمىڭ بۇلاق
بولغان چاغلارنىغۇ يادىغا ئېلىشتىنمۇ قورقىدۇ. هازىرقى غۇژغۇن
مىجەزىنى ئاشۇنداق زەردە گۆشتىلىكلەر ئاپىرىدە قىلغاندۇ، بەلكىم.
بۇنداق تەرەپلەرنى ياخشىسى ئىنسان بالىسىغا تىنماسلىق كېرەك.
يازغۇچى دېگەن نەرسىلەر بۇنىڭ ئىس-هىدىنى ئېلىپ قالسىغۇ
يېزىدىپ شەرمەندىلىككە تىقىدۇ. مۆمىن سۇلايمان قالپىقىنى ۋارتىلدى-
تىپ يىرتىۋېتىشلىرىدىن قورقىدۇ. هېلىم چىدىغۇسىز خورلۇقتا قالغاندا،
ئاتا كەسىپ ئەمەسمۇ، نېمە ئامال، دەپ ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى ئاۋۇن-
دۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇنداقمۇ ئەمەس. ئاتىسى هۈنەرنى ئىشىك
يوچۇقىدىن كۆرۈپ ئۆگىنىۋالغان چالا ئەمچى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە
ئۇۋۇلاش، سىلاشنى تىبابەتچىلىك ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئىشلەتكەن.
ئۇنىڭ ئۇۋۇلاپ داۋالىشىغا كۆز قىرىنى سېلىپ يۈرگەن هېلىم، چوڭ
بولغانىدىن كېيىن بۇ هۈنەرنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ، سىياسىي

# كېسك كاللا

دۇنيادا ئادەمدەك خلمۇ، سرىمۇ تولا نەرسە يوق. ئادەمنىڭ پاكىزىمۇ، ئېگىزىمۇ، ئېقىمۇ، قارىسىمۇ، سېرىقىمۇ بار. ھەربىر ئادەمنىڭ ئىككىدىن دۇنياسى بولىدۇ. سرتى بر دۇنيا، ئىچى بر دۇنيا. ئومۇمەن ئېيتقاندا ئىچى، سرتى ئوخشاشمايدۇ. لېكىن شۇنداق ھاللارمۇ باركى، بەزىلەرنىڭ ئىچى-تېشى ئوخشاشلا سۈپسۈزۈك يارالغان. بر قاراشتىلا ئۇلارنىڭ ئىچىنى شىشىنىڭ ئىچىنى كۆرگەندەك ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. مەگزىلىرىدە قانلىرى بار، ئۇياتىنى بىلىشىدۇ. تېشى قارا، ئىچى ئاقلارنىڭمۇ تېشىدىن سۇس شولا جىلۋىلىنىدۇ. ئەمما ئىچىمۇ، تېشىمۇ قارا يارىتىلغانلارغا ھەرقانچە قارىساڭمۇ، چالا مايلانغان قوتاز خۇرۇمىدەك بېزىرىدىپ، خۇنۈك قارىداپ تۇرىۋېرىدۇ. ھەتتا كېچىدىكى چىل بۆرە ئۇۋا قىلغان سۈرلۈك ئۆڭكۈردەك سىرلىق كۆرۈنىدۇ. تۈن قاراڭغۇلۇقىدىكى ئاچ بۆرىنىڭ چېكىتتەك چاقنىغان كۆزلىرىنى كۆرگەن تەجرىبىسىز يولۇچىلار چىراغ كۆرۈندى، ئادەمزات يولۇقتى، دەپ خۇرسەن بولۇپ ئۆڭكۈرگە يېقىنلىشىدۇ-دە، بالايى-قازاغا ئۇچرايدۇ.

ھېلىم خىرخىر بۈگۈن كېچىمۇ ھارغىنلىقتىن جۇلۇقى چىقىپ قايتتى. ئۇزۇن-قىسقا، ئىنچىكە-توم بەللەرنى ئۇۋۇلاۋەرگەنلىكتىن، قول بېغىشلىرى قاقشاپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇۋۇلاپ داۋالاشنى كەسىپ قىلىۋالغانلىقىغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا

غۇدەك ھاسىراپ يەتتىنچى قەۋەتكە چىقتى، ئۆتتۈش يولى قاراڭغۇ
ئىدى، سىيپىلاشتۇرۇپ قۇلۇپنىڭ ئورنىنى تاپتى. بىر توپ ئاچقۇچ
ئىچىدىن كېرەكلىكىنى مىڭ مۈشكۈلدە ئىلغاپ ئىشىكنى ئاچتى. ئېيىق-
تەك تىۋىشسىز شىپىرلاپ مېڭىپ ئۇدۇلدىكى ئۇخلاش ئۆيىگە كىردى،
يان ئۆيدىكى قىزىنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ قويۇشتىن قورقاتتى. شىرە
يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇھ تارتتى.
قوش كىشىلىك كارىۋات بوش ئىدى، ئايالى كىچىك قىزىنى ئېلىپ
ئانىسىنىڭكىگە كەتكەنىدى. ھېلىمىنىڭ كۆڭلىگە ئەنسىزلىك كىرگەندەك
بولدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇ يالغۇز يېتىشتىن قورقىدىغان
بولۇپ قالغانىدى. نېرۋىلىرى ئاجىزلىغانلىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، يالغۇز
قالسىلا كۈندۈزلىرى كۆڭلىنى قورقۇنچ مۇجۇيتتى، كېچىلىرى چۈشىدە
قارا باساتتى، كۆزلىرىگە كېسىلگەن كاللا كۆرۈنەتتى. خادىغا سانجىل-
غان كېسىك كاللا، سىمغا چېچىدىن باغلاپ مۇئەللەقتە پۇلاڭلىتىپ
قويۇلغان كېسىك كاللا، بۈركۈت قامالليۋالغان كېسىك كاللا، ئىت
چىشلەپ تۇرغان كېسىك كاللا، قۇزغۇن كۆزىنى چوقۇلاپ تۇرغان
كېسىك كاللا... ئۇنىڭغا ھەتتا ئېتىزلاردىكى قوغۇن-تاۋۇزلارمۇ، ساي-
لاردىكى يوغان تاشلارمۇ كېسىك كاللا بولۇپ كۆرۈنگەن چاغلار
بولدى. يالغۇز ئۇخلىسىلا چۈشىگە كېسىك كاللا كىرەتتى. ئوخشاش
كۆرۈنۈشلەر قايتا-قايتا قويۇلۇۋاتقان كىنودەك تەكرارلىناتتى. سۇلاي-
مان قالپىقىنى يوقىتىپ قويىدىغان قورقۇنچلۇق چۈشلەرنىڭمۇ مەزمۇ-
نىدىن كۆرۈنۈشلىرىگىچە ئاساسەن پەرقسىز بولۇپ، ئۇلاردىمۇ كېسىك
كاللىلارنىڭ كۆلەڭگىسى تەۋرىنەتتى. ھېلىمىنىڭ خوتۇنىغا ئاچچىقى
كەلدى، ئانىسى بىلەن تەڭ دېمەتلىكتەك قېرى چىراي تۇرغىنىغا
قارىماي، تېخىچە ئانىسىغا موزايدەك يۈگۈرىشىنى قاراڭ بۇ شەقىقىنىڭ،

ئېھتىياج ئۈچۈنمۇ ئىشلەتتى. قولىنى كۈنجۈت مېيىدا مايلىۋېلىپ، شۇنداق سىلىق سىلاپ ئۇۋۇلاشقا كىرىشتىكى، ئىشلىرىمۇ مايلىغان چاقتەك ئىلگىرىلىدى. ئەلۋەتتە مۇدۇرۇپ تاشقا ئۇسكەن، تېيىلىپ قوزۇققا ئولتۇرۇپ سالغان چاغلىرىمۇ بولدى. ئىچ-ئىچىگە خۇن ئۇر-ناپ كەتسىمۇ چىدىماي نېمە ئامال؟ ئاغرىققا چىدىمىسا، قىزمۇ ئانىغا ئۆزگىرەلمەيدىغۇ. مانا بۈگۈن بىر سوت ئەمەلدارىنىڭ بېلىنى ئۇۋۇ-لىدى. ئۇ گېپى يوغان، بېلى ئىسكىلىتىنىڭكىدەكلا داق ئۇستىخان بىر نېمە ئىكەن. شۇ ئەرۋاھ سۆڭەكلەر ئۇنىڭ ئالقان تېرىلىرىنىمۇ تېشىل-گۈدەك نېپىزلىتىۋەتتى بولغاي. "قولىڭىزنى قايماقتا مايلىغانمۇ؟ ئەجەب سىلىق ئىكەن، يوتامنىمۇ بىر دەم-يېرىم دەم سىلاپ قويۇڭ" دېيىشلىرىچۇ تېخى ھالىغا باقماي. ئورۇق كالىنىڭ مۈڭگۈزى يوغان دېگىنى شۇ-دە.

ھېلىم خىر خىر ئۆتكەن ئىشلارنىڭ كونا چۈشلىرى قايىنىمىدا پىرقىراپ، ئۆزىنىڭ قانچىلىك يول ماڭغانلىقىنىمۇ، ئاخىرقى كوچا دوق-مۇشىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەنلىكىنىمۇ بىلمىدى. نىشانىنى ئەقلى ئەمەس، جىسمى تەبىئى تۇيغۇغا تايىنىپ تېپىپ كېلىۋاتاتتى. تۆگە تاپانلىق كالتە پۇتلىرى بۇ يوللارغا كۆنۈك ئىدى. پايپاسلاشقىلا يارالغان بۇ بەختسىز ئاياقلار، تەڭلە قورساق، تەتۈر ئۇستىخان، كېلەڭسىز گەۋ-دىنى زورۇقۇپ كۆتۈرۈپ، قىزغۇچ چىراغلار يورۇتقان ئاسفالت كوچىنى كېسىپ ئۆتتى-دە، رىشاتكىلىق تۆمۈر دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى، يان ئىشىكمۇ ئېتىك تۇراتتى. ھېلىم بىردىنلا ئېسىگە كەلدى، ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولدى. ئىتتىرىپ بېقىۋىدى، يان ئىشىك يېپىقلىق ئىكەن، ئېچىلىپ كەتتى. قورۇ ئىچى تىمتاس ئىدى، ئۇ يەنە چۈشىدىكىدەك مېڭىپ ئۆز بىناسىنى تاپتى. تىلى ساڭگىل-

بۇرۇنراق كاردىن چىقىشقا بولمامدۇ؟ ئومۇمەن ھېچكىمگە يول قويۇ-
ماسلىق كېرەك. خەقنىڭ ئۆلىنى كولاپ تۇرۇش ئەڭ چوڭ ھۇنەر.
ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا ئۆز قولىدىن ئۆمۈرۋايەت چوڭراق ئىش كەلمەي-
دىغانلىقى ئايان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىنىڭ بۇنداق پاجى-
ئەلىك ئاخىرلىشىشىنى ئويلىمىغانىدى. كىچىكلىكىدە ئارزۇ- ھەۋەسلىرى
چۇشكە ئوخشاش كۆپ بولغان. غەلىتىرەكى جاللات بولۇش ئارزۇسى-
نىمۇ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ باققانىدى. ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن
ساپلىق ئايپالتا تۇتۇپ، باشقىلارنىڭ كۆتەك ئۈستىگە قويۇلغان بېشىنى
چېپىۋاتقانلىقى كۆزىگە كۆرۈنەتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى يايراپ كېتەتتى.
ھازىرقى چاغلاردىمۇ تۇرۇپلا شۇ ئارزۇسى يادىغا كېلىپ قالىدۇ.
قەدىناس ئاغىنىلىرى ئىچىدىن زاكىر ئۆسەكچى كېسىم قىلسا، جاكىر
خورەكچى كىشىلەرنى تۇتۇپ بەرسە، ئۆزى گال پىچاق بىلەن غىر-
داپ سويسا، نەقەدەر ھۇزۇرلۇق بولار ئىدى- ھە! ئۆسمۈرلۈكىدە ئۇ
سۇلايمان قالپاق توغرىسىدىكى رىۋايەتنى ئاڭلاپ مەستانە بولۇپ قال-
غان، شۇ قالپاق كىچە- كۈندۈز كۆز ئالدىدىن كەتمىدى، شۇ قالپاقنى
تاپسەن دەپ ئۇ نەچچە قېتىم ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ، تاغدىكى
قورقۇنچلۇق غارغا باردى. قاراڭغۇ كېچىلەردىمۇ شۇ يەردە تەمتىرەپ
يۈردى، ھاڭغا چۈشۈپ ئۆلۈپ قالغىلى تاس- تاماسىمۇ قالدى. قىيا-
دىن دومىلاپ كەتكەندە رىسقى تۈگىمىگەنىكەن، بىر بەلدە توختاپ
ئېسىلىپ قېلىپ ھايات قالغان. بۇ يەردىن ئۇنى بىر چوپان قۇتۇل-
دۇرۇۋالدى. ھېلىم ئۇنىڭ سۇلايمان قالپاقنىڭ سىرىغا ياكى تېپىۋالسا
ئۆزىگە شېرىك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھاڭ يېنىدىن ئۆتۈپ
كېتىۋاتقىنىدا مۈرىسى بىلەن بىرلا ئىتتىرىپ پەسكە چۈشۈرىۋەتكە-
نىدى. شۇ چاغدا ئۇ جۈغى كىچىك بولسىمۇ، ئۆزىدىكى ھەسەت كۈچى-

دەپ ئىچىدە تىللىدى. دەرۋەقە، بۇ خوتۇن ئۇنىڭدىن خېلى چوڭ
ئىدى. ھەممىسى پۇلنىڭ جىنايىتى بولىمامدۇ، ئۇنى ئالغاندا ھېلىم
خىر خىر بەكمۇ نامرات ئىدى. بولمىسا ئۆگەي دادىسى بىلەن ئىچ
پەش تارتىشىپ، ھارامدىن بالا تۇغقانلىقتىن ئۇلتۇرۇپ قالغان دەپ
داڭقى چىققان بۇنداق بىر قېرى قىزنى ئالارمىدى. يالغان گەپ
تارالمايدۇ دېيىشىدۇ، كىم بىلىدۇ، بەلكى ئۇ راستىنلا ئۆز بالىسىنى
ئۆز قولىدا بوغۇپ ئۆلتۈرگەن قاتىل ئانىدۇ. ئامال قانچە، ئۆز
گۇناھى ئۆزىگە بولسۇن جۇۋاينىمەكىنىڭ. بىر خوتۇنىنىڭ ھىيلىسى
قىرىق ئەرنىڭ ھىيلىسىدىن يامانمىش. ھېلىم ئۆزىنى ئازراق ئوڭشى-
غۇچە ئۇ نەچچىنى تۇغۇۋەتتى. مانا ئەمدى ئۆزىنى قەدىر ئەھۋال
ئوڭشىغاندا بولسا ھېلىم قېرىدېپ قالدى، يىلىكى قۇرۇۋاتىدۇ. بىرەر
تال قارا چېچىمۇ قالمىغان بېشى كۆمۈرلىكتىكى ئېرىمەي قالغان بىر
پارچە قاردەك خۇنۇك پارقىرايدۇ. جىسمىدا ئايال خەققە نەزەر تاش-
لىغۇدەك ماجالمۇ يوق، ئۇ ئەمدى ھالسىرىدى. ئەپسۇسكى غاجاشنى،
تاتىلاشنى توختىتىشقا خۇيى قويمايدۇ. بولمىسىچۇ؟ باشقىلار نېمىشقا
ئۇنىڭدىن ياخشىراق كۈن كۆرىدىكەن؟ نېمىشقا بەزىلەر ئەقىللىق
بولىدىكەنۇ، ئۇنىڭغا ئاران قاپاقباشلىق بەخشەندە بولۇپ قالىدىكەن؟
نېمىشقا شۆھرەتمۇ، مەنسەپمۇ بەزىلەرنى قوغلاپلا يۈرىدىكەنۇ،
ھېلىمگە ئارقىسىنى قىلىۋالىدىكەن؟ ھېلىم "كەمتەرلىك قىلىپ" ئۇلارنى
ئارقىسىدىن قوغلىسىمۇ تۇتۇق بەرمەيدىكەن؟ نېمىشقا بەزىلەر ياش،
چىرايلىق، قامەتلىك، ئامەتلىك-يۇ، ئۇ قېرى چىراي، كۆرۈمسىز،
سېمىز بولۇپ قالىدىكەن؟ ئۇنىڭ ئىشلىرىنىلا پالاكەت باسامدىكەن؟
نېمىشقا باشقىلار ئۇنىڭدىن پاتراق قېرىمايدىكەن؟ ھېچ بولمىسا بىر-
ئىككى يىل، بىر-ئىككى كۈن، ھەتتا بىر-ئىككى سائەت بولسىمۇ

يوق. بىرنەچچە يېقىن دەرداشلىرىمغۇ بار، ئۆسەكچى لەقەملىك دوستى زاكىر ئۆسەك تارقىتىشقا ھەققەتەن ئۇستا. خورەكچى دوستى جاكىر كەۋسەرنى شەيتانغا، زەھەرنى ئىنسانغا چاندۇرماي ئىچۈرىۋې-تەلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئەرزنامە، توغرىراقى تۆھمەتنامە يېزىشتا ھېلىم ھازىرغىچە ھېچكىمنى ئالدىغا ئۆتكۈزگىنى يوق. باشقىلارغا ئورا قېزىپ داڭ چىقارغان ئۆرەكچى لەقەملىك يەنە بىر ئاغىنىسى باكىرغۇ ئۆزىدىن ھېچقانچە قېلىشمايدۇ. ئۇ "داڭقىڭ چىقمىسا يايلاقتا ئوت قويۇۋەت" دېگەن ماقالنى ئۆزىگە دەستۇر قىلغان. كوچىدا چىراغ كۆرسىلا تاش ئېتىپ چاقىدۇ، خادا كۆرسىلا مۇش ئېتىپ باقىدۇ، ئادەم كۆرسىلا ئورا قېزىپ باقىدۇ. لېكىن ۋاستىسىنىڭ كۆپلۈكىدە، بولۇپمۇ بەل تۇتۇش، پاتاڭ ئۇۋۇلاشلارنى ماسلاشتۇرۇشتا يەنىلا ھېلىمدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ئويناش قىز ئەپكىرىپ بېرىپ، باشلىقلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتا دۇنيادا ئۆزىنى بىر چاغلايدىغان جاكىر خورەكچىلا ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلىسە كېرەك. زاكىر ئۆسەكچى، باكىر ئۆرەكچى، مەنسەپدار-لارنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈشتە خېلى دېتى بار، شاپتۇل چېچەك يۈز ناكىر ئېتەكچى ۋە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپلا ئۇنىڭغا ئوت قويىدىغان خاكىر تېزەكچىلەرنىڭمۇ ئەپكىلىدىغانلىرى ساپلا سۆلى قالمىغان قېرى نايناقلار. ئەقلى دۆمبىسىگە چىقىپ قالغان بۇ بىر نېمىلەرنىڭ! مانا نېمىلا بولمىسۇن، ھېلىم شۇنداق بىر سۇيىقەستلىك، ھەسەتخورلۇق غۇجمە-كىنىڭ غولى بولالىدى. ئوڭايمۇ؟ ھېلىم خىر خىر مەغرۇرانە قىياپەت-كە كىرمەك بولۇپ پوكۇنىنى كۆتۈرۈپ قويدى، تازا ئەپلەشمىدى، ياراشمىدى. شۇ چاغدا بۆگۈنلۈك ئەرز نامىنىڭ تېخى يېزىلمىغانلىقى ئېسىگە چۈشتى. تۈنۈگۈنغۇ قوشنا ئىدارىدا ئىشلەيدىغان ھېلىقى ئەزىمەت دېگەن يىگىتنىڭ ئۈستىدىن تۆھمەتنامە يېزىپ، ساختا ئىمزا

نىڭ ئاجايىپ چوڭلۇقىغا تەنتەنە قىلغان. بىراق ئەزرائىلنىڭ چوپانىغا ئىچى ئاغرىدىمۇ قانداق، رەھىمسىزلىك قىلغىلى ئۇنىماپتۇ. چوپان كىيىۋالغان ئۇزۇن تون ھاۋاغا توشۇپ پاراشوتتەك كېرىلىپ، ئۇنى ھاڭ تۈۋىگە قانات كەرگەن قۇشتەك يېنىك قوندۇرۇپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن چوپان ھېلىمنى ئىزدەپ ئۆيىگە كەلدى. بىراق تىللى-مىدى، ئۇرمىدى، پەقەت نەسىھەت قىلدى. نادانلىق ۋە ئىچى قارى-لىقتىن ئاڭلىق قۇتۇلۇشقا ئۈندىدى. ئەلۋەتتە بۇنداق نەسىھەتلەر ھېلىمنىڭ ساللاڭ قۇلىقىنىڭ بىرىدىن كىرىپ يەنە بىرىدىن چىقىپ كەتتى. كېيىنمۇ ئۆزى ناچار ئەھۋالدا قالسا، ئىشنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىپ، كۆزىنى چىمىلدىتىپمۇ قويمايدىغان تەلۋە خىسلەت يېتىلدۈردى. مانا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ شەھەردە ئۇ ئەزىمەت دېگەن كېلىشكەن بىر يىگىتكە ئۆچ بولۇپ قالدى. بۇ يىگىت تولىمۇ ئۆتكۈر ئىدى. ئۇزۇنغا بارمايلا ھېلىم ئۇنىڭ ھېلىقى چوپاننىڭ يال-غۇز ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلدى، بىراق باغرى ئازراقمۇ يۇمشىمىدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ ئەقىللىق ئىكەنلىكىدەك گۇناھىنى كەچۈرىۋېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇ ئۆمرىدە بىرمۇ ئىقتىدارلىق كىشىنى بوش قويۇ-ۋېتىشنى خالىمايتتى. شۇلارنى ئوجۇقتۇرىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ ئۇن يىللاپ تىرىشىپ بوزەكلەش، ئىككى يۈزلىمىلىك، ئالداش، ئۆكتەم-لىكتەك ھەر خىل ۋاستىلارنى ئۆگەنگەن. چوڭ بولغاندا ئۇ سۇلايمان قالپاقتەك تەييار ھېكمەتنى تاپماقنىڭ مۇشكۈللۈكىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەنرەكىنى تاپتى. ئۇ بولسىمۇ خۇشامەت قىلىش ۋە چىشلەپ تارتىش تەدبىرى ئىدى. چىشلەپ تارتىش ۋە ئورا كولاشتا بولسىمۇ داڭقى چىقسۇن-دە! مانا ھازىر بەل سىلاپ، ئىنغۋا توقۇپ، ئادەم چېقىشتا بۇ شەھەردە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى

لىكىن تەدبىر قوللىنىپ زورلاپ ساتقۇزىۋەتتى. چۈنكى خوتۇنىنى قىز ۋاقتىدا ئۆگەي ئانىسى ئاشۇ جىگدىلىككە ئاپىرىپ ئالداپ ئاياغ ئاستى قىلغان دېگەن ئۆسەك تولىمۇ كەڭ تارقىلىپ كەتكەنىدى.

ئەسلىمىلەر ئېزىتقۇ تۇماندەك لەيلەپ كاللىسىنى ۋاڭشىتىۋەتتى. قەلەمنى قولىغا ئالغاندا سۆز ئورنىغا تاتلىق ئۇگدەك كەلدى، ھارغىنلىق چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۆزىمۇ سەزمەيلا بېشى ساڭگىلىدى، بىر ئۆرلەپ بىر پەسلەپ بىرىپ شىرەگە ئۇرۇلدى، كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتتى، ئاغرىقتىن قاپاقلىرى يىرتىلغاندەك ئېچىلدى. كۆزىگە بىردىنلا يانپاشلاپ ياتقان سوتچىنىڭ ھىجايغان تەلەتى كۆرۈندى. ئۇ باياتىنمۇ شۇنداق كىبىر كۆرسەتكەن ئەمەسمىدى، ئۇنىڭ كىبىرىنى بىر سۇندۇرۇش كېرەك ئىدى. لېكىن مۇنۇ جاۋۇلداپ ۋارقىراپ كېلىۋاتقىنى كىم؟ ھىم، بۇ قېيىن سىڭلىسى قانداق پەيدا بولۇپ قالدىكىن؟ سوتچىنى كۆرۈپ نايىناقلاشقا باشلىدىغۇ. ئەمدى ھېلىم خىرخىر چاقىقان كەلمىسە بولمايدۇ. ئۇنىڭ بېلىنى ئوبدان ئۇۋۇلاپ سوتچىنى ئىندەككە كەلتۈرۈش كېرەك. بولمىسا ئاۋۇ قېيىن سىڭلىسى ئۇنىڭ تىزىغا ئولتۇرىۋېلىپ ئىشنى بۇزىدۇ.

ھېلىم يەنە غەيرەتكە كەلدى. شىرە يېنىدا خېلى ۋاقىت پۇشۇلداپ، پوسۇرلاپ يۈرۈپ خوتۇنىنىڭ بىر تۇغقانلىرىنى، ئانىسىنى قارىلايدىغان يېڭى بىر تۆھمەتنامىنى پۈتتۈردى. ئادەتتە ئەرزلەرنى ئۇ يىگىرمە-ئوتتۇز بەتلەپ سۆرەلمە پالاز قىلىپ يازاتتى. بۈگۈن ئادەتلىنىپ كەتكەن تەييار دەھشەتلىك تۆھمەت گەپلىرىدىن تاللاپ، ئون تۆت بەت يازغاندىن كېيىن بولدى قىلغۇسى كەلدى. ئەتىمۇ خۇدانىڭ كۈنى بارغۇ، ئەتىگىمۇ سۆز قالسۇن-دە! ئۇ ئەرزنامىنى

قويغانىدى. خۇدانىڭ كۈنى ئەرز يازمىسا ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەل-
مەيتتى، بۇمۇ كۆنۈك خۇيىدۇ بەلكى. ئۇ كۈندىكىدەك ئالدىرىماي
قەدەم بىسىپ، قارا ماتىرىيال ۋە ئەرز نۇسخىلىرى ساقلىنىدىغان چوڭ
ساندۇقنىڭ يېنىغا كەلدى. چاشقان تىتۇۋىتىش ياكى باشقا بىرەر تاسا-
دىپىيلىكنىڭ يۈز بىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇ ساندۇقنىڭ ھەممىلا
يېرىگە تۈنىكە قاققۇزىۋەتكەنىدى. ئۆپچۆرىسىگە خۇدۈكسىنىپ قارىۋەت-
كەندىن كېيىن، يېنىدىن ئاچقۇچ چىقىرىپ قۇلۇپنى تەستە ئاچتى.
قولىنى سېلىپلا تەۋەككۈلىسىگە بىر ماتىرىيال ئېلىۋىدى، خوتۇنىنىڭ
مىراس دەۋاسىغا ئائىت ماتىرىيال بولۇپ چىقتى.
خوتۇنىنىڭ بىر ئاكا، بىرسىڭلىسى ۋە ياشىنىپ قالغان ئانىسى
بار ئىدى. ئۇلارنى قىرىق پىچاق قىلىۋاتقىنى تاغلىق كەنتتىكى ئۈچ
ئېغىزلىق ئەسكى تاملىق، ئىككى فۇڭلۇق جىگدىلىك، يېرىم مو قال-
دۇرۇق يەردىن چىقىدىغان پۇرچاق مەھسۇلاتى ئىدى. ئۇلارنىڭ
ئانىسى قايتا ياتلىق بولغۇچە مىراس ماجىراسى بولمىدى. ئانىسى
ياتلىق بولغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە بۇ مىراسنى ئۇلار 71 قېتىم
بۆلۈشۈپ، 71 قېتىم يېنىۋېلىشتى، بىر-بىرىنىڭ گاللىرىنى
بوغۇشتى. ئۇلارنى بوش قويىۋېتىشكە بولمايدۇ، دەرەخ تىنجىمىسۇن
دېسەڭ شامالنى توختاتما. ھەر يىلى جودا تېردىماي، ئەرزنامە يازماي
بولمايدۇ. جامائەتچىلىك ئۇنى ھېلىم جودا دېسىمۇ، ھېلىم خىرخىر
دېسىمۇ ھېچنېمىسى خوراپ قالمىدىغۇ. دۈشمەنگە خىرىلداپ ئېتىلماي
بولاتتىمۇ، ھۇ گالۋاڭلار! خىرىلداش جەڭگىۋارلىق. ئۆي ۋە جىگدى-
لىكتىكى بىر قىزلىق ئۇلۇش ئۇچۇنغۇ خوتۇنى تۇغقانلىرىنى قاڭغىر-
قاقشىتىپ، بىر يېرىم مىڭ سوم پۇل يۇلۇۋالغان. جىگدىلىكنى بولسا
خوتۇنى قىيىمغاندەك، نىمىگىدۇر تارتىشقاندەك قىلىۋىدى، ھېلىم كەس-

ئېرەڭشىمىدى. دىققىتى ئۆتۈش يولى تەرەپكە ئاغدى، يان ئۆيدىن غەلىتە شەپە كەلگەندەك بولۇۋاتاتتى، بەلكى قىزى ھاجەتكە قوپقاندۇ. ئەمىسە ئاۋۇ كۇسۇرلاشقان ئاۋازلار نەدىن كېلىۋاتىدۇ؟ ئۆيدە قىزىدىن باشقا ھېچكىم بولماسلىقى كېرەكتىغۇ. بومراق چىقىقىنى ئەرنىڭ ئاۋازىمۇ نېمە؟ ئاللا قانداق قىلاي! بۇ يەردە جىن-شەيتانلار سۆھبەت قۇرغان بولمىسۇن يەنە! بۇ ئائىلىلىكلەر بىناسى كونا مازار ئورنىغا سېلىنغان بولسا شۇنداق بولۇۋاتقانمىكى-يا؟ بىرەر ئايەت ئوقۇيالىغان بولسىمۇ كاشكى. قورقۇنچلۇقتا لېپىلداشقا باشلىغان دورداي كالپۇكلىرى ئىختىيارسىز "بىسمىللا" دەپ شىۋىرلىدى. ئۇنىڭ بارى-يوق بىلىدىغىنىمۇ شۇنچىلىك ئىدى. شۇمۇ ئادەم بولدىمۇ؟ ئىست، ھېچنېمە ئۆگىنەلمەي ئۆتكەن ئۆمرى. رەللە بولغاندا ئۆزىنىڭ ئادەملىكىدىن گۇمانلىنىدىغان يەرلىرىغۇ بۇرۇنمۇ بولغان. لېكىن يۈرىكى بىردىن سىقىلغاندەك، تىترىگەندەك بولدى. ئۇ چۈش كۆرۈۋاتقاندۇ، بەلكى. دېمىسىمۇ يېقىندىن بۇيان غەلىتە ئىشلار شۇنداق كۆپىيىپ قالدىكى، ھېلىم قايسىسى ئويغىدىكى، قايسىسى چۈشىدىكى ئىكەنلىكىنىمۇ ئايرىيالمىغۇدەك بولۇپ قالدى. مانا ئۇ ئۆرلەيمەن دېگەنسېرى چۆكۈۋاتىدۇ. بەزەن دۆڭلەرگىمۇ يامىشىپ، ئۆگزىلەردىنمۇ سەكرەپ باقتى، تاشلانغان خىشتەك يەرگە چاپلاشقىنى چاپلاشقان. غۇژمەكداشلىرى پۇتىغا پىشاك قويۇپ ئۇنى مۇئەللەقكە سەكرىتىپمۇ باقتى. بەك سېمىز، ئېغىر بولغاچقىمۇ يەنىلا يەرگە دومىلىدى. سۇغۇرغا ئوخشاش يەرنى تېشىپ ئۈۋۈلىدى. بەزى ئاغزى يامان ئاغىنىلىرىنىڭ "ئىتنى تۆرگە ئەپچىقساڭمۇ پەگاغا چۈشۈۋالار" دېگىنى شۇ، دەپ ئاغرىنىشى توغرىدۇ بەلكى. قەدىردان تاۋاقدىشى جاكىر خورەكچى نام چىقىرىمەن دەپ

قاتلاپ جامائەت ھېسابىدىكى لىپاپا ۋە ماركىنى ئىشلىتىپ يەملىدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ راسا بىر ئەسنەپ كېرىلدى. يۈزىگە ئۈشتۈمتۇت كېلىپ تەگكەن نەرسىدىن چۆچۈپ ئوڭدىسىغا چۈشكىلى تاس قالدى، ئالدىراپ كەينىگە شوخشىدى. دېرىزىدىن كىرگەن سەلكىن شامالدا لەپىلدىگەن پەردىنىڭ گىرۋىكى تەگكەنىكەن، يۈرىكى ئىزىغا چۈشكەندەك بولدى. بىراق قاراڭغۇلۇقتىن قېيىن ئاكا، قېيىن ئۈكىلىرىنىڭ قارا كۆلەڭگىلىرى مىدىرلىغاندەك قىلاتتى. بەدىنى تىكەنلىشىپ شۈركەندى، ئۇ دۈپۈلدەۋاتقان يۈرىكىنى تۇتقاندا قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى سەزدى. ئاشخانىغا كىرىپ چىنىگە چايدانىدىكى ئىلمان بولۇپ قالغان سۇدىن قۇيدى، قاتتىق ناننى توگۇرۇپ غاجىدى. قاتتىق نان يېسە چىش مەھكەم بولىدۇ، دېگەن تەسەللى سۆزنى ئىچىدە تەكرارلىدى. ئۇ بازاردىن پۇلغا چاي ئالمايتتى، ئىدارىدىكى چاي سۆھبىتىدىن ئالغاچ كەلگەن ئازغىنە چاينى بولسا ئىزدەپ تاپالمىدى. ئۇخلاش ئۆيىگە قايتىپ، ھۆكۈمەت ھېسابىغا سوقۇۋالغان قۇۋۋەت دورىسىدىن بىر ئامپۇل ئىچتى-دە، چاپاننى سېلىپ شىرە ئۈستىگە چۆرىدى. كارىۋات گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ موخۇركا يۆگەشكە باشلىدى. مېھمانئۆيدىكى كىچىك تام سائىتى زىل ئاۋازدا ئۈچكە جاڭ ئۇردى.

ھېلىم خىرخىرنىڭ گۆشلۈك قاپاقلىرى تۈگمەن تېشى ئېسىلغاندەك پەسكە ساڭگىلىدى. ئۇ ھاپىلا-شاپىلا يېرىم-ياتا يېشىندى-دە، كارىۋاتقا چىقتى. چىراغنى ئۆچۈرۈپ ياستۇققا يۆلەنگىنىچە موخۇركىسىنى شورىدى. لازا ياكى چىرىگەن ياغاچ ئۈۋۈندىلىرى ئارىلاشتۇرۇلغان موخۇركا بولسا كېرەك، چاراسلىغان ئاۋاز چىقىپ، چوغ يالتىراپ كەتتى. ئىس چىدىغۇسىز قاڭسىق ئىدى. ھېلىم بۇنىڭغا

يۈرەكلىرىنى تۇتاشتۇرغان، ھەسەت غىژىمىكىنىڭ ئۇلى شۇنداق سىڭىنغانىدى. ئۇلار تالاي دۈشمەنلىرىنى گۇم قىلدى، بىراق مۇنۇ ئەزىمەت... بۇ كۆشەندىنى تولا تىللاپ، تولا قاغاپ ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ خىرخىر بولۇپ قالدى. "يا جەمشىت، يا..." دەپ تۇرۇپ قالدى ئۇ، چېقىمچىلارنىڭ پىرى كىم بولغىيدى... راستىنلا يوق بولسىغۇ ئاخىرى ھېلىم خىرخىرنىڭ ئۆزى بولۇپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس. قىزى ئۆزى يالغۇز ياتىدىغان يانئۆيدە تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا قانداقسىگە ئەركىشى بىلەن پىچىرلىشىشى مۇمكىن؟ ھېلىقى قېرى شەقىقە خوتۇن قىزنى بىر يەرگە يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزى بىرەر شاپ بۇرۇت خاكچى بىلەن شۇ ئۆيگە كىرىۋالغان بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە! بۇ دەيۈز ئۇزاقى يىلى شاپتۇل چېچەك يۈز ناكىر ئېتەكچىنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان ئەمەسمىدى. سەزگۈرلەرنىڭ سەزگۈرى ھېلىم كارىۋات ئاستىدىكى بىنورمال شەپىنى بايقاپ، ئەدىيال چېتىنى قايرىپ قارىۋىدى، ئەيىۋھەنناس، ئىشتان-كۆڭلىكىنى يۆگەم قىلىپ قولتۇقلىۋالغان لازا بۇرۇن، شاپتۇل چېچەك يۈز ناكىر ئېتەكچى ئۇ يەردە قىزىل ساغرا كۆركىدەك دوگدىيىپ ياتقانىكەن ئەمەسمۇ... شۇ چاغدا ھېلىم خوتۇنىغا ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم گۆلىيىپ تۇرۇپ بىرنى ۋارقىرىيالىدى. ئاھ، بۇ خوتۇننىڭ ساراڭلىقىنى بىردەمدىغان، ئادەم سىياقى بار تۇزۇكرەك بىرەرى بىلەن چاتاقلاشمىغۇ كىمنىڭ دەردى. ئۆتۈپ تېشىپ، دۇنيادا ئادەم تېپىلمىغاندەك، مايمۇنغا ئوخشايدىغان شۇنداق سەت بىرنېمە بىلەن چاتاقلاشقىنىنى. نى ئات، نى نومۇس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مېنىڭ قىيامەتلىك ئاغىنەم تۇرسا... ھەي، بۇ ئاغىنىلىرىمۇ شۇ... ئادەممۇ شۇنداق ۋىجدانسىز بولامدۇ-ھە! بۇگۈنغۇ ئۇنداق ئىش قايتىلانماس، ياق،

كۆچۈرمەچىلىكمۇ، كۆيدۈرمەچىلىكمۇ قىلىپ زورۇققانلىرى بەدبۇي
چىقىرىپ سېسىپ كېتىۋاتىدۇ. ھېلىم ئۇنى ئارقا تېرىكى بار دەپ
ماختاپ، "تېرەككە يۆلەنگەن ئىختىساسكار" دېۋىدى، جامائەتچىلىك
دەرھاللا "ئەگرى تېرەككە چاپلاشقان، شالغۇت كۈركىرايدىغان
چارپاقا" دېيىشتى. ھېلىقى كۆشەندىسى ئەزىمەتنىڭ تالانتىمۇ،
مەرتىۋىسىمۇ قارشى تۇرغانلىرى ئۆسۈپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا سالاق
بولمامدۇ كىشى، ھېلىمنىڭ يۈرىكى چىدىماي يېرىلىپ كەتمىسىلا
بولاتتىغۇ. چۈنكى يۈرىكى ئەزەلدىنلا ئاجىز ئىدى. كىچىكىدىنلا
ئۇنىڭ مەيدىسىدە بىر چاشقان پەيدا بولۇپ يۈرىكىنى غاجاۋەرگەن،
بارا-بارا يۈرىكى سانجىلىدىغان، ئاغزىغا قاپلىشىدىغان بولۇپ،
ئۇنى ھالسىرىتىپ قويغان. قىلمىغان داۋا، كۆرۈنمىگەن دوختۇرى
قالمىغان، لېكىن ساقايمىغانىدى. ئاخىرى قەشقەردە بىر تېۋىپ
كۆرۈپ بېشىنى چايقاپ، "بۇ چاشقاننىڭ ئىسمى ھەسەت، يوغىناپ
كېتىپتۇ، داۋالاشنىڭ پەيتى ئۆتۈپتۇ" دېدى. ھېلىم ئامالسىز قانچە
كۈن ياشاش مۇمكىن بولسا شۇنچە كۈن ياشاش قارارىغا كەلدى. ئۇ
ئۆمرى قىسقارمىغانلارغا، پۈتۈن ئىنسانلارغا، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا
ئىچ-ئىچىدىن ئۆچ بولۇپ قالدى. قىلىشقا بولىدىغان يامانلىقلارنىڭ
ھەممىسىنى قىلىشقا، دۇنيانىڭ چېگىنى چىقىرىپ كېتىشكە بەل
باغلىدى. مۇمكىن بولسا دۇنيانى بەربات قىلىپ، ئۆزى بىلەن بىللە
گۆرگە ئېلىپ كېتەلىگەن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى،
ھەتتىگىنەي! شەيتان ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. زاكىر ئۆسەكچى،
جاكىر خورەكچى، باكىر ئۆرەكچى، ناكىر ئېتەكچى قاتارلىقلار بىلەن
ئۇچراشتۇرۇپ دوستلاشتۇردى. قارىغۇ قارىغۇنى قاراڭغۇدا تاپىدۇ،
دېگەننى راست گەپكەن. ھەسەت يوللىرىنىڭ ئۇچلىرى ئۇلارنىڭ

يان ئۈشكۈتۈن قىسىلىپ يۇرۇپ ئاران تالاغا چىقتى. كوچا چىراغلىرى ۋاللىداپ يېنىپ تۇراتتى، ئەتراپتا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى، ھېلىمىنىڭ تىنىقى راۋانلاشقاندەك بولدى. دەل شۇ ئەسنادا، دەرۋازىدىن ئىككى يۈز مېترچە نېرىدىكى بۇرۇلمىدا، دەرەخلەر ئارىسىدىن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە مىڭ قاغايدىغان دۈشمىنى — ئېگىز بويلۇق، سۇباتلىق ئەزىمەت چەبدەس قەدەملەردە چىقىپ كەلدى. ئاپلا! يۈرىكى تۇيۇقسىز قىلىنىۋىدى، بۇ شۇ قاپلان يۈرىكىنىڭ ئىشى ئىكەن - دە، ھەتتىگىنەي! ھۇ رەھىمسىز قاپلان، ئەمدىلا رېسىدە بولۇۋاتقان قىزغا ئىچى ئاغرىمىغىنىنى... ئاپلا، ئاپلا... ھېلىم ساقال قويمىغان ئېڭەكلىرىنى تارتقۇشلاپ يۇلۇپ ئۆزىنى كاچاتلىدى. ھېلىمگە ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى چىراغ يورۇقىدا يالتىراپ كەتكەندەك تۇيۇلدى، مەگزىلىرىدە گويا خۇشاللىق جۇلالىناتتى. يا رەببىم، بۇ نېمە قىسمەت. ئەزىمەت ئۇنىڭغا كېچىدە ئۆزىنى كۆرسەتكەن تىلسىم شەخستەك نۇرلىنىپ كۆرۈندى. ئارقىدىنلا زاكىلىق ئاربلاشقاندەك بىر قىسمىلا نەزەردە ھېلىمغا قاراپ قويۇپ، بۇرۇلمىدىن ئەگىپ يان كوچىدا غايىپ بولدى. كۆزلىرىنى ئېنىق كۆرگەندەك بولۇپلا، ھېلىمنىڭ بېشى قېيىپ، ئاياغلىرى ئورنىدا دەسسەپ تۇرالماي قالدى. ئۇنى توختا، دەپ توۋلاش پۇرسىتىمۇ قولدىن كەتتى. ئەسلىدىمۇ ھېلىم ئۇنىڭدىن ئەزرائىلدىن قورققاندەك قورقاتتى، ئەمدى بولسا شۇ ئەزرائىل ئۇنىڭغا قول سوزۇۋاتقاندەك بولدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، يۈرىكى ئۇشتۇمتۇت سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بىلىندى، ئۆزى كېلەڭسىز قورام تاشتەك قېتىپلا قالدى. ئاھ، ھېلىمنىڭ ھەسەت كۆلىگە مىلىنىپ كېلىۋاتقان جاپاكەش بىچارە جېنى ئاشۇ رەقىبىنىڭ چاڭگىلىدا مىجىلىپ چىقمىسىلا بولاتتىغۇ.

قەتئىي قايتىلانمايدۇ. بىراق ئىشىك ئاستا ئېچىلغاندەك قىلىۋاتىدىغۇ، ئۆتتۈش يولىدا بىلىنەر - بىلىنمەس قەدەم تىۋىشى ئاڭلىنىۋاتامدۇ نېمە؟ يەنە كېلىپ ئەركەكنىڭ قەدىمىدەك ئېنىق ۋە كۈچلۈك. ۋاي خۇدايىمەي! ھېلىمنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، قۇلىقى دىڭ بولدى. توساتتىن تاشقىرىقى ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ يېپىلدى، ياپما قۇلۇپنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلاندى. ھېلىم خىرخىرنىڭ يۈرىكىگە نەيزە تىقىلغاندەك بولدى، مەشئۇم بىر گۇمان ئۇنى ياتقان يېرىدىن دومىلىتىپ تۇرغۇزدى. ئۇ ئالدىراپ چىراغنى ياقتى، چاپاننى پۈرلاپ سۆرەپ ئۈستىگە ئارتتى - دە، ساپما كەشنىڭ سوڭىغا دەسسەپ قىزى ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىگە كەلدى، ئۆي ئىچى جىمجىت ئىدى. ئىشىكنى ئىتتىرىپلا چىراغ يىپىنى تارتتى، قىزى يوتقانغا پۈركىنىپ ياتاتتى. قىيشايغان ياستۇق، ساڭگىلاپ قالغان ئەدىيال، پۈرلاشقان كۆرپە، چېچىلغان كىيىم - كېچەكلەردىن كارىۋات ئۈستىدە پومداق- لىشىش پاراكەندىچىلىكى بولۇپ ئۆتكەنلىكى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى. يېڭى چېچىلغان ئەتىر پۇرىقىمۇ قىممەت باھالىق سىگارت پۇرىقىنى تولۇق بېسىپ كېتەلمىگەنىدى. ھېلىمنىڭ يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشتى، ئۇ ئەقلىدىن ئازغان دىۋىدەك پۇشقۇرۇپ، تاشقىرىقى ئىشىككە تاشلاندى، ئاشخانا ئالدىدىن ئۆتتۈۋېتىپ قىڭراقنى ئېلىۋالدى.

كارىدور قاراڭغۇ ئىدى، ئۇ ۋادەكنى سىيپىلاشتۇرۇپ پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە باشلىدى. تۆۋەندىن، خېلىلا نېرىدىن بۆلۈنمە ئىشىكنىڭ تاراقلاپ يېپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھېلىم خىرىلداپ، ھۆمۈدەپ قەدىمىنى تېزلەتتى. بۆلۈنمە ئىشىكتىن چىقىۋىدى، تالادا ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئاندىن قورۇنى كېسىپ ئۆتتۈپ دەرۋازا قېشىغا كەلدى،

تۈلكىسىدىن قىزنىڭ كۈلكىسى ياڭرىمىش"، ئۆزەڭدىمۇ بىر گەپ بار، سەنىمۇ ئۇنىڭغا ھېجىيىپ قويغانسەن، ھەقىچان. بۇنداق قىز دېگەننىڭغۇ كىچىكىدىلا مىڭ يەردىن چاناپ كۆمۈۋېتىشىمۇ بولۇۋېرىدىكەن. سېنىڭ كۆكسۈڭ بىكارغا يوغىناپ قالمىغان ئىكەن-دە! بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئېيتقىنا، زادى نېمە ئۈچۈن؟ نېمىدېگەن تەڭسىز جاھان بۇ؟ مەن ئاناڭنىڭمۇ ياشلىقىغا ئىگە بولالمىغان تۇرسام، ھەي بىغەرەز، ئۇنىڭدىن پۇل ئاپتىكەنسەن-دە! قانچە ئالدىڭ؟ نەرخى-پەرخىنى بىلمەكمۇ قىلىندۇ؟ ئاتام خەزلىۋالىدۇ دەپقۇ يۈرمىگەنسەن؟ بۇ زادى پۇل ئۈچۈنمۇ ياكى جىسمانى لەززەت ئۈچۈنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزى كېلىشكەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن يېشى چوڭ تۇرسا، ھۇ كۆزلۈك ئويۇلغۇر، بالا تەككۈر، يەر يۇتقۇر! خەپ ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا ئەدىبىڭنى بەرمىسەم، ئۆچ ئالمىسام...

ئۇ خىيالىدا قىزنى باغلايتتى، سوئال-سوراققا تارتاتتى، قىيىن قىستاققا ئالاتتى. تىرناقلىرىنىڭ ئاستىغا ياغاچ مىق قېقىپ، تاپانلىرىغا بىگىز تىقىپ، كالپۇك ۋە قورساقلىرىغا قىزدۇرۇلغان ئېشەك تاقىسىنى بېقىپ... ئەڭ ئىپتىدائى چارىلەر بىلەن قىينايتتى، ئۇراتتى، بويىندىن تۇتۇپ، ئوت كۆيۈۋاتقان تونۇرغا تىقىپ تارتاتتى. ئاخىرى قىزنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ يالىڭاچ سىمدا باغلىدى. يەتتىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن پەسكە ساڭگىلىتىپ ئاستى. قىز خۇددى كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىلغان بىر خىل قىزىل-تۈزۈل كىيىمدەك پۇلاڭلىدى، يېنىك شامالدا قارانچۇقتەك چايقالدى، ئالا-بۇلىماچ رەختتىن تىكىلگەن تاغاردىكى گۆشكە ئوخشاپ قالدى، تاغاردا قىزغۇچ قان داغلىرى تۇراتتى. ھېلىم ئۆزى بالكوندا تۇرۇۋېلىپ، ئۇنى ئۇزۇن تۆمۈر نەيزىدە نوقىدى، سانجىپ ئۇردى. قىزنىڭ

تەمتىرەپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ يۈزىدىن مۇزدەك سوغۇق تەر تەپچىردى. يەر-ئاسمان چۆگىلىگەندەك بولۇپ، دەرەخكە ئاران يۆلىنىۋالدى، قولىدىكى قىڭراق داراڭلاپ يەرگە چۈشتى. ئارقىدىنلا بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمىگەندەك تىزلىرى پۈكۈلدى، ئۆزىمۇ سىيرىلىپ توپىغا يۈكۈندى، سىڭايان بولۇپ يەرگە چاپلىشىپ قالدى. ئاھ، قىساس تۇتتى دېگەن مۇشۇمىدۇ؟ بۇ ئۆچ ئېلىۋاتقىنى تەقدىرمۇ ياكى ئەزىمەتمۇ؟ ئۆچنى بۇنداق ئېلىش تاش پىچاقتا بوغۇزلىغاندىنمۇ ئازابلىق بولىدىكەنغۇ... ئۇ قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمىدى. ئاخىرى تىرمىشىپ قوپتى، سىيپىلاشتۇرۇپ قىڭراقنى تاپتى، قىڭراقنى قولىدا ساڭگىلاتقىنىچە دەلدەڭشىپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى. "قاغىغۇچىنىڭ ئاغزىغا قاغا چىچار" دېگەندەك بولدىغۇ بۇ ئىش، نېمىدېگەن شور پېشانىلىق! ئۇنىڭ لەۋلىرى توختىماي شىۋىرلايتتى: ئاھ دەردىم، پېشانەمگە بېسىپ كەتكەن خورلۇق تامغىسىنى قارا ئۇنىڭ. مەن سېنى مېنىڭ يۈزۈمنى دۈشمىنىمنىڭ ئايىغىغا چەم قىلىپ بېرەر دەپ باققانمىدىم، ئەخمەق قىزىم؟ گۈلدەك ياشلىقىڭنى خازان قىلىپسەن-دە، ئەتلىنى قاغا چوقۇۋالغان قىزىم! "چاقىدا گۇناھ يوق تانىسى بۇزۇق، قىزىدا گۇناھ يوق ئانىسى بۇزۇق" دېگەن ماقال مەندەك بېشىغا كەلگەننىڭ ئاغزىدىن چىققان ئىكەن-دە! ۋاي قانداق قىلاي، بۇ ئەزىمەت دېگەن كۈشەندەمنىڭ چاچلىرىمۇ، ساقال-بۇرۇتلىرىمۇ، بەدىنىدىكى چۈپۈر-تۈكلىرىمۇ شىرنىڭكىدەك دىڭ تۇراتتى. دېڭگىيىپ تۇرغان شۇ يىرىك تۈكلەر ماۋۇقتەك يۇمران تەنلىرىڭگە سانجىلغاندا، قانداق چىدىغانسەن، ئەركەم؟ ئۇنىڭ ھېلىقى قوپال، ئۇزۇن قوللىرى نازۇك بەللىرىڭنىڭ، كۆكرىكىڭنىڭ گۈزەللىكىنى خالىغانچە بۇزغاندۇ؟ ھۇ ئۆلگۈر نىجىس. "سايىنىڭ

بىلىندى. «مەستۇ-مۇستەغرەق بولۇپ كېتىپتۇ بۇ ئۇياتسىز» دەپ ئىچىدە تىللىدى. كاللىسىغا «كېسەك كاللا» دېگەن ئۇقۇم كىرىۋىدى، قولىدىكى قىڭراق بىلەن بىر ئۇرۇۋىشتا قىزىنىڭ كاللىسىنى كېسەك قىلىۋەتكۈسى كەلدى. بىراق كۆزىگە شۇ زامان خوتۇنى كۆرۈنۈپ پەسكارىغا چۈشتى. «ئىگىسى بار ئىتنىڭ قۇيرۇقى دىڭ» دېگەن ماقال ئېسىگە كېلىپ، ئىلاجسىزلىقتىن لەۋلىرىنى چىشلىدى. خوتۇنىنىڭ ھومايىغان غەزەپلىك سۈرۈن تەلەتى ئۇنىڭ ئاچچىقىنىمۇ، دادىل خىياللىرىنىمۇ شامال سوققان تۇتۇندەك تارقىتىۋەتتى. خوتۇنى ئۇنىڭ باللىرىنى، توغرىراقى قىزلارنى جىملىشىغا ئەزەلدىن يول قويمايتتى.

ھېلىم سالپىيىپ موللىمۇشۇك بولۇپ، يان ئۆيدىن سوغۇرۇلۇپ چىقتى-دە، ئۆزى ياتىدىغان ئۆيگە كىردى. چالا-بۇلا يېشىنىپلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى، قوش كىشىلىك ياغاچ كارىۋات غاچىلداپ كەتتى.

ئۇ ئۇزاقتىچە ئۇخلىيالمىدى، ئۇيان ئۆرۈلدى، بۇيان ئۆرۈلدى، بولمىدى. كۆز ئالدىدىن ئەزىمەت بىلەن قىزىنىڭ سىياقى كەتكىلى ئۇنىمايتتى. قىزى ئەزىمەتكە نازاكەت بىلەن تەلمۈرەتتى، قاش-كۆزلىرىنى يۈرەكنى ئېرىتىۋېتىدىغان تەبەسسۇمدا ئويناتاتتى، ئەزىمەتنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇۋالاتتى، لەۋلىرىنى بەخشەندە قىلاتتى. ئەزىمەت ھېلىمگە مەسخىرە نەزىرىدە قاراپ تۇرۇپ، بىر قولىدا قىزىنىڭ كاسىسىغا ئۇرۇپ قوياتتى، ساغرىسىنى قوپال سىلايتتى، يەنە بىر قولىدا قىزىنىڭ كۆكسىنى چىلىگە ئوينىغاندەك ئوينايتتى. ھېلىمنىڭ پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كەتتى. ئۇ كىرپىكلىرىنى قاقتى، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئۇلار بىر دەقىقە غايىپ بولۇپ كېيىن بەنە پەيدا بولدى. بۇ قېتىم ئەزىمەت ئۇنىڭ يېزىق ئۈستىلىنىڭ

داد ـ پەريادى يەر جاھاننى بىر ئالدى. كۆكەمە ئاپىسىنىڭ خۇددى ئۆزى، دەپ غودۇڭشىدى ھېلىم. ئۇنىڭ ئاجىز نىرۋىلىرى بۇنداق قاتتىق چىرقىراشقا چىدىمىدى. نەيزىنى غەزەپ بىلەن چۆرۈۋېتىپ ئۆيگە كىردى ـ دە، توك سىمىنى قىزى باغلانغان سىمغا ئۇلاپ توك قويۇۋەتتى. زاكىر ئۆسەكچى، جاكىر خورەكچى، باكىر ئۆرەكچى، ناكىر ئېتەكچى ۋە تۈز بەرگەننىڭ تۇزلۇقىنى چاقىدىغان خاكىر تېزەكچى قاتارلىق دوستلىرىنىڭ ماقۇللاۋاتقان چىرايلىرى كۆرۈنگەن ـ دەك بولدى. ھېلىمنىڭ قىزىنىڭ بەدىنىگە توك ئۆتكۈزۈپ قىيناماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇلار مەدەنىيەتنىڭ مۇجەسسەملىك ئىپادىلىنىشى دەپ قاراۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. كىنولاردا ئامېرىكىلىقلار دۈشمەن ـ لىرىنى دائىم شۇنداق سوراقتا تارتىپ قىينايدىغۇ. بىراق كۈتۈلمىگەن دەھشەتلىك پاجىئە يۈز بەردى. توك بېسىمى يۇقىرى كەلدىمۇ، لاپپىدا بىر ئوت يانغاندەك بولدى ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قىزى كۆيۈپ كۈل بولدى. بەدەن كۆيۈندىسى بوينىدىن ئۈزۈلدى ـ دە، ئۆزلۈكىدىن پارچە پارچە بولۇپ ھاۋادا لەيلەپ، پىرقىراپ ئۇچۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۈكلەنگەن قاپقارا كېسەك كاللا مۇئەللەقتە ئېسىلىپ قالدى.

ھېلىم خىرخىر بۇ ۋەھشەتنى كۆرۈپ چىدىيالماي ئىڭرىۋەتتى. ئىڭراش ئاۋازى ۋە قورقۇنچ كاللىسىنى سەگىتكەندەك بولدى. ئۇ ئېسىگە كېلىپ، پەلەمپەينىڭ ئاخىرقى باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. كىرىپ قىزى ياتقان ئۆيگە قارىدى، قىزى خورەك تارتىپ غەمسىز ئۇخلاۋاتاتتى، ھارغىن يۈزىدە لەززەتلىك چۈشنىڭ تاتلىق تەبەسسۇمى جىلۋە قىلاتتى. ھېلىمغا ئەسەبىي خۇشاللىقنىڭ دۇنياسى ئۆز تەنتەنىسىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك

شۇنداقتىمۇ كۆز ئالدىدا يۇرتىدىكى ساي بويى، ئۇ يەردىكى يوغان سىدە دەرەخلىرىگە ئارغامچىدا ئېسىلغان گۈلەڭگۈچ پەيدا بولدى. گۈلەڭگۈچتە ئەزىمەت ھېلىمنىڭ قىزى بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇلار ياپراقلار ئارىسىدا لەرزان ئۇچاتتى، چۇقان سېلىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. ھېلىم ئالدىراپ كۆزىنى ئېچىۋىدى، ھەممە نەرسە يوقالدى. لېكىن دەقىقە ئۆتمەستىنلا مېڭىسىگە يەنە خىياللار كىرىۋې-لىشقا، ئادەملەر قىياپەت كۆرسىتىشكە باشلىدى. كۆزىگە قىزى ئېغىر ئاياغ كۆرۈندى. تولغاق تۇتۇشقا باشلىغان بولسا كېرەك، قىزى قولاقنى پاك قىلغۇدەك ۋايجانلىماقتا. ئەزىمەت دېگەن نامەرد ئۇنىڭ قېشىغا نېمىشقا كەلمەيدۇ؟ ئاخىر ئۇ دادا بولۇش ئالدىدىغۇ! قىزىنىڭ تۇغۇت ئازابىدا تولغىنىشى كۆرۈندى. قىزىنىڭ "ۋاي ئاتام!" دېگەن نالىلىك پەريادى ئاڭلانغاندا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. قىزىمۇ، بوۋاقمۇ غايىب بولدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىنى مەغلۇبىيەت خورلۇقى مۇشۇكتەك تاتىلىماقتا ئىدى. ئاھ، بىمەنە ئۆمۈر، ئاھ، قاغىش تەككۈر ھايات! جىن تەپسۇن سىلەرنى! ھەممىنى قىرىپ يەر يۈزىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاش كېرەك. خۇددى ئۇ باللىقىدا جاللات بولۇشنى ئارزۇلاپ، ھەمىشە قۇشخانىغا بېرىۋالغاندا كۆرگەنىدەك، شۇ قوي بوغۇزلىغان قاساپتەك رەھىمسىز بولۇش، ھەممىنى قىرىش كېرەك. ئېسىگە سۇلايمان قالپاق توغرىسىدىكى تاتلىق ئارزۇ-ئويلىرى كەلدى. شۇ قالپاق قولىغا چۈشكەن بولسا ھېلىم بېشىغا كىيىپ كۆزگە كۆرۈنمەس بولۇۋېلىپ، ئادەملىكى بولسا ھەممىنى قىرىپ تاشلايتتى. ئاتاقلىقلارنى، مەدەنىيەت ئەربابلىرىنى بالدۇرراق، ئۇزۇل-كېسىل رەك قىرىۋېتەتتى. ئۆلگەنلىرىنىڭ گۆرلىرىنى بولسىمۇ تۈزلىۋېتەتتى. مەسىلەن، ئىزوپ، شېكسپىر، گېيوتى،

ئۈستىدە پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. قىز ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، يۈز- كۆزلىرىنى توختىماي يالاپ، تىلىدا يۇياتتى. ئەزىمەت خۇشياقماسلىق بىلەن كېرىلىپ قىڭغىيىپ ياتاتتى. قىز ئارىلاپ ھېلىم ياتقان كارىۋاتقا قاراپ قوياتتى، بۇ ھال ھېلىمنىڭ ئوغىسىنى قاينىتاتتى. قىز بىردىنلا ئەزىمەتنى قويۇۋېتىپ، كارىۋات يېنىغا كەلدى، كىيىملىرىنى يېشىپ تاشلاپ ئاندىن توغما بولدى. ھېلىم شۇ چاغدىلا ئۆز قىزىنىڭ بەدىنىنىڭ خېلىلا ئىسكەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بويى پاكار، تېرىسى قارا قۇمچاق بولغىنى بىلەن باشقا ئېۋەنلەردىن خالىي، ياش، بىجىرىم بەدەن ئۆز ساغلاملىقى ۋە ياشلىق ھارارىتى بىلەن يېتەرلىك ئۆزىگە تارتىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. ھېلىم مەيدىسىدە قوزغىلىۋاتقان بىر خىل ھايۋانى ئىنتىلىشنى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە لاۋۇلداۋاتقان ھاۋايى-ھەۋەس ئوتلىرىنى كۆرۈپ قالدى. ئانىسىدەك نەپسى يامان ئوخشايدۇ، دېگەن خىيال كۆڭلىدىن كەچتى. شۇ ئارىدا ئەزىمەت شىرەدىن ئالدىرىماي چۈشتى، ئىگىنلىرىنى يېشىۋېتىپ قىزنى باغرىغا باستى، قىز بارلىقىنى ئۇنىڭغا تەسەددۇق قىلىۋاتاتتى. ھېلىم يېنىدىلا بولۇۋاتقان بۇ زوراۋانلىققا چىدىمىدى، يۈرىكىمۇ قىزى بىلەن بىللە مىجىقلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، قىزىنىڭ ئازابلىق ناللىرىغا تاقەت قىلالمىدى. بىر زەربىدىلا كارىۋاتتىن دومىلىتىۋېتىش ئۈچۈن ئەزىمەتنى ئەقلەن چەنلەپ بىر مۇشت قويدى. ۋاي، بۇ نېمە بولغىنى؟ تاراقلىغان ئاۋاز چىقىپ مۇشتى زىڭىلداپ كەتتى، كۆزلىرى پىيالىدەك ئېچىلدى. ئۆي ئىچى قاراڭغۇ، ئىنسى-جىنسىز بولۇپ، شىرە گىرۋىكىگە تەگكەن مۇشتىدىن قان چىققانىدى.

ھېلىم كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ھېچ نەرسە ئويلىماي ياتتى.

ئۇسسۇلى، دېسكو ئۇسسۇلى، چاقماق ئۇسسۇلى ئوينالماقتا. ھېلىم ئۆزى خام سېمىز بولغىنى بىلەن دېسكوغا ئامراق. ئادەم يوق چاغدا ئۆرە ماڭغان بوغاز ئېيىقتەك، بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ شۇنداق ئويناشقا باشلايدۇكى، كاسىسى ئاۋۋال سۇنۇق ياغۇنچاقتەك چۆگىلەيدۇ، كېيىن بارا-بارا باش-قولى كۆرۈنمەي، ئۇلىنىپ كەتكەندەك بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى ئافرىقىنىڭ سۇ چىغىرىقىدەك كېلەڭسىز دوملاشقا باشلايدۇ. ۋوي مانا، مانا، پاھ، پاھ! كىملەردۇر، زاكىر ئۆسەكچى، جاكىر خورەكچى قاتارلىقلار بولسا كېرەك، ھېلىمنى ۋاقىتلىق ياسالغان شاھسۇپىغا تەكلىپ قىلدى. ھېلىمنىڭ تاقىر باش بىر شاگىرتى ئاۋازىنى بولۇشىغا سوزۇپ دوس تارتقاندىن كېيىن خۇشاللىقىدا خۇدىنى يوقىتىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى-دە، قوللىرىنى ئۇڭ پۇتىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ چاۋاك چالدى. ھېلىم شاھسۇپىدىن پەسكە قارىۋىدى، پۈتۈن مەيدان ئالقىندىكىدەكلا كۆرۈندى. يان تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى. ھېلىم بېشىنى شۇ تەرەپكە بۇراپ غەلىتە ئەھۋالنى كۆردى. شورپا ئىچكەن تازدەك تەرلەپ كەتكەن ئاۋاق، ئورا كۆز بىر ئادەم جاۋۇلداۋاتقان سېمىز خوتۇننى بوينىغا مىندۈرۈۋالغانىدى، كاس-كاس خوتۇنىنىڭ قانسىرىتىلغان ئۆپكىدەك ئاق پىشماق چىرايى تونۇشتەك بىلىندى. ھېلىم سىنچىلاپ قاراپ ئۇنى تونۇدى، ئۇ قەدىناس دوستى باكىر ئۆرەكچىنىڭ خوتۇنى بولۇپ، ئىنتايىن ئاچچىقى يامان ھازازۇل بىر ئايال ئىدى. باكىر ئۆرەكچى ئۇنى ئۆزەمگە شۇتا قىلمەن دەۋاتاتتى، مانا ئەمدى بۇ ھازازۇل خوتۇن ئۇنى ئۆزىگە ئېشەك قىلىپ مىنىۋاپتۇ، مانا ھاياتنىڭ مەسخىرىسى دېگەن! بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا تووۋا دېگۈلۈك. مانا ھېلىم مەنسەپ

بايرون، پوشكىن، ل. تولستوي قاتارلىقلارنىڭ قەبرىسىنى تولۇپ توپىسىنى سورۇۋېتەتتى. تىرىكلەردىن ماركوس، ئايتماتوۋلاردىن تارتىپ مۇنۇ ئەزىمەتكىچە بەرىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەن بولاتتى. نېمىشقا ئۇلار ھېلىم خىرخىرنى ئۆزلىرىنىڭ شۆھرەتلىك سەپلىرىگە قوشقىلى ئۇنىمايدىكەن؟ ھەممە ئادەم شۆھرەتتىمۇ، مەنسەپتىمۇ باراۋەر بولسا بولمامدۇ؟ ياق! بۇمۇ بولمايدىكەن، ئۇنىڭدا ھېلىم يەنىلا باشقىلاردىن ئېگىز تۇرالمايدۇ. نېمىشقا ھەممە ئادەم ھېلىمنى كۆككە كۆتۈرسە، ھېلىمنىڭ پېشىدە ناماز ئۆتۈسا بولمايدىكەن؟ ھېلىمغا ھۆرمەت قىلسا، چوقۇنسا، ھېلىمغا قۇل بولسا بولىدىغۇ. ئەخمەقلەرەي، شۇنىڭ پايدىسىنى بىلىشكىمۇ ئەقىللىرى يەتمەيدۇ.

ئۇ چاغدا ھېلىم ئۆزىدىن باشقا شۆھرەت ۋە ئەمەلگە قىزىقىدىغانلارنى قىرىپ تاشلاپ، رىقابەتسىز، تالاشسىز دۇنيا، تىنچ، جىمجىت مۇھىت ياراتقان بولاتتى... ھېلىمنىڭ خىياللىرى يەنە چىگىشلىشىشكە باشلىدى. ئۇ لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىۋېتىپ، بىردىن باشلاپ ساناق ساناشقا تۇتۇندى. بۇنىڭ ئاز-پاز ئۈنۈمى كۆرۈلگەندەك بولدى، مېڭىسى گاللىشىپ، كۆز ئالدى تۇمانلىششقا باشلىدى. كىرپىكلەر سەپلىرى ئۇچرىشىپ قۇچاقلاشتى. لېكىن ئۇيقۇ ئۇنىڭغا چۈش دۇنياسىنىڭ ئېغىر دەرۋازىسىنى ئاچتى:

...ئايدىڭ كېچە ئىمىش. دەريا بويىدا چىراغلار ۋاللىداپ يانماقتا. يۈزلىگەن ئادەم دەرەخلىك ئارىسىدىكى سەيناغا جەم بولۇپ بەزمە باشلىدى. كىملەردۇر قوي سويۇپ، كىملەردۇر كاۋاپ پىشۇرماقتا. شىرەلەرگە تىزىلغان ئالما، ئۈزۈم، بۆلجۈرگەنلەر جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. گىتار ئاۋازى، گارمون ئاۋازى، راۋاب ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. كىملەردۇر داپقا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئويناماقتا. ئۇيغۇر

قارىلىقىنى يېپىش ئۈچۈن تۈكلىرى بالدۇر سارغايغاندۇ. ئۇنىڭ غالجىرلىق كېسىلى تۇتتى بولغاي، ئەسەبىي قاۋاپ ئادەملەرنى تالىغىلى تۇردى. غەلىتە يېرى شۇكى، ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ئېگىز، يوغان ئادەملەرنى تالاپ تالايتتى. ئەسلى بۇ قۇرغۇر ھېلىمنى قوغدىشى كېرەك ئىدى، بۇرچىنى ئۇنتۇدى بولغاي بۇ يۈزىدە سېرىق تۈكى بار تۈزكور نىجىس! ھە، مانا ئەمدى ئەزىمەتنىمۇ تالىغىلى تۇردى، ئەجەپ ئوبدان بولدى، خوپ بولدى! تازا تالىسۇن، تالاپ ئۆلتۈرىۋەتسۇن ئۇ گويىنى!

لېكىن شۇ ئەسنادا ئەزىمەت بىر تېپىك بىلەنلا بۇ غالجىر تايغاننى كاچىشتۇۋەتتى، ئۇ دومىلىغان پېتى بىر يۇندا ئازگىلىغا چۈشۈپ كەتتى. ئاپلاھۇئەكبەر، ماۋۇ گويىنىڭ يامانلىقىنى! بىچارە تايغىنىم يۇندا ئازگىلىدا تۇنجۇقۇپ ئۆلمىسىلا بولاتتىغۇ! ھېلىمنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ئەزىمەتنىڭ ئۆزىنى يىراق سەھرادىن بۇيەرگە ئەكېلىپ قويغانلىقىنى تۇيۇقسىز يادىغا ئېلىپ سەل قىزارغاندەك بولدى. ئۇنىڭ بۇنداق بالىلارچە كەڭ قورساقلىق شەپقىتى بولمىغان بولسا، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ، ھەرقانچە ئۆۋۈلاپ داۋالاپمۇ بۇ يەرگە كېلەلمىگەن بولاتتى. ھېلىم بۇنى كۆڭلىدە ئىقرار قىلىدۇ. پەقەت ئاغزىدىلا قېلىن كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ ئېتىراپ قىلىشقا كاجلىق قىلىدۇ، خالاس. نېمىلا بولمىسۇن، ئەزىمەتنىڭ بۇ خاسىيەتلىك ئىشلىرىنى ئاق كۆڭۈللۈك دېمەي بولمايدۇ. بىراق بۇلار ئۆتكەن ئىشلار. ئۆتكەن ئىش — ئاققان سۇ، كەتتى پۈتتى، قايتا ئەسكە ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ھېلىم يەنە باكىر ئۆرەكچىنىڭمۇ ئەزىمەتنىڭ بىر ياخشىلىقىغا مىڭ يامانلىق قايتۇرغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ بەلكى خۇسۇسىي مەنپەئەت ئېھتىياجىدىن شۇنداق قىلغاندۇ. ئۇ

ۋە شۆھرەت ئېگىزلىكىگە يامىشىشتا ئۇلارنى ئۆزىگە پەلەمپەي قىلىپ دەسسەيدۇ. مانا دېت دېگەن، مانا چۈتۈ دېگەن. يەنە تېخى ئۇلارنىڭ قارا كۈچلىرىدىن پايدىلىنىپ تېرورلۇق قىلغىنى، رەقىبلىرىگە تەھدىت يۈرگۈزگىنىمۇ بولىدۇ. پىچاق ئۆتنە ئېلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېگەن شۇ، ۋەھىمە كۈچلىرىنى چوقۇم ساقلاش كېرەك. دەسلەپتە ئۆز غۇژمىكىگە بوسۇغا باقار بولغاندا ئۇ شۇنى كۆرگەنكى، ۋەھىمە كۈچلىرى بولمىغاچقا، كاتتىبېشى ئۆلۈپلا، ئۇلار تارمار بولۇپ كەتتى. دەرەخ ئۆرۈلۈپلا مايمۇنلار توزىدى، توزغاقتەك توزۇپ، كۆلدەك سورۇلۇپ كەتتى. ئۇلار ئىت نىجاستىدەك، ئادەملەر يىرگىنىدىغان نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئېشەك ئېغىنىغان يەردە تۈكمۇ بولسا قالىدىغۇ، پۈتۈن جەڭگىۋار غۇژمەكتىن پەقەت بىر تۇتام ئېشەك تۈكىگىمۇ ئەرزىمەيدىغان بىرنەچچە ئادەملا قالدى. مانا ئەمدى ئۇلار ھېلىمىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى، بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى، ھېلىقى گۆي ئۆلمىگەن بولسا ماڭا بۇنداق كاتتىباشلىق نەدە تۇرۇپتۇ! ھېلىم كەلگەن ئامەتتىن سۆيۈنۈپ ھىجىيىپ قويدى، ئارقىدىن يەنە ئۇلارغا نەزەرىنى ئاغدۇردى. تۇۋا، تۇۋا، ماۋۇ نېمىسى، ئاۋۇ ھازازۇلنىڭ چاچلىرى نېمىشقا ئالۋاستىنىڭ قۇيرۇقىدەك يۈزسەكسەن تال قىلىپ ئۆرۈلگەندۇ؟ كىيىۋالغان ئۇزۇن نەرسىسى جۇيازىمۇ قانداق؟ بۇ نېمە بولغىنى؟ ئوت يالتىرىغاندەك بولدى-دە، ھېلىقى خوتۇنىنىڭ چاچلىرى ئالۋاستى تۈتۈنىگە ئايلىنىپلا يوقالدى. بىرەر ھاماقەت ھېلىمىنىڭ سېكرېتارلىق ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇش شەرىپىگە كۈجە ياققان بولسا ئوتى چاچراپ كەتكەندۇ، بەلكىم. باكىر ئۆرەكچىمۇ سېرىق تۈكلۈك تايغانغا ئايلىنىپ قالدى، سەپرالىقى تۈكلىرىنى سارغايتىۋەتكەن بولسا كېرەك. بەلكى كۆڭلىنىڭ

يۇقىرىغا ياماشتى. شۇنداق، چايانىڭ قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىشى نەشتەر ئۇرۇش ئۇچۇن ئەمەسمۇ! ھېلىم خۇدانىڭ ئەزىمەتكە شۇنچە ئەقىل- پاراسەت، پەم- تەدبىر، جۈرئەت- جاسارەت، چىراي- قامەت، دۆلەت- ئامەت بېرىپ، بىزگە ھېچنېمە بەرمىگىنى ئادالەتمۇ، دېگەن خىيالدا ھەممىشە پۇچۇلىنىپ ئازابلىنىدۇ. ئاتا- بوۋىلىرى كۆپىر كەتكەن بولغىيمىدى- يا؟ بۇ ئويلار ئۇنىڭ قەلبىنى ھەسەتكە زەھەر تولغان پىيالىدەك بېلىق كۆزى قىلىپ تولدۇرىۋەتتى. ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، قانۇن بولمىغىنىدا ئۇ ئەزىمەتنى چاينىپ يۇركۆۋېتىپ دەردىنى يېنىكلىتەر ئىدى، بەلكى. ئۇنىڭ قامىتىنىڭ تەمبەل ۋە ئېگىز، بېلىنىڭ ئۇزۇن ۋە توم، پۇتلىرىنىڭ يوغان ۋە چىڭ ئىكەنلىكىچۇ تېخى. بۇنداق يىگىتلەر كۆچتۈكگۈر كېلىدۇ، جەزبىدار بولىدۇ، قىزلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدىغۇ بەئەينى قۇترىغان ياۋا بۇقىنىڭ ئۆزى. بىر چاغلاردا ھېلىممۇ خۇشامەت ئېھتىياجىدىن ئۇنىڭغىمۇ بەزىدە ئوتۇن، بەزىدە خوتۇن ئاپىرىپ بەرگەن، پۇتىنى سىلاپ ئۇۋۇلىغاندا بەل، يوتىلىرىنى غېرىچلاپ كۆرگەن. بەلنىڭ ماغدۇرىنى ھېلىم بىر سىقىملاپ، بىر غېرىچلاپلا بىلىدۇ. ئۇ غېرىچلاشقا ئامراق، غېرىچلاش ماھىرى، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى خىيالىدا بولسىمۇ پات- پات غېرىچلاپ تۇرىدۇ. كىچىكىدە ھەتتا ئانىسىنىڭ ئاغزىنى، دادىسىنىڭ ساقىلىنى، ئۇخلاپ قالغاندا يوتىسىنىمۇ غېرىچلاپ ئۆلچەپ كۆرگەن، بۇ ئەيىب ئىش ئەمەس. غېرىچلىمىسا ئۇزۇن- قىسقىلىقىنى، ئىنچىكە- توملۇقىنى، پايدا- زىيانىنى مۆلچەرلىيەلمەيدۇ- دە! مانا ھېلىمنىڭ ئۆزىنىڭ بولسا بېلىنىڭمۇ، بويىنىنىڭمۇ تايىنى يوق. خۇددى بىرسى لاتا قاپلانغان توقماق بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ بويىنىمۇ، بېلىنىمۇ ئىچىگە كىرگۈزىۋەت-

دەرىجىدە كۆيدۈرگىلىك، شەرمەندىلىك قىلمىسىمۇ بولارمىدىمىكى-
يا؟ ئىشقىلىپ ئۇنى راسا تالىدى، غاجىدى. بۈگۈنمۇ ئۇنى تالايمەن
دەپ، ئۆزى بىر تېپىك بىلەن ئۇجۇقۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇ يۇندا
ئازگىلدىن چىقىپ ئۆز ئىگىسى ھېلىمگە ھۇرمىسىلا مەيلىدىغۇ! بۇ
سورۇننى بۇزمىسا، مىڭ بىر مۇشكۈلدە ئېرىشىۋاتقان خۇشاللىقىغا،
بەختىگە يۇندا چاچراتمىسىلا بولاتتىغۇ. شۇ تاپتا بۇ تايغاننى يېتىلەي-
دىغان ھېلىقى جاكىر خورەكچى كېلىپ قالغان بولسىغۇ بەك ياخشى
بولغان بولاتتى. ھە مانا، ئۇمۇ كېلىپ قالدى. ھېلىم خىرخىر
خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قالدى. ھېلىم ئۇنى
ماختاپ قويمىسا بولمايدۇ. ئادەم ياللاپ بولسىمۇ ماختىتىش كېرەك.
ھېچ بولمىسا ئىتلار ھاۋشىپ بولسىمۇ ماختىسۇن، ئىتلار تىلىكىمۇ
تىلەك ئەمەسمۇ. شۇنداق، ئۇنى ماختاش تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا،
ھېلىمنىڭ ئۆزىنى ماختىغانلىق. ماختالمىسا، ئۆزىنى ئۆزگىلەردىن
ئۈستۈنرەك دەپ ئېلان قىلمىسا راستىنلا بولمايدۇ. ئەزىمەتتىن كۆپ
تۆۋەنلىكى ئىسپاتلىنىپ قالىدۇ. ھازىر كۇكا ئىتىنىمۇ ماختاپ،
تۆگىدىن ئېگىز، يولۋاستىن كۈچلۈك قىلىپ كۆرسەتكىلى
بولۇۋاتىدىغۇ. ھېلىم بىلەن زاكىر ئۆسەكچى، جاكىر خورەكچى
قاتارلىقلارنىڭ قورساق كۆپۈكى كۆپ. ئۆزلىرىنى ئەزىمەتتىن
ئۈستۈن ياراتمىغانلىقى ۋەجىدىن ئۇلار خۇدادىنمۇ يۈز ئۆرۈدى.
خۇدالىرىنى پات-پات ئۆزگەرتىشىپ، كېرەكلىك باشلىقلارنى خۇدا
دەيدىغان بولۇشتى. بۇنىڭدىكى بىر ۋاستىنى خۇپىيانە تۇتۇشتى،
ئەلۋەتتە. يەنى "خۇدايىمىز" دەپ كۈچۈكلىنىپ يېقىنلىشىۋېلىپ،
پايدىلىنىپ بولۇپلا "دۆت"، "شەيتان"، "دېھقان كالىلا" دەپ تىللاپ
يۇندا چاچرىتىپ، ئۇلارنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە، باشلىرىغا دەسسەپ

قايتمايدۇ ــ ئەگەر شۇنداق قۇدرەتلىك تىغ بولسىلا. بۇ ھەقتە ئۇ كۆپ ئويلانغان، ئۇندىيە تەييارلىقى بار، خەپ، خدپ! بولدى، سۆز قىلىش ۋاقتى بولۇپ قالدى، مىكروفون غىژىلداۋاتامدۇ ياكى ھېلىمنىڭ ئۆزى خارتىلداۋاتامدۇ؟ نېمىلا بولمىسۇن سۆزلەش كېرەك!

ــ بۇرادەرلەر، بۇ ئىككىمىز، ــ دېدى ئۇ قېشىغا كېلىپ قالغان خورەكچى دوستىنى كۆرسىتىپ، ــ 90 - يىللار مۇنبىرىنىڭ ئاي، يۇلتۇزلىرى...

ھېلىم خىرخىر سېمىزلىكتىن بوغۇلدىمۇ ياكى يىلىكى قۇرۇپ دېمى كېسىلدىمۇ، بىردىنلا چالا بوغۇزلانغان ئىنەكتەك خارتىلداپ ھاسراپ قالدى، ئۇنى ئۆچتى. ئاغزى مىدىرلايدۇ - يۇ، زۇۋان چىقمايدۇ. بۇ نېمە پالاكەت؟ ئۈشتۈمتۇتلا ئادەملەر توپى غايىب بولۇپ، ئۇ بەش - ئالتە ئادەم ئىچىدىلا قالدى. ئۇلارمۇ ھېلىمگە قوشۇلۇپ تۇلۇم چاشقانلارغا ئايلاندى، ئۆز تىللىرىدا خېلىغىچە كۇسۇرلاشتى. ھېلىم بىلەن بىللە يەرگە چاپلىشىپ توپىدىن ئۇۋا ياساشتى. ئەزىمەتنىڭ ئاۋازىدەك قۇدرەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىۋىدى، ئۇلار قورققىنىدىن دەرھال بىر يەرگە غۇژمەكلىشىۋالدى. "ھەممىمىز شۇ بىر ئىنسانغا تەڭ كېلەلمىدۇقمۇ؟!" ــ دەپ يەر تېپىپ، يۈز - كۆزلىرىگە توپا چېچىپ راسا يىغلاشتى، ئارقىدىنلا قايتىدىن ئادەملەرگە ئايلىنىپ قېلىشتى. تۇۋا...! ئۇلار ھېلىمگە مەدھىيە ئوقۇشتى: زىلۋا، ئېگىز بوي، چىرايلىق ۋەھاكازا دەپ، ئەلۋەتتە. جاكىر خورەكچى ھەتتا ئۇنى "ئاپئاق دوستۇم، تۇخۇمدىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق" دېدى. ئۇنىڭ بېيىتلىرىنى ھەممىلا يەردە تەشۋىق قىلىشقا ۋەدە بېرىشتى، ئاپىرىن ئوقۇشتى. ئاندىن كېيىن چىملان رەڭ بىر ياغاچ ئاتقا

کەندەك كۆرۈندۇ. گەۋدىسى ئۆرە تۇرغان ئېيىقنىڭكىگە ئوخشاپ قالغان. بۇنىڭ ھەممىسى دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ گۇناھىدۇر، بەلكىم. ئۇلار ھايات بولغان بولسا، ھېلىم ئۇلاردىن قىساس ئالاتتى. ھېچ بولمىغاندا ئۇستىدىن يۇقىرى تەشكىلگە ياكى بىراقلا سوتقا ئەرز سۇنغان بولاتتى. ئاتقۇزۇپ، چاپقۇزىۋەتكىلى بولمىغاندىمۇ جەرىمانە قويغۇزۇپ ئاز-تولا پۇل يۇلۇۋالغىلى بولاتتى. مەسىلەن: ئەقىلسىز تۇغقانلىق جەرىمانىسى، بىلىنى بوش تۇغقانلىق جەرىمانىسى، بەتبەشىرە تۇغقانلىق، كەمتۈك تۇغقانلىق جەرىمانىلىرى ۋەھاكازا. كىم ئۇلارغا ھېلىمنى ئامەتلىك قىلىپ تۇغمىسۇن، كاتتا باشلىق بولۇدىغان قىلىپ تۇغمىسۇن، شۆھرەتلىك بولىدىغان قىلىپ تۇغمىسۇن دەپتىكەن؟ ئۇلار ئۇنى چوقۇم ھاراق ئىچىۋېلىپ ياكى نەشە چېكىۋېلىپ مەست-ئەلەس ۋاقتىدا گاراڭ قىلىپ تاپقان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر قىيامەت دېيىشكەنلىرى راستىنلا كېلىدىغان بولسا ھېلىم ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىنى مۇشۇنداق كۆرۈمسىز تۇغقانلىقىدىن كەچۈرگۈسىز جىنايىتى ئۈچۈن خۇداغا ئەرز قىلىدۇ. "ئادالەت ۋە ھىمايە!" — دەپ توۋلاپ، ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ يۇملاپ، باش-كۆزلىرىگە توپا چېچىپ، داد-پەريات كۆتىرىدۇ. چوقۇم ھېلىمنىڭ قىزىل تىرنىقى ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ كېكىر-تەكلىرىگە پاتىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ ئارقا تېرىكى باردۇر، بەلكىم. بۆلگۈنچىلىك سارىڭى لازا بۇرۇننىڭ ھىيلىسى بويىچە ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقا تېرىكى ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سىبىلىش كېرەك. بۇنىڭدا تۆھمەت خېتى ئۇنۇملۇك، ھېلىم ئۇلارنىمۇ بوش قويمايدۇ. ھېلىم دېگەن خۇدانىڭ ئۈستىدىنمۇ ئەرز قىلىشتىن يانمايدۇ — ئەگەر ئەرز قىلغۇدەك جاي بولسىلا؛ خۇداغا تىغ كۆتۈرۈشتىنمۇ

— قورقماق، مەن ئەسلى سېھىرلەنگەن بۇقا، ئەجدادىم جادۇ قىلىنغان ئادەم ئىدى، مەن بۇ يەرنىڭ خوجايىنى. مېنىڭ ئالدىمدىن بىر ئۆتكەندىن كېيىن سىز بۇ تاپاۋەتلىك بەچچىخانىغا ئەزا بولغان بولىسىز. قورقماق، نامىڭىز چىقىدۇ، ئابروپىڭىز چوڭ، پۇلىڭىز كۆپ بولىدۇ. خوتۇنىڭىزنىڭ تەلەپ-زۇلۇملىرىدىنمۇ قۇتۇلىسىز، بەچچىغەرلەر مىرزىسى دېگەن يۇقىرى مەرتىۋىنى ئىنئام قىلىمىز. ئۇ دېگەن باشلىقلىق، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى قورقۇنچلۇق ئىشلارنى ھېلىم تولۇق ئەسلىگىلى قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئەسلىدىلا گالداڭ كاللىسى پۈتۈنلەي ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. چىرىشكە باشلىغان ئىچى لەش قاپاقىغا ئوخشايتتى، سەزگۈلىرى يامان ئەمەس ئىدى. قانداقتۇر بىر يېرى شۇنداق قاتتىق ئاغرىدىكى، ۋارقىراي دېۋىدى، ئاۋازى چىقمىدى. مۇنۇ بۇقا تەن مەخلۇق مۈڭگۈزىنى سانجىۋاتامدىكىن؟ ئۇ شۇنداق قىلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغاندۇ، بەلكىم. مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن-دە. نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك بۇ، ھەرقانچە باشلىق قىلىدىغان ئىش بولسىمۇ... بىر دەمدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى قورۇدا يېڭى ئېگىن كىيگەن ھالدا كۆردى. ئۇلار ئۇنىڭغا "باشلىقلىقىڭىز مۇبارەك!" دېيىشتى. ھېلىم چالا ئۆلۈكتەك بولۇپ قالغانىدى. بىر چەتتە بوغۇقراق ئاۋازلىق بىرسى قورۇنى بېشىغا كىيىپ چىرقىراۋاتاتتى. ئۇ "ماڭا رەددىيە بەرگۈدەك ئادەم يوق جايلاردا تەلۋىلەرچە لاپ ئۇرغىنىمغا تووۋا! يېڭى تۇغۇلغان موزايدەك يولۋاستىن قورقمىغىنىمغا تووۋا! ئاتام دۇلدۇل، دەپ يالغان سۆزلىگىنىمگە مىڭ تووۋا!..." دەپ ئېچىنارلىق دادلايتتى. ھېلىم بۇرۇلۇپ بولغۇدا پەريات كۆتۈرۈۋاتقۇچىنىڭ دەل ئۆز دوستى

مىنگۇزۇشۇپ، ياغاچ ئات بىلەنلا كۆتۈرۈپ مېڭىشتى. شۆھرەت تەختىگە ئولتۇرغۇزىمىز، دېيىشتى. ھېلىم خورەكچى دوستىنىڭمۇ بىر ياغاچ ئاتقا مىنگۈزۈلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار بىرقانچە ئىشىكتىن ئۆتۈپ چوڭ بىر قورۇغا چىقىشتى. قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بۇتخانا بولۇپ، بۇتخانا ئۆگزىسىدە ئاسمان-پەلەك بىر مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ھىندى ئوردىسىمۇ ياكى بۇددا دىنى بىناكارلىقىنىڭ ئۈلگىسىمىدۇ؟ مۇنارنى ئۆگزىدە قانداق تۇرغۇزغاندۇ؟ تەخت ئاشۇ مۇنار ئىچىدە ئوخشايدۇ، ئەمدى سۇلتان بولىدىغان بولدۇم، دەپ قىن-قىنىغا پاتماي خۇشال بولدى ھېلىم. ھېلىمنى بۇتخانىدا بۇتقا چوقۇندۇرۇشتى، ئاندىن مۇنارغا ئېلىپ كىرىشتى. قىزىق، مۇنارە ئىچىمۇ قەۋەت-قەۋەت ئۆي ئىمىش. ئۇنى تەنتەنە بىلەن ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيگە ئەپكىرىشىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان بىر بۇتنىڭ قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇشتى. ئاندىن "تەختىڭىز مۇبارەك!" دېيىشىپ، ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كېتىشتى. بىردىنلا ھېلىقى يوغان بۇت ھەرىكەتكە كەلدى، ھېلىمنىڭ چىرايىدىكى غالىبانە كۈلۈمسىرەش ئۆز پېتى قېتىپ قالدى، تىزلىرى بويناقىنىڭ قۇيرۇقىدەك تىترەپ كەتتى. قورقۇنچتىن خۇدىنى يوقاتقان ھېلىم ئىشىككە قاراپ قاچتى. ئىشىك سىرتىدىن قۇلۇپلانغانىكەن. ھېلىقى بۇت بۇقا تەن، پىيالە كۆز مەخلۇققا ئايلاندى. ھۆركىرەپ، قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ قوغلىدى. ھېلىم تايتاڭلاپ، ئىنجىقلاپ، ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا ئاران قاچاتتى. بۇقا تەن مەخلۇق ئاخىرى ئۇنى تۇتۇۋالدى، كىيىم-كېچەكلىرىنى سالدۇردى. چىرقىرىتىپ تۇرۇپ ئالدىنى تۈۋرۈككە قارىتىپ باغلىدى. ئاندىن كۈچەپ بىر ھۆركىرىۋىدى، زۇۋانى ئادەمچە چىقىپ قالدى:

تىنشۋاتاتتى. قاراڭغۇلۇقتا كىملەردۇر جانلىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋات-
قاندەك چىدىغۇسىز ۋارقىرىشاتتى؛ كىملەردۇر ئۇ ياق-بۇ ياققا
پالاقلاپ يۈگۈرۈشەتتى. ئۆي ئىچى كۆيگەن ئادەم گۆشىنىڭ قاڭسىق
پۇرىقىغا تولغانىدى. قېنى ئۇ سۇلتانلىق؟... ئەزىمەت ياردىمىنى
ۋاقىتسىز توختىتىپ قويمىغان بولسا ھېلىم بۇ كەمگىچە مۇرادىغا
يېتىپمۇ بولاتتى، تەختكە چىقىۋالسىلا ئالدى بىلەن شۇ ئەزىمەتنىڭ
كاللىسىنى ئۇنىڭ ئەقلى-پاراستى، ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە خالىسلىقلىرىغا
قوشۇپلا چېپىپ تاشلىغان بولاتتى. ھەتتىگىنەي، ھېلىمنىڭ مۇرادى
ھاسىل بولماسلىقىدىمۇ يەنىلا شۇ ئەزىمەت باش گۇناھكار. ئۇ يېرىم
يولدا ياردىمىنى ئۈزۈپ نامەردلىك قىلدى ئەمەسمۇ، ئەدىبىنى
بەرمەي بولمايدۇ.

قاراڭغۇلۇقتىن شاپ بۇرۇتلۇق ئىككى جاللات چىقىپ كېلىشتى.
بەچچىلەر بىلەن بىر نېمىلەرنى كۇسۇرلاشتى-دە، ھېلىمنى
سىلكىشلەپ سۆرەپ مېڭىشتى. داشقازان يېنىغا ئەپكېلىشىپ دۈم
ياتقۇزۇشتى. پۇت-قوللىرىنى تۆت تەرەپكە تارتىپ كېرىپ، يەرگە
قېقىلغان قوزۇقلارغا باغلىدى. يېڭى كېيىملىرىنى دۈمبە تەرەپتىن
كېسىپ، تارتىپ تىزلىرىغىچە يىرتىپ تاشلىدى. قەيەردىندۇر ئەۋرى-
شىمچانلىقى كۈچلۈك تۆمۈر چىۋىقلارنى تېپىپ كېلىشتى-دە،
يىرتىقنى بويلاپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ھارغۇچە ساۋاشتى. ھېلىمنىڭ
كەينىنى تىتما-كاتاك قىلىپ قانغا بوياپ ۋايجېنىنى چىقىرىۋەتتى.
ئاندىن قازاندىكى قايناق قوغۇشۇن ئېرىتمىسىدىن چۆمۈچلەپ
ئۇسسۇپ كېلىپ، ھېلىمنىڭ بېلىدىن تۆۋەنرەك جايىغا قۇيۇشقا
باشلىدى. دەھشەتلىك بىر ئوت، ئىنسان چىدىغۇسىز بىر ئاغرىق
ئوتتۇرا ئەسىرچە ۋەھشىيانە شەكىلدە ئۇنىڭ ئىچ-ئىچىگە كىرىپ

جاكىر خورەكچى ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇنى يالىڭاچلاپ پاجىئەلىك ھالدا قوزۇققا ئولتۇرغۇزۇشقانىكەن، قوزۇق ئۇنىڭ ماي يىغقان دۈمبىسىدىن شام قەغەزنى تەشكەندەك تېشىپ چىقىپتۇ. ھېلىم ئۇنىڭ باكىر ئۆرەكچى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر شېرىكىنى يوشۇرۇنچە ئۆلتۈرۈپ، دەرياغا تاشلىۋەتكەنلىك جىنايىتى ئاخىرى پاش بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئۈلگۈردى. ”گۇناھقا لايىق جازا“ دېدى قېلىن لەۋلىرى تۈنجى قېتىم ئادالەت بىلەن شىۋىرلاپ. ھېلىمنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىپ كەتمىدى. بىراق يېقىنراق بېرىپ قاراپ باقماقچى بولۇپ مېڭىۋىدى، بەچچىلەر ئالدىنى توسۇۋالدى، ئەركىن ھەرىكەت قىلغىلى قويمىدى، تېخى يەنە ”تۆت پۇتلىنىپ ساغرا ئوينىتىش ئۇسسۇلى“ ئۆگەتمەك بولۇپ تارتقۇشلاشتى. ھېلىم ئىچىدە بۇنداق باشلىقلىققا مىڭ لەنەت ئوقۇدى. پەيتىنى تېپىپ ئۇلاردىن بىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ، دەرۋازا تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئارقىمۇئارقا ئۈچ دەرۋازىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ بولغاندا ھاسىراپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلدى، مەيدىسىدە بىر نەرسە كۆيۈۋاتقاندەك ئاغرىدى، يۈرىكى كۆكرەك قەپىزىنى يېرىپلا سىرتقا ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك دۈپۈلدەيتتى، پۇتلىرى قولاشمىدى. بەچچىلەر ئۈلگۈرۈپ كېلىپ تۇتۇۋېلىشتى-دە، ياندىكى بىر قاراڭغۇ ئۆيگە سۆرەپ كىرىشتى. بۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا يوغان ئوچاق قېزىلغان بولۇپ، داشقازان ئاستىدا گۈرۈلدەپ تولغىنىپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئوت شولىسى ئەتراپتا، تورۇستا جىنلاردەك سەكرەپ ئوينايتتى. ئۇزۇن پەشخونىغا ئادەملەرنىڭ سان-ساناقسىز كېسىك كاللىلىرى دۆۋە-دۆۋە قىلىپ تىزىۋېتىلگەنىدى. بۇ كېسىك كاللىلار نېمىشقىدۇر تىللىرىنى چىقىرىشىپ، يىلانلارنىڭكىدەك سوزۇپ ئويىنا-

قاراپ تۇرۇۋېلىپ، لەۋلىرىگە ھاياسىزلىق بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى. قىز مەيدە تۈگمىلىرىنى يېشىپ بېرىۋىدى، ئەزىمەت بىر قولىنى ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە تىقىپ كۆكسىنى ئوينىغىلى تۇردى.

ھېلىم خىرخىر كۆزلىرىنى غەزەپ بىلەن يىرتىپ ئاچتى، ئەزىمەت بىلەن قىز غايىب بولدى. نېمانچە تۈگىمەس چۈشلەر بۇ، دەپ غودۇراپ بېشىنى يوتقانغا پۈركىۋالدى. تۇنجۇقۇپ قېينىلىپ قانچىلىك ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمىدى. ھالبۇكى، چۈش مۇئەككىلى ئۇنى يەنە بوش قويۇۋەتمىدى:

ھېلىم بىر سازلىقنىڭ لېۋىدە تۇرارمىش. سازلىقنىڭ ئۇ يەر- بۇ يېرىدە شالاڭ ئوت- چۆپلەر ئۆسكەن تۆپىلىكلەر چوقچىيىپ تۇرارمىش. ئۇ لۆمشۈپ تۇرغان قارا لايغا قاراپ خىيال سۈرۈپ، ھېچ بولمىغاندا خالاجايغا باشلىق بولسامۇ ھەم ئەمەل ھەم پۇلغا ئېرىشەر ئىدىم، دەپ ھەسرەت چېكەرمىش. ئۇشتۇمتۇت قارا لايغا جان كىرىپ چايقىلارمىش، بۇژۇلداپ بۇس چىقىرارمىش، سېسىق بۇس ئىچىدىن باكىر ئۆرەكچى چىقىپ كېلىۋاتقۇدەكمىش. ئۇ ئىككى يۈز، ئىككى گەۋدىلىك مەخلۇق ئىمىش، ئالدى تەرىپى ھېلىقى ھازازۇل خوتۇننىڭ، ئارقا تەرىپى ئۆزىنىڭ سۈرىتىدە ئىمىش. ئالدى تەرىپىدىكىسىنىڭ كۆكسى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، كەينى تەرىپىدىكىنىڭ بوغدىيىكى چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان ئىمىش. ھېلىم ئۆرەكچى دوستىنىڭ بۇنداق ئىككى جىنسلىق دەھشەتلىك مەخلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتەرمىش، تۇۋا، دەپ ياقىسىنى چىشلەرمىش. ئىككى تەنلىك دوستى بۇنىڭغا قىلچە ئەجەبلەنمەيلا يېقىنلاپ كېلەرمىش. ئۇلار ھېلىمگە قاراپ: "دادىڭ بىزگە يەتتى، سەن بىر قاۋاقخانا ئاچ!" دەرمىش. "دەسمايىگە نەگە بارىمەن؟"

كەتتى. ئۇ بىكار قالغان چاغلىرىدا ئوتتۇرا ئەسىرچە، بەلكى ئىپتىدائى جەمئىيەتتىكى ئېخىمۇ ياۋايى ئۇسۇللاردا باشقىلارنى قىيناشنى ئويلاشقا ئامراق ئىدى. ئاشۇ ۋەھشەت قانداقسىگە ئەمدى ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ قالغاندۇ؟ ھېلىم ئاغرىق ئازابى، قورقۇنچ ۋە ئەجەل ۋەھىمىسىدىن يۇلقۇنۇپ ۋارقىراپ ئويغاندى. خۇدىنى بىلەلمەي كارىۋاتتا ئۆزىنى ئۇ يان-بۇ يانغا ئۇردى. بىر ھازادىن كېيىن كۆرگەنلىرىنىڭ چۈش ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئېسىنى يىغدى، كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى، زورلاپ ھىجايدى. بېلى ئاغرىۋا-تاتتى، "خۇشامەتچى بېلىدىن قېرىيدۇ، ماختانچاق ئاغزىدىن" دېگەن ماقالنى ئېسىگە ئېلىپ، قېرىلىق يەتكەنمىدۇ-يا، دەپ سەل قورقتى. ئىختىيارسىز قول سوزۇپ، بېلىنىڭ ئاغرىۋاتقان يېرىنى سىلاپ باقتى، خۇداغا شۈكرى، كەمەرنىڭ تۆمۈر بېشى ئۇنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالغان بولۇپ، بېلىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا خېلى قاتتىق پېتىپ كەتكەن ئىكەن.

ھېلىم خىرخىر "ھۇ ئاناڭنى، شورۋىچىنىڭ كەمىرى!" دەپ، ئانىسى بىلەن ئۆزىنى قوشۇپ تىللاپ، كەمەرنى بىر چەتكە ئېتىۋەتتى. چۈش دېگەن يېرىم بېشارەت دېيىشىدۇ، پالاكەت كېلىۋاتامدۇ-يا؟ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى، چىراغ يېقىپ تاماكا تۇتاشتۇردى. كۆزىگە يەنە ئەزىمەت بىلەن قىزى كۆرۈنۈپ، باياتىنقى كۆڭۈلسىزلىك يەنە ئېسىگە چۈشتى. كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ تاماكا قالدۇقىنى تاشلىۋېتىپلا كۆزىنى يۇمدى.

ئەزىمەت يەنە ئۇنىڭ قارا قۇمچاق قىزى بىلەن بەل تۇتۇشۇپ مېڭىپ ئالدىغا كەلدى. قىزنى ئۇ "قارا ئۆرۈكتەك چۈچۈمەل، كەمپۈتتەك شېرىن قىزسىز" دەپ ئەركىلەتتى. ئىڭىكىدىن ئۇنىڭ قولىدا

چوتا، تاۋكا ھەققى يۇلۇۋېلىنىشتىن سىرت، يۇقىرى ئۆسۈملۈك جازانە بېرىلىپ، نەچچە ھەسسىلەپ پايدا ئۇندۇرۇۋېلىنارمىش. ھېلىم خىرىلداپ يۆگۈرۈپ يۈرۈپ، چەت ئەللىك مېھمانلارغا، ئوخشاش جىنسلىق مەشۇقە تېپىپ بەرگەندىن سىرت، ئۆزىمۇ ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالارمىش. سەل ئازابلانسىمۇ، بۇنىڭدىن كېلىدىغان ئامېرىكا دوللىرى بەك يۇقىرى بولغاچقا، لېۋىنى چىڭ چىشلەپ چىداپ كېتەر-مىش. زاكىر ئۆسەكچى، جاكىر خورەكچى، باكىر ئۆرەكچى، ناكىر ئېتەكچى ۋە خاكىر تېزەكچى قاتارلىقلارنىڭمۇ بازىرى بەك ئىتتىك ئىمىش، ئۇلار مەشۇقلۇقنى تالىشىپ بوغۇشۇپ كېتەرمىش. شاپتۇل چېچەك يۈز بىلەن پاپى كۈچۈكتەك تاپان يالاشقا ماھىر خاكىر تېزەكچى كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا تولا ئۆمىلەۋەرگەچكە دەسسىلىپ ئۆلەرمىش. بىر چەت ئەللىك خاكىر تېزەكچىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ ئولتۇرۇپ، ناكىر ئېتەكچىنىڭ كۆپكەن لازىدەك قىزىل بۇرنىغا كالتەك تىقىپ ئوينارمىش.

ھېلىم خىرخىر يانچۇقلىرىنى تومپايتىپ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، يەر ئاستى بۆلۈمگە چۈشەرمىش. بىر تۆمۈر ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختاپ، مەخپىي رەقەملەرنى قوراشتۇرۇپ بۇراپ، بىر ھازا ھەپىلىشىپ ئىشىكنى ئاچقانمىش. ئۆي ئىچى ئالتۇن-كۈمۈش، ئامېرىكا دوللىرى ۋە زىبۇ-زىننەتلەرگە لىق تولغانمىش، تىزىلار پۈتۈنلەي مىڭ سوملۇقتىن ئىمىش. ھېلىم پۇلنىڭ ئۈستىدە كۆلىنى كۆرۈپ ئېغىنىغان ئېشەكتەك ئېغىناپ كېتەرمىش. ئەمدى ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە مۇشۇ يەرگە ئۆزەم يالغۇز كىرىپ، پۇلنىڭ ئۈستىدە دۈم ياتىمەن، دومىلاپ ئوينايمەن، قانغۇچە ئېغىنايمەن دەپ كېرىلىپ كەتكەنمىش. ئاندىن كېيىن يان ئۆيگە چىققانمىش، ئۇ يەردە بىر

دېگۈدەك ھېلىم خىرخىر خىرىلداپ يىغلامسىراپ. ئۇلار بوينىنى بۇراپ: "ئەنە، دەسمايە ئۆزەڭدە تۇرمامدۇ! شۇنىڭدىن ئوبدان پايدىلانساڭ، قاۋاقخانا چاپسانلا كېڭىيىپ، ھەيۋەتلىك تون بەزمىخانە-سىغا ئايلىنىدۇ" دەرمىش ھېلىمنىڭ بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى كۆرسىتىپ. شۇ ئان ھېلىمنىڭ كۆز ئالدىغا بۇقا تەن مەخلۇق كېلىپ تەنلىرى جۇغۇلداپ كەتكەنمىش. بۇنىڭغا نېرۋىسى چىدىمىغان ھېلىم خىرخىر كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغانمىش. بىردەمدىن كېيىن كۆزىنى ئاچسا يېنىدا ھېچكىم يوق ئىمىش، ھېلىم ئۆزىنى كاتتا تون بەزمىخانىسىغا باشلىق بولغان ھالدا كۆرەرمىش. سۆلەتلىك ھاراق-كەشلەر زالدىكى يۇمىلاق شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ھەر خىل ئالىي ھاراق-شارابلارنى ئىچمەكتىمىش. مودا كىيىم كىيگەن نايناق بىر چوكان مىكروفون تۇتۇپ ئاقما ناخشا ئېيتماقتىمىش. بەزىلەر ئىشىكىگە پەردە تارتىلغان قاراڭغۇ بۆلمىلەرگە پاھىشە ئاياللارنى ئېلىپ كىرىپ كېتىۋاتارمىش. بۇ ياقتىن قانداقتۇ نازلىق غىلجىڭ ئاۋازلار، كارىۋاتلارنىڭ غىچىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرارمىش، ياندىكى يەنە بىر زالدا قىمار قىزىماقتىمىش. ئۇنىڭدىن كېلىدىغان تاپاۋەتنىڭ بەرى ھېلىمنىڭ چۆنتىكىگە كىرەرمىش. ھېلىم خىرخىرنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتكەنمىش، خۇشاللىقتىن تېرىسىگە سىغماي قالغانمىش. بۇ نېمىدېگەن چوڭ بەخت، نېمىدېگەن چوڭ ئەمەل! ئۇ دائىم ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن بۇنچىۋالا چوڭ مەرتىۋىگە ئۆمرىدە ئېرىشىپ قېلىشقا، ھەتتا بىرەر مىنۇتقا بولسىمۇ ئېرىشىپ قېلىشقا ئىشەنمىگە-نىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ھوقۇقى بەك چوڭ، شۇ ھوقۇقىنىڭ كۈچىدىن پاھىشە ئاياللار كىرىمىنىڭ 98 پىرسەنتى تارتىۋېلىنىپ، ئۇلارغا ئاران ئىككى پىرسەن ھەق قالدۇرۇلارمىش. قىمارۋازلاردىن

بۆلگۈنچى، دوزاخنىڭ تۈترۈقى، ئۇنى ئاغزىدىن قورسىقىغىچە يىرتىۋې-
تىش كېرەكتى، دەپ توۋلغانمىش. ئۇ بىر نېمىگە پۈتلىشىپ كېتىپ
شۇنداق قارىسا، ئايىغى ئاستىدا زاكىر ئۆسەكچىنىڭ ئۆلۈكى
تۇرغانمىش. كۆزىنىڭ ئۇچى كىرىپ كەتكەنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۇنىڭ
بېلىنىڭ ئاستى تۆگۈلۈكتەك تېشىلىپ، قورسىقى چۇۋۇلۇپ كەتكەنمىش.
ھېلىم ئازابلىنىپ ئىڭرىۋەتكەنمىش، ئانىسىنى يادلاپ، گۇناھلىرىغا مىڭ
تۈۋا قىلىپ، ئىستىغپار ئېيتىپ، بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ يىغلىغان-
مىش. قېنى ئۇ سولايمان قالپىقى؟ قېنى ئۇنىڭ قۇدرەتلىك غۇژمىكى؟
مەيدىسىگە مۇشتلاپ شالىنى چاچرىتىدىغان، مەردلىك ئۇستىدە گەپ
ساتىدىغان شېرىكلىرى نەدە قالدى؟ ئۇلار ھاراق سورۇنلىرىدىلا
باتۇرمىدى؟ ھەممىسىگە لەنەت! ھايات ھاياتلىقنى، دۇنيا دۇنيالىقنى
داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇيۇ، ئۇلارنىڭ بولسا كۆلى كۆككە سورۇلۇۋاتىدۇ.
شۇمۇ ئادىللىقمۇ؟ قېنى ئۆيدە خوجايىنلىق قىلىدىغان خوتۇنى بىلەن
ئەتىۋار قاراقۇمچاق قىزى؟ ئۇلار نېمىشقا مۇشۇنداق باشقا كۈن
چۈشكەندە ياردەم قوللىرىنى سۇنۇشمايدۇ؟ ھېلىم شۇلارنى دەپ
تىرىشىپ-تىرماشقان، ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرۈپ بەل ئېگىپ ئۆمىلىگەن
ئەمەسمىدى؟! ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ياشىمىدى، بەلكى شۇ خوتۇن-
بالىلارنى دەپلا ياشىغان، گۇناھ قىلغان، زىياندىش بولغان ئەمەس-
مىدى؟! ئەمدى نېمىشقا جازانى ئۇنىڭ بىر ئۆزىلا تارتىشى، خوتۇنى
بىلەن قىزى تىرىك قېلىشى، راھەت كۆرۈشى كېرەككەن؟! ئۆلسە
ئاۋۋال شۇلار ئۆلسۇن-دە! قېنى ئۇنىڭ بەل ئۇۋۇلاپ، پۇت سىلاپ،
قاقتى-سوقتى قىلىپ، يېمەي-ئىچمەي گېلىنى قىسىپ يىغقان
پۇللىرى؟! بۇلار مۇشۇنداق چاغدا ئەسقاتمىسا، پايدا كۆرسەتمىسە
ھېلىمنىڭ بىر ئۆمۈر سىڭدۈرگەن يۈرەك قانلىرى بىكار كەتكەن

كىچىك كۆلچەك بار ئىمىش. ھېلىم ئىشتان-كۆڭلىكىنى سېلىپ تاشلاپ، تۆگىدىكى ھاراقلارنى ئەكىلىپ كۆلچەككە تۆكۈپ، ئاندىن ئۇنىڭغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئېيىقتەك يۇيۇنۇشقا باشلىغانىمىش. ئۇشتۇمتۇت ئۆي تورۇسىدا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، دېرىزە تەكچىسىدە ئەزىمەت پەيدا بولغانىمىش. ئەزىمەتنىڭ قولىدىكى تۆمۈر كالتەكنى دىۋىنىڭ مىڭ پاتمان گۈرزىسىدەك دەھشەتلىك كۆرۈنەرمىش. ھېلىم ئىشتىنىنى پۇتىغا سېپىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، كاسىسىنى چاقپىلەكتەك چۆگىلىتىپ، يالىڭاچ پېتى تالاغا تاشلانغانىمىش. دەرۋازىدىن چىقىشىغا ئۇدۇلدىن ئاقساقلاپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان خورەكچى ئاغىنىسى بىلەن يۈزمۇ-يۈز سوقۇلۇپ كېتىپ، ئىككىسى قاڭقىپ، ئىككى ياققا دومىلاپ كەتكەنمىش. ۋايجان ئۆلدۈم، دېيىشىپ، ئۆمىلەپ قوپۇشۇۋاتقاندا، ئەزىمەت قوغلاپ كەلگەنمىش. ئۇ گۈرزىسىنى ھاۋاغا بىر شىلتىغاندا ئالەمنى يورۇتۇپ چاقماق چېقىلغانىمىش. ئاسماندىن بىر چاقماق ئالتۇن يىلاندەك سويلاپ چۈشۈپ، خورەكچىنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ كەتكەنىمىش، كەينى تەرىپىدىن قاپقارا ئىس تولغىنىپ چىقىپ، بىچارە خورەكچى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئىچىگە لىق سامان تىقىلغان يوغان تاغارغا ئايلىنىپ قالغانىمىش. ئەزىمەت گۈرزىسىنى يەنە كۆتۈرگەندە، ھېلىم داد-پەرياد سېلىپ، مۈدۈرۈپ سۈرۈلۈپ قاچقانىمىش. بىر كوچىدا ئازگالدىكى ئەخلەت ئۈستىدە تۇرغۇزۇلۇپ چالما-كېسەك قىلىنىۋاتقان قوش تەنلىك دوستىغا ئۇچرىغانىمىش. ئۇنىڭ ھەممە يېرى قانغا بويالغان ئىمىش، ھېلىم قىلمىشلىرىنىڭ قىساسى قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى پەملەپ، قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي ھۆركىرەپ يىغلىۋەتكەنمىش. ھەممىنى قىلغىنى ئاشۇ زاكىر ئۆسەكچى، ھو بېشىڭنى يېگۈر ئېزىتقۇ، ئىككى يۈزلىمچى،

ئېشەك بىللە كېتىۋاتقانىكەن، شىر كېلىپ ئېشەككە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپتۇ. خوراز بىرلا چىللىغانىكەن، شىر قېچىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە شىر خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىغاچقا قورققان ئىكەن. لېكىن ئېشەك شىر مەندىن قورقۇپ قاچتى، دەپ ئويلاپ، دەرھال شىرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. قوغلاپ خېلى يىراققا بارغاندىن كېيىن خورازنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايدىغان بولۇپ قاپتۇ-دە، شىر كەينىگە بۇرۇلۇپ كېلىپ ئېشەكنى يەۋېتىپتۇ. ئېشەك ئۆلەر ۋاقتىدا ھاڭراپ تۇرۇپ:

— مەن راستىنلا بەختسىز ھاماقەت ئىكەنمەن، مەن يا لەشكەر بېشىنىڭ ئەۋلادى بولمىسام، نېمىشقىمۇ ئۆزەمنى جەڭگە تاشلىغاندىمەن؟ — دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ.

ھېلىم شۇلارنى ئويلاپ ھۆڭرەپ يىغلاپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ، لەۋلىرىنى غەزەپ بىلەن چىشلىگەندە، قان ئېتىلىپ چىققانىمىش. بۇ شىر، ئېشەكنىڭ قورسىقىنى يارغاندا ئېتىلىپ چىققان قانغا ئوخشايمىش. ھېلىم ئىنجىقلاپ، تامغا يامىشىپ، ئۇ تەرەپكە دوملاپ چۈشكەنمىش. ئاغزى-بۇرنىدىن قان بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقارمىش، ئۇ يەنە تىرمىشىپ ئۆملەپ قاچقانمىش. يارەببىم، بۇ نېمە كارامەت؟ ئۇ ئۆملىگەن زاماتلا سەت بىر تىمساققا ئايلىنىپ قالغانمىش. ئۆلۈم باش ئۈستىدە پىرقىراشقا باشلىغاندا، ھېلىم يەنە نالە قىلىپ يىغلىغانمىش، ئىككى كۆزىدىن قان تامغانمىش. تەقدىرنىڭ ئىچى ئاغرىغانمۇ قانداق، بىردىنلا ئۇ قۇدرەتلىك ياۋا توڭگۇزغا ئۆزگىرىپ قالغانمىش، ئىككى جاۋغىيىدىن ئىككى چىشى خەنجەر شەكلىدە ئۆسۈپ چىققانمىش. ئەمدى ئۇ خېلى چاققانلىشىپ قالغانمىش، تېز يۈگۈرۈپ قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى دەپ خۇشاللىقتىن

بولمامدۇ؟ كۆز گۆھەرىدىنمۇ ئەتىۋار بۇ نەرسىلەرنى باشقىلارغا قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە ھۈنەرلىرىنى، قەلبىنى بېغىشلىماپمىدى؟! ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئەزىمەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇ نېمە ۋاستىلارنى قوللانمىدى؟! ھېلىمنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولالايدىغان يېقىن ئاغىنىلىرىدىن زاكىر ئۆسەكچى، جاكىر خورەكچى قاتارلىقلارمۇ ئاز كۈچ چىقارمىدىغۇ، لېكىن ئۇنىڭ ـ زادى قانچىلىك بولدى؟ ئۇلار ھەممىلا يەردە پىتنە ـ پاسات توقۇپ تارقىتىشتى، بىرلىشىپ ئەرز يېزىپ تۆھمەت چاپلاشتى. باشلىقلارنىڭ ئالدىغا چېقىپ بېرىپ تاپان يالاشتى، قورشاپ تالاشتى، سايىسىنى چاناشتى. يەنىلا ئاقمىدى، ئۇنى سوتلاتقۇزىۋېتەلمىدى، ئاتقۇزىۋېتەلمىدى، چاپقۇزىۋېتەلمىدى. ۋادەرىخا، بۇ تەقدىر نېمىشقا شۇنچىلا جاھىلدۇ، شۇنچىلا ئادالەتسىزدۇ؟ نېمىشقا ئىشنى ھېلىملارنىڭ كۆڭلىدىكىدەكلا قىلىپ بەرمەيدىغاندۇ؟ ھېلىم مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كەتسە بولامدۇ؟ ئاھ، دەردىم! ئۇنداقتا بۇ ھاياتنىڭ نېمە قىممىتى، بۇ دۇنيانىڭ نېمە مەززىسى قالدۇ؟ ئاھ، بىمەنە قاغىش تەككۈر ھايات، جىن تەپسۇن سېنى! ھېلىم ئەنە شۇ تەرىقىدە بىر ھازا قاقشىغانمىش. كېيىن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ئالدىغا قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى قاتار ـ قاتار سوقما تاملارغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ قاچار يولىنى توسىۋالارمىش. ھېلىم كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچماقچى بولغاندا، ئەزىمەت جاھاننى تىترىتىپ نەرە تارتىپ، گۈرزە ئوينىتىپ قوغلاپ كېلىپ قالغانمىش. ئەجەل قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا تۇرارمىش. ھېلىم قىلمىشلىرىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىۋېتىپ، ئىزوپنىڭ مەسەلىدىكى شىرغا ھۇجۇم قىلغان ئېشەكنىڭ پۇشايمىنىنى ئېسىگە ئالغانمىش: بىر كۈنى خوراز بىلەن

تۆرمە تاختايدەك شاپپىدا قىلىپ غايىب بولۇپ، ھېلىم تەگسىز چوڭقۇر بوشلۇققا دوملاپ چۈشۈپ كەتكەنمىش. خېلى ئۇزۇنغىچە دوملىغاندىن كېيىن، بېشى شېغىللىق داق يەرگە ئۇرۇلغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئورنىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگەنمىش. بۇ ئورنى ئەسلىدە ئۇ باكىر ئۆرەكچى بىلەن بىرلىشىپ، ئەزىمەتنى ئالداپ يىقىتىش ئۈچۈن قازغانلىقىنى ئېسىگە ئالغانمىش. ۋايجان، نېمانچە چوڭقۇر-ھە، يۈز مېتر كېلەمدۇ نېمە؟ بۇنچىلا چوڭقۇر قېزىلمىغاندەك ئىدى، ھېلىم تېخى ئۇنىڭ تېيىز بولۇپ قالغانلىقىدىن ئاغرىنىپ يۈرگەن ئەمەسمىدى! ۋايجان، ئومۇرتقىسى ئوشتۇلۇپ كەتكەنمۇ نېمە؟ باشمۇ يېرىلىپ قان چىقىپتۇ، لەنەت ھەممىسىگە! ھېلىم ئانىسىدىن ئەمگەن سۈتى بۇرنىدىن بۇلاق بولغۇدەك جاپادا ئۆمىلەپ يامىشىپ، يىقىلىپ-سۈرۈلۈپ يۈرۈپ، ئاران ئورنىنىڭ گىرۋىكىگە چىقىپ، ئۇھ دېمەكچى بولۇۋاتقاندا، ھۆركىرىگەن دەھشەتلىك سادا كەلگەنمىش. بېشىنى كۆتۈرۈپلا ئەزىمەتنىڭ ئاسماندا گۈرزە ئوينىتىپ، بوراندەك ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنمىش. گۈرزە بىر پىرقىرىغاندا، قاراسلاپ چاقماق چېقىلغانمىش. ئاسماندىكى بۇلۇت ئارىسىدىن بىر ئالماس قىلىچ قايقىپ چىقىپ، ھېلىمنىڭ بويىنىغا مىڭ پاتمان زەرب بىلەن تەگكەنمىش. ئۇنىڭ بويىنى ئۈزۈلۈپ، كاللىسى بىلەن گەۋدىسى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنمىش. كېسىك كاللا يوغان كېسەك كاۋىدەك دوملاپ، ئازگالنىڭ قاق بېلىگە بارغاندا توختاپ قالغانمىش. ئاندىن پىرقىراپ، توپتەك سەكرەپ-سەكرەپ، قايتىدىن قاشقا چىقىپ توختىغانمىش. گەۋدە سىيرىلىپ، قېقىلىپ، كېلەڭسىز بىر تاغار خام گۆشتەك گۈرسۈلدەپ، ئازگالنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەنمىش. بىرھازادىن كېيىن ھېلىمنىڭ

سۆيۈنۈپ كەتكەنمىش. قېنى، ئەمدى قايسىڭ نوچا بولساڭ يېنىمغا كەل، قارىڭنى بۆسۈپ تاشلايمەن دەپ پو ئاتقانمىش. ئاندىن تۇمشۇقىدا يەر قېزىپ توپا پۇرقىرىتىپ، تۆت پۇتلاپ يۈگۈرۈشكە باشلىغانمىش. بۇنداق يۈگۈرۈشكە ئۆزىنى شۇنچىلىك پىششىق ھېس قىلارمىش، ئەسلىدە تۇغما ياشاش شەكلىم مۇشۇ بولغىيمىدى- يا؟ خاتالىشىپ ئادەم تېرىسىگە ئورۇلۇپ قالغان بولمىغىيدىم، دەپمۇ گۇمان قىلىپ قالغانمىش. بەيگە مەيدانىدىكى ياغاچ توسۇقلاردەك قاتار-قاتار كەتكەن پاكار تاملاردىن بىر- بىرلەپ سەكرەپ ئۆتكەنمىش. ئالدىدا ئېدىرلىق، تاغلىق پەيدا بولغانمىش. ئەجەبلىنەرلىكى، ئۇشتۇمتۇت ئېدىر، تاغلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، دۈم ھالەتتە مۇئەللەقتە ئېسىلىپ قالغانمىش. ھېلىم ئۆزىنىمۇ پۇتى ئېگىزگە، بېشى پەسكە قارىغان تەتۈر ھالەتتە ئاسماندا كۆرگەنمىش. ئاياغلىرى ئېدىر ئۈستىگە دەسسەكلىك، بېشى پەسكە قاراغلىق ئىمىش. خۇددى تاغلارنىڭ سۇغا چۈشكەن كۆلەڭگىسىدەك مەنزىرە شەكىللىنىپتىمىش. ھېلىم ئاشۇنداق تەتۈر ھالەتتە ئېدىردىن ئېدىرغا، چوققىدىن چوققىغا يۈگۈرەيمىش، جىلغىلاردىن دوملاپ، يارلاردىن سەكرەپ ئۆتكەنمىش. قارىسا ئەزىمەت كۆرۈنمەيمىش، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ، ئاخىرقى دۆڭلۈكتىن چۈشكەندە ھېرىپ ھالى قالمىغانمىش، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى يەردە ئوڭ پېتى كۆرۈپ ھەيران بولغانمىش. بۇ نېمە بولغىنى... ئالدى تەرەپتە توپ- توز بىر يول سوزۇلۇپ ياتارمىش. ھېلىم بىر دوملاپ قوپۇپ، يولنى بويلاپ تۈزلەڭدە سوكۇلداپ ئىلگىرىلىگۈدەكمىش. مانا شۇنداق مېڭىپ، كۆرۈنگەن ئۇپۇقتىن ھالقىپ ئۆتسەم بولغۇدەك دەۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت ئايىغى ئاستىدىكى يەر بىر ياقىقا تارتىۋېتىلگەن بىرلەش-

سېنى تېخى سوتلاتماي، ئۈستىڭدىن كېسىم چىقارغۇزماي قويمايمەن، كېسەك گەۋدە! ئۆتكۈر چىشلىرىم ئۆپكەڭنىڭ كانىيىغا پاتىدۇ تېخى، خەپ، خەپ!

ئازگال ئاستىدا باشسىز كېسەك گەۋدە تىپىرلايمىش، قانغا مىلەنگەن قول پۇلاڭلايمىش. گۈمبەزدەك قورساق يەل بەرگەندەك يوغىنايمىش. ئۆپكە قاتتىق كۆچۈنۈپ زورۇققان بولسا كېرەك، كېسەك كانايدىن ئۇيۇغان قاپقارا قان ئېتىلىپ چىقىپ، دەھشەتلىك خىرخىر ئاۋاز ئاڭلانغانمىش:

— ۋاي توڭگۇز باش، شۇملۇق ساندۇقى، كۆيدۈرگە قاپىقى، سوتقا تۇتۇپ بېرىمەن سېنى، تۆپەڭدىن ئەرز قىلىمەن تېخى، بۇنداق قويۇۋەتمەيمەن سېنى. كېسەك كاللا بولغىنىڭ خوپ بولدى، ئەزدەتنىڭ ئەرلىكىگە ھەشقاللا. سېنى شۇنداق چاپمىسا سەن رودۇپايدىن قۇتۇلالمايتتىم. ھەممىنى قىلغان سېنىڭ شۇ ئەقىلسىزلىقىڭ. سەن ئەسلى ئىچىدە چاشقان ئۇۋۇلىغان ياۋا توڭگۇزنىڭ باش سۆڭىكى ئىدىڭ، شەيتان سېنى ھازىرقى قىياپەتكە كىرگۈزگەن. شۇڭا ھېچقانداق ئىشقا تۈزۈك ئەقلىڭ يەتمەيدۇ سېنىڭ! كۆز بويامچىلىق قىلىپ مەدەنىيەت سېپىگە سىغدىلىپ كىرىۋېلىشقا، تۆھپە ئوغرىلاپ، بەل ئۇۋۇلاپ مەرتىۋە تېپىشقا مېنى قىستىدىڭ! خەقنىڭ مېلىنى، شەرىپىنى نومۇس قىلماي ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋالدىڭ. ئىتنى قازى قىلساڭ قاۋاشقا قىستايدۇ، دېگەنى راست ئىكەن. سېنى باش قىلسام ھەممە ئەسكىلىككە، مۇناپىقلىققا مېنى زورلىدىڭ. خوتۇنۇم تۇغماسلىق چارىسىنى پۈتۈنلەي ماڭا قوللانماقچى بولغاندا، سېنىڭ شۇم ئاغزىڭ ياق، دەپمۇ قويمىدى. شۇ چارىنى قوللاتقۇزۇپ مېنى ئىتنىڭ ئازابىغا قويدى. ئاغزىڭ ناھايەت ۋايجانلىشىپ بەرگىلى

كېسىلگەن كاللىسى قانغا بويالغان ھالـدا قىـىرلايـىمىش. دومىـلاپ، ئېغىناپ، ئازگال گىرۋىكىدە ئۆزىـنى رۇسـلاپ، ئەيـنەك شارچىـدەك پومپايغان دومىلاق يوغان كـۆزلـىرىـنى ئازگـالـىنىڭ تېـگىدە ياتـقان گەۋدىگە تىكىپ، جان- جەھلى بىلەن چىڭقىلىپ سۆزلەشكە باشلىغان- مىش. ئاۋازى دەريا بويىدىكى مۇنبەردە مىكروفوندا سۆزلىگەنـدىكە- دىنمۇ قاتتىقراق چىققانمىش:

— ھەرنېمە بولسا سەندەك قەبىھلىككە تولغان يىرگىنچلىك مەخلۇق- تىن قۇتۇلدۇم. خۇداغا مىڭ شۈكرى- سانا ئېيتىمەن. مېنى ئىبلىس ساڭا چېتىپ قويـغانـدى. ساڭا چېتىلغان چاغلىرىـم ئەڭ بەختسىز، ئەڭ نومۇسسىز، ئەڭ سەسكىـنەرلىك چاغلىرىم، تىرىكلىكىمدىكى ئەڭ چوڭ پاجىئـە. سەن ئەسلى لايغا پېتىـپ ياتقان ياۋا توڭـگۇز گەۋدىـسى ئىدىڭ، ئىبلىسنىڭ بارلىق سۇيـىقەستلىـك قىلمىشـلىرىنىڭ يۇغۇرۇل- مىسى ئىدىڭ. شۇڭا ھاياتىڭ باشقىلارغا زىيانـكەشلىك قىلىش بىلەنلا ئۆتتى، ھوقۇق- مەنپەئەت سارائىلىقى قىلىپ يۈرۈپ مېنىمۇ بۇزدۇڭ، بۇلغىدىڭ. ئۆزۈڭگە راھەتنىلا، شۆھرەتنىلا كۆزلىدىڭ. ياخشـىلارنى، ئاقىلانلارنى، ئەقلىلىقلارنى كۆيدۈرمەكچـى بولـدۇڭ. مىللىـي ئۆرپ- ئادەتلەرنى، غۇرۇر- ۋىجداننى، مىللەت- خەلق بايلىقلىرىنى، ئىنسا- نىيەت مەدەنىيىتـىنى يەر يۈزىـدىن يوق قىلماق بولدۇڭ. ئاللا سېنى جازالىدى، قىسمەت سېنى رەسۋايى جاھان ئەيلىدى. ئاخىرى بېرىپ ئۆز قولۇڭدا كولىغان ئورىغا ئۆزەڭ چۈشتۈڭ. ئەل قىساسى مىنەلھەق دېگەن شۇ. ئەزىمەتكە بارىكاللا، بېلى مەھكەم شىر ئەر ئىكەن، سېنى جايلاپ خوپ قىلدى. قاۋان قارلىقتا ئۆلدۇ، يامان خارلىقتا. ئەمدى شۇ زەي ئازگالدا قۇرتلارغا يەم بولۇسەن. قارلـىقتا، خارلىقتا مەڭگۈ قالىسەن. ئىسمىڭنى سوتقا تىزىملىتىپ قوياي! قىيامەتتە ئەرز قىلىمەن،

ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇرلىدىڭ. ئېسىڭدىمۇ شۇ تاغدىكى ئېغىر جىنايىتىڭ، ئەي لەنىتى چايان، توردىن چۈشۈپ قالغان قاتىل، ھەسەتخورلۇقنىڭ ئۆمۈچۈكى؟!...

— ۋايجان! — ھېلىم خىرخىر ئۈندەرەپ، قاتتىق ۋارقىراپ، كارىۋاتتىن يەرگە دومىلاپ چۈشتى. بويىنى شىرەنىڭ پۇتىغا ئۇرۇلۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ھېلىم ياتقان يېرىدىلا ئالدىراپ بويىنىنى سىلاپ باقتى، بويىنى ئۈزۈلمىگەن بولۇپ، كاللىسى بىلەن گەۋدىسىنى بۇرۇنقىدەكلا تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ چالا ئويغىنىپ كىرپىكلىرىنى زورغا ئاچتى، دېرىزە ئەينىكىگە يۈزىنى چاپلاپ تۇرغان بەستلىك بىر قارا كۆلەڭگە بىردەم ھومىيىپ قاراپ تۇرۇپ غايىب بولغاندەك قىلدى. ھېلىم كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى، ئاندىن ئاستا-ئاستا ئاچتى. گېلىغا كەپلەشكەن يۈرىكى تەدرىجىي ئىزىغا چۈشتى. تاڭ ئاتمايدىغاندەك ئۇزۇن بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقان بۇ كېچىگە ئىچ-ئىچىدىن قارغىش ياغدۇردى. بۇ كېچە ئۇ ئېسىنى يوقىتىپ ساراڭدەك بولۇپ قالغانىدى. ھېچنېمىنى ئويلىماسلىققا تىرىشسىمۇ، ئېسىگە "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دا ئۆزى بىلەن بىللە ئالاقە باغلاشقا چىققان ساۋاقدىشى ھۆرنىگۈل كەلدى. ئۇ قىز سىنىپتا كۆزگە كۆرۈنگەن ئەلا ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ، شېئىر، ھېكايىلەرنىمۇ خېلى ئوبدانلا قاملاشتۇرۇپ يېزىپ قوياتتى. ھېلىم ئۇنىڭ ئەقلىگە، قابىلىيىتىگە ھەسەت قىلاتتى. قىز پەرىزاتتەك چىرايلىق ئىدى، بويى ئېگىز، زىلۋا بولۇپ مەجنۇنتالنى ئەسلىتەتتى، بېلى بىر سىقىملا كېلەتتى، قاش-كىرپىكلىرى تۆككۈلۈپ تۇراتتى. سۇمبۇل چاچلىرى يوتىسىغا چۈشەتتى، كۈلسە غۇنچىدەك ئېچىلغان ئاغزىدا مەرۋايىتتەك تەكشى چىشلىرى يالتىراپ كېتەتتى، مەڭزىدىكى زىناق سېھرى

يارىدى. سەن مېنىڭ قوللىرىمنى بىر ئۆمۈر بەل ئۇۋۇلتىپ، پۇت
تۇتقۇزۇپ، ئەرزنامە، تۆھمەتنامىلەر يازدۇرۇپ كاردىن چىقاردىڭ.
باشقىلار ئۈچۈن بىرەر ھالال ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكىمۇ قويمى-
دىڭ. ياخشىلىققا يامانلىق قايتۇرۇشقا كۆشكۈرتتۈڭ. سەندە مىللەت،
خەلق، ۋەتەن دېگەن ئۇقۇممۇ يوق. بۇ ھەر ئىككىمىزگە ئايدىڭ.
مېنى ئۇنداق ئۇقۇملارنىڭ مەناسىغا يېقىن يولاتمىدىڭ. زاكىر
ئۆسەكچى، جاكىر خورەكچى، باكىر ئۆرەكچى، ناكىر ئېتەكچى ۋە
خاكىر تېزەكچى قاتارلىقلار بۇرنىڭدىن چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ نەگە يېتە-
لەپ ماڭسا ماقۇل دېدىڭ، ئۇلارنىڭ يېپىلماس ئېغىزلىرى ئۆسەك
زاۋۇتلىرى، ئىغۋا ئۆڭكۈرلىرى ئىدى. كويقاپتىن بوران چىققاندەك
ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن پىتنە-پاسات، تۆھمەت چىقاتتى. ئۇلاردىن
باشقا خىلدىكىلەرنى كۆرسەك قۇيقا چاچلىرىڭ تىك تۇردى. سالپاڭ
قۇلاقلىرىڭغا ياخشى گەپ كىرمىدى. ھارام نەرسىلەرنى يەۋېرىپ
چىشلىرىڭمۇ ئۇپراپ كەتتى. ئۆزەڭگە ياخشىلىق قىلغانلارنى غالجىر
ئىتتەك تالىدىڭ، غاجىدىڭ. سېنىڭ كۆزلىرىڭ كور كۆزلەر، ھەق-
قەتنى كۆرمەيدۇ. قۇسۇر ئىزدەشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. ئۇلار كۆز
ئەمەس، دوزاخنىڭ تۆڭلۈكى، يامانلىق ياغدۇرىدۇ. تىلىڭدىن چايانىڭ
زەھىرى تامىدۇ، ھەسەتخورلۇق، ۋەھشىلىك، جادۇ-مىكىر ياغىدۇ.
ھەسەتخورنىڭ ئاغزىدا ئىت كۆچۈكلايمىش. سەن ئاغزىڭدا تۆھمەت
كۆچۈكلاتتىڭ، ئۇلارنى توپ-توپى بىلەن كۆشكۈرتۈپ قويۇپ
بېرىپ، تالايلارنى نابۇت قىلدىڭ، تالايلارنىڭ ئەزىز جېنىنى
ئالدىڭ. ھېلىقى سېسىق نامى پۇر كەتكەن "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"
دا كوچىغا تۆھمەت بىلەن يۇغۇرۇلغان چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاپ،
ئىززەت-نومۇسىغا يۇندا چاچرىتىپ، بىگۇناھ بىر ساھىبجامال قىزنى

پاجىنە "باش-ئۇچى يوق دېلو" دېيىلىپ، ئېنىقلانماي تاشلىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ شۇندىن بۇيان ھېلىم خىرخىرنىڭ كۆزىگە دائىم كېسەك كاللا كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا ئاپتاپتا ياكى ئايدىڭدا مېڭىپ قالسا ئۆز كاللىسىنىڭ يەرگە چۈشكەن سايىسىمۇ كېسەك كاللا بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئەييۇھەنناس، ئۇنىڭ ھەمىشە يۈرىكى پۇلاڭلاپ، ئۆپكىسى ئېسىلىپ بوغۇزىغا قاپلىشىپ تۇرغىنى تۇرغان ئىدى. ئۇ ئۇخلىغىدەك بىراۋلار ئۇنى خارتىلدىتىپ سۆرەپ ئاپىرىپ دارغا ئاساتتى. كاللىسى ۋايجانلىغىنىچە داردا قېلىپ، گەۋدىسى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشەتتى. كىملەردۇر ئۇنىڭ قوللىرىنى ئالدىغا قىلىپ باغلاپ، ئاغزىنى ئىنچىكە سىمدا ئېغىزدۇرۇقلاپ، كوچىنىڭ كوزوپەدىن يۇلقۇشلاپ يەرگە چۈشۈرەتتى. مىلتىق پاينەكلىرىدە ئۇرۇپ، يالاپ ئاپىرىپ دالىدا تىزلاندۇراتتى-دە، مىلتىق بىلەن ئارقا مېڭىسىگە ئاتاتتى. ئوق بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلايتتى. كېسەك كاللىسى يەرگە چۈشۈپلا سەكرەپ-سەكرەپ خېلى يىراققا بېرىپ، ئەسكى سۆۋەتتەك چۇۋۇلۇپ كېتەتتى. ئۇخلىسىلا بويىنى كېسەك چۈش كۆرەتتى. بىردەم ئۇنى سۆرەپ ئاپىرىپ جادۇغا بېسىپ بويىنىدىن توغرايتتى، بىردەم قىلىچتا بويىنىنى چاپاتتى، بىردەم كالا سويىدىغان پىچاقتا بوغۇزلايتتى. ئۇ ھەتتا گال ھەرىدە بويىنىدىن ھەرىدەپ تاشلايدىغان چۈشلەرنىمۇ كۆردى. بەزىدە گەۋدىسىنى بىر ئاتقا، كاللىسىنى بىر ئاتقا باغلاپ قويۇۋېتىشەتتى، قامچىلانغان ئاساۋ ئاتلار ھايت-ھۇيت دېگۈچە گەۋدە بىلەن كاللىنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلايتتى. كېسەك كاللا قان چاچرىتىپ پىرقىراپ دالىنى ئايلىناتتى. كۆز قارىچۇقلىرىنى ياۋا تىكەنلەر تېشىپ ئاققۇزىۋېتەتتى، تۇۋا! ئۇ قىزنى ھېلىم بوغۇپ ئۆلتۈرمىگەن تۇرسا. ناھايەت كوچىغا ئۇنىڭ

جەزىبكارلىقىنى نامايان قىلاتتى. تالاي يىگىتلەر ئۇنىڭ ئوتىدا
كۆيەتتى. بىراق قىز پۈتۈن زېھنىنى، قەلبىنى دەرسكە، ئىلىمگە
بېغىشلىغانىدى. ھېلىم خىرخىر ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم تەلەپ قويۇپ
بەكمۇ ئوسال بولغانىدى. شۇ چاغدا ھۆرنىگۈلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ-
پىشىپ يۈرگەن بەزى نوچا يىگىتلەر ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ: "يۈندىغا
چۈشكەن شولاڭغا قاراپ باق، نېمىگە ئوخشايسەنكىن؟" دېسە؛ يەنە
بەزىلىرى: "ھۆرنىگۈلگە كۆز تاشلايمەن دېگۈچە، كاللاڭنى سىلكىپ
چىۋىنىڭنى قورۇۋالساڭچۇ!" دەپ مەسخىرە ۋە دوق قىلىشتى. ھەسەت
ھەم بۇ ئۆچمەنلىكنى باداڭ قورسىقىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا يوشۇرۇپ
يۈرگەن ھېلىم خىرخىر ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، مۇشۇ شەھەردە قىزغا
زەھەرلىك قول سېلىش پۇرسىتىنى تاپتى. مەشەگە يېقىن جايدىكى
بىر مېھمانخانىدا، تۇرۇۋاتقاندا قىزغا شۇنداق دەھشەتلىك بىر تۆھمەت
سۈيىقەستى ئۇيۇشتۇردىكى، نومۇس ۋە ئۇۋاللىق ئازابىغا چىدىيال-
مىغان بىچارە قىز ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. ئىنىچكە سىم ئۇنىڭ ماۋۇق-
تەك ئاق بويىنىغا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەچكە، جانسىز كاللىسى كۆكرى-
كىگە بىراقلا ساڭگىلاپ چۈشكەنىدى. تاماشا كۆرگىلى كىرگەندە
ھېلىمنىڭ كۆزىگە قىزنىڭ كاللىسى كېسىكتەك كۆرۈندى. ئۇ يوشۇرۇن
ئەندىكتى. جەسەت يېنىدا ساۋاقداشلار، ئۆتكەن- كەچكەنلەر يىغا-
زارە قىلىپ، ھازا ئېچىشىپ كەتتى. ھېلىم بولسا ئېرەڭ قىلماي ئاستا
سۇغۇرۇلۇپ يېنىپ چىقتى. شۇ كۈنى كەچكىچە ھېلىم خىرخىر
خىرىلداپ كۈلۈپ، ئىچىدە راسا ھۇزۇر قىلدى، ئۆز ھىيلىسىدىن
تەنتەنە قىلدى. بىراق شۇ كېچىدىن باشلاپلا ئارامى تۈگىدى،
مەشئۇم بىر ئىزتىراپتا، دەككە- دۈككە ئىچىدە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي-
دىغان بولدى. بەختىگە يارىشا ئۇ قالايمىقان يىللار بولغاچقا، بۇ

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: خەيرىنىسا روزى

ئارسلان

سېھىرلىك ھەيكەل

(ھېكايە-پوۋېستلار)

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

1993-يىل 8-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

1993-يىل 8-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 3.80 يۈەن

ئىززەت-نومۇسىغا تېگىدىغان بىر چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاپ، ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا باش كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە سېسىتقىنىغا، ياتقىنىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ كارىۋىتىغا ھېلىقى ئىنچىكە سىمنى تاشلاپ قويغىنىغا شۇنچىۋالا گۇناھكار بولامدۇ؟ ھېلىم پەقەت بېشارەتلا قىلغان. ئۆلۈشنى ئۇنىڭ ئۆزى ئۆلۈۋالغان تۇرسا، تووۋا، شۇمۇ ئادالەت بولامدۇ؟ ھېلىمنىڭ كۆزىگە ھۆرىگۈلنىڭ ئىنچىكە سىمغا ئېسىقلىق پۇلاڭلاپ تۇرغان نازۇك گەۋدىسى يەنە كۆرۈندى. ئاھ، ئۇنى شۇ ھالەتتە بولسىمۇ بىر قۇچاقلىۋالغىلى بولسا ئىدى، ئاھ دەردىم، تەتۈر پېشانەم! بىردىنلا ئەزىمەتنىڭ قىياپىتى پەيدا بولۇپ، قىزنى سىمدىن بوشىتىشقا باشلىدى. ھېلىمگە گويا قاراڭغۇلۇقتا مۇقەددەس نۇرلۇق ئوبراز كۆرۈنۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا، دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، ھۆرىگۈل بىردىنلا كۆزلىرىنى لاپپىدا ئاچتى، ھېلىمگە چەكسىز نەپرەت بىلەن تىكىلدى. نەچچە ئون يىللىق ئۇۋاللىق ئەنتىنى، قەھرى-غەزىپىنى بىر يولىلا تۆكۈپ، ئىچ-قارنىنى بوشاتماقچى بولغاندەك، زەردە بىلەن ۋارقىرىدى:

— قىساسىم تۇتماي قالمايدۇ سېنى، ھۇ مۇناپىق كۆيدۈرگە، ھەسەتخور قاتىل، ۋىجداندىن يۈز ئۆرۈگەن كېسەك كاللا!...

1989-يىل نويابىر، بېيجىڭ.

1990-يىلى سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

（京）新登字154号

神奇的塑像
（中短篇小说选）
（维吾尔文）
阿尔斯兰 著
民族出版社出版发行 各地新华书店经销
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米 1/32 印张：10 5/8
1993年8月第1版
1993年8月北京第1次印刷
印数：0001—1,500册
ISBN 7—105—01762—7/I·382
民文（维64） 定价：3.80元

مۇقاۋىسىنى ليۇ جيافېڭ لايىھىلىگەن
ھۆسنخەتنى ياسىن مۇھەممەت يازغان

ISBN 7—105—01762—7/I · 382
民 文 （维 64） 定价：3.80元